

ۋۇ چېڭئېن

# غەربكە ساياھەت

1



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-12159-5
9 787228 121595 >
定价：30.00元

ۋۇ چېڭئېن

# غەربكە ساياھەت

1

تەرجىمە قىلغۇچى : مۇختەر مەخسۇت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

西游记. 1：维吾尔文/(明)吴承恩著；木合塔尔·买合苏提译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.12
ISBN 978-7-228-12159-5

Ⅰ.西… Ⅱ.①吴…②木… Ⅲ.章回小说—中国—明代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I242.4

中国版本图书馆CIP数据核字(2008)第204902号

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 阿扎提·阿里玛斯 |
| **特约校对** | 热西提阿吉·瓦依提，牙森·扎依莫夫 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **印　　刷** | 新疆新华印刷二厂 |
| **开　　本** | 880×1230毫米　1/32 |
| **印　　张** | 13.5 |
| **版　　次** | 2008年12月第1版 |
| **印　　次** | 2008年12月第1次印刷 |
| **印　　数** | 1—3000册 |
| **定　　价** | 30.00元 |

بۇ كىتاب شىنلېي نەشرىياتىنىڭ 1979 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 1983 ـ يىلى 1 ـ ئاي 3 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .
本书根据新雷出版社 1979 年 12 月第 1 版 1983 年 1 月第 3 次印刷本翻译出版。

# غەربكە ساياھەت (1)

ئاپتورى : ۋۇ چېڭئېن
تەرجىمە قىلغۇچى : مۇختەر مەخسۇت
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئازات ئالماس
تەكلىپلىك كوررېكتورلىرى : رېشىت ھاجى ۋاھىدى ، ياسىن زايىموف
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 13.5
نەشرى : 2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1—3000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—12159—5
باھاسى : 30.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب
سوْن ۋوْكوْڭنىڭ ئىلاھىي تاشتىن توْغوْلغانلىقى
زاھىتلىقتا نىيەت باغلاپ ئوْستاز ئىزدىگەنلىكى………… 1

ئىككىنچى باب
بوْددانىڭ سوْن ۋوْكوْڭغا مەخپىي ماھارەت ئوْگەتكەنلىكى
سوْن ۋوْكوْڭنىڭ يالماۋوْزنى يوقىتىپ، جەمەتىنى جەم
قىلغانلىقى ……………………………………… 19

ئوْچىنچى باب
سوْن ۋوْكوْڭنىڭ توْت دېڭىز ئىلاھىنى بويسوْندوْرغانلىقى
جەھەننەمگە كىرىپ ئوْلوْم رويخېتىنى
ئوْچوْروْۋەتكەنلىكى ……………………………… 40

توْتىنچى باب
سوْن ۋوْكوْڭنىڭ مىراخورلوْقتىن كوْڭلى رەنجىگەنلىكى
ئەۋلىيا ئەزەملىكتىموْ موْراد ـ مەقسىتىگە
يېتەلمىگەنلىكى …………………………… 61

بەشىنچى باب
سوْن ۋوْكوْڭنىڭ شاپتوْل بەزمىسىنى قالايمىقان قىلىپ،
ئىسكىر ـ ناياپ ئوغرىلىغانلىقى
پەلەك مالائىكىلىرىنىڭ ئەرشكە قارشى ئالۋاستىـ
لارنى توْتوْپ كەتكەنلىكى………………………… 79

ئالتىنچى باب
ئاۋالوكتىسۋارانىڭ بەزمىگە كېلىپ ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى
سورىغانلىقى
ياش ئەۋلىيانىڭ سوْن ۋوْكوْڭنى كوْچ بىلەن بويسوْندوْر-

غانلىقى ........................................ 97
يەتتىنچى باب
سۈن ۋۇكۇڭنىڭ رەم ئوچىقىدا تاۋلىنىپ چىققانلىقى
ۋۇخاڭشەن تېغىنىڭ ئاستىغا بەند قىلىنغانلىقى ...... 113
سەككىزىنچى باب
تاتھاگاتونىڭ مۇقەددەس نومنى نازىل قىلىپ ئالەمگە
جاكار قىلغانلىقى
ئاۋالوكتىسۋارانىڭ بۇيرۇققا بىنائەن چاڭئەنگە كەل-
گەنلىكى........................................ 125
توققۇزىنچى باب
چېن گۇاڭرۇينىڭ مەنسەپكە ئولتۇرۇش يولىدا بالا -
قازاغا يولۇققانلىقى
راھىب جاڭلىبۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قىساسىنى
ئالغانلىقى ........................................ 141
ئونىنچى باب
قىرى ئەجدىھانىڭ چاندۇرۇپ قويۇپ تەگرى ئالدىدا
گۇناھ قىلغانلىقى
ۋەزىر ۋېي جېڭنىڭ جەھەننەمگە ۋەسىيەت خېتى
كىرگۈزگەنلىكى ................................ 163
ئون بىرىنچى باب
تاڭ تەيزۇڭنىڭ جەھەننەم ئوردىسىغا كىرىپ قايتا
تىرىلگەنلىكى
ليۇ چۈەننىڭ مېۋە ئەكىرىپ خوتۇنى بىلەن يارىشۋال-
غانلىقى ........................................ 182
ئون ئىككىنچى باب
تاڭ تەيزۇڭنىڭ دۇئا - تىلاۋەت بەزمىسىگە رىياسەتچىلىك
قىلغانلىقى
ئاۋالوكتىسۋارانىڭ ھېكمەت ئىلاھىنى ئاشكارىلاپ شەۋەن

زاڭنى تالىغانلىقى .......................... 196

ئون ئۈچىنچى باب
تارىق - چۆل-پاننىڭ تاڭ سەنزاڭنى يولۋاس ئۈۋىسىدىن قۇتۇلدۇرغانلىقى
قوشئاچا جىلغىسىدا لىۋ بوچىننىڭ ئۇنى قوندۇرۇپ قالغانلىقى ....................................... 216

ئون تۆتىنچى باب
سۈن ۋۇكۇڭنىڭ توغرا يولغا قايتقانلىقى
ئالتە ئوغرىنىڭ ئۇجۇقتۇرۇلغانلىقى ..................... 232

ئون بەشىنچى باب
شىپەنشەن تىغىدا مالائىكىلەرنىڭ ھىمات بولغانلىقى
بۈركۈت جىلغىسىدا سەنزاڭنىڭ ئىسىل ئاتقا ئىگە بولغانلىقى....................................... 256

ئون ئالتىنچى باب
ئاۋالوكىتسۋارا خانىقاسىدىكى راھىبنىڭ ئىسىل گۆھەرنىڭ پىيىگە چۈشكەنلىكى
قارا قويۇن تىغىدىكى ئالۋاستىنىڭ كاسايانى ئوغرىلاپ قاچقانلىقى....................................... 275

ئون يەتتىنچى باب
سۈن ۋۇكۇڭنىڭ قاراقۇيۇن تىغىدا پوپاڭ كۆتۈرگەنلىكى
بۇدساتۋانىڭ قارائىيىق ئالۋاستىنى بويسۇندۇرغانلىقى ...290

ئون سەككىزىنچى باب
تاڭ سەنزاڭنىڭ بۇدساتۋا خانىقاسىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقى
گاۋ تەقسىرنىڭ قورۇقىدا ئەۋلىيا ئەزىمىنىڭ ئالۋاستىنى قوغلىغانلىقى ....................................... 305

ئون توققۇزىنچى باب
يۈنچەن غارىدا سۈن ۋۇكۇڭنىڭ جۇباجىيىنى قولغا

چۈشۈرگەنلىكى
فۇتۇ تېغىدا شۇەن زاڭنىڭ ئايەت ئۆگىنىۋالغانلىقى ····317
يىگىرمىنچى باب
سېرىق بوران چوققىسىدا تاڭ سەنزاڭنىڭ پالاكەتكە يولۇققانلىقى
جۇ باجيېنىڭ ئۈشتۈمتۈت باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى ····333
يىگىرمە بىرىنچى باب
پاسىبانلارنىڭ قورۇق قۇرۇپ ئەۋلىيا ئەزەمنى قوندۇ-رۇپ قالغانلىقى
لىڭجىڭ شۇمى تېغىدا بوران ئالۋاستىسىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى ···························· 348
يىگىرمە ئىككىنچى باب
ليۇشاخې دەرياسىدا جۇ باجيېنىڭ قاتتىق ئېلىشقانلىقى
پەرمانغا بىنائەن خۇيئەننىڭ ۋۇجىڭنى بويسۇن-دۇرغانلىقى ·································· 363
يىگىرمە ئۈچىنچى باب
تاڭ سەنزاڭنىڭ ئەقىدىسىنى پاك ساقلىغانلىقى
تۆت ئەۋلىيانىڭ راھىبلارنى سىنىغانلىقى ·············· 377
يىگىرمە تۆتىنچى باب
ۋەنشۇشەن تېغىدا پىركاملىنىڭ قەدىناس دوستىنى تۇتۇپ قالغانلىقى
ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىدا سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئادەمگىياھ مېۋىسىنى ئوغرىلىغانلىقى ······················· 393
يىگىرمە بەشىنچى باب
پىركامىل جېن يۈەننىڭ راھىبلارنى قوغلاپ تۇتۇپ كەلگەنلىكى
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىنى ۋەيران قىلغانلىقى································· 410

# بىرىنچى باب

## *سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئىلاھىي تاشتىن تۇغۇلغانلىقى*
## *زاھىتلىقتا نىيەت باغلاپ ئۇستاز ئىزدىگەنلىكى*

ئالەم بىنا بولغاندىن كېيىن ئۈچ سۇلتان جاھان سوراپ ئۆتۈپ، بەش خاقان زامانىسىغا كەلگەندە، جاھاننى بارا - بارا شەرقىي پۇرۋاۋىدىخا، غەربىي گۇدا، جەنۇبىي جامبۇدۋىپا، شىمالىي كۇرۇدۋىپا دەپ تۆت چوڭ ئىقلىمغا بۆلۈپ تاشلىدى. بىز بۇ كىتابىمىزدا مەخسۇس ئەنە شۇ شەرقىي پۇرۋاۋىدىخا ھەققىدە سۆزلەيمىز. بۇ دىيارنىڭ چېتىدە بىر زېمىن بار بولۇپ، ئاۋلەي دۆلىتى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ دۆلەت دېڭىزغا يېقىن ئىدى. دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مەشھۇر تاغ بولۇپ، ئۇنى گۈلشەن تاغ دەپ ئاتىشاتتى. تاغنىڭ دەل چوققىسىدا بىر ئىلاھىي تاش تۇراتتى. بۇ تاشنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش گەز، ئايلانمىسى يىگىرمە تۆت گەز بولۇپ، ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش گەز ئېگىزلىكى ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈننى، يىگىرمە تۆت گەز ئايلانمىسى يىگىرمە تۆت پەسىلنى بىلدۈرەتتى. تاشنىڭ ئۈستىدە يەنە توققۇز تۆشۈك، سەككىز كامار بولۇپ، ئۇلار توققۇز ئوردا، سەككىز رەمگە تەققاس قىلىنغانىدى. تاشنىڭ ئەتراپىدا سايە تاشلىغۇدەك بىرەر تۈپ دەرەخمۇ يوق ئىدى، پەقەت ئىككى يېنىدا ئاندا - ساندا سەبدە گۈللىلا كۆكلەپ تۇراتتى. بۇ تاش دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇپ، قۇياش ۋە ئاينىڭ خاسىيەتلىك نۇرلىرىنى سۈمۈرۈپ، ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، بىر ھېكمەتنى زاھىر قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدا بىر ئىلاھىي ھامىلە پەيدا بولدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاش يېرىلىپ توپتەك چوڭلۇقتىكى بىر تاشنى تەۋەللۇت قىلدى. شامالغا چىققىشى بىلەنلا، ئۇ تاش بىر مايمۇنغا ئايلاندى. ئۇنىڭ يەتتە ئەزاسى تولۇق

ئىدى . ئۇ ئۈمىلەشنى ، كېيىن مېڭىشنى ئۆگىنىپ ، ئەتراپلارنى كېزىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ كۆزىدىن چاقناپ چىققان ئالتۇن نۇر كەۋكەبىستانىنى[1] تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى . بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن ئەرشئەلادىكى قۇددۇس ئەزەم ۋە ئۇلۇغ شەپقەت ئىگىسى «ئەرشنىڭ قۇدرىتى ۋە پەلەكنىڭ ئىززىتى يۇرۇن سۇلتان ھەزرەتلىرى» ئالتۇن دەرۋازىلىق بۇلۇت ئوردىسىدىكى خىسلەتدار قەسرىدە ئەۋلىيا ، ۋەزىرلىرىنى توپلاپ ، ۋالىلداپ تۇرغان ئالتۇن نۇرنى كۆرسەتكەندىن كېيىن ، جادۇكۆز بىلەن يەلقۇلاقنى جەنۇبىي ئەرش دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئۇنى ئېنىقلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى . ئىككى سەركەردە يۇرۇن سۇلتاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن دەرھال دەۋازىدىن چىقىپ ، ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، مۇنداق خەۋەر يەتكۈزدى :

— پەرمانلىرىغا بىنائەن ئالتۇن نۇر چاقنىغان جايغا بېرىپ كۆرۈپ ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ كەلدۇق . شەرقىي پۇرۋاۋىدىخانىڭ شەرقىي دېڭىز تەرىپىدىكى ئاۋلەي دېگەن بىر كىچىك دۆلەتتە گۈلشەن دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بار ئىكەن . تاغدىكى بىر ئىلاھىي تاش بىر تاش تەۋەللۇت قىپتۇ ، ئۇ تاش شامالغا چىقىشى بىلەنلا مايمۇنغا ئۆزگىرىپ ئەتراپنى كېزىشكە باشلاپتۇ . ئۇنىڭ كۆزىدىن چاقنىغان ئالتۇن نۇر ئوردىمىزغا كەپتۇ . ئۇ ھازىر ئادەتتىكى يەملەرنى يەپ سۇ ئىچكەچكە ، ئالتۇن نۇر ئاجىزلىشىپ ئۆچۈشكە ئاز قاپتۇ .

بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، يۇرۇن سۇلتان ھىممەت ئاتا قىلىپ مۇنداق دېدى :

— ئاستىمىزدىكى نەرسىلەر ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ جەۋھىرىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ . بۇنىڭغا ھەيران قېلىشنىڭ ئورنى يوق .

ھېلىقى مايمۇن تاغ ئىچىدە ئەركىن كېزىپ ، تاقلاپ يۇرۇپ گۈل - گىياھلارنى ئوزۇق ، بۇلاق سۇلىرىنى ئۇسسۇزلۇق قىلدى .

---

[1] كەۋكەبىستان — يۇلتۇزلار دۇنياسى . كۆچمە مەنىدىكى تەڭرى شاھلارنىڭ دەرگاھى .

تاغ گۈللىرىنى تېرىپ ، مېۋىلەرنى قانغۇچە يېدى . بۆرە ، قۇرتلارغا ھەمراھ بولۇپ ، يولۋاس ، يىلپىزلارغا ئارىلاشتى . بۇغا ، ماراللارنى دوست ، مايمۇنلارنى تۇغقان تۇتتى . كېچىلىرى قىيا ئاستىنى ماكان قىلسا ، كۈندۈزلىرى چوققىلارنى ، غارلارنى كېزىپ سەيلە قىلدى . شۇ تەرىقىدە تالاي يىللار ئۆتتى . تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مايمۇنلار سايىگە توپلىشىپ ، قارىغاي ئاستىدا ئويۇن باشلىدى . قارىغۇدەك بولسىڭىز :

*دەرەخلەرگە يامىشىپ ئۇلار بەك شوخ ئوينايدۇ ،*
*چېچەكلەرنى توزىتىپ ، غورىلارنى قويمايدۇ .*
*«ۋاللەي» ئويناپ بەزىلەر قۇمدا كامار كولايدۇ ،*
*مۇنارلارغا يامىشىپ ، پاقىلارنى قوغلايدۇ .*
*بەزىلىرى پەلەككە چوقۇنۇپ باش ئۇرىدۇ ،*
*بەزىلىرى سېغىنىپ بۇدساتۋاغا يىغلايدۇ .*
*ئارقان ئېشىپ بەزىلەر ، ئىلەڭگۈچتە ئوينايدۇ ،*
*پىت بېقىشىپ بەزىلەر ، كاسىلدىتىپ چاينايدۇ .*
*تىرناق ياساپ بەزىلەر موپلىرىنى تارايدۇ ،*
*قىستىلىشىپ بىر يەردە دۈمبىسىنى قاشلايدۇ .*
*بىر ـ بىرىنى باسىدۇ ، ئۇيان ـ بۇيان تارتىدۇ ،*
*قارىغايلىق ئىچىدە يايراپ موللاق ئاتىدۇ*
*ۋە زۇمرەتتەك كۆلچەككە ئۆزلىرىنى ئاتىدۇ .*

بۇ مايمۇنلار بىرھازا ئوينىغاندىن كېيىن ، يۇيۇنۇش ئۈچۈن جىلغىغا يېتىپ كېلىشتى . دولقۇنلۇق ئېقىن ئاپئاق بۇژغۇن چاچرىتىپ ئويناقلاپ ئېقىۋاتاتتى . «ھەممە قۇشنىڭ ئۆز تىلى بار ، يىرتقۇچنىڭمۇ سۆزى» دېگەندەك ، مايمۇنلار : «بۇ سۇ قەيەردىن ئېقىپ كەلگەندۇ ؟ بۈگۈن بىكارچىلىقتا ئېقىننى بويلاپ مېڭىپ بىر كۆرۈپ باقايلى ! ئويۇن ـ تاماشا بىلەنلا بارىمىز !» دەپ ۋارقىرىشىپ ، ئەركەك ـ چىشىلىرىنى چاقىرىشىپ ، چوڭى

كىچىكلىرىنى سۆرەپ ، بىرلىكتە يۈگۈرۈپ ، ئېقىننى بويلاپ تاغقا ياماشىپ ، سۇ چىقىۋاتقان جايغا يېتىپ كېلىشتى . بۇ بىر شارقىراتما بولۇپ ، تۆۋەندىكى تەسۋىرگە تولىمۇ باب ئىدى :

*گۈركىرەيدۇ كۈمۈش رەڭ لېنتا ،*
*ئەتراپلارغا چاچرىتىپ ئۈنچە .*
*يەلپۈپ ئۆتەر دېڭىز شامىلى ،*
*دەريادا ئاي چاقنايدۇ شۇنچە .*
*چاچقۇ بولۇپ چاچرار قەترىلەر ،*
*سالقىن شامال ئۇرۇلار يۈزگە .*
*خاسىيەتلىك بۇ شارقىراتما ،*
*ئوخشار گويا شايى پەردىگە .*

بۇنى كۆرگەن مايمۇنلار خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىشىپ ۋارقىرىشىپ كەتتى :

— ۋاھ ، نېمىدېگەن ئېسىل سۇ ، بۇ ! ئەسلىدە بۇ تاغدىن چۈشۈپ دېڭىزغا قۇيۇلىدىكەن ئەمەسمۇ ؟

— قېنى ، قايسىڭلار ئۇنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ مەنبەسىنى كۆرۈپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالايسىلەر ؟ ئامان - ئېسەن يېنىپ چىققىنىنى ئۆزىمىزگە پادىشاھ سايلاپ چوقۇنىمىز .

بۇ سۆز ئۇدا ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندا ، توپ ئارىسىدىن ئۇشتۇمتۇت بىر تاش مايمۇن سەكرەپ چىقىپ ، بار ئاۋازى بىلەن :

— مەن كىرىمەن ، مەن شۇڭغۇپ كىرىمەن ! — دېدى .

مايمۇنلارنىڭ نوچىسىمۇ شۇ ئىدى . مانا ئەمدى :

*قۇدرىتىنى قىلىشقا زاھىر*
*كەلدى بۈگۈن قالتىس ئامەتى .*
*كىرىپ چىقسا بۇ تىلسىم جايغا ،*
*شاھ قەسرىدە چاقنار شۆھرىتى .*

شۇئان ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ، تۇگۈلۈپ تۇرۇپ، بىرلا سەكرىدى ـ دە، شارقىراتما ئىچىگە شۇڭغۇپ چۈشتى. بىردىنلا كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، ھېچقانداق ئېقىن سۇ كۆرۈنمىدى. چاقناپ تۇرغان يورۇقلۇق ئىچىدە بىر كۆۋرۈك كۆزگە چېلىقتى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ تۆمۈردىن ياسالغان كۆۋرۈك ئىكەنلىكىنى بايقىدى. كۆۋرۈك ئاستىدىكى سۇ تاشلار ئارىسىدىن شىرىلداپ ئۆتۈپ، تەتۈر ئېقىن ھاسىل قىلغىنىچە كۆۋرۈك ئېغىزىنى توسۇپ قويغانىدى. ئۇ كۆۋرۈك ئۈستىگە چىقىپ ئۇيان ـ بۇيان ئايلىنىپ، شۇنداق بىر ئېسىل جاينى كۆردىكى، تۆۋەندىكى تەسۋىرنىڭ دەل ئۆزى ئىدى:

*مەخمەلدەك يېشىللىزارلىق، لەيلەپ يۈرەر ئاق بۇلۇت،*
*نۇر ئىچىدە جىلۋىلىنەر تۇمانلار شەپەق بولۇپ.*
*جىمجىت ئۆيلەر، گىرىمسەن روجەك، ئورۇندۇقلار نەقىشلىك بېزەك.*
*زۇمرەت سۇ تامچىلار غار تۆشۈكىدىن، چېڭگىلىك يەلپۈنەر تالى مەجنۇندەك،*

*داش قازان ئاستىدا ئوتتىن نىشانە،*
*دۆشە، ئەمبەل يېنىدا گۆشتىن ھەم دېرەك.*
*تاش كارىۋات، ئورۇندۇق شۇ قەدەر ئېسىل،*
*تاش قاچا ـ قومۇچتىن سۆيۈنەر يۈرەك.*
*ۋاھ، ئەنە نەچچە تال نازۇك بامبۇكلار،*
*گۈلچىنەسلەر چاقنايدۇ خۇددى يۇلتۇزدەك.*
*قارىغايلار بەرگىدىن سىرغىيدۇ شەبنەم،*
*كۆرۈنەر بۇ جاي راست سەرەمجان ئۆيدەك.*

ئۇ خېلى ئۇزاق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، دەل ئوتتۇرىدا تۇرغان بىر تاش پۈتۈكنى كۆردى. پۈتۈككە «پاراغەتلىك گۈلشەن تېغىنىڭ سۇ پەردىلىك غارى» دېگەن بىر قۇر خەت يوغان قىلىپ يېزىلغانىدى.

تاش مايمۇن خۇشاللىقىدىن ئىچ ـ ئىچىگە سىغمىغان ھالدا ئالمان ـ تالمان كەينىگە ياندى ـ دە ، كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ بىرلا سەكرەپ شارقىراتما سىرتىغا چىقتى . ئاندىن ئالىقانلىرىنى ھورداپ تۇرۇپ :

— ئاجايىپ مۆجىزە ! ئاجايىپ مۆجىزە ! — دېدى .

مايمۇنلار ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىپ :

— ئىچى قانداقراق ئىكەن ؟ سۇ خېلى چوڭقۇرمىكەن ؟ — دەپ سوراشتى .

— سۇ يوق ئىكەن ، — دېدى تاش مايمۇن جاۋاب بېرىپ ، — ئۇ يەردە بىر تۆمۈر كۆۋرۈك بار ئىكەن . كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۆي بىساتلىرىمۇ تەل بار ئىكەن .

— قانداقراق ئۆي بىساتلىرى بار ئىكەن ؟ — سوراشتى مايمۇنلار قىزىقىپ .

تاش مايمۇن كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— كۆۋرۈك ئارقىلىق ئېقىپ چىققان بۇ سۇ ئېشىك ، روجەكلەرنى توسۇۋاپتۇ . كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە گۈل ـ گىياھ ، دەل ـ دەرەخلەر بار ئىكەن . يەنە بىر ئۆيمۇ بار ئىكەن . ئۆينىڭ ئىچىدە تاش قازان ، تاش ئوچاق ، تاش تەڭنە ، تاش كارىۋات ۋە تاش ئورۇندۇقلار بار ئىكەن . ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تاشپۇتۇككە «پاراغەتلىك گۈلشەن تېغىنىڭ سۇ پەردىلىك غارى» دېگەن خەتلەر پۈتۈلۈپتۇ . ھەقىقەتەن بىزنىڭ پاناھلىنىدىغان ياخشى جايىمىز ئىكەن . ئىچى ئىنتايىن كەڭتاشا ئىكەن . چوڭ ـ كىچىك بىرەر مىڭ ھەمراھىمىز سىغىپ كەتكۇدەك . بىز ھەممىمىز كىرىپ شۇ يەردە ماكانلىشايلى ، تەڭرىمۇ بىزنى ئانچە تاپالمايدۇ . ئۇنىڭ ئىچىدە :

*جىنىمىزنى ئېلىپ دالدىغا ،*
*پاناھلىنىمىز يامغۇر ، بوراندىن .*
*گۈلدۈرمامىمۇ كىرمەس قۇلاققا ،*

*قورقمايمىز ھەرگىز قىش - زىمىستاندىن .*
*ياخشىلىقنىڭ بولۇپ نىشانى ،*
*تۇرار تاڭ نۇرى دائىم چېچىلىپ .*
*ياشنار قارىغاي ، بامبۇكلار مەڭگۇ ،*
*گۈللەر بەرق ئۇرار تىنماي ئېچىلىپ .*

بۇنى ئاڭلىغان مايمۇنلارنىڭ خۇشاللىقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىشتى ۋە :

— ئۆزلىرى ئالدىمىزدا مېڭىپ بىزنى باشلاپ كىرسىلە ، — دېدى .

تاش مايمۇن يەنە كۆزىنى يۇمۇپ ، تۈگۈلۈپ تۇرۇپ ، بىرلا سەكرەپ ئىچىگە كىرىپ ئۇلارنى چاقىردى :

— ھەممىڭلار ماڭا ئەگىشىپ كىرىڭلار ، تېز بولۇڭلار !

يۈرەكلىك مايمۇنلارنىڭ ھەممىسى سەكرەپ كىرىپ كېتىشتى . قورقۇنچاقلىرى بولسا شۈمشىيىپ ، قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ ، گەدىنىنى قاشلىشىپ ، ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ بىردەم تورۇشقاندىن كېيىن ، ئاران دېگەندە كىرىۋېلىشتى . ئۇلار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپلا ، قاچا - قومۇچلارنى تالىشىپ ، ئوچاق ، كارىۋاتلاردىن قىزغىنىشىپ ، ئۇيان يۆتكەپ - بۇيان قوزغاپ ، تىنىم تاپماي سەكرىشىپ ، ئاخىر چارچاپ مادارىدىن كەتكەندە ئاندىن جىم بولۇشتى . تاش مايمۇن تۆرگە چىقىپ راۋۇرۇس ئولتۇرغاندىن كېيىن سۆز باشلاپ مۇنداق دېدى :

— قېنى كۆپچىلىك ، يىگىت بولساڭ سۆزۈڭدىن يانما ، دەپتىكەن ، باياتىن كىم ئامان - ئېسەن كىرىپ چىقسا ، شۇنى پادىشاھ دەپ تاۋاپ قىلىمىز ، دېگەن ئىدىڭلارغۇ ؟ مانا مەن كىرىپ چىقتىم ، چىقىپ يەنە كىردىم . سىلەرنى خاتىرجەم ئۇخلىيالايدىغان غارغا ، سائادەتلىك بىر ئائىلىگە ئىگە قىلدىم . ئەمدى مېنى پادىشاھ دەپ تونۇپ تاۋاپ قىلىشماي نېمە تۇرىسىلەر ؟

مايمۇنلار تاش مايمۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىنتائەتمەنلىك بىلەن

تېز چۆكۈشتى ، ياش قۇرامى بويىچە رەتكە تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا تاۋاپ قىلىشتى ۋە ئۇنى «مىلىڭ ياشلىق پادىشاھىئالەم» دەپ ئاتاشتى . شۇنىڭدىن كېيىن تاش مايمۇن بۈيۈك پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ، «تاش» دېگەن سۆزنى تاشلىۋېتىپ ، بارا ـ بارا ھۆرجامال مايمۇن پادىشاھى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى . بۇنىڭغا مۇنداق بىر نەزمە شاھىت بولالايدۇ .

**نەزمە**

*ئىككى جىنس ئارىسىدىن تۆرىلىدۇ ھەممە جان ،*
*شۇ ئىلاھىي تاشمۇ ئاي ، كۈن جەۋھىرىنى شورىغان .*
*ئاشۇ جەۋھەردىن تەۋەللۇت بولدى مايمۇن ئاقىۋەت ،*
*تېز كامالەتكە يېتىپ نامى ئۇنىڭ بولدى ئايان .*
*سىرتىدىن باقساڭ بىلىنمەس ھەرنە شەيئى خىسلىتى ،*
*تاپسا مەيدان شۆھرىتىنى يايىدۇ ھەر پالۋان .*
*تا ئەزەلدىن ئۇشبۇ يەڭلىغ كەلدى ياشاپ كىشىلەر ،*
*بولسا گەر خان ، ئەۋلىيا زورلۇق بىلەن سوراپ جاھان .*

ھۆرجامال مايمۇن پادىشاھى جىمى مايمۇنلارغا باشلامچىلىق قىلىپ ، ئۆزىگە ۋەزىر ، ئەلچىلەرنى بەلگىلىۋالدى . كۈندۈزلىرى گۈلشەن تېغىدا سەيلە قىلسا ، كېچىسى سۇ پەردىلىك غار ئىچىدە ياتاتتى . بىر ـ بىرىگە كۆيۈمچان بولۇپ ، بىرەر ئۇچار قاناتنىمۇ كىرگۈزمىدى . بىرەر يىرتقۇچنىمۇ يېقىن يولاتمىدى . پادىشاھلىق سەلتەنىتىنى ئۆز ئالدىغا يۈرگۈزۈپ ، خۇشاللىق ئىلكىدە يايراپ كۈلدى . ئۇنىڭ كۈنلىرى :

*ئۈزۈۋق قىلسا باھاردا رەڭمۇرەڭ گۈل ـ چېچەكنى ،*
*يازدا شىرىن مېۋىگە تويۇپ كەزدى باغ ـ ۋاران .*

*كۆز يەسلىدە ۋاقتىنى كاشتان يىغىپ ئۆزارتسا ،*
*قىشتا ئىزدەپ شاقاقۇل ئۆمرى ئۆتتى شادىمان .*

دېگەن تەرىقىدە داۋاملاشتى .

ھۆرجامال مايمۇن پادىشاھ جاھاننىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ ، تۆت يۈز - بەش يۈز قەرنە ئۆتكۈزدى . بىر كۈنى ، ئۇ مايمۇنلار بىلەن خۇشال زىياپەتتە ئولتۇرۇپ ، بىردىنلا ھەسرەت چېكىپ ، ياش تۆكۈپ قالدى . مايمۇنلار دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېھتىرام بىلەن :

— پادىشاھ ئالىيلىرى ، نېمىگە بۇنچە بىئارام بولىدىلا ؟ — دەپ سوراشتى .

مايمۇن پادىشاھ جاۋاب بېرىپ :

— ھازىر كۆڭلىرىمنى شاد - خۇرام ئۆتكۈزۈۋاتقان بولساممۇ ، لېكىن كەلگۈسىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن . بىئارام بولۇشۇمنىڭ ۋەجى ئەنە شۇ ، — دېدى .

— پادىشاھ ئالىيلىرى ، سىلى ھەقىقەتەن قانائەت ھاسىل قىلمايدىكەنلا ، — دېدى مايمۇنلار كۈلۈشۈپ كېتىپ ، — بىز ھەربىر كۈنىمىزنى خۇشال تەنتەنىلەر ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتىمىز . بۇ خاسىيەتلىك تاغ ، سائادەتلىك ماكاندا ياكى يالماۋۇزلارنىڭ زىيان - زەخمىتىگە ئۇچرىمىساق ياكى قېقىنۇسلار باشقۇرمىسا ۋە ياكى ئادەمزات پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمىگە قاراشلىق بولمىساق ، شۇ قەدەر ئەركىن - ئازادە ياشاپ تۇرۇپ ، يەنە قانداق كەلگۈسىدىن ئەندىشە قىلىدىلا ؟

— بۈگۈن كەچتە ئۆزگىلەرنىڭ قانۇن - پەرمانىغا قاراپ تۇرمىساقمۇ ، قۇش ۋە يىرتقۇچلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قالمىساقمۇ ، كەلگۈسىدە قېرىپ مادارىمىز تۈگىگەندە ، ناۋادا ئۆلۈپ قالساق ، بۇ دۇنيادا يەنە قانغۇچە ياشىيالامدۇق ؟ بۇ ئالەمدىمۇ ئۇزاق تۇرالمايمىز - دە ! — دېدى مايمۇن پادىشاھ .

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، مايمۇنلارنىڭ چىرايىدا بىر - بىرلەپ

قايغۇ ـ ھەسرەت ئالامەتلىرى پەيدا بولدى .

شۇ ئەسنادا توپ ئارىسىدىن دۆككەك ھۆدۈنە مايمۇن سەكرەپ چىقىپ ، چىرقىراق ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى :

— پادىشاھ ئالىيلىرى شۇ قەدەر قايغۇرۇپ كەتكەن بولسىلا راستىنلا زاھىدلىقتا كۆڭۈللىرى تارتىپ قاپتۇ . ھازىر بەش جاندار[1] ئىچىدە ئۈچ تۈرلۈكى مەشھۇر بولۇپ ، ئۇلار ياماراجانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمايدۇ .

— ئۇ ئۈچىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن ؟ — دېدى مايمۇن پادىشاھ .

ھۆدۈنە مايمۇن جاۋاب بېرىپ :

— بىرى بۇددىس ، بىرى ئەۋلىيا ، بىرى پارسا ، ئۇلارنى تاۋاپ قىلىپ چىققان كىشى ئالەم بىلەن تەڭ ئۆمۈر كۆرۈپ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ ، — دېدى .

— بۇ ئۈچىنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن ؟ — سورىدى مايمۇن پادىشاھ .

— ئۇلار ئادەمزات دۇنياسىدىكى مۇقەددەس تاغلارنىڭ قەدىمىي غارلىرىدا تۇرىدىكەن .

مايمۇن پادىشاھ بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە :

— مەن ئەتىلا سىلەر بىلەن خوشلىشىپ ، ھەرقانچە يىراق بولسىمۇ ئۇ ئۈچىسىنى زىيارەت قىلىپ ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنى ئۆگىنىپ كېلىمەن ، — دېدى .

مايمۇنلار چاۋاك چېلىشىپ تەبرىكلەشتى ۋە :

— بارىكاللا ، بارىكاللا ! بىز ئەتىلا تاغقا چىقىپ مېۋە ـ چېۋە ئۈزۈپ كېلىپ ، سىلىنى كاتتا زىياپەت بىلەن ئۇزىتىپ قويايلى ، — دېيىشتى .

ئەتىسى مايمۇنلار ئاجايىپ ئېسىل شاپتۇل ، ئالمىلارنى ،

---

[1] قەدىمكىلەر ھايۋانلارنى بەش تۈرگە ئايرىغان ، يەنى ئىنسانلارنى يالىڭاچ جاندار ، ھايۋانلارنى يۇڭلۇق جاندار ، قۇشلارنى پەرلىك جاندار ، بېلىقلارنى بەدەرلىك جاندار ، ھاشاراتلارنى چىغناقلىق جاندار دەپ ئايرىغان .

يىلتىز تۈگىنەك ، شاقاقۇل ، ئىپار ھىدلىق گۈل ـ گىياھلارنى تاش شىرەلەرگە چىرايلىق تىزىپ ، شارابۇ ئەنتەھۇرلەرنى تەخ قىلدى . بۇنىڭغا بۇنداق نەزمە دەلىل :

*جىلۋىلىنەر ئالتۇن رەڭ مارجان ،*
*قىزىل ياقۇت قىلىدۇ جەۋلان .*
*گىلاستۇر ئۇ ئالتۇن رەڭلىكى ،*
*شىرىنلىكى ئالار خۇددى جان .*
*قارىئۆرۈكتۇر قىزىل تۇرغىنى ،*
*چۇچۇمەل تەم چىش قامار ھەر ئان .*
*لەززىتى كۆپ يىگى بىلىقىنىڭ ،*
*بەررە كاۋاپ گۇپ ـ گۇپ پۇرايدۇ .*
*ئىشتىھا قوزغار پىبا ياپرىقى ،*
*قۇمالما شاخلار ئارا مارايدۇ .*
*نەشپۈت ـ كەھرىۋا ، چىلان قىزىل تاج ،*
*يىپەك ھارغىنلىق ھەم دەرد تارايدۇ .*
*مەي بولغان شاپتۇل ، كىشمىش كۆك ئۆرۈك ،*
*شەربەت قىيامى جانغا تارايدۇ .*
*توغاچ ، ئالۇچا ئاغزىڭغا ھەردەم ،*
*سىرىق سۇ يىغىش ئۇچۇن قارايدۇ .*
*تاۋۇز كۆرستەر قىزىل قارنىنى ،*
*ئەبنۇس سارغىيىپ چەتتە مارايدۇ .*
*قاراڭ ، يىرىلغان ئانار كۆكسىگە ،*
*ئۈنچە ـ مەرۋايىت چوغدەك يالتىرار .*
*يۈنەي ، كاشتانلار ئىچىپ ئاغزىنى ،*
*ئەت بەرمەك ئۇچۇن ئۇندا ئالدىرار .*
*ياڭاق ، بادام‌لار چايغا تىبىق ،*
*ئۈزۈم شارابى دىلنى ئوينىتار .*
*ياۋا ياڭاقلار تاۋاقلاردا لىق ،*

*ماندارىن شىرە ئۆزرە مىغىلدار .*
*خۇشبۇي تارقىتار تاغ گىياھلىرى ،*
*يۇرۇقلاپ ئەنە قۇمالما قايىنار .*
*ھاۋانچىلاردا يانچىلار خورۇج ،*
*يىنىك ئوت بىلەن داش قازان قايىنار .*
*كىم كۆرگەن بۇنداق ئىبىسىل مەئىشەت ،*
*تاغ مايمۇنلىرى ۋاھ ، ئۇندا يايرار .*

مايمۇنلار ھۆرجامال مايمۇن پادىشاھنى ئالىي ھۆرمەت بىلەن تۆرگە چىقىرىپ ، ئۆزلىرى ياش قۇرامى بويىچە رەتكە تىزىلىپ كېلىپ ، ئۇنىڭغا شاراب تۇتۇشتى ، گۇل سوۋغات قىلىشتى ، مېۋىلەرنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن سۇنۇشتى . بىر كۈن قانغۇدەك يەپ ـ ئىچىشتى . ئىككىنچى كۈنى مايمۇن پادىشاھ تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ مايمۇنلىرىغا :

— بالىلىرىم ، قۇرۇپ قالغان قارىغايدىن كېسىپ كېلىپ ماڭا بىر سال ياساپ بېرىڭلار . مېۋە ـ چېۋىلەردىنمۇ تەييارلاپ قويۇڭلار . مەن يولغا چىقماقچىمەن ، — دېدى .

دەرۋەقە ، ئۇ سالنى ئۆزى يالغۇز ھەيدەپ ، پايانسىز دېڭىزدا دولقۇنلار ئۈستىدە لەيلەپ ، جەنۇبىي جامبۇدۋىپاغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . خۇددى ئۇنىڭغا ئامەت قۇشى قونغاندەك ، ئۇ سالغا چىققىنى بىلەن تەڭ ئۇدا نەچچە كۈن شەرقىي جەنۇب شامىلى چىقىپ ، ئۇنى غەربىي شىمالدىكى قىرغاققا ئەكېلىپ قويدى . بۇ جەنۇبىي جامبۇدۋىپانىڭ زېمىنى ئىدى . ئۇ سالنى تاشلاپ قويۇپ قىرغاققا چىقتى . دېڭىز بويىدا بېلىق تۇتۇۋاتقان ، تۇز كولاۋاتقان ئادەملەر كۆرۈندى . ئۇ ئادەملەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئاللىقانداق غەلىتە ئەلپازدا شېتىلىلىك قىلىۋىدى ، كىشىلەر قورققىنىدىن سېۋەتلىرىنى ۋە تورلىرىنى تاشلاپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشتى . ئۇ قاچالماي قالغاندىن بىرىنى تۇتۇۋېلىپ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ ، ئۇچىسىغا كىيىۋالدى ـ دە ، ئىرغاڭلاپ مېڭىپ ،

ئايماق ، مەھكىمە ، بازار ، كەنتلەرنى كېزىپ ، ئادەملەرگە ئوخشاش ئەدەب ـ قائىدىنى ۋە سۆزلەشنى ئۆگەندى . ناشتىدىن باشلاپ تاكى ياتار چاغقىچە جاھان كەزدى . ئۇ يەنىلا مەڭگۇ قېرىماسلىق ئۇچۇن بۇددىس ، ئەۋلىيا ، پارسالارنى زىيارەت قىلىش كويىدا ئىدى .

مايمۇن پادىشاھ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنى تاۋاپ قىلىش ئۇچۇن تالاي يەرلەرنى كەزگەن بولسىمۇ ، تەقدىر ئۇنىڭغا بىرەرنى يولۇقتۇرمىدى . ئۇ جەنۇبىي جامبۇدۋىپا زېمىنىدا شەھەر ـ سېپىللارنى ، سەھرا ـ يېزىلارنى ئايلىنىپ ، سەككىز ـ توققۇز يىلنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى ، ماگا ـ ماگا غەربىي دېڭىزغا كېلىپ قالدى ۋە شۇ دىياردا چوقۇم ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ ، ئۆزى سال ياساپ ، غەربىي دېڭىزدىن ئۆتۈپ ، غەربىي گۇدا زېمىنىغا يېتىپ كەلدى . قىرغاقتا چىققاندىن كېيىن بىرنەچچە كۈن سەيلە ـ ساياھەت قىلدى . بىر كۈنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇشتۇمتۇت ئاجايىپ گۈزەل بىر تاغ ۋە قويۇق ئورمان نامايان بولدى ، ئۇ بۆرىلەرنىڭ ، يولۋاسلارنىڭ ھەيۋىسىگە پىسەنت قىلماي ، تاغ چوققىسىغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى .

شۇ ئارىدا ئورمانلىق ئىچىدىن بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ چاققانلىق بىلەن ئورمانلىق ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىردى ـ دە ، بىر پەس قۇلاق سالدى . ناخشا ساداسى ئېنىق ئاڭلاندى . مايمۇن پادىشاھ ناخشىنى ئاڭلاپلا خۇشاللىقىدىن : «ئەۋلىيا ئەسلى مۇشۇ جايغا مۆكۈۋالغانىكەن ـ دە !» دېگىنىچە ئالمان ـ تالمان ئىچكىرىلەپ كىرىپ ، پالتا بىلەن ئوتۇن كېسىۋاتقان بىر ئوتۇنچىنى كۆردى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ئەۋلىيا ئاتا ! — دېدى مايمۇن پادىشاھ ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ .

ئوتۇنچى دەرھال پالتىسىنى قويۇپ ، ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ تەۋازۇ بىلەن :

— يوقسۇ ، يوقسۇ . مەندەك بىر نامرات ئادەم «ئەۋلىيا»

دېگەن سۆزگە لايىق ئەمەسمەن . سىلىگە ئېنىقىنى ئېيتسام ، مېنىڭ ئۆمرۈم رەنج ـ مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكەن . غۇۋا يادىمدا قېلىشىچە ، ئاتا ـ ئانام مېنى سەككىز ـ توققۇز يېشىمغىچە باققان . جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئازراق چۈشەنگەن ۋاقتىمدا بەختكە قارشى دادام قازا قىلىپ كېتىپ ئانام تۇل قالغان . باشقا بىر تۇغقانلىرىم بولمىغاچقا ، ئانامغا ئۆزۈم قاراشقا مەجبۇر بولدۇم ، مانا ئەمدى قېرىغاندا ئۇنى تاشلاپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، يەرلىرىمىز ھوسۇل بەرمىدى . ئاچ ـ يېلىڭ قالدۇق ، شۇ ۋەجىدىن ئوتۇن كېسىپ بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ ، تاپقان پۇلغا گۈرۈچ ئېلىپ ، ئۆزۈم تاماق قىلىپ ، ياشىنىپ قالغان ئانامنى بېقىپ كېلىۋاتىمەن . شۇڭا ، ئىلىم ـ ھېكمەت ئۆگىنىشكىمۇ بارالمىدىم ، — دېدى .

— گەپ ـ سۆزلىرىدىن قارىغاندا ، ۋاپادار ئوغۇل ئىكەنلا ، كېيىنچە چوقۇم ياخشىلىق كۆرۈلا . بىراق ، سىلى ماڭا ئەۋلىيالارنىڭ تۇرىدىغان جايىنى كۆرسىتىپ قويسىلا ، مەن ئۇلارنى تاۋاپ قىلماقچىدىم ، — دېدى مايمۇن پادىشاھ .

— ئانچە يىراق ئەمەس ، — دېدى ئوتۇنچى ، — بۇ تاغ لىنتەي فاڭسۇن تېغى دەپ ئاتىلىدۇ . تاغ ئىچىدە ئەگىم ئاي ئۈچ يۇلتۇز غارى دېگەن بىر غار بار . غار ئىچىدە بىر ئەۋلىيا بار ، ئۇنى بۇدھى پىر ئۇستاز دەپ ئاتىشىدۇ . ئۇنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ چىققان شاگىرتلار ھەددى ـ ھېسابسىز ، ھازىرمۇ ئوتتۇز ـ قىرىق كىشى ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىۋاتىدۇ . سىلى كۆرۈنگەن ئاۋۇ يول بىلەن جەنۇبقا قاراپ يەتتە ـ سەككىز چاقىرىم ماڭسىلا ، ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارىلا .

مايمۇن پادىشاھ شۇ سۆز بىلەن ئورمانلىقتىن چىقىپ ، يولنى تېپىپ بىر داۋاندىن ئاشتى . يەتتە ـ سەككىز چاقىرىمچە ماڭغاندىن كېيىن ، دېگەندەك بىر غار كۆرۈندى . غار دەرۋازىسى مەھكەم تاقالغان ، ئادەمزاتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ، بىردىنلا قىيا ئۈستىگە ئورنىتىلغان تاش پۇتۇكنى كۆرۈپ قالدى . تاش پۇتۇكنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئۈچ گەز ،

كەڭلىكى سەككىز چىچە كېلەتتى . ئۇنىڭغا «لىنتەي فاڭسۇن تىغى ، ئەگىم ئاي ئۇچ يۇلتۇز غارى» دېگەن سۆز يوتۇلگەنىدى . مايمۇن پادىشاھ ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا :

«بۇ تاغ ، بۇ غار راستىنلا مەۋجۇت ئىكەن ـ دە !» دېگىنىچە خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى . بىراق ، دەرۋازىنى چېكىشكە جۈرئەت قىلالمىدى . ئاندىن ئۇ قارىغاي شېخىغا سەكرەپ چىقىپ ، قارىغاي ئۇرۇقىنى ئۈزۈپ يەپ ، ئويۇنغا چۈشۈپ كەتتى .

بىر ئازدىن كېيىن غىچىرلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ ، غار دەرۋازىسى ئېچىلدى . ئىچىدىن غۇلمان سۈپەت بىر بالا غۇلمان چىقتى . ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى ، ھۆسن ـ جامالى شۇ قەدەر كېلىشكەن بولۇپ ، ئادەتتىكى كىشىلەرگە زادى ئوخشاشمايتتى . بالا ئىشىكتىن چىقىپلا :

— كىم ئۇ ، بۇ يەرنى پاراكەندە قىلىپ يۈرگەن ! ؟ — دەپ توۋلىدى .

مايمۇن پادىشاھ قارىغايدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئېگىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— ئەۋلىيا يىگىت ، مەن بولسام پىر ئۇستازنى زىيارەت قىلىپ ئەۋلىيالىقتىن تەلىم ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن بەندىمەن ، بۇ يەرنى پاراكەندە قىلىشقا نېمە ھەددىم ؟

بالا غۇلمان كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى :

— سىلى پىر ئۇستازنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەنمۇ ؟

— شۇنداق .

— باياتىن ئۇستازىمىز مۇنبەردە دەرس سۆزلەۋېتىپلا «سىرتتا ئىلىم ـ ھېكمەت ئىزدەپ كەلگەن بىرى بار ، سەن چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالغىن» دەپ بۇيرۇغانىدى . خاتالاشمىغان بولسام شۇ كىشى سىلى بولىدىلاغۇ دەيمەن ؟

— شۇنداق ، مەن بولىمەن ، مەن بولىمەن .

— ماڭا ئەگىشىپ ماڭسىلا .

مايمۇن پادىشاھ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ، بالىغا

ئەگىشىپ غارغا ئىچكىرىلەپ كىردى . ئۇ بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئايۋان ، راۋاقلاردىن . سەدەپ دەرۋازىلىق بىللۇر سارايلاردىن ۋە سانسىز خىلۋەت خانىلاردىن ئۆتۈپ ئېگىز مۇنبەر ئالدىغا كەلدى . بۇدھى پىر ئۇستاز مۇنبەردە تەمكىن ئولتۇراتتى . ئوتتۇزچە بالا غۇلمان مۇنبەرنىڭ ئالدىدا ئىككى رەت بولۇپ ، ئەدەب بىلەن ئۆرە تۇراتتى .

مايمۇن پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپلا يەرگە تىزلىنىپ ، ئارقا - ئارقىدىن تەزىم قىلىپ مۇنداق دېدى :

— ئۇستازىم ، كەمىنە مۇرىتلىرى سىلىگە ساپ نىيىتىم بىلەن تاۋاپ قىلىمەن ، ساپ نىيىتىم بىلەن تاۋاپ قىلىمەن .

— سەن قايسى يۇرتتىن بولىسەن ؟ نامۇئەمىلىڭنى مەلۇم قىلىپ ئاندىن تاۋاپ قىلغىن ، — دېدى پىر ئۇستاز ئۇنىڭغا قاراپ .

— كەمىنە مۇرىتلىرى ، — شەرقىي پۈرۋاۋىدىخا ئاۋلەي دۆلىتىنىڭ گۈلشەن تېغىدىكى سۇ پەردىلىك غاردىن بولىمەن ، — دېدى مايمۇن پادىشاھ جاۋاب بېرىپ .

— بۇنى قوغلاپ چىقىرىڭلار ! — دېدى پىر ئۇستاز بۇيرۇق قىلىپ ، — ئەسلىي بۇ بىر ئالدامچى ئىكەن ، ئۇ ئىلىم - ھېكمەت ئۆگىنىشكە قانداقمۇ يارىسۇن !

مايمۇن پادىشاھ يەنە باش ئۇرۇپ يېلىندى :

— پېقىر ھەقىقەتەن راست سۆزلەۋاتىمەن ، قىلچە يالغانچىلىق قىلغىنىم يوق .

— راست سۆزلىگەن بولساڭ ، ئەجەب شەرقىي پۈرۋاۋىدىخاندىن كەلدىم دەيسەنا ؟ ئۇ يەردىن بۇيەرگە كېلىش ئۈچۈن ئىككى دېڭىزدىن ۋە جەنۇبىي جامبۇدۋىپادىن ئۆتىدىغان تۇرسا قانداق يېتىپ كېلەلىدىڭ ؟ — سورىدى پىر ئۇستاز .

مايمۇن پادىشاھ بېشىنى كۆتۈرۈپ جاۋاب بەردى :

— پېقىر دېڭىزلاردا لەيلەپ ، تاغ - دالالاردا سەرسان بولۇپ ئايلىنىپ يۈرگىلى ئون يىلدىن ئاشتى . مۇبارەك دەرگاھلىرىغا تېخى ھازىرلا يېتىپ كېلىشىم .

— خوش ، يول يۈرۈپتۇ كەپسەن ، ئۇنداق بولسا فامىلەڭ

نېمە ؟ — دېدى پىر ئۇستاز .
— قاملەم يوق ، — دېدى مايمۇن پادشاھ جاۋاب بېرىپ ، — باشقىلار مېنى تىللىسا ئاچچىقلىنىپمۇ كەتمەيمەن . ئۇرسا رەنجىپمۇ قالمايمەن . ئۆزرە ئېيتسىلا ، كەچۈرۈم قىلمەن . ئەزەلدىن قاملەم بولغان ئەمەس .
— قاملەڭ بولمىسا ، ئاتا - ئاناڭنىڭ ئەسلىي ئىسمى نېمە ئىدى ؟
— ئاتا - ئانامۇ بولغان ئەمەس .
— ئاتا - ئاناڭ بولمىسا ، دەرەختىن تۇغۇلۇپ قالغانمىدىڭ ؟
— ياق ، — دېدى مايمۇن پادشاھ جاۋاب بېرىپ ، — دەرەختىن ئەمەس ، بەلكى تاش ئىچىدىن ئاپىرىدە بولغانمەن . بىلىشىمچە ، گۈلشەن تېغىدىكى بىر ئىلاھىي تاش قايسىبىر يىلى يېرىلىپ مېنى تۇغقانىكەن .
بۇنى ئاڭلاپ پىر ئۇستاز ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولدى ۋە :
— سۆزۈڭنىڭ ئۇرامىدىن قارىغاندا ، سەن ئاسمان - زېمىن ئارىسىدا ئاپىرىدە بوپسەن . قېنى ئورنۇڭدىن تۇر ، مېڭىشىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي ، — دېدى .
مايمۇن پادشاھ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ، قەددىنى رۇسلىدى ، ئىرغاڭلاپ بىر ئۇ ياققا - بىر بۇ ياققا ماڭدى . پىر ئۇستاز كۈلۈپ كېتىپ :
— دەلدۈش بولغىنىڭ بىلەن قارىغاي مېۋىسى يەيدىغان ئىتسىمان مايمۇنغا ئوخشايدىكەنسەن . مەن ساڭا قەددى - قامىتىڭگە خاس ھالدا «سۈن» (مايمۇن) دەپ ئىسىم قويۇپ قوياي . «سۈن» خېتىدىكى ھايۋانىي بىلدۈرىدىغان بەلگىنى چىقىرىۋېتىپ ، ئادەمنىڭ فامىلىسىدىكى سۈن بىلەنلا ئاتايلى ، — دېدى .
بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولغان مايمۇن پادشاھ پىر ئۇستازنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :
— بارىكالla . تولىمۇ ئوبدان بولدى ! مانا ئەمدى فامىلەمنىمۇ تېپىۋالدىم . مېھىر - شەپقەتلىك ئۇستازىم ، ئىلتىپات قىلىپ فامىلەمنىڭ كەينىگە ئىسمىمنىمۇ قويۇپ بەرسىلە ، چاقىرىشقا

ئاسان بولار ئىدى، — دېدى.
— ئىشىكىمدە ئون ئىككى خەت بار، نۆۋەت بويىچە ئىسىم قويۇپ كەلگەندە، سەن ئۇنىنچى ئەۋلاد شاگىرتىم بولىسەن، — دېدى پىر ئۇستاز.
— قايسى ئون ئىككى خەت؟ — سورىدى مايمۇن پادىشاھ.
پىر ئۇستاز جاۋاب بېرىپ:
— ئۇلار گۇاڭ، دا، جى، خۇي، جېن، رۇ، شىڭ، خەي، يىڭ، ۋۇ، يۈەن، جۇدىن ئىبارەت ئون ئىككى خەت، ساڭا «ۋۇ» تـوغرا كېلىدىكەن. شۇڭا راھىبلىق نامىڭنى سۇن ۋۇكۇڭ دەپ ئاتىساق قانداق؟ — دېدى.
— بولىدۇ، بولىدۇ. بۈگۈندىن باشلاپ مېنى سۇن ۋۇكۇڭ دەپ ئاتاڭلار، — دېدى مايمۇن پادىشاھ خۇشال بولۇپ.
شۇنداق قىلىپ ئەلمىساقتىن تارتىپ نام ـ شەرىپى بولمىغان بۇ مەخلۇققا ۋۇكۇڭ نامى ئاتا قىلىندى. ئۇنىڭ ئەمدى نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

## ئىككىنچى باب

### *بۇددانىڭ سۈن ۋۇكۇڭغا مەخپىي ماھارەت ئۆگەتكەنلىكى*
### *سۈن ۋۇكۇڭنىڭ يالماۋۇزنى يوقىتىپ، جەمەتىنى جەم قىلغانلىقى*

ئەلقىسسە، ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ ئىسىم-فامىلىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، بۇددىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، مىننەتدارلىق بىلدۈردى. پىر ئۇستاز كۆپچىلىكنى سۈن ۋۇكۇڭنى باشلاپ چىقىپ، خانىلارنى ئايلاندۇرۇشنى بۇيرۇدى. غۇلمانلار بۇيرۇققا بىنائەن سۈن ۋۇكۇڭنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. سۈن ۋۇكۇڭ ھەمساۋاق ئاكىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، دەھلىز ئىچىدىن يېتىپ-قوپىدىغان جايىنى راسلىۋالدى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندىن باشلاپ ھەمساۋاق ئاكىلىرى بىلەن بىرگە تىل ۋە ئەدەب-قائىدىلەرنى ئۆگىنىپ، بۇددا نومىدىن ۋە تەرىقەت شەرھىلىرىدىن تەپسىر ئاڭلىدى، خەت يېزىشنى مەشىق قىلىپ، كۈجە-ئىسرىق كۆيدۈردى. ھەر كۈنى شۇنداق قىلدى. بىكار قالغان چاغلىرىدا يەرلەرنى سۈپۈرۈپ، ھويلىلارنى تۈزەشتۈردى. گۈللەرنى سۇغىرىپ، دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلدى. ئوتۇن تېرىپ كېلىپ ئوت قالىدى، سۇ توشۇپ قىيام قايناتتى. لازىملىق نەرسىلەرنى بىرىنىمۇ قويماي تەل قىلدى. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە غار ئىچىدە ئۇنىڭ يەتتە-سەككىز يىلى ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى پىر ئۇستاز مۇنبەردىن ئورۇن ئېلىپ ساۋاق بېرىشكە باشلىدى.

بىر چەتتە ئاڭلاپ ئولتۇرغان سۈن ۋۇكۇڭ خۇشاللىقتىن

قۇلاقلىرىنى ئويناپ، پوكانلىرىنى قاشلاپ، كۆز ـ قاشلىرىنى يىمىرىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئويناقلاپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ قالغان پىر ئۇستاز سۇن ۋۇكۇڭغا قاراپ:
— سەن نېمىشقا سۆزۈمگە قۇلاق سالماي شىلتىڭ ئېتىپ يۈرىسەن؟ — دېدى.
— مەن زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتاتتىم، سىلى سۆزلەپ ئېسىل يېرىگە كەلگەندە، خۇشاللىقىمنى باسالماي، ئىختىيارسىز سەكرەپ كېتىپتىمەن. گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايلا، ئۇستاز، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ جاۋاب بېرىپ.
— ئېسىل يېرىنى چۈشەنگەن بولساڭ سېنىڭدىن سوراپ باقاي، — دېدى پىر ئۇستاز، — سەن بۇ غارغا كەلگىلى قانچە زامان بولدى؟
سۇن ۋۇكۇڭ مۇنداق دېدى:
— كەمىنە شاگىرتلىرى دۆترەك بولغاچقا، قانچە زامان بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. پەقەت شۇ نەرسە يادىمدىكى، ئوچاقتا ئوت قالىمىغان چاغلاردا تاغقا چىقىپ ئوتۇن كەسلىدىم. بىر تاغدا ئاجايىپ ئېسىل شاپتۇل دەرىخىنى كۆرۈپ قېلىپ، شۇ جايدا يەتتە قېتىم قورساق توقلىدىم.
— ئۇ شاپتۇللۇق تاغ دەپ ئاتىلىدۇ، — دېدى پىر ئۇستاز، — شاپتۇلنى يەتتە قېتىم يېگىنىڭگە قارىغاندا يەتتە يىل بوپتۇ. سەن هازىر مەندىن نېمىلەرنى ئۆگەنمەكچى بولۇۋاتىسەن؟
— هەرقانداق تەلىملىرىگە ئىنتىزارمەن مۆھتەرەم ئۇستاز، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — بىراق، تويىن ئىلمىدىن ئازراق ماهارەت ئۆگىنىۋالسام بولاتتى.
— تويىن ئىلمىنىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش تارمىقى بار، بۇ تارماقلارنىڭ هەممىسى كىشىنى كامالەتكە يېتەكلەيدۇ، سەن قايسىبىرىنى ئۆگىنىسەن؟ — دېدى پىر ئۇستاز.
سۇن ۋۇكۇڭ جاۋاب بېرىپ:
— ئۆزلىرىنىڭ مەيلىلىرى، مۆھتەرەم ئۇستاز، مەن پەقەت

سىلىگە بويسۇنىمەن ، — دېدى .
— ئۇنداق بولسا بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «سېھىر» پۈتىقى ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىپ قويسام قانداق دەيسەن ؟
— سېھىر پۈتىقىدا نېمىلەر سۆزلىنىدۇ ؟
— بۇنىڭدا ئاۋۋال ئەۋلىيالارغا تائەت - ئىبادەت قىلىسەن ، رەممالىلارغا پال ئاچقۇزىسەن ، شۇ ئارقىلىق قاباھەتلىكتىن ساقلىنىپ ، مائادەتكە ئېرىشىش يولىنى بىلەلەيسەن .
— شۇنداق قىلسام ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەلەيمەنمۇ ؟ — دەپ سورىدى سۈن ۋۇكۇڭ يەنە .
— ياق ، بولمايدۇ ، — دېدى پىر ئۇستاز جاۋاب بېرىپ .
— ئۇنداق بولسا ئۆگەنمەيمەن ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ دەرھال .
ئۇستاز يەنە :
— ئۇنداق بولسا ساڭا «سۇلۇك» پۈتىقىنى ئۆگەتسەم قانداق ؟ — دېدى .
— «سۇلۇك» پۈتىقىدا نېمە مەزمۇنلار بار ؟— سورىدى سۈن ۋۇكۇڭ .
— «سۇلۇك» پۈتىقىدا ، — دېدى پىر ئۇستاز ، — كۇڭزىچىلىق ، بۇددىستلىق ، توپىنچىلىق ، مۇنەججىملىك ، مۇزىچىلىق ، تېبابەتچىلىك ، مۇناجات ئېيتىش ياكى بۇددا سۇرىلىرىنى قىرائەت قىلىش ، تاۋاپ قىلىش قاتارلىقلار بار .
— بۇنىڭدا ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشكە بولامدۇ ؟
— ياق ، بولمايدۇ .
— سۆزلىرىدىن قارىغاندا ، بۇنىڭدىمۇ ئۆمۈرنى ئۇزارتىشقا بولمايدىغان ئوخشايدۇ ، بولدى بەس ، ئۆگەنمەيمەن ، بۇنىمۇ ئۆگەنمەيمەن !
— ئۇنداق بولسا «سۇكۇت» يولىنى ئۆگەتسەم قانداق ؟ — دېدى پىر ئۇستاز .
— «سۇكۇت» يولىنىڭ قانداق پايدىسى بار ؟ — دېدى سۈن

ۋوكۇك .
پىر ئۇستاز جاۋاب بېرىپ :
— بۇنىڭدا زىرائەتلەرگە كۆزەتچى بولىسەن ، جىمى پاك ئىشلارنى قىلىسەن ، ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرىسەن ، سۆزلەشنى چەكلەپ ، روزا تۇتىسەن ، — دېدى .
سۇن ۋوكۇك يەنە سورىدى :
— شۇنداق قىلسا ئۆمرى ئۇزاق بولامدۇ ؟
— ياق ، ئانچە ئۇزاق بولمايدۇ .
— ئانچە ئۇزاق بولمىسا بۇنىمۇ ئۆگەنمەيمەن ؟
— ئۇنداق بولسا ساڭا «ھەرىكەت» يولىنى ئۆگەتسەم بولامدۇ ؟ — دېدى پىر ئۇستاز يەنە .
— بۇنىڭدا مەڭگۈ قېرىماسلىققا بولامدۇ ؟ — دەپ سورىدى سۇن ۋوكۇك .
پىر ئۇستاز جاۋاب بېرىپ :
— مەڭگۈ قېرىماسلىق خۇددى سۇ ئىچىدىن ئاينى سۈزگەنگە ئوخشاش ئىش ، — دېدى .
— بۇنىمۇ ئۆگەنمەيمەن ، ئۆگەنمەيمەن ! — دېدى سۇن ۋوكۇك ۋارقىراپ .
بۇنى ئاڭلاپ پىر ئۇستاز مۇنبەردىن شاققىدە سەكرەپ چۈشتى ـ دە ، قولىدىكى دەررىنى سۇن ۋوكۇڭغا تەڭلەپ تۇرۇپ :
— ھەي ئىنسىمان مايمۇن ، بۇنىمۇ ئۆگەنمەيمەن ، ئۇنىمۇ ئۆگەنمەيمەن دەيسەن ، سەن زادى نېمە قىلاي دەيسەن ؟ — دېدى ۋە قولىدىكى دەررە بىلەن سۇن ۋوكۇڭنىڭ بېشىغا ئۈچنى ئۇرۇپ ، قولىنى ئارقىسىغا قىلغان ھالدا كۆپچىلىكنى تاشلاپ قويۇپ ، ئۇدۇل ئىشىك بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى .
قورقۇپ قاتتىق دەككە ـ دۈككىگە چۈشكەن مۇرىتلار سۇن ۋوكۇڭنى ئەيىبلىشىپ :
— ھەي ، دىتى يوق نانقېپى مايمۇن ! پىر ئاتىمىز دىلىڭغا ئىلىم سالماقچى بولۇۋاتسا ، سەن نېمىشقا ئۆگەنمەيمەن دەپ ،

ئۇستاز بىلەن تاكاللىشىسەن؟ ئۇنى رەنجىتىپ قويدۇڭ. ئەمدى قاچان چىقار ـ ھە؟ — دېيىشتى.

ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن تىل ـ ئاھانەت ياغدۇرۇپ، سۇن ۋۇكۇڭنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭغا نەپرەت بىلدۇردى. سۇن ۋۇكۇڭ بولسا ئاچچىقلىنىشنىڭ ئورنىغا ھىجىيىپلا قويدى.

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنىڭ ئىچىدىكى سىرنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتكەن بولۇپ، كۆڭلىگە پۈكۈپ بولغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ كۆپچىلىك بىلەن دەتالاش قىلماستىن سەۋر قىلىپ گەپ قىلمىدى. ئۇستازنىڭ ئۇنى ئۈچنى ئۇرغىنى تۈن يېرىمىدا كىرگىن؛ قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، ئۇدۇل ئىشىكتىن كىرىپ كەتكىنى ئارقا ئىشىكتىن كىرسەڭ، ساڭا مەخپىي ئۆگىتىمەن دېگەندىن دېرەك بېرەتتى.

شۇ كۈنى سۇن ۋۇكۇڭ كۆپچىلىك بىلەن ئۈچ يۇلتۇز غارى ئالدىدا ئويناپ ـ كۈلۈشۈپ، كەچ كىرىشنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى. گۇگۇم چۈشكەندىن كېيىن ھەممەيلەن ھۇجرىلىرىغا كىرىپ يېتىپ قېلىشتى. سۇن ۋۇكۇڭمۇ يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدى. يېرىم كېچە بولغاندا ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، كىيىملىرىنى كىيدى، ئاندىن ئۆيدىن پەخەس بىلەن چىقىپ، كونا يول بىلەن ئارقا ئىشىككە كەلدى. ئۇ ئىشىكنىڭ قىيا ئېچىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشال بولغان ھالدا: «پېشقەدەم ئۇستاز ماڭا راستىنلا ئىلىم ئۆگىتىشنى ئويلاپ، ئىشىكنى قەستەن ئوچۇق قويۇپتۇ ـ دە» دەپ ئويلاپ، ئىشىكتىن قىستىلىپ كىرىپ، ئۇدۇل ئۇستاز ئۇخلاۋاتقان كارىۋات ئالدىغا كەلدى. ئۇستاز تۈگۈلۈپ ياتقانچە، تام تەرەپكە قاراپ ئۇخلاپ قالغانىدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇستازنى ئويغىتىشقا جۈرئەت قىلالماي، كارىۋات يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. بىرئازدىن كېيىن ئۇستاز ئويغىنىپ، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە مۇنداق دېدى:

*مۇشەققەتلەر شۇنچە كۆپ ، سىرلىقتۇر ئەڭ تۈپىن ئىلمى ،*
*بىراق ئىسكىرناياپنى بۇش چاغلىما ھەرقاچان .*
*ئۆگەتمەيتتىم بۇ كىشى كەلمىسە جىلىڭ ماھارەت ،*
*قۇرۇق كاپشىپ يەنىلا ئۆتەر ئىدى كۆپ زامان .*

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ دەرھال :

— ئۇستازىم ، بۇ يەردە مەن سىلىنى كۇتۇپ تۇرغىلى خېلى بولدى ، — دېدى .

پىر ئۇستاز سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىندى ۋە كارىۋات ئۇستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى :

— ھەي مايمۇنەك ، سەن جايىڭدا ئۇخلىماستىن بۇ يەرگە نېمىدەپ كېلىۋالدىڭ ؟

— ئۇستازىم ، تۈنۈگۈن سىلى مۇنبەر ئالدىدا ماڭا يېرىم كېچىدە ئارقا ئىشىكتىن كىرسەڭ ئىلىم ئۆگىتىپ قويىمەن دېگەن ئىدىلە . شۇ سەۋەبتىن ئالدىلىرىغا يورەكلىك تاۋاپ قىلىپ كىردىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

پىر ئۇستاز بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولدى ۋە كۆڭلىدە «بۇ بىرنېمە راستىنلا ئاسمان - زېمىننىڭ جەۋھىرىدىن بولغانىكەن . بولمىسا ئۇ مېنىڭ خۇپىيانە سىرلىرىمنى چۈشىنىپ يېتەلەرمىدى ؟» دەپ ئويلىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا قاراپ :

— بۇ يەردە يات كىشىمۇ يوق ، پەقەت مەنلا يالغۇز ، ئۇستازىم ، ماڭا مېھىر - شەپقەت كۆرسىتىپ مەڭگۈ قېرىماسلىقنى ئۆگىتىپ قويسىلا ، مېھىر - شەپقەتلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان بولاتتىم ، — دېدى ئۆتۈنگەن ئاھاڭدا .

— بۈگۈن تەقدىر - پېشانەڭ ئوڭدىن كەلگىنىڭگە مەنمۇ ناھايىتى خۇشال ، — دېدى پىر ئۇستاز ، — مېنىڭ خۇپىيانە سىرلىرىمنى بىلەلىگۈدەك بولساڭ ئالدىمغا يېقىن كەلگىن ، ئىخلاس

قويۇپ ئاڭلا ، ساڭا مەڭگۈ قېرىماسلىقنىڭ يولىنى ئۆگىتەي .
سۇن ۋۇكۇڭ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ، مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە كارىۋات ئالدىغا كېلىپ پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى . پىر ئۇستاز ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ يېشىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى . سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قەلبى بەخت قاينىمىغا چۆمدى . ئۇ ھەربىر ئەپسۇننى ئېسىدە چىڭ تۇتۇۋالدى . ئاخىر ئۇستازىنىڭ ھىممەت كۆرسەتكەنلىكىگە چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىپ ، ئارقا ئىشىك بىلەن قايتىپ چىقىپ ، ئەتراپقا نەزەر سالدى . كۈنچىقىش تەرەپ ئاقىرىشقا باشلىغانىدى . غەربىي يول ئالتۇن نۇر - زىيا ئىچىدە يارقىن جىلۋىلىنەتتى . ئۇ كەلگەن يولى بىلەن ئايلىنىپ ئالدى ئىشىككە كەلدى ۋە ئىشىكنى يېنىك ئېچىپ كىرىپ ، ئورنىغا كېلىپ يېتىۋالغاندىن كېيىن ، كارىۋىتىنى غىچىرلىتىپ تۇرۇپ :
— تاڭ يورۇدى ، تاڭ يورۇدى ، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى .
كېچىچە شېرىن ئۇيقۇغا بۆلىنىپ ياتقان باشقىلار سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقىدىن تامامەن بىخەۋەر ئىدى .

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتتى . پىر ئۇستاز يەنە مۇبارەك مۇنبىرىدىن ئورۇن ئېلىپ ، شاگىرتلىرىغا بۇددا نومىدىن تەپسىر ئېيتىۋېتىپ ، ئۇشتۇمتۇت سۇن ۋۇكۇڭنى چاقىرىپ قالدى .
— خوش ، ئۇستاز ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ .
— سەن بۇ كۈنلەردە نېمىنى ئۆگىنىۋاتىسەن ؟ — دەپ سورىدى ئۇستاز ئۇنىڭدىن .
سۇن ۋۇكۇڭ جاۋاب بېرىپ :
— كەمىنە شاگىرتلىرى بۇددا ئەقىدىلىرىنى خېلى ئەتراپلىق ئىگىلىدىم . تەبىرلىرىنى داۋاملىق پىششىقلاۋاتىمەن ، — دېدى .
— ئەقىدىلەرنى ئىگىلەپ ، تەبىر ئېيتالىغۇدەك بولغان

بولساق ، ئەۋلىيالىقۇا توشۇپ قاپسەن . لېكىن ، «ئۈچ بالايىئاپەت» تىن ھەزەر ئەيلىمىشلىك كېرەك ، — دېدى پىر ئۇستاز .

سۈن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن :

— نېمىلەرنى دەۋاتىدىلا ، ئۇستازىم . مەن ئەخلاقىي پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەنلەر ئالەم بىلەن تەڭ ئۆمۈر كۆرىدۇ ، ئۇلارغا سۇ ۋە ئوتمۇ زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ . ئۇنداق ئادەملەر ئاغرىق ـ سىلاقتىن خالىي بولىدۇ ، دەپ ئاڭلىغانىدىم . بۇ «ئۈچ بالايىئاپەت» دېگەنلىرى نېمىسى ؟ — دېدى .

— بۇ ئاجايىپ سىردۇر ، — دېدى پىر ئۇستاز ، — سەن جاھان ئامەتلىرىگە ئىگە بولۇپ ، قۇياش ۋە ئاينىڭ سىرلىرىنى بىلىپ يەتكەندىن كېيىن ، جىن ـ ئالۋاستىلاردىن قورقمايدىغان بولىسەن ، لېكىن شۇ تەرىقە ئۆمۈر كۆرۈپ ، بەش يۈز يىلغا بارغاندىن كېيىن ، پەلەك ساڭا چاقماق ئاپىتى چۈشۈرىدۇ . سەن بۇنى ھوشيارلىق بىلەن ئالدىن سېزىپ ، ئۆزۈڭنى قاچۇرۇشۇڭ كېرەك . بۇنىڭدىن ئامان قالالىساڭ ، پەلەك بىلەن تەڭ ئۆمۈر كۆرىسەن . ئۆزۈڭنى قاچۇرالمىساڭ ، ھالاك بولىسەن . يەنە بەش يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ئاسماندىن ئوت ئاپىتى چۈشۈپ ، سېنى ئۆرتىمەكچى بولىدۇ . بۇ ، پەلەك ئوتىمۇ ئەمەس ، ئادەتتىكى ئوتمۇ ئەمەس ، «دوزاخ ئوتى» دەپ ئاتىلىدۇ . تاپىنىڭدىن كىرىپ چوققاڭدىن چىقىپ كېتىدۇ . ئىچ ـ قارنىڭنى ئۆرتەپ كۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ . پۇت ـ قولۇڭنى چىرىتىپ تاشلايدۇ . مىڭ يىللىق ئىبادىتىڭنى بىراقلا ۋەيران قىلىدۇ . يەنە بەش يۈز يىلدا بوران ئاپىتى ساڭا ھۇجۇم قىلىدۇ . بۇ شەرق ، جەنۇب ، غەرب ۋە شىمال بورىنىمۇ ئەمەس ، تەتۈر قۇيۇنمۇ ئەمەس ، بوستانلىقتىكى مەيىن شامالمۇ ئەمەس ، بەلكى «دەرغەزەپ بورىنى» دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇ سوڭۇڭدىن كىرىپ ، كىندىكىڭنىڭ تۆۋىنىدىن توققۇز تۆشۈك ئېچىپ چىقىپ كېتىدۇ . گۆشۈڭنى ئۇستىخانلىرىڭدىن سويۇپ تاشلاپ ، تېنىڭنى پارە ـ پارە قىلىۋېتىدۇ . شۇڭا ، بۇ ئۆتكەللەرنىڭ ھەممىسىدىن ئامان ئۆتۈشۈڭ لازىم .

بۇنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى . ئۇ پىر ئۇستازغا ئالمان ـ تالمان باش ئۇرۇپ :
— سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي بوۋا ، رەھىم قىلىپ ماڭا ئۈچ ئاپەتتىن قۇتۇلۇش يولىنى ئۆگىتىپ قويسىلا ، شەپقەتلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن ، — دېدى .
— بولىدۇ ، سەن قايسى خىلىنى ئۆگىنىشنى خالايسەن ؟ — دېدى پىر ئۇستاز ، — بىر خىلى ، ساماۋى ئەختەر بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئوتتۇز ئالتە خىل ئۆزگىرىش بار ، يەنە بىر خىلى ، زېمىني ئەپتەر بولۇپ ، بۇنىڭدا يەتمىش ئىككى خىل ئۆزگىرىش بار .
— مۇرتلىرى كۆپرەك بولۇشنى خالايدۇ . شۇڭا ، زېمىني ئەپتەرنى ئۆگىنەي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
پىر ئۇستاز سۇن ۋۇكۇڭغا شەرەت قىلىپ :
— ئۇنداق بولسا قېشىمغا يېقىن كەل . ساڭا ئەپسۇننى ئۆگىتىپ قوياي ، — دېدى ـ دە ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قۇلىقىغا ئاللىقانداق بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى .
سۇن ۋۇكۇڭ بىرنىڭ ئېپىنى بىلىۋالسا ، مىڭنىسىدە ئەقلى تېپىپ كېتەتتى . ئۇ ئەپسۇننى شۇ هامان يادلاپ ، ئۆزى ئۆگىنىپ ، ئۆزى مەشىق قىلىپ ، يەتمىش ئىككى خىل ئۆزگىرىشنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئىگىلىۋالدى .

كۇنلەرنىڭ بىرىدە پىر ئۇستاز كۆپچىلىك بىلەن ئۈچ يۇلتۇز غارى ئالدىدا كەچلىك مەنزىرىنى تاماشا قىلىۋېتىپ ، سۇن ۋۇكۇڭدىن ئۇشتۇمتۇت :
— ۋۇكۇڭ ، ئىشلىرىڭ پۈتتىمۇ ؟ — دەپ سوراپ قالدى .
— پىر ئۇستازنىڭ ھىممىتى بىلەن ماھارەتلىرىنى تاماملاپ ، ئۇچالايدىغان بولدۇم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— قېنى ئۇچۇپ باققىن ، مەن كۆرۈپ باقاي ، — دېدى پىر ئۇستاز .
سۇن ۋۇكۇڭ ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ، لىككىدە

كۆتۈرۈلدى ـ دە ، ئارقا ـ ئارقىدىن موللاق ئېتىپ ، يەر يۈزىدىن بەش يۈز ـ ئالتە يۈز گەزچە ئېگىزلىككە ئۆرلەپ ، بۇلۇت ئۈستىگە چىقىپ بارا ـ بارا يىراقلاشتى . ئالاھازەل ئۈچ چاقىرىمچە يىراققا بېرىپ كەلدى بولغاي ، بىر ئاش پىشىمچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، پىر ئۇستازنىڭ ئالدىغا قايتىپ چۈشۈپ ، قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ مۇنداق دېدى :

— ئۇستازىم ، مانا بۇ مېنىڭ بۇلۇت ـ تۇمانلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلغىنىم .

پىر ئۇستاز كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى :

— بۇ ، بۇلۇت ـ تۇمانلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلانمايدۇ . پەقەتلا بۇلۇتقا يامىشىپ چىققانلىق بولىدۇ . قەدىمكىلەر : «ئەۋلىيالار چىقسا تاڭدا سەيلىگە بېيخەي تامان ، قايتىشار پەيتى گۈگۈمدا ئىزىغا ھارماي ئامان» دەپتىكەن . سەن يېرىم كۈندىمۇ ئۈچ چاقىرىم يۈرەلمىسەڭ ، بۇلۇتقا ياماشقىنىڭ نېمىگە ھېساب بولاتتى ؟

— «چىقسا تاڭدا سەيلىگە بېيخەي تامان ، قايتىشار پەيتى گۈگۈمدا ئىزىغا ھارماي ئامان» دېگەنلىرى قانداق گەپ ؟ — سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

پىر ئۇستاز جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— بۇلۇت ـ تۇمانلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلغان ئەجدادلىرىمىز تاڭ سەھەردە شىمالىي دېڭىزدىن چىقىپ ، شەرقىي دېڭىزنى ، غەربىي دېڭىزنى ۋە جەنۇبىي دېڭىزنى سەيلە قىلىپ ، گۈگۈم چۈشۈشىگە يەنە ئۆز ئىزىغا قايتىپ كەلگەنىكەن . تۆت دېڭىزنى ئەنە شۇلاردەك بىر كۈندە سەيلە قىلىپ تۈگەتكەندىلا ، بۇلۇت ـ تۇمانلار ئۈستىدە ھەقىقىي پەرۋاز قىلغانلىق بولىدۇ .

— بۇ تولىمۇ قىيىن ئىش ئىكەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

پىر ئۇستاز ئۇنىڭغا قاراپ دېدى :

— قىيىن ئىش يوق ئالەمدە ، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە .

سۇن ۋۇكۇڭ يەنە باش ئۇرۇپ تەزىم قىلىپ ، يېلىنغان ھالدا :

— پىر ئاتا ، بىلگىنىڭنى كىشىدىن ئايىما دەپتىكەن ، بۇلۇت - تۇمانلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىدىغان شۇ ئۇسۇلنىمۇ بىر ئۆگىتىپ قويسىلا . شەپقەتلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمىغان بولاتتىم ، — دېدى .

پىر ئۇستاز مۇنداق دېدى :

— بۇلۇت - تۇمانلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلغان ئۇستازلارنىڭ ھەممىسى ئىشنى تېپچەكلەشتىن باشلىغان . سەن بولساڭ ئۇنداق قىلالمىدىڭ . باياتىن قاراپ تۇرسام ، ئاران دېگەندە سەكرەپ چىقىپ كېتىۋاتىسەن . شۇنىڭغا ئاساسەن ، مەن ساڭا «بۇلۇت مۇئەللەق» نى ئۆگىتىپ قوياي .

سۇن ۋۇكۇڭ يەنە ئېھتىرام بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ، سەممىي ئۆتۈندى . پىر ئۇستاز ئۇنىڭغا بىر ئەپسۇننى ئېيتىپ بېرىپ مۇنداق دېدى :

— بۇ بۇلۇتنىڭ ئۇستىگە سەن ئەپسۇننى يادلاپ ، ئايەتنى ئوقۇپ ، مۇشتۇمۇڭنى چىڭ تۈگۈپ تۇرۇپ سەكرەپ چىقىپ ، بىرلا مۇللاق ئاتساڭ بىر يۈز سەكسەن مىڭ چاقىرىم يۈرەلەيسەن .

بۇنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكىلەر پىخىلدىشىپ كۈلۈشكەن ھالدا مۇنداق دېيىشتى :

— ۋۇكۇڭ ، مانا ئەمدى تازا ئامەتىڭ كەپتۇ سېنىڭ . بۇ سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىۋالساڭ ، خەۋەرچى لەشكەرلەرگە ئوخشاش باشقىلارنىڭ مەكتۇپلىرىنى ، مەلۇماتلارنى توشۇپ بېرىپ ، قەيەرگىلا بارساڭ ، بىر چىشلەم نان تېپىپ يېيەلەيدىغان بولدۇڭ - دە !

ئۇستاز ۋە شاگىرتلار گۈگۈم چۈشكەندە غاردىكى ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى . سۇن ۋۇكۇڭ كېچىچە سۇرە - ئەپسۇنلارنى يادلاپ ، گۈمپا پىشۇرۇپ ، «بۇلۇت مۇئەللەق»نىمۇ ئۆگىنىۋالدى . شۇندىن كېيىن ئۇ بۇ توپ ئىچىدە ئۆز ئەركى - ئۆز مەيلى بويىچە بەھۇزۇر ئويناپ كۈلۈپ ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ پەيزىنى سۈردى .

باھار كېتىپ ياز كەلدى . بىر كۈنى كۆپچىلىك قارىغاي ئاستىدا پاراڭلىشىپ سۈن ۋۇكۇڭدىن :

— ۋۇكۇڭ ، خېلى يېتىلىپ قېلىۋاتامسەن ؟ ئالدىنقى كۈنى ئۇستاز قولىقىڭغا پىچىرلاپ ، ئۈچ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇشنى ئۆگىتىۋاتقاندى ، ھەممىسىنى بىلىۋالغانسەن ؟ — دەپ سوراشتى .

سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— ئاكىلار ، سىلەردىن يوشۇرماي دەۋېرەي ، بىرىنچىدىن ، ماڭا ئۇستاز ئۆگەتتى ؛ ئىككىنچىدىن ، كېچە - كۈندۈز تەر ئاققۇزۇپ ئۆزۈم مەشىق قىلىپ ھەممىسىنى بىلىۋالدىم .

— مۇشۇ ياخشى پۇرسەتتە ئۆزۈڭنى بىر سىناپ باققىن ، بىزمۇ كۆرۈپ باقايلى ، — دېدى كۆپچىلىك .

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، سۈن ۋۇكۇڭ باشقىچە روھلىنىپ ، ماھارىتىنى كۆز - كۆز قىلغان ھالدا :

—قېنى ، سىلەر سوئال قويۇڭلار ، نېمىگە ئۆزگىرىپ بېرىمەن ؟ — دېدى .

— بىر تۈپ قارىغايغا ئۆزگىرىپ باققىن ، — دېدى كۆپچىلىك .

سۈن ۋۇكۇڭ سۈرىنى يادلاپ ، ئەپسۇنىنى ئوقۇپ تۇرۇپ ، بىرلا سىلكىنىپ ، بىر تۈپ قارىغايغا ئۆزگەردى . بۇنى كۆرگەن كۆپچىلىك چاۋاك چېلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە :

— يارايسەن ، يارايسەن مايمۇن ! — دېيىشكىنىچە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ ، پىر ئۇستازنى چۆچۈتىۋەتتى .

ئۇستاز دەرھال ھاسىسىنى تايىنىپ چىقىپ :

— كىم ئۇ ، بۇ يەردە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقان ؟ — دېدى زەردە بىلەن .

كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا دەرھال كۈلكىسىنى توختىتىپ ، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى . سۈن ۋۇكۇڭمۇ ئۆز ئەسلىگە كېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇۋالدى ۋە :

— مۆھتەرەم ئۇستازىم ، مەن بۇ يەردە سىلىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم ، ھېچكىم بىلەن پاراڭ سېلىشمىدىم ، — دېدى .

پىر ئۇستاز دەر غەزەپكە كېلىپ :

— نېمانچە ۋارقىراپ - جارقىرىشىسىلەر ! سىلەرنىڭ نەرىڭلار ئىلىم - بىلىم ئۆگىنىدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ ؟ ! — دېدى رەنجىپ .

— سىلىدىن ھېچ ئىشنى يوشۇرمايمىز ، ئۇستاز ، — دېدى كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ، — باياتىن سۇن ۋۇكۇڭنى ئۆزگىرىشكە سېلىپ ئوينىۋىدۇق ، ئۇنى قارىغايغا ئۆزگەرگىن دېسەك ، ئۇ راستىنىلا بىر تۈپ قارىغاي بولۇپ قالدى . ھەممىمىز ئۇنىڭغا بارىكاللا ئېيتىپ ، ئاۋازىمىزنى قويۇۋېتىپ قاپتۇق . گۇناھىمىزنى كەچۈرگەيلا !

— سىلەر قايتىڭلار ، — دېدى پىر ئۇستاز سۇن ۋۇكۇڭنى ئالدىغا چاقىرىپ ، — بېرى كەل ۋۇكۇڭ . سەن نېمە شەيتانلىق قىلىپ قارىغايغا ئۆزگىرىپ يۈرىسەن ؟ بۇ ماھارەتنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا كۆز - كۆز قىلىشقا بولامدۇ ؟ مۇبادا باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق ماھارىتى بولسا ، ئۇلارغا يالۋۇرامسەن ؟ بۇ ماھارەت سەندە بولغان ئىكەن ، باشقىلار جەزمەن ساڭا يالۋۇرىدۇ . ئەگەر نەس بېسىشتىن قورقساڭ ، ئۇلارغىمۇ ئۆگىتىشىڭ كېرەك . ئۆگەتمىسەڭ ، ئۇلار ساڭا زىيانكەشلىك قىلىدۇ . ھەتتا ھاياتىڭنىمۇ ساقلاپ قالالمايسەن .

سۇن ۋۇكۇڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ :

— ئۇستازىم ، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلىشلىرىنى تىلەيمەن ، — دېدى .

— سېنى گۇناھ قىلدى دېمەيمەن ، بولدى ، قايتىپ كەتكىن ! — دېدى پىر ئۇستاز .

بۇنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى :

— ئۇستاز ئاتا ، مەن كېتىپ قەيەرگىمۇ بارىمەن ؟

— قەيەردىن كەلگەن بولساڭ ، شۇ يەرگە كەتكىن !

سۇن ۋۇكۇڭ شۇئان ئېسىنى يىغدى ۋە :

— ئۇستاز ، مەن شەرقىي پورۋاۋىدىخا ئاۋلەي مەملىكىتىنىڭ گۈلشەن تېغىدىكى سۇ پەردىلىك غاردىن كەلگەن ، — دېدى .

— تېز قايتىپ كەتكىن ، سېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇڭ ئەمدى ھاياتىڭغا پايدىلىق ئەمەس ، — دېدى پىر ئۇستاز .

سۇن ۋۇكۇڭ گۇناھكارلاچە قىياپەتتە :

— مۆھتەرەم ئۇستازىم ، مەن ئۆيدىن ئايرىلغىلى يىگىرمە يىل بولۇپ قاپتۇ . بالا - چاقىلىرىمنى سېغىنغان بولساممۇ ، لېكىن ئۇستازىنىڭ شەپقىتىنى تېخى قايتۇرالمىدىم . كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايۋاتىدۇ ، — دېدى .

— شەپقەت - پەپقەت دېگىنىڭنى قوي ، سەن ماڭا بالا تېرىپ بەرمىسەڭلا بولدى ، — دېدى پىر ئۇستاز .

سۇن ۋۇكۇڭ باشقا ئامال قالمىغانلىقىنى بىلىپ ، قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى ۋە كۆپچىلىك بىلەن خوشلاشتى . پىر ئۇستاز ئۇنىڭغا جېكىلەپ :

— قايتىپ بارساڭ ، كۇنۇڭ خېلى تەس بولىدىغان ئوخشايدۇ . ھەرقانچە بالا - قازا تېرىغان چاغدىمۇ ، مېنىڭ شاگىرتىم ئىكەنلىكىڭنى بىرەرىگە تىنىپ سالما ، ئاغزىڭدىن بىرەر ئېغىز سۆز چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپلا قالسام ، سەن مايمۇنىنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ ، پۇت - قولۇڭنى چېقىپ ، مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىمەن ! — دېدى .

— ئۇستاز ، ھەرگىزمۇ بىرەرىگە تىنمايمەن . ئۆزۈم ئۆگىنىۋالغانلا دەيمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

سۇن ۋۇكۇڭ پىر ئۇستازغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ خوشلاشتى ۋە شۇئان سورە - ئەپسۇنىنى ئوقۇپ ، موللاق ئېتىپ بۇلۇتقا چىقىپ ، كۇنچىقىشقا قاراپ يول ئالدى . ئالاھازەل ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن گۈلشەن تېغىدىكى سۇ پەردىلىك غار كۆرۈندى . ئۇ بۇلۇتنى تۆۋەنلىتىپ ، گۈلشەن تېغىغا چۈشتى . تاغ يولىدا كېتىۋاتقاندا ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇشلارنىڭ ۋە مايمۇنلارنىڭ ئەلەملىك سايراشلىرى ، ۋارقىراشلىرى ئاڭلاندى .

— باللىرىم ، مەن قايتىپ كەلدىم ! — دەپ توۋلىدى سوْن ۋوْكوْك بار ئاۋازى بىلەن .

شۇئان قىيا تاشلار ئارىسىدىن ، گوْل ـ گىياھلارنىڭ ئارىسىدىن ۋە دەرەخلىكلەردىن سانسىزلىغان چوڭ ـ كىچىك مايموْنلار ئېتىلىپ چىقىپ ، سوْن ۋوْكوْكنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى ۋە باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشقان ھالدا :

— پادىشاھىم ، نېمانچە غەم يېمەيدىغانلا ؟ ئەجەبمۇ ئۇزاقتا كەلدىلىغۇ ؟ بىزنى بۇ يەردە تاشلاپ قويۇپ يوللىرىغا خويمۇ ئىنتىزار قىلدىلا . يېقىندا بىر يالماۋۇز بىزنى ئانىي تېپىپ ، غارىمىزغا بېسىپ كىردى . بىز ئۇنىڭ بىلەن جېنىمىزنى تىكىپ تۇرۇپ ئېلىشتۇق . نەچچە كۈندىن بېرى ئۇ يەنە كېلىپ ئۆي بىساتلىرىمىزنى بۇلاپ كەتتى . نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزنى تۇتۇپ كەتتى . بىز كېچە ـ كۈندۈز ئارام يوق . ئۆي ـ ماكانلىرىمىزنى ئاران ساقلاپ تۇرۇۋاتىمىز ، ھېلىمۇ ياخشى قايتىپ كەلدىلە ، يەنە بىرنەچچە يىلغىچە كەلمىگەن بولسىلا بىزمۇ غار بىلەن قوشۇلۇپلا باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتۇق ! — دېيىشتى .

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ سوْن ۋوْكوْك دەرغەزەپكە كەلدى ۋە :

— شۇنچە كۆرەڭلەپ كەتكەن قايسى ئالۋاستى ئىكەن ئۇ ؟ ئالدىرىماي سۆزلەڭلار ، مەن ئۇنى تېپىپ جەزمەن ئىنتىقام ئالىمەن ! — دېدى .

مايموْنلار بېشىنى تۆۋەن سېلىشىپ مۇنداق دېدى :

— پادىشاھ ئالىيلىرى ، ئۇ بىرنىمە ئۆزىنى ، مالىمانچى يالماۋۇز دەپ ئاتايدىكەن ، ئالدىمىزدىكى شىمالىي تۆۋەنلىكتە تۇرىدىكەن .

— ئۇنىڭ تۇرىدىغان جايى بۇ يەرگە قانچىلىك يىراق كېلەر ؟ — سورىدى سوْن ۋوْكوْك .

مايموْنلار جاۋاب بېرىپ :

— ئۇ بۇلۇت سىياقىدا كېلىپ تۇمان بولۇپ قايتىدۇ . گاھىدا بوران ، گاھىدا يامغۇر ، گاھىدا چاقماق ۋە گاھىدا گۈلدۈرمامىمۇ

بولۇۋالىدۇ . بىز ئۇنىڭ كېلىدىغان يېرىنىڭ زادى قانچىلىك يىراقتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز ، — دېدى .

— ئۇنداق بولسا سىلەر ئارام ئېلىپ ئوينىاپ تۇرۇڭلار ، مەن بېرىپ ئۇنى تېپىپ كېلەي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ۋە لىككىدە ئۆرلەپ ئاسمانغا چىقىپ ، يول بويى موللاق ئاتقان پېتى ئۇدۇل شىمالىي تۆۋەنلىككە كېلىپ ، ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ بىر گۈزەل تاغ كۆرۈندى . سۇن ۋۇكۇڭ بۇ مەنزىرىگە زوق بىلەن قاراۋاتقاندا ، ئۇشتۇمتۇت بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ دەرھال تاغدىن چۈشۈپ ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدى . قارىسا ، چوقچىيىپ تۇرغان قىيا ئالدىدا سۇ ئېقىپ تۇرغان بىر غار ، غار ئالدىدا بىرقانچە كىچىك ئالۋاستى ئۇسسۇل ئويناۋاتقانىكەن . ئۇلار سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپلا قېچىشقا تەمشەلدى .

— قىمىرلاشما ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارغا قاراپ ، — مەن جەنۇبتىكى گۈلشەن تېغى سۇ پەردىلىك غارىنىڭ خوجىسى بولىمەن . ھېلىقى مالىمانچى يالماۋۇز دېگىنىڭلار پەرزەنتلىرىمنى ئانىي تېپىپتۇ . ئۇنىڭ بىلەن بىر كۈچ سىنىشىپ باقاي دەپ ئىزدەپ كەلدىم !

كىچىك ئالۋاستىلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، ئالمان ـ تالمان غار ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ، خەۋەر يەتكۈزدى :

— پادىشاھىم چاتاق بولدى !

— نېمە چاتاق بولدى ! — سورىدى يالماۋۇز .

كىچىك ئالۋاستىلار جاۋاب بېرىپ :

— غار سىرتىدا بىر مايمۇن مەن گۈلشەن تېغىدىكى سۇ پەردىلىك غارنىڭ خوجىسى بولىمەن ، دەيدۇ ، ئۇ سىلى بىلەن كۈچ سىنىشىش ئۈچۈن كەپتۇدەك ، — دېدى .

يالماۋۇز كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دېدى :

— مەن ئۇ مايمۇنەكلەرنىڭ دائىم بىزنىڭ بىر پادىشاھىمىز بار دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم . سىرتقا كېتىپ قالغانىكەن . قارىغاندا ، بۈگۈن قايتىپ كەپتۇ ـ دە . سىلەر دىققەت قىلدىڭلارمۇ ، ئۇ قانداق

ياسىنىپتۇ ، قانداق قورالى بار ئىكەن ؟
— ئۇنىڭ ھېچقانداق قورالى يوق ئىكەن . بېشىغىمۇ بىرنەرسە كىيمەپتۇ ، ئۇچىسىغا قىزىل رەختتىن كۆڭلەك ، تامبال كىيىپ بېلىنى سېرىق پوتىدا باغلىۋاپتۇ . پۇتىغا قارا كەشە سېپىۋاپتۇ . قولىدا ھېچنېمە يوق . سىلىنى چىقسۇن دەۋاتىدۇ ، — دېدى كىچىك ئالۋاستىلار .
بۇنى ئاڭلاپ يالماۋۇز كۆرمە تون ، قورال - ياراغلىرىنى ئەكېلىپ بېرىشكە بۇيرۇدى . كىچىك ئالۋاستىلار ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى دەرھال بەجا كەلتۈردى . يالماۋۇز ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ قىلىچىنى قولىغا ئالدى ۋە ئالۋاستىلىرىنى باشلاپ سىرتقا چىقىپ :
— سۇ پەردىلىك غارنىڭ خوجىسى مەن ، دېگىنىڭ قايسىڭ ؟ — دەپ تولۋلىدى .
— ھەي چۈپرەندە يالماۋۇز ، شۇنچە يوغان كۆزۈڭ تۇرۇپ ، ئاكاڭ قارىغاينى كۆرمەيۋاتامسەن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭمۇ ۋارقىراپ .
يالماۋۇز ئۇنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ :
— بويۇڭ تۆت چىغمۇ توشمايدىكەن ، ئوتتۇزغىمۇ كىرمىگەندەك قىلىسەن ، قولۇڭدا قورالىڭ سۇنۇقىمۇ يوق تۇرىدۇ . يەنە نېمەڭگە كۆرەڭلەپ مەن بىلەن ئېلىشمەن دەپ كەلدىڭ ؟ — دېدى .
سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى تىللاپ :
— ھەي سولتەك يالماۋۇز ، سەن تازىمۇ كور نېمە ئىكەنسەن ! سەن مېنى كىچىك چاغلىساڭ يوغىناشنىمۇ بىلىمەن . قورالىم بولمىغىنى بىلەن قولۇمنى ئۇزارتساملا ئاسماندىكى ئايغىمۇ يېتىدۇ . بۇ ياققا كېلىپ ، مۇشتۇمنى بىر تېتىپ كۆرگىن ! — دېدى - دە ، ئېتىلىپ بارغانچە ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن مۇشت ئاتتى .
يالماۋۇز ئۇنىڭ مۇشتۇمىنى توسۇۋېلىپ :
— سەن پەتەكتىن مەن كۆپ ئېگىز تۇرسام ، ئۇنىڭ ئۇستىگە

سەن مۈشت ئاتسەن ، مەن قىلىچ ئىشلىتىمەن ، سېنى ئۆلتۈرۈپ قويسام ، تازىمۇ كۆلكىلىك ئىش بولغۇدەك ، توختا ، مەن قىلىچىمنى تاشلاپ قويۇپ ، سەن بىلەن مۈشت ئېتىشىمەن ! — دېدى .

— راست دەيسەن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — ئوغۇل بالا ئىكەنسەن ، قېنى كەل !

يالماۋۇز يەڭلىرىنى شىمايلاپ دېۋەيلەپ كەلدى ، سۈن ۋۇكۇڭمۇ ئۇنىڭغا قارشى شىددەت بىلەن ئېتىلدى . مۈشت - پەشۋالار ئېتىلىپ ، قاتتىق ئېلىشىش باشلاندى . ئۇزۇن مۈشتلار بوشلۇقتا پىرقىراپ قالدى . قىسقا مۈشتلار گۈپۈلدەپ تەگدى . سۈن ۋۇكۇڭدىن بىقىنىغا ۋە چاترىقىغا ئەجەللىك زەربە يېگەن يالماۋۇز تىك موللاق ئېتىپ بېرىپ ، قىلىچىنى قولىغا ئېلىۋالدى - دە ، سۈن ۋۇكۇڭنىڭ بېشىغا قارىتىپ چاپتى . سۈن ۋۇكۇڭ چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇردى . قىلىچ تەگمەي ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ يالماۋۇزنىڭ غالجىرلاشقانلىقىنى كۆرۈپ ، تەن ئايرىش سېھرىنى ئىشقا سېلىپ ، بىر تۇتام موينى يۇلۇۋالدى - دە ، ئاغزىغا سېلىپ چايناپ ، ئاسمانغا قارىتىپ پۈركۈگەندىن كېيىن «ئۆزگەر !» دەپ توۋلىدى . شۇئان ئىككى يۈز - ئۈچ يۈز مايمۇنچاق پەيدا بولدى . بۇ مايمۇنلار شۇ قەدەر چاققان ئىدىكى ، ئۇلارغا ياكى قىلىچ ، ياكى نەيزە زادى تەگمەيتتى . ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن يالماۋۇزغا ئېتىلىپ كېلىپ گاھىلىرى يامىشىپ ، مورلاپ ، گاھىلىرى ئېغىغا شۇڭغۇپ كىرىپ سوزۇپ ، پۇتلىرىنى قايرىپ ، كۆزلىرىنى كولاپ ، بۇرۇنلىرىنى تولغاپ ، چىرمىشىپ مىدىرلىيالماس قىلىۋەتتى . بۇ چاغدا سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ قىلىچىنى تارتىۋېلىپ ، مايمۇنلارنى ئاجرىتىۋەتتى ۋە قىلىچ بىلەن بىرلا چېپىپ ، بېشىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى . ئارقىدىنلا مايمۇنلىرىنى باشلاپ غارغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ، كىچىك ئالۋاستىلارنى بىر - بىرلەپ قىرىپ تۈگەتتى . ئاندىن ھېلىقى بىر تۇتام موينى ئۆزىگە يىغىۋالدى ، قارىسا ، يەنە بىرمۇنچە مايمۇن

يـــغــلماي قاپتۇ . بۇلار يالماۋۇز سۇ پەردىلىك غاردىن تۇتۇپ ئەكەلگەنلەر ئىدى .

— سىلەر بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرسىلەر ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارغا قاراپ .

قىرىق ـ ئەللىكچە مايمۇن كۆزلىرىگە ياش ئالغان هالدا :

— پادىـشـاهــىم ، سىلى ئىستىقامەت قىلغىلى كەتكەندىن كېيىن ، بۇ ئىككى يىل ئىچىدە ئالتوپىلاڭ قىلىپ بىزنى تۇتۇپ كېلىپ بۇ يەرگە قاماپ قويغان . قارىمامدىلا ، غارىمىزنىڭ ئاۋۇ تاش تەڭنە ، تاش قاچىلىرىنىمۇ شۇ ئەبلەخ بۇلاپ كەلگەن ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ :

— ئۆز نەرسىلىرىمىزنىڭ هەممىسىنى ئېلىپ مېڭىڭلار ! — دېـــدى ـ دە ، ئــارقـــىدىــنلا غــارغــا ئــوت قويۇپ ، غارنى تـــەلتۆكۈس كۆيدۈرۈۋەتتى هەمدە مايــمۇنــلارغــا قــاراپ قوشۇپ قويدى ، — هەممىڭلار ماڭا ئەگىشىپ قايتىڭلار !

مايمۇنلار :

— پادىشاهىم ، بىز بۇ يەرگە كەلگەندە قۇلاق تۈۋىمىزدە بوران هۇۋۇلىغاندەك بولۇپ ، هېچنېمىنى سەزمەيلا كېلىپ قالغاندۇق . يولنى بىلمىسەك قانداق قايتىپ كېتىمىز ؟ — دېدى .

— بۇ ئۇنىڭ سېهىرگەرلىكى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — ئــۇنىڭ سىرلىق دېگۈدەك هېچنېمىسى يوق . مەن هازىر بىرىنى بىلىۋالسام ، يۈزىنىڭ ئېپىنى تېپىپ كېتەلەيمەن . ئۇنداق قىلىش مېنىڭمۇ قولۇمدىن كېلىدۇ ، هەممىڭلار كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار ، قورقماڭلار !

سۇن ۋۇكۇڭ ئەپسۇن ئوقۇدى ، بىرپەس بوراندىن كېيىن ، بۇلۇت ئاستا يەرگە تۆۋەنلىدى :

— كــۆزۈڭــلارنــى ئــېــچىڭلار ، باللىرىم ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ئــۆز غــارىــنــىڭ ئــالدىغا كېلىپ قالغانلىقلىرىنى كۆرگەن مايمۇنلار خۇشاللىقىدىن غار تەرەپكە قاراپ چېپىشتى . ئۇلار غارغا

دۆپپۆرلىشىپ قىستىلىشىپ كىرىپ ، ياش قۇرامى بويىچە توپقا ئايرىلىپ پادىشاھقا تاۋاپ قىلىشتى . مېۋە - چېۋە ، ھاراق - شارابلارنى تەييارلاپ سۇن ۋۇكۇڭنى داغدۇغا بىلەن تەبرىكلىدى . ئالۋاستىنى يوقىتىپ ، پەرزەنتلەرنى قۇتۇلدۇرغانلىق ۋەقەسىنى زور قىزىقىش بىلەن سوراشتى . سۇن ۋۇكۇڭ ۋەقەنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي ھېكايە قىلىپ بەردى . مايمۇنلار ئاغىزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ :

— پادىشاھىم ، سىلى ئۇ ياققا بېرىپ قالتىس ھۈنەر ئۆگىنىپ كەپتىلا جۇمۇ ! — دېيىشتى .

— ئەينى ۋاقىتتا مەن سىلەر بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ دولقۇنلار ئۈستىدە لەيلەپ ، شەرقىي دېڭىزدىن ئۆتۈپ ، غەربىي گۇدا دىيارىغا باردىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — ئاندىن جەنۇبىي جامبۇدۋىپاغا بېرىپ ئادەم سىياقىدا بۇ كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ ، ئىرغاڭلاپ مېڭىپ ، سەككىز - توققۇز يىل سەرگەردان بولۇپ ، ھېچقانداق ئەۋلىيانى تاپالمىدىم . كېيىن يەنە غەربىي دېڭىزنى كېسىپ ئۆتۈپ ، غەربىي گۇداغا باردىم . كۆپ ۋاقىت سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق ئاخىر بەختكە يارىشا پىر ئۇستاز بىلەن ئۇچراشتىم . ئۇ ماڭا ئاسمان - زېمىن بىلەن تەڭ ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ ماھارىتى ۋە يولىنى ئۆگىتىپ قويدى .

مايمۇنلار تەبرىكلىشىپ :

— ئەمدى ھەرقانداق بالايىئاپەتمۇ كار قىلمايدىغان بوپتۇ - دە ! — دېيىشتى .

— بالىلىرىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ خۇش چىراي ھالدا ، — يەنە بىر خۇشاللىق ، ھەممەيلەننىڭ ئىسىم ، فامىلىسى بار بولدى !

— پادىشاھ ئالىيلىرى ، مۇبارەك نام - شەرىپلىرى نېمە بولدىكى ؟

— فامىلەم سۇن ، ئىسمىم ۋۇكۇڭ بولدى !

بۇنى ئاڭلاپ مايمۇنلار چاۋاك چېلىشىپ كەتتى ۋە :

— پادىشاھىم ، سىلى لاۋسۇن بولسىلا ، بىز سۇن ئىككى ، سۇن ئۈچ ، سۇن تۆت ، كەنجى سۇن بولۇپ ، پۈتۈن جەمەت ، پۈتۈن مەملىكەت ۋە پۈتۈن ئۇۋىمىز بويىچە تامامەن سۇن بولدۇق ـ دە ! — دېيىشتى .

كىچىك مايمۇنلار ھەممىسى لاۋسۇنغا خۇشامەت قىلىشىپ تەلەڭگە ـ تاۋاقلاردا كۇكۇس شارابى ، مۇسەللەسلەرنى تۇتتى . ئاجايىپ گۈل ، مېۋىلەرنى سۇندى . پۈتۈن ئائىلە خۇشاللىق قاينىمىغا چۆمدى . بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ، بۇ يەردە يەنە قانداق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# ئۈچىنچى باب

## سۇن ۋۇكۇڭنىڭ تۆت دېڭىز ئىلاھىنى بويسۇندۇرغانلىقى
## جەھەننەمگە كىرىپ ئۆلۈم رويخېتىنى ئۆچۈرۈۋەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، سۇن ۋۇكۇڭ ماكانىغا شانۇشەۋكەت بىلەن قايتتى. ئۇ، مالىمانچى يالماۋۇزنى ئۇجۇقتۇرۇپ، كاتتا بىر قىلىچقا ئىگە بولغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر كۈنى جانبازلىقنى مەشىق قىلدى. مايمۇنلارغا بامبۇك كەستۇرۇپ كېلىپ نەيزە ياساتتۇردى، ياغاچلاردىن قىلىچ قىيدۇردى. ئەلەم تىكلەپ، ئۇشتەك چېلىپ، ئىككى ياق بولۇپ جەڭ مەشىقى ئۆتكۈزۈپ، بارگاھلارنى قۇردى. شۇنداق ئويۇن ـ تاماشا بىلەن كۆپ ۋاقىت ئۆتتى. بىر كۈنى سۇن ۋۇكۇڭ خىيالغا چۆمگەن ھالدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ بۇ يەردە ئويۇن ـ تاماشا قىلغىنىمىز راستىقا ئايلىنىپ، ئىنسانلار پادىشاھى ۋە ھايۋانلار پادىشاھىغا يېتىپ بارسا، ئۇلار بىزنى لەشكەر توپلاپ توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولدى دەپ، ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، قولىمىزدىكى ياغاچ قىلىچ، بامبۇك نەيزىلەر بىلەن ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟ ئۆتكۈر شەمشەر ۋە يالمان بولمىسا زادى بولمايدۇ. ھەي، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز؟

مايمۇنلار بۇنى ئاڭلاپ دەككە ـ دۈككىگە چۈشكەن ھالدا:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلى كۆپنى كۆرگەن، لېكىن بۇ نەرسىلەرنى قەيەردىنمۇ تاپارمىز ـ ھە! — دېيىشتى.

شۇ ئەسنادا توپ ئارىسىدىن تۆت قېرى مايمۇن ئالدىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى قىزىل كۆتەنلىك ئاق مايمۇن، ئىككىسى

دۆككەك ھۆدۆنە مايمۇن بولۇپ ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ كېلىپ مۇنداق دېدى :

— پادىشاھ ئالىيلىرى ، ئۆتكۈر قورال - ياراغلارنى تېپىش تولىمۇ ئاسان ئىش !

— قانداق ئاسان دەيسىلەر ؟ — سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

تۆت مايمۇن جاۋاب بېرىپ :

— بىزنىڭ بۇ تاغدىن شەرق تەرەپكە ئىلگىرىلەپ ، ئىككى يۈز چاقىرىملىق سۇ يۈزىنى باسقاندىن كېيىن ، ئاۋلەي دۆلىتى دەيدىغان بىر جايغا بارغىلى بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا پادىشاھى بار . شەھەردە لەشكەر ۋە پۇقرالار سانسىز ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوقۇم زەرگەر ، مىسكەر ۋە تۆمۈرچى ئۇستىكارلار كۆپ . ئەگەر سىلى شۇ يەرگە بېرىپ بىرئاز قورال - ياراغ سېتىۋېلىپ ياكى ياسىتىپ كەلسىلە ، بىزمۇ ئوبدان مەشىق قىلىپ ، تاغلىرىمىزنى قوغداپ قالالىغان بولاتتۇق ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ ، ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا :

— سىلەر بۇ يەردە ئويناپ تۇرۇڭلار ، مەن بېرىپ كېلەي ! — دېدى - دە ، دەرھال مۇئەللەق بۇلۇت ئۇستىگە چىقىپ ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئىككى يۈز چاقىرىملىق سۇ يولىنى بېسىپ ئۆتتى . دېگەندەك ئۇ تەرەپتە بىر شەھەر ئايان بولدى . گىرەلىشىپ كەتكەن بازار - كوچىلار ، سانجاق - سانجاق ئۆي - ئىمارەتلەر ، ئۇ ياق - بۇ ياققا ئۆتۈشۈۋاتقان ئادەملەرمۇ ئېنىق كۆرۈندى . سۇن ۋۇكۇڭ كۆڭلىدە : «بۇ يەردە چوقۇم تەييار قورال بولۇشى مۇمكىن ، ئۇ يەرگە بېرىپ بىر - ئىككىنى سېتىۋالغاندىن كۆرە ، كارامىتىمنى ئىشقا سېلىپ ، ئىزدەپ باقمامدىمەن» دېدى - دە ، ئەپسۇن ئوقۇپ تۇرۇپ ، ھاۋانى سۈمۈرۈۋېلىپ ، كۈچەپ پۈۋلىدى . شۇئان كىشى قورققۇدەك دەھشەتلىك بوران كۆتۈرۈلۈپ ، قۇم - شېغىللارنى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى . بوراننىڭ ۋەھىمىسىدىن ئاۋلەي دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئالاقزادە بولۇپ قاچتى ، دۇكانلارنىڭ ئىشىكى تاقالدى . يولدا بىرمۇ ئادەم قالمىدى . بۇ چاغدا سۇن ۋۇكۇڭ بۇلۇت

ئۈستىدىن چۈشۈپ ، ئوردا دەرۋازىسىدىن كىردى ۋە ياراغخانىنى ئىزدەپ تاپتى . دەرۋازىنى ئېچىپ قاتار - قاتار تىزىلىپ ياتقان سانسىز قىلىچ ، نەيزە ، شەمشەر ، يالمان ، تەبەرزىن ، ئايپالتا ، ناچەخ ، دەررە ، يارما دەستە ، يايچاق ، ئۇمۇت ، يا ، كامالەك ، مەنچاناق ، تىرنا ، پەرتۇلارنى كۆردى . بۇنىڭدىن ئاجايىپ خۇشاللىنىپ قا چۈمگەن سۇن ۋۇكۇڭ :

— ئۆزۈم يالغۇز ھېچقانچە كۆتۈرەلمىگۇدەكمەن . يەنىلا تەننى پارچىلاش سېھرى بىلەن ئەكېتەي ، — دېدى - دە ، بىر تۇتام موينى يۇلۇۋېلىپ ئاغزىغا سېلىپ چاينىدى . ئاندىن ئۇنى پۈركۈپ چىقىرىپ ، ئەپسۇن ئوقۇپ تۇرۇپ ، «ئۆزگەر !» دەپ توۋلىدى . شۇئان نەچچە مىڭ مايمۇن پەيدا بولۇپ ، قورال - ياراغلارنى ھە دەپ توشۇشقا باشلىدى . قاۋۇلراقلىرى ئالتە - يەتتىدىن ، ئاجىزلىرى ئىككى - ئۈچتىن كۆتۈرۈپ مېڭىپ ، ياراغخانىنى بىر پەستىلا قۇرۇقداپ قويدى . سۇن ۋۇكۇڭ مايمۇنلىرىنى باشلاپ ، بۇلۇتلار ئۈستىدە چېپىپ ، ئۆز ماكانىغا قاراپ راۋان بولدى .

گۇلشەن تېغىدىكى مايمۇنلارغا كەلسەك ، ئۇلار غار ئالدىدا ئويناۋېتىپ ، ئۇشتۇمتۇت بوران ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە ئاسماندىكى مىغىلدىشىپ بېسىپ كېلىۋاتقان سانسىزلىغان مايمۇننى كۆرۈپ ، قورقىنىدىن تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كېتىشتى ، بىرئازدىن كېيىن سۇن ۋۇكۇڭ بۇلۇتنى يەرگە قوندۇرۇپ تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن ، بىرلا سىلكىنىپ موينى يىغىۋېلىپ ، قورال - ياراغلارنى تاغ تۈۋىگە دۆۋىلەپ قويدى ۋە :

— بالىلىرىم ، ھەممىڭلار كېلىپ قورال ئېلىۋېلىڭلار ! — دەپ توۋلىدى .

مايمۇنلار سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپ ، يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ، تەزىم قىلىشقان ھالدا قوراللارنى قانداق ئەكەلگەنلىكىنى ھەيران بولۇپ سورىدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارغا بوران چىقىرىپ ، قورال - ياراغلارنى توشۇپ كەلگەنلىكىنى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ بەردى . مايمۇنلار سۇن ۋۇكۇڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ بولۇپ ،

قىلىچ ، شەمشەر ، كامالەك ، مەنچاناقلارنى ۋە ئوموت ، نەيزىلەرنى تاللىشىپ ، ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ ، كەچ كىرگۈچە ئويۇن قىلىشتى .

ئەتىسى سۇن ۋۇكۇڭ بارلىق مايمۇنلىرىنى توپلاپ ، سەپراس قىلدى ، ئۇلارنىڭ سانى قىرىق يەتتە مىڭدىن ئاشقانىدى . بۇ خەۋەر يېقىن ـ يىراق تاغلاردىكى ئالۋاستى ـ يىرتقۇچلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ باردى . شۇ ۋەجدىن بۆرە ، قۇرت ، يولۋاس ، يىلپىز ، بۇغا ، كېيىك ، بۆكەن ، تۈلكە ، مولۇن ، بورسۇق ، شىر ، پىل ، ئورانگۇتان ، ئېيىق ، ياۋا تۇڭگۇز ، قوتاز ، جەرەن ۋە تۈرلۈك مالائىكى قاتارلىق يەتمىش ئىككى غار ئەھلى بۇ مايمۇن پادىشاھنىڭ ئالدىغا سالامغا كەلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھەر يىلى ۋاقتى ـ قەرەلىدە سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلىپ تۇرىدىغان بولدى . گۈلشەن تېغى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرگە كۆمۈلۈپ كەتتى . ھەرقايسى ئالۋاستى پادىشاھلىرىمۇ ئالتۇن بارابان ، رەڭدار تۇغ ـ ئەلەم ۋە ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلارنى ئىنئام قىلىپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن لەشكەر ئەۋەتتى .

شۇنداق خۇشال ـ خۇرام كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇن ۋۇكۇڭ كۆپچىلىككە قاراپ :

— ھەممىڭلار ئوقيا ئېتىشقا مەرگەن ، قورال ـ ياراغقا ماھىر بولۇپ كەتتىڭلار . لېكىن ، مېنىڭ بۇ قىلىچىم كۆڭلۈمگە ھېچ ياقمايۋاتىدۇ . قانداق قىلسام بولار ؟ — دېدى .

شۇئان تۆت قېرى مايمۇن ئالدىغا چىقىپ مۇنداق دېدى :

— پادىشاھ ئالىيلىرى ، سىلى ئەۋلىيا بولغاندىكىن ئادەتتىكى قورال ئىشلەتسىلە بولمايدۇ . شۇڭا ، سۇ تەكتىگە چۈشەلىگەن بولسىلا ياخشى بولاتتى .

— مەن تاۋاپ ـ تىلاۋەتنى تۈگەتكەندىن كېيىن يەتمىش ئىككى خىل ئۆزگىرىشتىكى زېمنىي ئەختەر ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالغان . ئاسمانغىمۇ چىقالايمەن ، يەرگىمۇ كىرەلەيمەن . سۇدا تۇنجۇقۇپ

قالمايمەن ، ئوتتا كۆيمەيمەن ، ھەرقانداق يەرگە بىرىشقا قادىرمەن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

تۆت مايمۇن دېدىكى :

— پادىشاھ ئالىيلىرى ، ئەگەر بۇنداق كارامەتلىرى بولسا ناھايىتى ياخشى بولغىنى . بۇ تۆمۈر كۆۋرۈك ئاستىدىكى دەريا شەرقىي دېڭىزدىكى ئەجدىھا ئوردىسىغا تۇتىشىدۇ . ئەگەر سىلى چۈشۈشنى خالىسىلا سۇ ئىلاھىنى ئىزدەپ تېپىپ ، ئۇنىڭدىن بىرەر قورال ئېلىۋالسىلا ، كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولاتتى .

بۇنى ئاڭلاپ سۈن ۋۇكۇڭ خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي :

— سىلەر كۈتۈپ تۇرۇڭلار ، مەن بېرىپ كېلەي ، — دېدى - دە ، كۆۋرۈك ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ ، ئايەت ئوقۇپ تۇرۇپ دولقۇن ئىچىگە «پولتۇڭڭىدە» سەكرەپ چۈشتى ۋە سۇ تېگىدە يول ئېچىپ ، ئۇدۇل شەرقىي دېڭىزغا قاراپ چوڭقۇرلاپ ئۈزۈپ كەتتى .

ئۇ كېتىۋاتقاندا دېڭىز تەكتىدە چارلاۋاتقان بىر ياكسا ئۇشتۇمتۇت كېلىپ ئۇنى توسۇۋالدى ۋە :

— ئۆزلىرى قايسى ياقتىن كەلگەن ئەۋلىيا بولىدىلا ؟ ئىجازەت ئېلىپ كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ، نام - شەرىپلىرىنى مەلۇم قىلسىلا ! — دېدى .

— مەن گۈلشەن تېغىدىكى ئەۋلىيا سۈن ۋۇكۇڭ بولىمەن . سىلەرگە قوشنا تۇرسام نېمىشقا تونۇمايسىلەر ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

بۇنى ئاڭلاپ ياكسا دەرھال بىللۇر ئوردىغا كىرىپ خەۋەر قىلدى :

— جانابى پادىشاھىم ، سىرتتا بىرى مەن گۈلشەن تېغىدىن كەلگەن ئەۋلىيا سۈن ۋۇكۇڭ بولىمەن ، پادىشاھىڭلارغا ھەم يېقىن قوشنا ، ئوردىغا كىرگۈزسەڭلار ، دەۋاتىدۇ .

شەرقىي دېڭىزنىڭ سۇ ئىلاھى ئاۋگۇاڭ بۇنى ئاڭلاپ دەرھال

ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، بالا ـ چاقىلىرىنى ، سۇ لەشكەرلىرىنى ۋە سەركەردىلىرىنى باشلاپ ئوردا ئالدىغا چىقىپ ، سۇن ۋۇكۇڭنى ئوردىغا تەكلىپ قىلدى . ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇلار قىزغىن كۆرۈشۈپ ، چاي ئىچىشتى . چايدىن كېيىن سۇ ئىلاھى :

— ئەۋلىيا ھەزرەتلىرى ، سىلى قاچان دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغان ئىدىلە ، قانداق سېھرىي ھۈنەر ئۆگەندىلە ؟ — دەپ سورىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ جاۋاب بېرىپ :

— مەن تۇغۇلغاندىن كېيىنلا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپ ، مەڭگۈ قېرىماسلىق ، ئۆلمەسلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ كەلگەنىدىم . يېقىندا غارىمىزنى قوغداش ئۈچۈن پەرزەنتلىرىمنى مەشىق قىلدۇرۇۋاتقانىدىم . ئۆزۈمگە قورال كەمچىل بولۇپ قالغاچقا ، سىلىدە بار ئىكەن دەپ ، ئاڭلاپ كەلدىم . قوشىنىدارچىلىق يۈزىسىدىن بولسىمۇ ، بىرەر تال ئۆتۈنگەن بولسىلا ، — دېدى .

سۇ ئىلاھى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن رەت قىلىشنى بىئەپ كۆرۈپ ، دەرھال دىۋان ئەمرى چاتىسنى[1] چاقىرىپ ، چوڭ بىر قىلىچنى ئەكەلدۈرۈپ ، سۇن ۋۇكۇڭغا ئۇزاتتى .

— مەن قىلىچ ئىشلىتىشنى بىلمەيمەن ، باشقىسىنى ئىلتىپات قىلغان بولسىلا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

سۇ ئىلاھى يەنە پاششاپ بەگ زۇلتىر[2] بىلەن كۇچتۇڭگۇر ئالبانى[3] چاقىرىپ ، توققۇز بوغۇملۇق چاڭگاكنى ئاچىقتىشقا بۇيرۇدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئورنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، ئۇنى قولىغا ئېلىپ ، ئىشلىتىپ كۆرگەندىن كېيىن تاشلاپ قويدى ۋە :

— بۇ بەك يېنىك ئىكەن ، قولۇمدىمۇ توختىمايۋاتىدۇ ، باشقىسىنى ئىلتىپات قىلغان بولسىلا ، — دېدى .

سۇ ئىلاھى دەرھال :

— تەقسىر ، قارىمامدىلا ، بۇ چاڭگاكنىڭ ئېغىرلىقى ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز جىڭ كېلىدۇ ، — دېدى .

---

[1] [2] [3] بېلىقنىڭ تۈرلىرى .

— يارىمايدۇ ، يارىمايدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

سۇ ئىلاھىنىڭ كۆڭلى ۋەھىمىگە چۈشتى ۋە يەنە ياساۋۇل بېگى كارىپ[1] ، لەشكەر بېشى تىرمىنالىسلارنى[2] چاقىرىپ ، غايەت زور چوڭلۇقتىكى يالماننى ئاچىقتۇردى . ئۇنىڭ ئېغىرلىقى يەتتە مىڭ ئىككى يۈز جىڭ كېلەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى قولىغا ئالدى ـ دە ، جانبازلار پەدىسىدە ئىككى پەررەك ئېتىپ ، يەرگە سانجىپ قويغاندىن كېيىن :

— بولمايدۇ ، بۇمۇ بەك يېنىك ئىكەن ، — دېدى .

سۇ ئىلاھى تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى . ئۇ سۇن ۋۇكۇڭغا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ :

— تەقسىر ، بۇ يالمان ئوردامدىكى ئەڭ ئېغىر قورال ھېسابلىنىدۇ ، بۇنىڭدىن باشقا قورال قالمىدى ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى :

— قەدىمكىلەر «سۇ ئىلاھى ئوردىسىدا گۆھەر قالمايدۇ ، دەپ غەم قىلما !» دەپتىكەن . يەنە ئىزدەشتۈرۈپ باقسىلا ، يارايدىغىنى چىقىپ قالسا ، ئۆز باھاسىدىن بىر تىيىن كەم قىلماي بېرىمەن !

— راستىنلا قالمىدى ، — دېدى سۇ ئىلاھى .

شۇ ئەسنادا سۇ ئىلاھىنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى ئارقا تەرەپتىن پەيدا بولۇپ :

— پادىشاھ ئالىيلىرى ، بۇ ئەۋلىيا راستىنلا قالتىس ئادەم ئوخشايدۇ . خەزىنىمىزدىكى ھېلىقى سىرلىق ئۇزۇن تۆمۈر نەچچە كۈندىن بۇيان نۇرلىنىپ ، ئاجايىپ چاقناپ كېتىۋاتىدۇ . مۇشۇ ئەۋلىيادا بىرەر خىسلەت بارمۇ ، نېمە ؟ — دېدى .

— ئۇ ئۆز زامانىسىدە دايۈي ئاقساقال توپان تىزگىنلىگەندە دېڭىزغا قېقىپ قويغان بىر تال قوزۇق . ئۇ سىرلىق تۆمۈرنى نېمىگە ئىشلەتكىلى بولاتتى ؟ — دېدى سۇ ئىلاھى .

— ئىشلەتكىلى بولۇش ـ بولماسلىقى بىلەن نېمە كارىلىرى ، — دېدى سۇ ئىلاھى خانىشى ، — ئۇنىڭغا بېرىۋەتسىلە ،

---

①، ② بېلىقنىڭ تۈرلىرى .

قـــانداق ئۆزگەرتسە ئۆزگەرتىپ ، ئوردىدىن ئاچىقىپ كېتەلىسىلا مەيلى ئەمەسمۇ ؟

قېرى سۇ ئىلاھى بۇ گەپنى سۇن ۋۇكۇڭغا ئېيتتى .

— ئۇنداق بولسا ئاچقىڭلار ، مەن كۆرۈپ باقاي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

سۇ ئىلاھى قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ :

— ئـۇنــى كۆتۈرگىلى بولمايدۇ ، ئۆزلىرى كىرىپ كۆرۈپ باقسىلا ، — دېدى .

— قېنى ، ئۇنىڭ بار يېرىگە مېنى باشلاپ بېرىڭلار ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

سۇ ئىلاھى ئۇنى خەزىنە ئامبىرىغا باشلاپ كىردى . ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىردىنلا ئالتۇن نۇرلار جۇلالىنىپ كەتتى .

— ئاۋۇ چاقناپ تۇرغىنى شۇ ! — دېدى سۇ ئىلاھى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ .

ســۇن ۋۇكـۇڭ يـەڭلىرىنى شىمايلاپ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ سىلاپ كۆردى . ئۇ بىر تال تۆمۈر تۈۋرۈك بولۇپ ، تومۇلۇقى بىر قوچاقچە ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى گەزدىن ئارتۇق كېلەتتى .

ئۇ غۇلىچىنى كېرىپ قۇچاقلاپ كۆرۈپ :

— سەل توم ھەم ئۇزۇنراق ئىكەن ، يەنە بىرئاز كىچىكرەك بولغان بولسا ئىشلەتكىلى بولاتتى ، — دېدى .

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ ھېلىقى تۈۋرۈك بىرنەچچە چى قىسقىراپ ، يەنە بىرمۇنچە ئىنچىكىلىدى . سۇن ۋۇكۇڭ يەنە دەڭسەپ كۆرۈپ :

— يەنىمۇ ئىنـچىكـرەك بولـغان بـولسا ناھايـىتى يـاخشى بولاتتى ، — دېدى .

بۇ ئەڭگۈشتەر راستىنلا يەنە بىرمۇنچە ئىنچىكىلىدى . سۇن ۋۇكـۇڭ چەكسىز خـۇشـال بـولۇپ ، ئۇنــى سىرتـقا ئاچـىقىپ باشتىن - ئاخىر كۆز يۇگۈرتتى . ئۇنىڭ ئىككى بېشىدا ئالتۇن توقا بولۇپ ، ئوتتۇرىسى قارا تۆمۈردىن ئىدى . ئالتۇن توقىنىڭ يېنىغا

بىر قۇر قىلىپ «ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گورزە» دېگەن خەت يېزىلغانىدى . ئېغىرلىقى بولسا ئون ئۈچ مىڭ بەش يۈز جىڭ ئىدى . ئۇ ئىچىدە خۇشال بولۇپ ، «بۇ ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ مەيلىگە باقىدىغان ئەڭگۈشتەر ئوخشايدۇ» دېگىنىچە كېتىۋاتقاچ قولىدا دەڭسەپ تۇرۇپ :

— تېخىمۇ ئىنچىكە ۋە كىچىك بولسا قالتىس بولاتتى ، — دېدى .

خەزىنە ئامبىرىدىن چىققاندا ھېلىقى نەرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى گەزچە ، توملۇقى پىيالىنىڭ ئاغزىچە بولۇپ قالدى .

سۇن ۋۇكۇڭ بىللۇر ئوردىغا كىرىپلا گورزىنى پىرقىرىتىپ پەررەك ئېتىپ ، كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى . قېرى سۇ ئىلاھى ۋە ئەجدىھالار قورقىنىدىن ئالاقزادە بولۇپ ، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىشكە تاس قالدى . بېلىق ، تاشپاقا ، راكلار باشلىرىنى ئىچىگە تىقىشىپ ، قاچىدىغان جاي تاپالماي قېلىشتى . بۇ چاغدا سۇن ۋۇكۇڭ ئەڭگۈشتەرنى قولىدا چىڭ تۇتقان ھالدا ، بىللۇر ئوردىسىنىڭ ئالىي قەسرىگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە سۇ ئىلاھىغا قاراپ كۈلۈپ :

— قەدىرلىك قوشنام ، ئىلتىپاتلىرىغا كۆپ رەھمەت ! — دېدى .

— ئەرزىمەيدۇ ، ئەرزىمەيدۇ ! — دېدى سۇ ئىلاھى دەرھال .

سۇن ۋۇكۇڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ :

— بۇ تۆمۈر قولغا خېلى ئەپلىك بولسىمۇ ، لېكىن بىرنېمىسى كەمدەك قىلىدۇ ، — دېدى .

— نېمىسى كەم ئىكەن تەقسىر ؟ — سورىدى سۇ ئىلاھى .

— بۇرۇن بۇ تۆمۈر يوق چاغدا ھەرھالدا چانمايتتىم . ئەمدى بۇنى كۆتۈرۈۋالغاندىن كېيىن ماس كەلگۈدەك كىيىمىم بولمىسا بولمايدۇ - دە ، شۇڭا ئۆزلىرىدە كۆرمە - تون بولسا بىرەر قۇرىنى ئىنئام قىلىۋەتسىلە ، بىراقلا رەھمەت ئېيتقان بولاتتىم .

— مەندە بۇنداق نەرسە زادىلا يوق ئىكەن ، تەقسىر .

— ياخشى ساھىبخانا مېھمانىنىڭ قورسىقىنى ئاچ قويمايدۇ ، ئەگەر يوق بولسا ، بۇ يەردىن مەنمۇ ھەرگىز چىقمايمەن .
— تەقسىر ، ئېغىر كۆرمىسىلە باشقا دېڭىزغا بېرىپ باقسىلا ، چىقىپمۇ قالار ئىدى .
— «ئۈچ ئۆينى ئايلانغۇچە ، بىر ئۆيدە ئولتۇر» دەپتىكەن . سىلىدىن يەنە ئۆتۈنۈپ قالاي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئىلتىماس تەلەپپۇزىدا .
— كەمىنىلىرىدە ھەقىقەتەن يوق ، بار بولسا ئۆزلىرىدىن ئايايتىممۇ؟ — دېدى سۇ ئىلاھى .
— ئەگەر راستتىنلا يوق بولسا ، بۇ تۆمۈرنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرسىلە ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
سۇ ئىلاھى ئالاقزادە بولۇپ :
— تەقسىر ، ئۇنداق قىلمىسىلا ، ئۇنداق قىلمىسىلا ! مەن ئىنىلىرىمدىن سۈرۈشتە قىلىپ باقاي ، بار بولسا چوقۇم سىلىگە سوۋغات قىلاي ، — دېدى .
— ئىنىلىرى قەيەردە تۇرىدۇ؟
— ئىنىلىرىم جەنۇبىي دېڭىزدىكى سۇ ئىلاھى ئاۋچىن ، شىمالىي دېڭىزدىكى سۇ ئىلاھى ئاۋشۇن ، غەربىي دېڭىزدىكى سۇ ئىلاھى ئاۋرۇنلەر بولىدۇ .
— مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن . «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى» دېگەن گەپ بار . ئۆزلىرى قاراپ كۆڭۈللىرى خالىغان بىرنى بەرسىلە بولىۋېرىدۇ .
— سىلىنىڭ بېرىشلىرى ھاجەتسىز تەقسىر ، مەندە بىر دانە تۆمۈر بارابان بىلەن ئالتۇن قوڭغۇراق بار . جىددىي ئىش بولغاندا ئۇلارنى چالساملا ، ئىنىلىرىم دەرھال يېتىپ كېلىدۇ .
— ئۇنداق بولسا باراباننى بىلەن قوڭغۇراقنى تېزرەك چالسىلا !
بىرئازدىن كېيىن باراباننىڭ ۋە قوڭغۇراق ساداسى ياڭرىدى . دېگەندەك ، ئۈچ دېڭىزدىكى سۇ ئىلاھلىرى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ يېتىپ كېلىپ ، ئاكىسى بىلەن سىرتتا ئۇچراشتى .

— ئاكا ، باراban بىلەن قوڭغۇراقنى چالغۇدەك قانداق جىددىي ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى ئاۋچىن .
— نېمە دېسەم بولار ، ئىنىلىرىم ، — دېدى سۇ ئىلاھى سۆز باشلاپ ، — گۈلشەن تېغىدىن بولغان ئاتالمىش بىر تۈغما ئەۋلىيا بار ئىكەن ، ئەتىگەن ئۇ ، قوشنا ئىكەنمىز ، تونۇشۇپ قالايلى ، دەپ كەپتۇ . كېيىن بىر قورال سورىدى . چاڭگاكنى بەرسەم كىچىك ئىكەن ، دېدى . يالمانىنى بەرسەم يېنىك ئىكەن ، دېدى ، ئاخىر ئۆزى سامانيولى تېگىدىكى سىرلىق تۆمۈرنى ئاچىقىپ ، پەررەك ئېتىپ كەتتى . ھازىر ئۇ يەنە كۆرمە ـ تون بېرىسەن دەپ ئوردىدا ئولتۇرۇۋالدى . مەندە بولمىغاچقا ، سىلەرنى چاقىرتقانىدىم . سىلەردە بولسا ئەكېلىپ بەرسەڭلار ، ئۇنى ئاستا يولغا سېلىپ قويساق بولاتتى .
بۇنى ئاڭلاپ ئاۋچىن غەزەپلەنگەن ھالدا :
— بىز لەشكەر تارتىپ كېلىپ ئۇنى جازالايلى ! — دېدى .
— ياق ، بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ ، — دېدى قېرى سۇ ئىلاھى ئالمان ـ تالمان ، — ئۇنىڭ قولىدىكى تۆمۈر تېگىپ كەتسىلا ، جاننى ئالىدۇ ، سىيپاپ ئۆتسىمۇ ناكار قىلىپ قويىدۇ .
بۇ چاغدا غەربىي دېڭىز سۇ ئىلاھى ئاۋرۇن مۇنداق دېدى :
— ئاۋچىن ئاكا ، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئېتىشمايلى . بىر يۈرۈش كۆرمە ـ تون تەييارلاپ ئۇنى يولغا سېلىۋېتىپ ، ئەرشكە خەۋەر قىلىپ قويايلى .
— توغرا گەپ بولدى ، — دېدى شىمالىي دېڭىز سۇ ئىلاھى ئاۋشۇنمۇ گەپكە ئارىلىشىپ ، — مەندە جىگەر رەڭلىك مەشۇتتىن توقۇلغان بىر جۈپ كەش بار .
— مەن بۆكتەرلىك ئالتۇن ساۋۇتتىن بىرنى ئالغاچ كەلگەنىدىم ، — دېدى غەربىي دېڭىز سۇ ئىلاھى ئاۋرۇن .
— مەندە سۇمۇرغ پەرى قىستۇرۇلغان بىر ئالتۇن تاج بار ، — دېدى جەنۇبىي دېڭىز سۇ ئىلاھى ئاۋچىنمۇ .
قېرى سۇ ئىلاھى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ، ئۇلارنى بىللۇر

ئوردىسىغا باشلاپ كىردى ۋە سوُن ۋۇكۇك بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ نەرسىلەرنى بەردى . سوُن ۋۇكۇڭ ئالتۇن تاج ، ئالتۇن ساۋۇت ۋە كەشنى كىيىپ ، راۋۇرۇس ياسانغاندىن كېيىن ، دىلىپسەن گۈرزىنى ئوينىتىپ ، ئوردىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاچ سۇ ئىلاھلىرىغا قاراپ :

— مالال قىلىپ قويدۇم ، مالال قىلىپ قويدۇم ، — دېدى .

تۆت دېڭىز سۇ ئىلاھى بۇنىڭدىن خاتىرجەمسىزلىنىپ ، ئەرشكە قانداق خەۋەر بېرىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشتى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن .

سۇن ۋۇكۇڭغا كەلسەك ، ئۇ دېڭىز ئاستى ئارقىلىق قايتىپ كېلىپ كۆۋرۈك ئۈستىگە چىقتى . قارىسا ، تۆت قېرى مايمۇن بارلىق مايمۇنلارنى ئەگەشتۈرۈپ ، كۆۋرۈك يېنىدا كۈتۈپ تۇرغۇدەك . سۇن ۋۇكۇڭ سۇ ئىچىدىن يېنىپ چىققاندا ئۈستىبېشى هۆل بولۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن ، ئالتۇن نۇرلار ۋاللىداپ چاقناپ كەتتى . ئۇ مەغرۇر قىياپەتتە مۇبارەك تەختىگە كېلىپ شاھانە ئورۇن ئالغاندىن كېيىن ، تۆمۈر كالتەكنى ئوتتۇرىغا تىكلەپ قويدى . مايمۇنلار شۇئان گۈررىدە ئولىشىپ كېلىپ ، بۇ ئەڭگۈشتەرنى كۆتۈرمەكچى بولۇشتى . لېكىن ، چۈمۈلىنىڭ دەرەخ لىڭشىتقىنىغا ئوخشاش ئۇنى قىمىرلىتىشقىمۇ ماجالى يەتمىدى .

— بوۋا ، شۇنچە ئېغىر نەرسىنى قانداق كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەلگەنلا ؟ — دېيىشتى ئۇلار ھەيرانۇھەس بولۇپ ، قوللىرىنى چىشلەشكەن ھالدا .

سۇن ۋۇكۇڭ كېلىپ ئۇنى غاچچىدە كۆتۈرۈۋېلىپ ، كۆپچىلىككە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دېدى :

— ھەرقانداق مالنىڭ ئىگىسى بولىدۇ . بۇ ئەڭگۈشتەر دېڭىز تېگىدە قانچە مىڭ يىل تۇرغانىكىنتاڭ . دەل بۈگۈن يالىداپ نۇر چېچىشقا باشلاپتۇ . سۇ ئىلاھى ئۇنى قارا تۆمۈر ياكى سامانيولى تېگىدىكى سىرلىق نەرسە دەپلا قارىغانىكەن . ئۇ مەخلۇقلارنىڭ

ھېچقايسىسى كۆتۈرەلمىگەچكە ئۆزۈمنى ئېلىۋېلىشقا قويدى. ئۇ چاغدا بۇ ئەڭگۈشتەرنىڭ ئۈزۈنلۈقى ئىككى گەزدىن ئارتۇق، توملۇقى بىر قۇچاق كېلەتتى. ئۇنى تارتىپ ئەكېلىپ سەل چوڭ ئىسكەن دېۋىدىملا بىرمۇنچە كىچىكلىدى. يەنە دېسەم يەنە كىچىكلىدى. يەنە دېسەم يەنە كىچىكلىدى. يورۇقلۇققا ئاچىقىپ قارىسام، ئۇنىڭغا «ئالتۇن توقىلىق دىلپىسەن گورزە، ئون ئۈچ مىڭ بەش يۈز جىڭ» دېگەن بىر قۇر خەت يېزىقلىق تۇرىدۇ. يىراق تۇرۇڭلار، مەن ئۇنى يەنە بىر ئۆزگەرتىپ باقاي.

ئۇ ھېلىقى ئەڭگۈشتەرنى ئالقىنىغا قويۇپ تۇرۇپ، «كىچىكلە، كىچىكلە!» دېۋىدى، ئۇ كىچىكلەپ كەشتە يىڭنىسىچىلىك بولۇپ قالدى. سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنى ئېلىپ قۇلىقىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدى.

بۇ چاغدا مايمۇنلار ھەممىسى ۋارقىرىشىپ كەتتى.

— پادىشاھ ئالىيلىرى، ئۇنى چىقىرىپ يەنە ئوينىتىپ باقسىلىچۇ!

سۈن ۋۇكۇڭ يىڭنىنى قۇلىقىدىن چىقىرىپ، ئالقىنىغا قويۇپ تۇرۇپ:

— يوغىنا، يوغىنا، يوغىنا! — دەپ ئۈچ قېتىم مۇراجىئەت قىلدى. يىڭنە شۇ ھامان يوغىناپ توملۇقى بىر قۇچاق، ئۇزۇنلۇقى ئىككى گەزچە بولدى.

بۇنىڭدىن ئاجايىپ بىر خۇشاللىققا چۆمگەن سۈن ۋۇكۇڭ كالتەكنى كۆتۈرۈپ غار سىرتىغا چىقتى، ئاندىن ئۇنى ئىككى قولى بىلەن تىرەپ تۇرۇپ، «ئۆزار!» دەپ توۋلىدى. شۇئان ئۇنىڭ ئۆزىمۇ نەچچە مىڭ گەز ئېگىزلەپ، بېشى تەيشەن چوققىسىدەك، بېلى تاغلاردەك، كۆزى چاقماقتەك، ئاغزى تەڭنىدەك، چىشلىرى شەمشەر، يالماندەك بولۇپ قالدى. قولىدىكى كالتەكنىڭ بىر بېشى ئوتتۇز ئۈچ قەۋەت ئاسمانغا چىقىپ، بىر بېشى ئون سەككىز قەۋەت جەھەننەمگە كىرىپ كەتتى. بۇنىڭدىن قورقۇپ ئالاقزادە بولغان يولۋاسۇ يىلپىز، بۆرە - قۇرتلار، تاغ - تاغلاردىكى جىن -

شاياتۇنلار ، يەتمىش ئىككى غاردىكى ئالۋاستى پادىشاھلىرى يەرگە باش ئۇرۇشۇپ ، غال ـ غال تىترىشىپ كەتتى . بۇ چاغدا سۇن ۋۇكۇڭ سېھىرنى توختىتىپ ، ئەڭگۈشتەرنى كىچىكلىتىپ كەشتە يىڭنىسىچىلىك قىلدى ـ دە ، قۇلىقىغا سېلىپ قويۇپ غار ئوردىسىغا قايتتى . ساراسىمىگە چۈشكەن ھەرقايسى غارلاردىكى ئالۋاستى شاھلىرى ئارقىمۇئارقا كېلىپ ئۇنى تەبرىكلەشتى .

بۇ چاغدا تۇغ ـ ئەلەملەر تىكلىنىپ ، نەغمە ـ ناۋالار ياڭراشقا باشلىدى . ئېسىل تائاملار كەلتۇرۇلۇپ ، قەدەھلەرگە خۇش پۇراق مەيلەر تولدۇرۇلدى . سۇن ۋۇكۇڭ تۆت قېرى مايمۇننى سىپاھلىققا تەيىنلەپ ، ئىككى نەپەر قىزىل كۆتەنلىك ئاق مايمۇننى سۇلۇك سىپىھدارلار دەپ ئاتىدى . ئىككى نەپەر دۆككەك ھۆدۈنە مايمۇننى پۇلۇك سەركەردىلەر دەپ ئاتىدى ھەمدە قورغاننى مۇستەھكەملەپ بارگاھ قۇرۇش ، جازا ، تەقدىر قاتارلىق ئىشلارنى بۇ تۆت سىپاھقا تاپشۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خاتىرجەم ھالدا بۇلۇت ـ تۇمانلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ ، جاھاننى سەيلە ـ ساياھەت قىلدى .

بىر كۈنى ئۇ غاردا ئۇخلاۋاتاتتى . تۆت سىپاھ ئۇنى چىقارماستىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا قوغداپ تۇرۇشاتتى ، ئۇ چۈشىدە پەرمان كۆتۈرۈپ كىرگەن ئىككى كىشىنى كۆردى . يارلىققا «سۇن ۋۇكۇڭ» دېگەن خەت يېزىلغانىدى . ئۇلار يېقىن كېلىپ گەپ ـ سۆز قىلماستىن سۇن ۋۇكۇڭنىڭ روھىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ ، سۆرىگەن پېتى بىر قەلئەنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى . سۇن ۋۇكۇڭ مەستلىكتىن يېشىلگەندەك بولۇپ ، ئۈشتۇمتۇت بېشىنى كۆتۈرۈپ قەلئە بېشىدىكى تۆمۈر تاختايغا يېزىلغان «جەھەننەم» دېگەن خەتنى كۆردى ۋە شۇئان ئەس ـ ھوشىغا كېلىپ :

— جەھەننەم دېگەن ياماراجانىڭ[1] جايى ئەمەسمۇ ؟ مېنى نېمىشقا بۇ يەرگە ئەكەلدىڭلار ، — دېدى .

— بۈگۈن سېنىڭ بۇ دۇنيالىق ئۆمرۈڭ ئاخىرلاشتى ، بىز پەرمانغا بىنائەن سېنى تۇتۇپ كەلدۇق ، — دېدى ھېلىقى ئىككى

---

[1] ياماراجا — بۇددا دىنىدا دوزاخ مالائىكىسى .

كىشى .

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ :

— مەن ئۈچ دۇنيادىن مۇستەسنا ياشايدىغان تۇرسام ھەم ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىسام ، نېمىشقا تۇتۇپ كېلىسىلەر ؟ — دېدى .

بۇ ئىككى ئەزرائىل ئۇنى بوغۇپ سۆرەپ دېگەندەك ، مەجبۇرىي ئەكىرمەكچى بولدى ، سۇن ۋۇكۇڭ دەرغەزەپكە كېلىپ قۇلىقىدىن ھېلىقى ئەتىۋارلىق ئەڭگۈشتىرىنى چىقاردى ـ دە ، بىر ـ ئىككى سىلكىپ پىيالىنىڭ ئاغزىدەك تومۇلۇقتا قىلىپ ، سەللا كۆچەپ ئىككى ئەزرائىلنى بىرلا سېلىپ يانجىپ تاشلىدى . ئاندىن ئارغامچىنى ئۆزى يېشىپ تاشلاپ ، كالتەكنى كۆتۈرگەن پېتى قەلئە ئىچىگە بېسىپ كىردى . قورقۇپ كەتكەن بەتبەشىرە جىنۇشەيتان ، ئەرۋاھلار تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشىپ ، سامرا قەسرىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ، خەۋەر يەتكۈزدى :

— پادىشاھ ئالىيلىرى ، يامان بولدى ، يامان بولدى ! سىرتتىن چۈپۈر يۈزلۈك بىر گۈلدۈرماما مالائىكى بېسىپ كىردى .

ئون مۇنكىر ئالمان ـ تالمان كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قەسىر ئالدىغا چىقتى ۋە سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قەھر ـ غەزەپلىك چىرايىنى كۆرۈپلا ، ياش قۇرامى بويىچە سەپراس بولۇپ بار ئاۋازى بىلەن :

— تەقسىر ، نام ـ شەرىپلىرىنى بىلىشكە بولارمىكىن ؟ — دەپ ئىلتىجا قىلىشتى .

— سىلەر مېنى تونۇمىساڭلار ، نېمە ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپ تۇتۇپ كېلىسىلەر ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— يوقسۇ ، يوقسۇ ! — دېدى ئون مۇنكىر ، — ئۇلار جەزمەن خاتا تۇتۇپ كەپتۇ .

— مەن گۈلشەن تېغىدىكى سۇ پەردىلىك غارنىڭ تۇغما ئەۋلىياسى سۇن ۋۇكۇڭ بولىمەن . سىلەر قەيەرنىڭ ئەمەلدارلىرى ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بىز جەھەننەم شاھلىرىدىن ئون ئەۋلاد مۇنكىر بولىمىز .
— تاياقتىن قۇتۇلىمەن دېسەڭلار دەرھال نامىڭلارنى مەلۇم قىلىڭلار !
ئون مۇنكىر بىر - بىرلەپ ئۆز ئىسىملىرىنى مەلۇم قىلىشتى :
— بىز مۇنكىر چىڭگۇاڭ ، چۇجاڭ ، سۇڭدى ، ۋۇگۇڭ ، يەنلو ، پىڭدىڭ ، تەيشەن ، دۇشى ، بيەنچېن ، جۇەنلۇنلار بولىمىز .
— سىلەر پادىشاھ تۇرۇپ نېمىشقا ياخشى - يامانني ئايرىمايسىلەر ؟ مەن ئەۋلىيالىقتا تەربىيىلىنىپ ، ئالەم بىلەن تەڭ ئۆمۈر كۆرىدىغان بولۇپ كەلگەنمەن . نېمىشقا ئادەم ئەۋەتىپ مېنى تۇتىسىلەر ؟
— ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا تەقسىر ، جاھاندا ئوخشاش ئىسىملىك ئادەملەر كۆپ ، ئۇلار ئېزىپ قالغان ئوخشايدۇ .
— ئېزىپ قالدى دېگەن قانداق گەپ ، ئۇلار ئازغان بولسا مەن ئېزىپ قالمىدىم . ھايات - ماماتلىق دەپتىرىنى ئاچىقىڭلار ، تىزىملىكنى كۆرۈپ باقاي !
بۇ سۆزدىن كېيىن ئون مۇنكىر ئۇنى قەسىر ئىچىگە باشلىدى . سۇن ۋۇكۇڭ ھېكمەتلىك كالتىكىنى كۆتۈرگەن ھالدا قەسىرگە كىرىپ ، دەل ئوتتۇرىدىن ئورۇن ئېلىپ جەنۇبقا قاراپ ئولتۇردى . ئون مۇنكىر دەپتەردارنى دەپتەرنى ئاچىقىشقا بۇيرۇدى . قازى بىھۆرمەتلىك بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئويلاپ ، دەرھال دەپتەرنى ئاچىقتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى ئۆز قولىغا ئېلىپ ئاختۇرۇپ كۆرۈپ 1350 - نومۇردىن ئۆز ئىسمىنى تاپتى . دەپتەردە «غايىبتىن بولغان تاش مايمۇن ئۈچ يۈز قىرىق ئىككى يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ، ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلدى» دەپ يېزىلغانىدى . سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى كۆرۈپلا :
— قانچە ياشقا كىرگەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ، ئىسمىمنى ئۆچۈرۈپ تاشلىسام بولىدىغۇ ؟ قەلەم ئەكېلىڭلار ! — دېدى .
دەپتەردار ئالمان - تالمان قەلەمنى ئۇزاتتى . سۇن ۋۇكۇڭ دەپتەرنى ئېچىپ قويۇپ ، مايمۇن ئۇرۇقىدىن بولغانلارنىڭ

ھەمـمـىـسـىـنـىڭ ئـىـمـىـنـى سـىـزىـپ تاشلـىدى ـ دە ، دەپتەرنى تاشلاپ بېرىپ :
— مـانـا ، ھېسابات تۈگىدى . بۈگۈندىن باشلاپ سىلەرنىڭ بـاشـقـۇرۇشـۇڭـلارغـا تەۋە بولمايمىز ! — دېگىنىچە كالتىكىنى ئوينىتىپ ، جەھەننەمدىن چىقىپ كەتتى .
ئـون مـۇنـكـىـر ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالماي ، زۇمرەت بـولـۇت ئوردىسىغا كىرىپ كىتىگاربخا بۇدساتۋا بىلەن ئەرشكە ئەرز قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشتى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن .
سۇن ۋۇكۇڭ قەلئەدىن چىققاندىن كېيىن ، ئۇشتۇمتۇت بىر تۇرمەل ئوت ـ چۆپـكـە چـىـرمـىـشـىـپ قالدى ـ دە ، يۇلقىنىپ تېپچەكلىگىنىچە ئويغىنىپ كەتتى . ئۇ چۈش كۆرگەنىدى . سۇن ۋۇكۇڭ سەگەكلىشىپ ، بېلىنى رۇسلاپ تۇرۇشىغا تۆت سىپاھىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى :
— پادىشاھ ئالىيلىرى ، قانچىلىك هاراق ئىچكەن ئىدىلە ؟ بىر كېچە ئۇخلاپمۇ ئويغانمىدىلا !
— ئـۇخـلـىـسـامـغۇ كاشكى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — چۈشۈمدە ئىككى ئادەم كېلىپ مېنى باغلاپ مېڭىشتى . جەھەننەم قـەلـئـەسـىـنـىـڭ دەرۋازىـسـىـغـا كەلگەندىلا ھوشۇمغا كېلىپ ، كـارامـىـتـىـمنى ئىشقا سالدىم . ئۇدۇل سامىرا قەسىرىگە بېسىپ كىرىپ ، ئون مۇنكىر بىلەن جېدەللەشتىم ھەمدە ھايات ـ ماماتلىق دەپـتـىـرىـنـى كـۆرۈپ ، بـىـزنـىـڭ ئـىـسـىملىرىمىزنى تامامەن ئۆچۈرۈۋەتتىم . ئەمدى ئۇ ئەبلەخلەر بىزنى باشقۇرالمايدۇ .
بۇنى ئاڭلاپ مايمۇنلار تەزىم قىلىشىپ ، تەشەككۇر ئېيتىشتى .
ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ . بىر كۈنى تەڭرىتائالا يۇرۇن سۇلتان خىسلەتدار قەسرىدىن شاھانە ئورۇن ئېلىپ ، ئەمەلدار ـ قەلەمدار بەگ ـ سـىـپاھـلارنـىـڭ ئـەتـىـگـەنلىك تەزىمىنى قوبۇل قىلىۋاتقاندا ، پارسا چيۇ شۇەنجى كىرىپ ئىلتىجا قىلدى :
— سـەلتەنەتلىك شاھ ئالىيلىرى ، شەرقىي دېڭىزدىكى سۇ ئىلاھى ئاۋگۇاڭ نۇرانە قەسىردە ئىجازەتلىرىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ .

يۇرۇن سۇلتان كىرىشكە ئىجازەت بەردى. ئاۋگۇاڭ خىسلەتدار قەسىرگە كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، يېزىپ كەلگەن نامىنى سۇلتانغا سۇندى. يۇرۇن سۇلتان باشتىن ئوقۇدى. نامە مۇنداق يېزىلغانىدى:

*«كەممىنە تەھتىسارا! شەرقىي يۇرۇۋاۋىدىخا شەرقىي دېڭىزدىكى ئەجدىھاشاھ ئاۋگۇاڭ ئەرشئەلادىكى قۇددۇس ئەزەم، ئەرشنىڭ قۇدرىتى، پەلەكنىڭ ئىززىتى سۇلتان ھەزرەتلىرىگە شۇنى ئەرز قىلىدۇلەركىم، يېقىندا بىدئەت ئەۋلىيا سۇن ۋۇكۇڭ پېقىرنى ئانىي تېپىپ، ئوردىمىزغا بېسىپ كىردى ھەمدە قورال - ياراغ، كۆرمە - تون تەلەپ قىلىپ، ئۇرۇق - جەمەتىمىزنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتتى. جەنۇبىي دېڭىز، غەربىي دېڭىز ۋە شىمالىي دېڭىزدىكى ئەجدىھالار ئالاقىزادە بولۇشۇپ باش ئېگىشتى. پېقىر ئاۋگۇاڭمۇ ئامالسىز تىز چۆكۈپ، ئۇنىڭغا سىرلىق تۆمۈر، قىقنۇس پەرى قادالغان ئالتۇن تاج، شىرمىلىق ساۋۇت ۋە كەشلەرنى سوۋغات قىلدىم. ئۇ جانبازلىق ماھارىتىدە ھەقىقەتەن يۇكسەك كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، يېڭىش زادى مۇمكىن بولمىدى. شۇ ۋەجدىن پېقىر بۈگۈن ئالىيلىرىدىن شەپقەت ياغدۇرۇپ ئەرش لەشكەرلىرىنى ئەۋەتىشنى، بۇ ئەبلەخنى بويسۇندۇرۇپ سۇسەرىمىزنى تىنچلاندۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدىم.»*

يۇرۇن سۇلتان نامىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىجازەت بېرىپ:

— سۇ ئىلاھى دېڭىزغا قايتقاي. مەن سەركەردىلەرنى ئەۋەتىپ ئۇنى قولغا ئالىمەن، — دېدى.

قېرى سۇ ئىلاھى باش ئېگىپ رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

ئارقىدىنلا ئەرش مۇرەببىيسى گې شەنۆبېن كىرىپ:

— سەلتەنەتلىك شاھ ئالىيلىرى، باقىي ئالەمدىكى چىنگۇاڭ

شاھ جەھەننەم مۇئەككىلى كىتىگارىخانىڭ پەرمانىغا بىنائەن نامە ئەكەپتۇ ، — دېدى .

ھۆددەيچى ھۆر قىز نامىنى ئېلىپ سۇلتانغا بەردى . يۇرۇن سۇلتان نامىنى ئوقۇپ چىقتى . نامە مۇنداق يېزىلغانىدى :

*«بۇگۈن گۈلشەن تېغىنىڭ سۇ پەردىلىك غارىدىكى غايىبتىن بولغان سېھىرگەر مايمۇن سۈن ۋۇكۇڭ قاتىللىق قىلىپ ھەددىدىن ئېشىپ ، باشقۇرۇشىمىزغا بويسۇنمىدى . جادۇگەرلىك قىلىپ توققۇز جەھەننەمدىكى شەيتانلارنى ھالاك قىلدى . قەسرىمىز ئىچىدە ئون مۇنكىرگە تەھدىت سېلىپ ، زورلۇق بىلەن ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋەتتى . مايمۇن جەمەتىنى ئىلكىمىزدىن مۇستەسنا قىلىپ ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدىغان قىلىۋالدى . كەمىنىلىرى شۇ ۋەجىدىن ئالىيلىرىدىن ئەرش لەشكەرلىرىنى ئەۋەتىپ ، بۇ جادۇگەرنى يوقىتىشنى ۋە باقىي ئالەمنى تىنچىتىشنى ئىلتىماس قىلىمەن .»*

يۇرۇن سۇلتان نامىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئىجازەت بېرىپ :

— چىنگۇاڭ شاھ جەھەننەمگە قايتقاي ، مەن سەركەردىلەرنى ئەۋەتىپ ئۇنى قولغا ئالىمەن ، — دېدى .

چىنگۇاڭ باش ئېگىپ تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى .

پەلەكنىڭ ئىززىتى يۇرۇن سۇلتان شۇئان ئەلەمدار ـ قەلەمدار بەگ ـ سىپاھىلىرىنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى :

— بۇ جادۇگەر مايمۇن قاچان ئاپىرىدە بولغان ، ئۇ شۇ قەدەر كارامەتلىكمۇ ؟

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭ توپ ئىچىدىن جادۇكۆز بىلەن يەلقۇلاق چىقىپ :

— بۇ مايمۇن ئۈچ يۈز يىل ئىلگىرى ئىلاھىي تاشتىن ئاپىرىدە بولغان ، ئەسلىي ئۇنىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيتتى . بۇ نەچچە يىلدا ئۇ قەيەرگە بېرىپ ئىستىقامەت قىلىپ ئەۋلىيا

بولۇۋالدىكەنتاق ، ھەتتا ئەجدىھالارنىمۇ ئۆلتۈرۈپ ، ئۆلۈم رويخېتىنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغان دەرىجىگە يەتتى ، — دېدى .

— قايسى سەركەردە چۈشۈپ ئۇنى تۇتۇپ كېلىدۇ ؟ — دېدى يۇرۇن سۇلتان قول ئاستىدىكىلەرگە قاراپ .

شۇئان توپ ئارىسىدىن تارىق - چولپان بوۋاي چىقىپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ :

— بۇ مايمۇن ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدىن ئاپىرىدە بولغان . مانا ئەمدى ئۇ ئىستىقامەت قىلىپ ئەۋلىيا بولۇۋاپتۇ . ئۇنىڭ ئەجدىھا ، يولۋاسلارنى بويسۇندۇرغۇدەك قۇدرىتى بار تۇرسا ، بىزلەر تەڭ كېلەلەرمىزمۇ ؟ پېقىر ئالىيلىرىدىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى ، قاراملىقنى رەھىمدىللىككە ئۆزگەرتىپ ، ئۇنى ئۆزىمىزگە ئەل قىلىشنى كۆزلەيلى . ئەرشكە ئاچىقىپ بىرەر كىچىك ئەمەل بېرىپ ، يېنىمىزدا تۇتۇپ تۇرايلى ، باشقۇرۇشىمىزغا كۆنسە ، كېيىنچە ئۆستۈرۈپ قويارمىز ، قارشىلىق قىلىپ قالسا ، مۇشۇ يەردىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتەرمىز . بۇنداقتا بىرىنچىدىن ، ئۆزىمىزگە ئاۋارىچىلىق بولمايدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، بىرەر ئەۋلىيانى ئەل قىلساق خاسىيەتلىك ئىش بولىدۇ ، — دېدى .

بۇ مەسلىھەتتىن يۇرۇن سۇلتان ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ :

— دېگەنلىرىدەك بولسۇن ! — دېدى - دە ، قەلەم يۇلتۇز بەگنى نامە پۈتۈشكە ، تارىق - چولپان بوۋاينى سۇن ۋۇكۇڭنى ئەل قىلىش ئۈچۈن بېرىشقا بۇيرۇدى .

تارىق - چولپان بوۋاي پەرماننى ئىلكىگە ئېلىپ جەنۇبىي ئەرش دەرۋازىسىدىن چىقتى - دە ، قۇتلۇق بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ گۈلشەن تېغىدىكى سۇ پەردىلىك غارنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— مەن ئەرشتىن كەلگەن ئەلچى بولىمەن ، — دېدى ئۇ غار ئالدىدىكى مايمۇنلارغا قاراپ ، — پادىشاھىڭلارنى ئەرشئەلاغا تەكلىپ قىلىپ ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ پەرماننى ئەكەلدىم ، تېز كىرىپ خەۋەر قىلىڭلار !

مايمۇنلار بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىپ غار ئىچىگە يەتكۈزدى :

— پادىشاھى ئالەم ، سىرتتا بىر قېرى نامە ئەكەپتۇ . ئەرشتىن

كەلگەن ئەلچىمەن دەيدۇ ، سىلىنى ئەرشىئەلاغا تەكلىپ قىپتۇدەك ئىمىش .

بۇ خەۋەردىن ئىنتايىن خۇشال بولغان سۇن ۋۇكۇڭ :

— نەچچە كۈندىن بېرى ئۆزۈممۇ ئەرشكە چىقىپ سەيلە قىلىشنى ئويلاپ يۈرەتتىم . ئەلچى كەلگىنىمۇ ياخشى بوپتۇ . ئۇنى تەكلىپ قىلىڭلار ، — دېدى ـ دە ، ئۆزىمۇ تاج ، تونلىرىنى كىيىپ ، غار ئالدىغا چىقتى .

تارىق ـ چولپان بوۋاي غار ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ، ئالدىنى جەنۇبقا قىلىپ تۇرۇپ :

— مەن كۈنپېتىشتىكى تارىق ـ چولپان بولىمەن . يۈرۈن سۇلتاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن سىلىنى ئەرشكە تەكلىپ قىلىپ كەلدىم . مۇبارەك نامىنى قوبۇل قىلغايلا ، — دېدى .

— مۇبارەك قەدەملىرىگە بارىكاللا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ خۇش چىراي ھالدا ۋە مايمۇنلارغا قاراپ ، — بالىلىرىم ، دەرھال زىياپەت ھازىرلاڭلار ! — دەپ بۇيرۇدى .

— ئىلكىمدە تەڭرىنىڭ پەرمانى بار ، مەن ئۇزاق تۇرالمايمەن ، — دېدى تارىق ـ چولپان بوۋاي ، — بىز بىرگە ماڭايلى پادىشاھ ئالىيلىرى ، ئۇ يەرگە چىققاندىن كېيىن بىمالال ئوينىۋالىمىز .

سۇن ۋۇكۇڭ شۇئان تۆت سەركەردىسىنى ئالدىغا چاقىرىپ مۇنۇلارنى جېكىلىدى :

— پەرزەنتلەرگە ئوبدان ھېزى بولۇڭلار ، مەن ئەرشكە چىقىپ يولنى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن ، سىلەرنىمۇ ئاچىقىپ كېتىمەن .

تۆت سەركەردە ۋەدە بېرىشتى . سۇن ۋۇكۇڭ تارىق ـ چولپان بىلەن بىرگە بۇلۇت ئۈستىگە چىقىپ ، ئەرشكە قاراپ ئۆرلەپ كەتتى ، ئۇنىڭغا قانداق ئەمەل بېرىلگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# تۆتىنچى باب

## *سوۇن ۋۇكۇڭنىڭ مىراخورلۇقتىن كۆڭلى رەنجىگەنلىكى*
## *ئەۋلىيا ئەزەملىكتىمۇ مۇراد - مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكى*

تارىق - چولپان بوۋاي بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ غاردىن چىقىپلا بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ ، يولغا راۋان بولدى . سۇن ۋۇكۇڭنىڭ مۇئەللەق بۇلۇت ھۈنىرى ئۆزگىچە بولۇپ ، ئىنتايىن تېز چاپاتتى . ئۇ تارىق - چولپان بوۋاينى كۆپ ئارقىدا قالدۇرۇپ ، جەنۇبىي ئەرش دەرۋازىسىغا ئالدى بىلەن يېتىپ كەلدى . ئۇ بۇلۇتنى يىغىشتۇرۇپ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا پەلەك سەركەردىسى زىلىڭ جاڭ باشچىلىقىدىكى نەيزە ، قىلىچ ، شەمشەر ۋە يالمان كۆتۈرۈشكەن كۆچتۈڭگۇر پەلەك كۇتۋاللىرى دەرۋازىدا ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى . سۇن ۋۇكۇڭ :

— بۇ قېرى ئالدامچى تارىق - چولپاننىڭ مېنى تەكلىپ قىلىپ قويۇپ ، يەنە قوراللىق ئادەم چىقىرىپ ئالدىمنى توسۇۋالغىنى نېمىسى ! — دەپ كايىدى .

شۇ ئەسنادا تارىق - چولپان يېتىپ كەلدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ :

— ھەي قېرى ، نېمىشقا مېنى ئالدايسەن ؟ يۇرۇن سۇلتاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن تەكلىپ قىلدىم دەيسەنۇ ، يەنە نېمىشقا بۇلارنى ئەرش دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىشقا قويۇپ ، مېنى كىرگۈزمەيسەن ؟ — دېدى .

— ئاچچىقلىرىنى يامان قىلمىسىلا پادىشاھ ئالىيلىرى ، — دېدى تارىق - چولپان كۈلۈپ تۇرۇپ ، — سىلى ئەزەلدىن بۇ

جەننەتكە كىلىپ باقمىغان . ناملىرىمۇ چىقمىغان ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۇتۋاللار سىلىنى تونۇمىغاندىكىن ئەلۋەتتە توسۇيدۇ ـ دە ! ھىلى ئىززەتلىك سۇلتان بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇنىڭ يارلىقى بىلەن مەنسەپكە ئىگە بولغاندىن كىيىن خالىغانچە كىرىپ ـ چىقالايدىلا ، ئۇ ۋاقىتتا ھىچكىممۇ سىلىنى توسۇمايدۇ .

— گەپ ئۇنداق بولسا بوپتۇ ، مەن كىرمەيمەن ، — دىدى سۇن ۋۇكۇڭ كەينىگە يىنىپ .

تارىق ـ چولپان دەرھال ئۇنى تۇتۇۋىلىپ :

— يۇرسىلە ، بىز بىرگە كىرىمىز ، — دىدى .

ئەرش دەرۋازىسىغا يىقىن كەلگەندە تارىق ـ چولپان بوۋاي بار ئاۋازى بىلەن :

— ئەرش دەرۋازىسىدىكى سەركەردە ، سىپاھلار ، يولنى ئىچىۋىتىڭلار ! يەر يۈزىدىن كەلگەن بۇ ئەۋلىيانى مەن يۈرۈن سۇلتانىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن چاقىرىپ كەلدىم ، — دەپ ۋارقىرىدى .

پەلەك سەركەردىسى زىيىڭ جاڭ ۋە بارلىق كۇتۋاللار قوراللىرىنى چۈشۈرۈپ ، كەينىگە چىكىندى ، سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن تارىق ـ چولپان بوۋاي دەرۋازىدىن كىرىپ ، ئۇدۇل خىسلەتدار قەسىرنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە ، ئىجازەت كۇتۇپ تۇرماستىنلا سۇلتانىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئىگىلىپ تەزىم قىلدى . سۇن ۋۇكۇڭ تەزىممۇ قىلماستىن ئۇنىڭ يىنىدا تىك تۇرۇپ ، سۆزگە قۇلاق سالدى .

— پىقىر پەرمانلىرىغا بىنائەن سىھىرگەر ئەۋلىيانى چاقىرىپ كەلدىم ، — دىدى تارىق ـ چولپان .

يۈرۈن سۇلتان شايى پەردە ئىچىدە تۇرۇپ :

— سىھىرگەر ئەۋلىيا قايسىڭ ؟ — دەپ سورىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ شۇندىلا سەل ئىگىلىپ :

— لاۋسۇن مەن بولىمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى .

قورقىنىدىن چىرايلىرىدا قان دىدارى قالمىغان ئەتراپىدىكى

ۋەزىر ـ مۆلازىملار :

— بۇ ياۋايى مايمۇن نېمىشقا باش ئېگىپ ئايىغىمىزغا يىقىلماستىن ، بىھۆرمەتلىك قىلىپ قوپال گەپ قىلىدۇ؟ بۇنىڭ راستىنلا ئۆلگۈسى كەپتۇ ! — دېيىشتى .

يۇرۇن سۇلتان مۇنداق دېدى :

— سۇن ۋۇكۇڭ بولسا تۆۋەنكى دۇنيادىن كەلگەن سېھىرگەر ئەۋلىيا ، ئەمدىلا ئىنسان سىياقى كىرگەن ، ئوردىمىزنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىن بىخەۋەر ، شۇڭا ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇغىلى بولمايدۇ .

— شەپقەتلىرىگە مىڭ رەھمەت ! — دېيىشتى ۋەزىر ، مۆلازىملار .

بۇ چاغدا سۇن ۋۇكۇڭ يەرگىچە ئېگىلىپ «سالام !» دەپ ۋارقىرىدى .

يۇرۇن سۇلتان شۇئان بارلىق ئەمەلدار ـ قەلەمدار بەگ ـ سىپاھلىرىنى چاقىرىپ ، سۇن ۋۇكۇڭغا قايسى ئەمەلنى بېرىش توغرىسىدا مەسلىھەت سالدى . ئارىدىن ئەلەم يۇلتۇز مىرزا چىقىپ مۇنداق دېدى :

— ئەرشتىكى ھەرقايسى ئوردا ، قەسىرلەردە ئەمەلدارلار تولۇق ، پەقەت ، خەيلىخانىدا[1] بىر باشقۇرغۇچى كەم .

— بولىدۇ ، ئۇنى مىراخورلۇققا[2] تەيىنلەيلى ، — دېدى يۇرۇن سۇلتان تەستىقلاپ .

ھەممەيلەن سۇلتاننىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئوقۇشتى . سۇن ۋۇكۇڭمۇ خۇشاللىقىدىن يەرگىچە ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى . يۇرۇن سۇلتان مۇشتەرى يۇلتۇز بەگنى سۇن ۋۇكۇڭنى خەيلىخانىغا باشلاپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى .

سۇن ۋۇكۇڭ خۇشال ـ خۇرام ھالدا مۇشتەرى يۇلتۇز بەگكە ئەگىشىپ كېلىپ ، ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالدى . يۇلتۇز بەگ

---

① خەيلىخانا — خانلىق ئاتخانا ، ئات باقىدىغان ئورۇن .
② بۇ يەردىكى مىراخور ( 弼马温 ) خەنزۇ خەلق رىۋايەتلىرىدىكى ( 避马瘟 ) ئاتلارنى ۋابادىن ساقلايدىغان )غا ئاھاڭداش قىلىپ قويۇلغان .

ئوردىسىغا قايتتى، ئۇ خەيلىخانىدىكى خادىملارنى يىغىپ، ئەھۋاللارنى بىر قۇر سۈرۈشتە قىلىپ، مىڭ تۇياق ئەرش ئېتى بارلىقىنى بىلىۋالدى.

سۇن ۋۇكۇڭ ئەتىسى تىزىملىك دەپتىرىنى ئەكىلىپ ئاتلارنىڭ سانىنى سىلىشتۇرۇۋالدى. خەيلىخانىدا يەم ـ خەشەك تەييارلاش، ئاتلارنى يۇيۇپ تاراش، پىچان توغراپ ئاتلارنى سۇغىرىش، ھەلەپ ئېتىش قاتارلىق ئىشلار ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى. ئاتلار ئۇنى كۆرگەندە قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، تىپچەكلەپ كېتەتتى، ساغرىسىدا تۇخۇم تۇختىغۇدەك چىرايلىق سەمرىپ كەتكەنىدى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يېرىم ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى خەيلىخانا خادىملىرى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ ۋە ئۇنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن زىياپەت ئۆتكۈزدى.

ئۇلار خۇشال ـ خۇرام مەي ئىچىۋاتقاندا سۇن ۋۇكۇڭ ئۇشتۇمتۇت قولىدىكى قەدەھنى قويۇپ:

— مېنىڭ بۇ مىراخورلۇقۇم قانداقراق ئەمەل بولىدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئەمەللىرىنىڭ نامى ئۆزى شۇ، — دېدى كۆپچىلىك.

— بۇ ئەمەل قايسى دەرىجىگە تەڭ بولىدۇ دەۋاتىمەن؟

— دەرىجىسى يوق.

— دەرىجىسى بولمىسا بەكلا چوڭ ئوخشىمامدۇ؟

— ياق، چوڭ ئەمەس، بەلكى قاتارغا قوشقىلى بولمايدۇ.

— قاتارغا قوشقىلى بولمايدۇ دېگىنىڭلار نېمىسى؟

— ھېچقانداق دەرىجىسى يوق، يەنى بۇ ئەمەل ئەڭ كىچىك، ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، پەقەت ئاتقىلا قارايدۇ. ئازراقمۇ ھۆرمىتى بولمىغان بۇ ئىشتا ئاتلارنى ئوبدان بېقىپ سەمرىتسەڭ، پەقەت «ياخشى» دەپلا قويىدۇ. ئازراقلا ئورۇقلىتىپ قويساڭ، ئەيىبكار بولغىنىڭ شۇ. ناۋادا زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراتساڭ، جازاغا تارتىلماي قالمايسەن.

بۇنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى ـ دە،

چىشلىرىنى غەزەپ بىلەن غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ :
— بۇ مېنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ئەمەسمۇ! مەن گۈلشەن تېغىدا ئۆزۈم بەگ - ئۆزۈم خان ئىدىم. مېنى ئالداپ ئەكېلىپ ئات باقىدىغان ئىشقا سالامدىكەن؟ ئات بېقىش دېگەن ئۇششاق چۆرىلەر قىلىدىغان قارا ئىشقۇ! ماڭا مۇشۇنداقمۇ مۇئامىلە قىلامدۇ؟ ئىشلىمەيمەن! ئىشلىمەيمەن! مەن قايتىپ كېتىمەن! — دېدى - دە، ئالدىدىكى شىرەنى جاراڭگىدە ئۆرۈۋەتتى. ئاندىن قولىقىدىن ئەڭگۈشتىرىنى چىقىرىپ، بىر - ئىككى سىلكىپلا پىيالىنىڭ ئاغزىدەك توم قىلىپ، يول بويى پەررەك ئاتقانچە خەيلىخانىدىن چىقىپ، جەنۇبىي ئەرش دەرۋازىسىغا كەلدى. پەلەك كۆتۈۋاللىرى ئۇنىڭ يورۇن سۇلتان تەيىنلىگەن مىراخور ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، دەرۋازىدىن قارشىلىقسىزلا چىقىرىۋەتتى.
كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا سۈن ۋۇكۇڭ گۈلشەن تېغىغا قايتىپ كەلدى. تۆت سەركەردە ھەرقايسى غارلاردىن كەلگەن ئالۋاستى پادىشاھلىرى بىلەن لەشكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇۋاتاتتى.
— باللىرىم، مەن قايتىپ كەلدىم! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ بۇلۇت ئۈستىدىن چۈشۈپلا.
بىر توپ مايمۇن يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىشتى، ئاندىن غار ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، ئالىي قەسرىگە ئولتۇرغۇزۇپ كاتتا زىياپەت بېرىپ، ھال - ئەھۋاللاشتى.
— مۇبارەك بولسۇن، پادىشاھ ئالىيلىرى! — دېيىشتى كۆپچىلىك، — ئەرشكە چىقىپ كەتكەنلىرىگە ئون يىلدىن ئاشتى. چوقۇم شانۇ شەۋكەت بىلەن قايتقانلا؟
— ئون يىل دەيسىلەرغۇ، ماڭا يېرىم ئايمۇ بولمىغاندەكلا بىلىندى، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.
مايمۇنلار تەرەپ - تەرەپتىن چۇرقىرىشىپ :
— پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلى ئەرشتە تۇرغاچقا ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى سەزمەپتىلا. ئەرشتىكى بىر كۈن يەردىكى بىر يىلغا تەڭ

بولىدۇ ـ دە ، ئېيتىپ باقسىلچۇ ، سىلىگە ئۇلار قانداق ئەمەل بەردى ؟ — دەپ سوراشتى .

سۇن ۋۇكۇڭ قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— ھەي نېمىمۇ دېسەم بولار . ئادەمنى ئىزاغا قويىدى ـ دە ! يۇرۇن سۇلتان ئادەم ئىشلىتىشنى بىلمەيدىكەن . ئۇ مېنىڭ ئەپتىمنى كۆرۈپلا ، مىراخور دەيدىغان بىر ۋەزىپىگە تەيىنلىدى . ئەسلىي ئۇ ئات باقىدىغان ئىش بولۇپ ، ئەمەل قاتارىغىمۇ كىرمەيدىكەن . دەسلىپىدە ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندا مەن ھېچنېمىنى بىلمەي ، خەيلىخانىدا ئويناپ يۈرۈپتىمەن . تاكى بۈگۈن ئەتىگەندىلا ھەمراھلىرىمدىن سوراپ ، بۇنىڭ بىر قارا خىزمەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم ـ دە ، غەزەپ ئاچچىقىمدا شىرەنى ئۆرۈۋېتىپ ، مەنسەپ ـ پەنسەپ دېگەننىمۇ تاشلاپ قويۇپ قايتىپ چۈشتۈم .

— قايتىپ كەلگەنلىرى كاتتا ئىش بوپتۇ ، — دېيىشتى مايمۇنلار ، — سىلى بۇ سائادەتلىك غارىمىزنىڭ پادىشاھى . ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھۆرمەتكە سازاۋەر تۇرۇپ ئۇ يەرگە چىقىپ مالچى بولسىلا قانداق بولىدۇ ؟ قېنى ، باللار ، زىياپەت ھازىرلاڭلار ، بىردەم ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرايلى .

زىياپەت داۋاملىشىۋاتقاندا ، بىرى كىرىپ :

— پادىشاھ ئالىيلىرى ، غار ئالدىغا يەك مۈڭگۈزلۈك ئىككى جىنناس كەپتۇ ، سىلى بىلەن كۆرۈشكىدەك ، — دەپ خەۋەرنى يەتكۈزدى .

— كىرسۇن ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئىجازەت بېرىپ .

ئىككى جەنناس كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ، غار ئىچىگە يۈگۈرۈشۈپ كىردى ـ دە ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ تەزىم قىلدى .

— مەن بىلەن كۆرۈشىدىغان نېمە ئىشىڭلار بار ئىدى ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

جەنناسلار جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— داڭقىلىرىنى خېلى بۇرۇن ئاڭلىغان بولساقمۇ كۆرۈشۈشكە

پۇرسەت بولمىغانىدى. بۇگۈن جانابلىرى يۇرۇن سۇلتانىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئىگە بولۇپ، شانۇ شەۋكەت بىلەن قايتىپلا، ئۆزلىرىنى زەر رەڭلىك تون بىلەن قۇتلۇقلاش ئۈچۈن كەلگەنىدۇق. كەمىنىلىرىنى نادان كۆرمەي قويۇنلىرىغا ئالغايلا، ئاياغلىرىدا خىزمەت قىلىشقا رازى ئىدۇق.

سۇن ۋۇكۇڭ زەر رەڭلىك توننى كىيدى. ھەممەيلەن خۇشال ــ خۇرام ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تاۋاپ قىلدى. جەنناسلار باش چاپاۋۇل بېگى قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇلار تەزىم قىلىپ، تەشەككۇر ئېيتقاندىن كېيىن:

— پادىشاھ ئالىيلىرى ئەرشتە قانچە زامان تۇردىلا، نېمە ۋەزىپىدە بولدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— يۇرۇن سۇلتان مېنى كۆزگە ئىلماي، مىراخور دېگەن بىر ۋەزىپىنى بەردى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

جەنناسلار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— پادىشاھ ئالىيلىرى شۇنچە كارامەتلىك تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئات باقارى بولسىلا قانداق بولغىنى، سىلىنى «پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم» دەپ ئاتىساق قانداق؟ — دېدى.

سۇن ۋۇكۇڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ زىيادە خۇشال بولدى ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن:

— ياخشى، ياخشى، ناھايىتى ياخشى گەپ، — دېگىنىچە تۆت سەركەردىسىنى بۇيرۇدى، — تېزدىن بىر ئەلەم تەييارلاپ ئۇنىڭغا «پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم» دېگەن خەتنى پۈتۈڭلار ۋە موما ياغاچ تىكلەپ ئېگىز ئېسىپ قويۇڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن مېنى پادىشاھ دېمەي پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم دەڭلار، ھەممە غارلاردىكى ئالۋاستى پادىشاھلىرىغىمۇ ئۇقتۇرۇپ قويۇڭلار!

بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەلقىسسە، ئىككىنچى كۈنى يۇرۇن سۇلتان ئوردا يىغىلىشى ئۆتكۈزگەندە پەلەك مۇرەببىسى جاڭ خەيلىخانىنىڭ باقاۋۇلى ۋە

ياردەمچىسىنى باشلاپ كىرىپ ، ئالىي قەسىر ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، مۇنداق دېدى :

— سەلتەنەتلىك شاھ ئالىيلىرى ، يېڭى ۋەزىپىگە قويۇلغان مىراخور سۇن ۋۇكۇڭ ئەمىلىنى كىچىك كۆرۈپ ، تونۇگۇن پەلەك ئوردىسىدىن چۈشۈپ كەتتى .

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ پەلەك سەركەردىسى زېڭ جاڭ پەلەك كۈتۋاللىرىنى باشلاپ كىرىپ :

— مىراخور پەلەك دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى ، نېمە ۋەجىدىن كەتكەنلىكىنى بىلمىدۇق ، — دېدى .

يۈرۈن سۇلتان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق پەرمان چۈشۈردى .

— ئىككى سەردار ۋەزىپىگە ھازىر بولسۇن ، مەن لەشكەر ئەۋەتىمەن ، ئۇ مەخلۇق دەرھال تۇتۇپ كېلىنسۇن !

شۇئان توپ ئىچىدىن پەلەك شاھى ۋايجىراۋانا[1] لى بىلەن ئۈچىنچى شاھزادە ناجا چىقىپ مۇنداق دېدى :

— سەلتەنەتلىك شاھ ئالىيلىرى ، كەمىنە ناقابىل بولسامۇ ، جادۇگەر مەخلۇقنى تۇتۇپ كېلىشىمگە ئىجازەت بەرگەيلا !

يۈرۈن سۇلتان بۇلاردىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ ، ۋايجىراۋانا لــى جېڭنى باش سىپەھدارلىققا ، ئۈچىنچى شاھزادە ناجانى باش سەنگۇنلۇككە تەيىنلەپ ، دەرھال لەشكەر تارتىپ يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى .

ۋايجىراۋانا لى بىلەن ناجا تەزىم قىلىپ ، تەشەككۈر ئېيتقاندىن كېيىن ، سەردارلارنى باشلاپ ئۈچ يول لەشكەر ھازىر قىلدى ۋە سۇرقامەت مۇئەككەلنى چاپاۋۇللۇققا ، پۈۋەكچى سەركەردىنى كەپتەۋۇللۇققا ، چاڭگاكچى سەركەردىنى سۇركاۋۇللۇققا قويدى ـ دە ، ھەش ـ پەش دېگۈچە جەنۇبىي ئەرش دەرۋازىسىدىن چىقىپ ، گۈلشەن تاغقا يېتىپ كەلدى ۋە بىر تۈزلەڭلىكتە بارگاھ تىكلەپ ، سۇرقامەت مۇئەككىلنى جەڭ ئېلان قىلىشقا بۇيرۇدى . سۇرقامەت

[1] ۋايجىراۋانا — تويىن دىنىدا رىۋايەت قىلىنىدىغان قولىدا مۇنار كۆتۈرۈۋالىدىغان ئەۋلىيا .

مۇئەكـكـەل بـۆيـرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ساۋۇت ـ دۇبـۇلـغىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ، ئايپالتىنى كۆتۈرگەن ھالدا سۇ پـەردىـلـىك غار ئالدىغا كەلدى ، قارىغۇدەك بولسا ، غار ئالدىدا نۇرغۇن جىن ـ شـايـاتـۇن ، بـۆرە ، جـانـدار ، يـولۋاسۇيىلپىزلار ۋاقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ ، قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى جاراقشىتىپ ، قـىيقاس ـ چۇقان سېلىشىپ يۈرگۈدەك . سۇرقامەت مۇئەككىل ئۇلارغا قاراپ :

— ھـەي ، ھـايـۋانـلار ، تېز كىرىپ مىراخورغا ئۇقتۇرۇپ قـويۇش ، مەن يۇرۇن سۇلتانىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئۇنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن پەلەك سەركەردىسى بولىمەن . جىنىگلارنى ئامان قالسۇن دېسە ، تېز چىقىپ تەسلىم بولسۇن !

بۇ جانىۋارلار غار ئىچىگە يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ :

— پالاكەت باستى ، پالاكەت باستى ! — دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى .

— نـېمە پالاكەت باستى ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ تەمكىن ھالدا .

— سىرتتا بىر پەلەك سەركەردىسى ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ ھېلىقى ئەمىلىنى ئاتاپ : «مەن يۇرۇن سۇلتانىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئۇنى قـولـغا ئېلىشقا كەلدىم . جىنىگلارنى ئامان قالسۇن دېسە ، تېز چىقىپ تەسلىم بولسۇن» دەۋاتىدۇ ، — دېدى ھېلىقى جانىۋارلار .

— كۆرمە ـ تونلىرىمنى ئەكېلىپ بېرىڭلار ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ دەرھاللا .

ئـۇ مـايـمـۇنـلار ئاچىققان ئالتۇن تاج ، ئالتۇن ساۋۇت ۋە خىسلەتلىك كەشنى كىيىپ ، راۋۇرۇس ياسانغاندىن كېيىن ، ئالتۇن تـوقـىلىق دىلىپسەن گۈرزىسىنى ئېلىپ ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ جەڭگە ھازىرلاندى . چاپاۋۇل سۇرقامەت سۇن ۋۇكۇڭنىڭ چىققانلىقىنى كۆرۈپ :

— ھەي مايمۇنەك ، مېنى تونۇۋاتامسەن ؟ — دەپ ۋارقىرىدى . سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ دەرھال :

— قەيەردىن كەلگەن چۈپرەندىسەن؟ سېنى كىم كۆرۈپتىكەن؟ نامۇئەمىلىڭنى تېز مەلۇم قىل! — دېدى.

— ھەي كور مايمۇنەك، مېنى تونۇمايۋاتامسەن؟ مەن ئەرشئەلادىكى ۋايجىراۋانا لىنىڭ قول ئاستىدىكى چاپاۋۇل سۇرقامەت سەكەردە بولىمەن! يۈرۈن سۇلتاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن سېنى تۇتۇش ئۈچۈن كەلدىم. دەرھال قوراللىرىڭنى تاشلاپ بىزگە باش ئەگ. بولمىسا ھەممىڭنى قىرىپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىمەن!

— ھەي سولتەك، نېمەڭگە چوڭ سۆزلەيسەن؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭمۇ دەرغەزەپ بىلەن، — ھېلى گۈرزەم بىلەن بىرلا قويۇپ ئۆلتۈرۈپ قويسام، ئۆلۈم خەۋىرىڭنى ئەكېتىدىغان ئادەممۇ قالمايدۇ. جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسا تېز قايتىپ بېرىپ يۈرۈن سۇلتانىغا ئېيتىپ قوي! ئۇ، دانالارنى زادى ئىشلىتىشنى بىلمەيدىكەن. مەندەك بىر كامىل كىشىنى نېمىدەپ ئات بېقىشقا قويىدۇ؟ ئەلىمىمگە يېزىلغان مۇنۇ خەتلەرنى كۆرۈۋال! ئەگەر مۇشۇ بويىچە ئەمىلىمنى ئۆستۈرسە، تىغىم قانغا بويالمايدۇ. جاھانمۇ تىنچ بولىدۇ. مۇبادا دېگىنىمگە كۆنمىسە، خىسلەتدار قەسرىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنى تەختتىن غۇلىتىپ تاشلايمەن.

بۇنى ئاڭلاپ سۇرقامەت سەركەردە كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ھەي ئۆلۈمتۈك مايمۇن، يەنە خۇدۇڭنى بىلمەي چوڭ سۆزلەپ، پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم بولىمەن، دەمسىنا؟ پالتامنىڭ تەمىنى بىر تېتىپ باققىن! — دېگىنىچە سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بېشىغا قارىتىپ غەزەپ بىلەن چاپتى. سۇن ۋۇكۇڭ تەمكىن تۇرۇپ، ئالتۇن توقىلىق گۈرزىسى بىلەن ئۇنىڭغا زەربە قايتۇردى. بىر مەيدان قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن، سۇرقامەت سەركەردە بوشىشىپ قالدى. سۇن ۋۇكۇڭنىڭ گۈرزىسى ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۇدۇللاپ ئېتىلىپ كەلدى. ئۇ ئالمان - تالمان پالتا بىلەن توسۇۋالدى. پالتىنىڭ سېپى قاراسىدە سۇنۇپ، ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. ئۇ شۇ ھامان قۇيرۇقىنى خادا قىلدى.

— ھەي ناقىپى ، چۈشەنگەن بولساڭ دەرھال بېرىپ خەۋەر يەتكۈز ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۈلۈپ .

سۇرقامەت سەركەردە بارگاھقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ۋايجىراۋانا لىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— مىراخور ھەقىقەتەن كارامەتلىك نەرسە ئىكەن . مەن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي يېڭىلىپ قايتىپ كەلدىم . گۇناھىمنى كەچۈرگەيلا !

بۇنى ئاڭلاپ ۋايجىراۋانانىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى :

— ھۇي يارىماس سولتەك ، يوقال كۆزۈمدىن !

بۇ چاغدا بىر ياندا تۇرغان شاھزادە ناجا تەزىم بىلەن ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دېدى :

— شاھ ئاتا ، ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا ، سۇرقامەتنىڭ گۇناھىنىمۇ كەچۈرۈۋەتسىلە ، مەن بېرىپ بىر ئېلىشىپ باقاي ، ئۇنىڭ قانچىلىك كارامىتى بار ئىكەن قېنى !

پەلەك شاھى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەركەردە سۇرقامەتنى بارگاھقا قايتىپ ، گۇناھ بىلەن ئىش باشقۇرۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى .

شاھزادە ناجا ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ، بارگاھتىن ئېتىلىپ چىقتى - دە ، سۇ پەردىلىك غارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى . لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈۋاتقان سۈن ۋۇكۇڭ ناجانىڭ سۈر - ھەيۋە بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ :

— ئۆزلىرى كىمنىڭ بەگچىكى بولىلا ؟ دېۋەيلەپ كەلگەنلىرىگە قارىغاندا بىر ئىشلىرى بارمۇ ، نېمە ؟ — دېدى .

— ھەي سولتەك مايمۇن ، — دېدى ناجا ۋارقىراپ ، — مېنى تونۇمايۋاتامسەن ؟ مەن مۇنارچى ۋايجىراۋانانىڭ ئۈچىنچى شاھزادىسى ناجا بولىمەن ، يۇرۇن سۇلتانىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن سېنى تۇتقىلى كەلدىم .

سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ كېتىپ :

— ھەي بالىخان ، ئاغزىڭدىن ئاناڭنىڭ سۈتى پۇراپ تۇرغىنىغا قارىماي ئەجەب چوڭ سۆزلەيسىنا؟ رەھىم قىلىپ سېنى ئاياپ قويااي . سەن ئەلىمىدىكى ماۋۇ خەتلەرنى كۆرۈۋېلىپ ، يۇرۇن سۇلتانغا بېرىپ ئېيتقىن . ئەگەر مۇشۇ ئەمەلنى بەرسە ، قايتا جېدەل قىلماي سىلەر تەرەپكە ئۆتىمەن . مېنىڭ رايىمغا باقماي قالسا ، خىسلەتدار قەسرىگە بېسىپ كىرىمەن ! — دېدى .

ناجا بېشىنى كۆتۈرۈپ «پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم» دېگەن خەتنى كۆردى ـ دە :

— ھەي مايمۇنەك ، سېنىڭ بۇ نامغا ئېرىشكۇدەك قانچىلىك كارامىتىڭ بار ئىدى؟ بېرى كەل ، شەمشىرىمنى تېتىپ كۆرگىن !— دېدى .

— مەن قىمىرلىماي تۇرۇپ بېرەي ، شەمشىرىڭنى خالىغانچە تىقىۋال ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ناجا غەزەپ بىلەن نەرە تارتىپ «ئۆزگەر !» دېدى ـ دە ، ئۈچ باشلىق ، ئالتە قوللۇق بولۇپ ، شەمشەر ، قىلىچ ، ئارقان ، توقماق ، گۇرزە ۋە ئوت كالتەكلەرنى كۆتۈرگەن ھالدا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلدى . سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى كۆرۈپ سەل چۆچۈپ قالدى . ئۇ كۆڭلىدە : «بۇ شۇمتەك تېخى ئانچە ـ مۇنچە سېھىرگەرلىك قىلىپ قويىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ ھوي ئۆكتەم ، مېنىڭ كارامىتىمنى كۆرۈپ باقسۇن !» دېدى ـ دە ، «ئۆزگەر !» دەپ بىرلا ۋارقىراپ ، ئۈچ باشلىق ، ئالتە قوللۇق بولدى . ئالتۇن توقىلىق گۇرزىسىنىمۇ بىرلا سىلكىپ ئۈچ قىلدى . ئالتە قولىغا ئۈچ كالتەكنى ئالدى . ئەييۇھەنناس ، بۇ ، تاغۇ دەريالارنى زىلزىلىگە سالغان شۇنداق قاتتىق ئېلىشىش بولدىكى ، ئوتتۇز مەرتەم ئېلىشىپمۇ ئۇلار بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئەسلىدىنلا سەزگۈر ۋە چاققان بولغاچقا ، مالىمانچىلىق ئىچىدە بىر تال موينى يۇلۇۋېلىپ «ئۆزگەر» دەپ توۋلىدى . موي دەل ئۇنىڭ سىياقىدىكى سۇن ۋۇكۇڭغا ئايلىنىپ ، گۇرزىنى ئويناتقان ھالدا ناجانىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىشقا باشلىدى . ھەقىقىي

سۈن ۋۈكۈك ناجانىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ، گۈرزە بىلەن ئۈنىڭ سول بىلىكىگە قارىتىپ سالدى . ناجا گۈرزىنىڭ ۋىشىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، ئۆزىنى چاققانلىق بىلەن قاچۇردى . بىراق ، گۈرزە ئۈنىڭ سول قولىنى سىيپاپ ئۆتۈپ كەتتى . ناجا ئاغرىققا چىدىماي بەدەر قاچتى .

بۈلارنى كۆرۈپ تۇرغان ۋايجىراۋانا ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا ، تۇساتتىن شاھزادە ئۈنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ ، غال - غال تىترىگەن ھالدا :

— شاھ ئاتا ، مىراخور ھەقىقەتەن كارامەتلىك نىمە ئىكەن . شۈنچە سىھىر ئىشلىتىپ كۆرسەممۇ ئۈنىڭغا تەڭ كېلەلمىدىم ، بىلىكىممۇ زەخىملەندى ، — دېدى .

بۈنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن چىرايىدا قان قالمىغان ۋايجىراۋانا :

— ئۇ خۇمپەر شۈنداق كارامەتلىكمىكەن ؟ سېنى قانداق يېڭەلىدى ؟ — دېدى .

— ئۈنىڭ غارى ئالدىدا تىكلەكلىك بىر ئەلەم بار ئىكەن ، — دېدى ناجا ، — ئۈنىڭغا «پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم» دېگەن خەت يېزىلىپتۇ . ئۇ : «ئەگەر يۈرۈن سۈلتان ماڭا ئەۋلىيا ئەزەملىك مەرتىۋىسىنى بەرسە ، ئىش مۇشۇ يەردىلا تۈگەيدۇ . ئۈنداق قىلىشقا ماقۇل بولمىسا خىسلەتدار قەسرىنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن» دەيدۇ .

— ئۈنداق بولسا ھازىر ئۈنىڭ بىلەن ئېتىشمايلى . ئەرشكە چىقىپ سۈلتانغا مەلۇم قىلايلى . يەنىمۇ كۆپرەك لەشكەر باشلاپ كېلىپ ، قورشاپ تۇتساقمۇ كېچىكمەيمىز ، — دېدى ۋايجىراۋانا .

شاھزادە ئاغرىق تۈپەيلى قايتا جەڭگە قاتنىشالمايدىغان بولغاچقا ، ئەرشكە خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ۋايجىراۋانا بىلەن بىرگە يۈرۈپ كەتتى .

ۋايجىراۋانا بىلەن ئۈچىنچى شاھزادە ناجا سەركەردىلىرىنى باشلاپ ، خىسلەتدار قەسرىگە كەلدى - دە ، يۈرۈن سۈلتاننىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— كەمىنلىرى مۇبارەك پەرمانلىرىغا بىنائەن لەشكەرلەرنى باشلاپ سېھىرگەر ئەۋلىيا سوْن ۋوْكوْڭنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن زېمىنغا چۈشكەنىدىم. ئەپسۇسكى، ئۇ ناھايىتى كارامەتلىك بولغاچقا، يېڭىش مۇمكىن بولمىدى. ئۇنى قورشاپ يوقىتىش ئۈچۈن قۇدرەتلىك شاھىمىزنىڭ لەشكەر كۆپەيتىپ بېرىشىنى سورايمىز، — دېدى.

— يەنە لەشكەر كۆپەيتكۈدەك بىر مايمۇنەكنىڭ قانچىلىك كارامىتى بار ئىدى؟ — دېدى يۇرۇن سۇلتان ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلاپ.

ئۈچىنچى شاھزادە بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەپ مۇنداق دېدى:

— سەلتەنەتلىك شاھىم، پېقىر ئالدىلىرىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھكار بولدۇم. ئۇ جادۇگەر مايمۇن بىر تال تۆمۈر كالتەكى بىلەنلا سۇرقامەت سەركەردىنى يەڭدى. ئاندىن مېنىڭ بىلىكىمنى زەخىملەندۇردى. ئۇ، غار ئالدىدىكى موما ياغاچقا «پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم» دېگەن سۆز يېزىلغان ئەلەمنى ئېسىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭغا شۇ مەرتىۋە بېرىلسە، كېلىپ بىزگە ئەل بولغۇدەك، بولمىسا مۇبارەك قەسرىگە باستۇرۇپ كىرىمەن، دەيدۇ.

بۇ سۆزدىن ھەيران بولغان يۇرۇن سۇلتان:

— بۇ مايمۇنەك شۇ قەدەر ئەدەپ كېتىپتۇما؟ ھەممە سەركەردىلەرنى باشلاپ چۈشۈپ، ئۇنى دەرھال كۆزدىن يوق قىلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگىمەيلا توپ ئىچىدىن تارىق ـ چولپان بوۋاي چىقىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇ مايمۇنەك گەپنى قىلغان بىلەن مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇنىڭغا لەشكىري كۈچ بىلەن ھازىرچە تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. ئەجرىمىزمۇ بىكار كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، شەپقەتلىرىنى كەڭ قىلىپ، يەنە يارلىق چۈشۈرسىلە، ئۇنىڭغا يالغان ـ راستلاردىن پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم دېگەن مەرتىۋىنى بېرەيلى. قۇرۇق ئۈستەڭگە مىراب بولۇپ يۈرىۋەرسۇن.

— قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب قىلىش دېگەنلىرى نېمىسى؟ — دېدى يۇرۇن سۇلتان.

— بۇ شۇنداق گەپكى، — دېدى تارىق - چولپان چۈشەندۈرۈپ، — نامدا ئەۋلىيا ئەزەم دەپ ئاتايمىز. ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئىشنى تۇتقۇزمايمىز، مائاشمۇ بەرمەيمىز. ئەرشتە تەربىيلەپ تەلۋە نىيىتىدىن ياندۇرىمىز. شۇنداق قىلىپ ئەرش - پەرش ۋە تەھتىسارلاغا مەڭگۇ ئەمىنلىك يارىتىمىز.

— دېگەنلىرىدەك بولسۇن! — دېدى يۇرۇن سۇلتان ۋە يارلىقنى ئېلىپ بىرىشقا تارىق - چولپاننى بۇيرۇدى.

تارىق - چولپان بوۋاي جەنۇبىي ئەرش دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ئۇدۇل گۈلشەن تېغىنىڭ سۇ پەردىلىك غارى ئالدىغا كەلدى. بۈگۈن ئەھۋال باشقىچە ئىدى، تەلەتىدىن دەھشەت يېغىپ تۇرغان ھەر خىل جىن - ئالۋاستىلار قولدىلىرىدىكى نەيزە - قىلىچلىرىنى ئۇيان - بۇيان سانجىپ - چېپىپ، دەھشەت بىلەن نەرە تارتىپ سەكرىشىپ يۈرۈشەتتى.

ئۇلار تارىق - چولپان بوۋاينى كۆردى - دە، بىراقلا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئۇرۇشقا تەمشەلدى.

— قايسىڭلار سەردارلىرى بولىسىلەر؟ — دېدى بوۋاي ئانچە پىسەنت قىلماستىن تۇرۇپ، — كىرىپ ئەۋلىيا ئەزەمگە ئېيتىڭلار. مەن تەڭرىتائالانىڭ ئەلچىسى بولىمەن، ئۇلۇغ ئىگىمىز ئۇنى ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلدى.

بىر توپ مەخلۇق يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ سۇن ۋۇكۇڭغا خەۋەر يەتكۈزدى:

— سىرتتا بىر قېرى ئەرشتىن كەلگەن ئەلچىمەن دەيدۇ، سىلىنى يەنە ئەرشكە تەكلىپ قىپتۇدەك.

— كەلگىنى ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — بەلكىم ئۇ ئالدىنقى قېتىم كەلگەن تارىق - چولپان بوۋاي بولسا كېرەك. ئۆتكەندە ئەرشكە تەكلىپ قىلىنغىنىمدا مەنسىپىم كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ، ئەرشنى بىرقۇر سەيلە

قىلىپ ، چوڭ ـ كىچىك يوللىرىنى بىلىۋالغانىدىم . بۈگۈن ئۇ چوقۇم ياخشى نىيەت بىلەن كەلدى .

ئۇ سەردارلىرىنى داغدۇغا بىلەن چىقىپ سەپراس بولۇشقا بۇيرۇدى ـ دە ، ئۆزى مايمۇنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ غاردىن چىقتى ۋە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :

— ئالدىلىرىغا بالدۇر چىقالماي قالدىم ، قېنى مەرھەمەت قىلسىلا پىر چولپان ! — دېدى .

تارىق ـ چولپان بوۋاي غار ئىچىگە سالماق قەدەم تاشلاپ كىرىپ ، جەنۇبقا يۈزلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— بۈگۈن ئەۋلىيا ئەزەمگە شۇنى ئېيتماقچىمەنكى ، ئۆتكەن قېتىم مەنسەپلىرىنى كىچىك كۆرۈپ ، خەيلىخانىدىن قېچىپ چۈشۈپلا ، بۇنى خەيلىخانىدىكى چاپارمەنلەر يۇرۇن سۇلتانغا كىرىپ ئېيتىپتۇ . يۇرۇن سۇلتان : «مەنسەپكە قويۇلغان ھەرقانداق كىشى ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى ئۆرلەيدۇ ، سۇن ۋۇكۇڭ نېمىشقا ئاغرىنىدىكەن ؟» دېدى . شۇنىڭ بىلەن ۋايجىراۋانا ۋە ناجالار لەشكەر تارتىپ چۈشتى . سىلىنىڭ كارامەتلىرىنى بىلمەي ئېلىشىپ قويۇپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ ، سىلىنىڭ ئەۋلىيا ئەزەم بولماقچى بولغانلىقلىرىنى ئېيتتى . پەلەك سەركەردىلىرى بۇنى ئاڭلاپ يەنە سىلىگە جازا يۈرگۈزمەكچى بولۇشتى ، شۇنىڭ بىلەن مەن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ، سىلى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتتىم ۋە يۇرۇن سۇلتاندىن لەشكەر ئەۋەتمەسلىكىنى ، تەقسىرگە قايتا مەنسەپ ـ مەرتىۋە بېرىشنى ئۆتۈندۈم . يۇرۇن سۇلتان ماقۇل بولغاندىن كېيىن سىلىنى تەكلىپ قىلىشقا كەلدىم .

بۇنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭ خۇشال بولغان ھالدا :

— يۇرۇنمۇ مەن ئۈچۈن ئاۋارە بولغان ئىدىلە ، يەنە ئىلتىپاتلىرىنى ئايىماي كەپلا . سىلىگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ! بىراق ئەرشكە چىقسام ، ئەۋلىيا ئەزەملىك مەرتىۋەمنى ساقلاپ قالغىلى بولارمۇ ؟ — دېدى .

— مەن مۇشۇ مەرتىۋە بويىچە يارلىق ئالغاندىن كېيىن سىلىنى

تەكلىپ قىلىپ كەلدىم . مۇبادا چىگىت چاقىدىغان يېرى بولۇپ قالسا ، مانا مەن تۇزكور بولۇپ كېتەي !

سۇن ۋۇكۇڭ بىردىن ئېچىلدى ۋە زىياپەتكىمۇ توختىماستىن چولپان بوۋاي بىلەن بىرگە بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ ، جەنۇبىي ئەرش دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى . بۇ يەردىكى پەلەك سەركەردىلىرى ۋە كۇتۇۋاللىرى ئۇلارنى قول قوشتۇرغان ھالدا قارشى ئالدى . خىسلەتدار قەسىرگە كىرگەندىن كېيىن تارىق - چولپان تەزىم قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— كەمىنىلىرى پەرمانلىرىغا بىنائەن مىراخور سۇن ۋۇكۇڭنى چاقىرىپ كەلدىم .

— سۇن ۋۇكۇڭ ، بۇ ياققا كەل ، — دېدى يۇرۇن سۇلتان ، — بۈگۈن ساڭا رەسمىي يوسۇندا ئەۋلىيا ئەزىمىلىك مەرتىۋىسىنى بەردىم . مەنسەپ - مەرتىۋەڭمۇ ھەل بولدى . لېكىن ، باشباشتاقلىق قىلىپ قالايمىقانچىلىق چىقىرىشىڭغا يول قويۇلمايدۇ .

سۇن ۋۇكۇڭ شۇئان ئالىي قەسىر ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ، يەرگىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى - دە ، «شەپقەتلىرىگە رەھمەت !» دەپ ۋارقىرىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن يۇرۇن سۇلتان ئىنشائات مەنسەپدارى جاڭ بىلەن لۇنى پىرونۇس شاپتۇللۇق[1] بىغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم ئۈچۈن بىر قەسىر سېلىپ بېرىشنى ، قەسىردە سوكونات مەھكىمىسى ۋە ئەمىنلىك مەھكىمىسى دەپ ئىككى مەھكىمە تەسىس قىلىشنى ، ئىككى سىپاھنى مەھكىمە ئىشلىرىغا ياردەملىشىشنى بۇيرۇپ ، قابىس يۇلتۇز تۆرىگە سۇن ۋۇكۇڭنى ئاپىرىپ قويۇشنى تاپىلىدى ھەمدە سۇن ۋۇكۇڭغا ئىككى كوزا شاھانە ئەنتۇھۇر شارابى ، ئون تال ئالتۇن ئىلتىپات ئېتىپ ، يامانلىق قىلماستىن خاتىرجەم ئىشلەشنى جېكىلىدى . سۇن ۋۇكۇڭ سۇلتاننىڭ ئەمرىنى ئىلىك ئېلىپ ، قابىس يۇلتۇز تۆرە بىلەن

[1] پىرونۇس — شاپتۇلنىڭ ئۆزگەرگەن بىر خىلى .

قەسرىگە يېتىپ كەلدى ـ دە ، كوزىنى ئېچىپ قانغۇدەك ئىچىشتى . يۇلتۇز تۆرىنى ئۆز قەسرىگە ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن ، سۇن ۋۇكۇڭ رازىمەنلىك ئىچىدە خۇشال ـ خۇرام يايراپ ، ئەرشتىكى كۇنلىرىنى ئەركىن ـ ئازادە ئۆتكۇزۇشكە باشلىدى . كېيىن قانداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز .

# بەشىنچى باب

## *سۆن ۋۆكۆڭنىڭ شاپتۇل بەزمىسىنى قالايمىقان قىلىپ، ئىسكىر - ناياپ ئوغرىلىغانلىقى پەلەك مالائىكىلىرىنىڭ ئەرشكە قارشى ئالۋاستىلارنى تۇتۇپ كەتكەنلىكى*

ئەلقىسسە، سۆن ۋۆكۆڭ بەربىر مايمۇن بولغاچقا، مەنسەپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، مائاشىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى بىلەنمۇ ھېسابلاشمايتتى. ئەزەم قەسىرىدىكى ئىككى مەھكىمىنىڭ ساھىبلىرى ئۇنى ئەتىگەندىن تاكى كەچكىچە كۈتتى. ئۇ كۈنىگە ئۈچ ۋاخ تاماقنى يەپ، كېچىسى ئۇخلاپ، بىكارچىلىقتا لاغايلاپ يۈردى. زېرىككەندە قوشنا قەسىرلەرگە بېرىپ دوست - بۇرادەر تۇتتى. بۈگۈن مەشرىقتە بولسا، ئەتە مەغرىبتە بولۇپ، بۇلۇت ئۈستىدە بابكانىڭ موكىسىدەك قاتراپ زادى تىنىم تاپمىدى.

بىر كۈنى يۈرۈن سۇلتانىنىڭ قەسىرىدىكى ئەتىگەنلىك تاۋاپتا توپ ئارىسىدىن شۈي جىڭياڭ دېگەن پارسا چىقىپ مۇنداق ئىلتىجا قىلدى:

— يېقىندىن بېرى پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم بىكارچىلىقتا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھەرقايسى يۇلتۇز مەنزىلى ساھىبلىرى بىلەن تونۇشۇپ، چوڭ - كىچىك ھەممىنى قارىقويۇقلا ئاغىنە تۇتۇپ يۈرۈپتۇ. شۇنداق كېتىۋەرسە بىرەر ئىش تېرىپ قويارمۇ، قانداق؟ شۇڭا ئۇنى بىرەر ئىشقا باش قىلىپ قويساق، ۋەقە چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولارمىكىن دەيمەن.

يۈرۈن سۇلتان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇنى دەرھال چاقىرتتى، سۆن ۋۆكۆڭ خۇشال ھالدا يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— جانابىي ئالىيلىرى ، ماڭا قانداق ئىلتىپاتلىرى بار ئىكىن ؟ — دېدى .

— مەن سېنىڭ بىكار قالغىنىڭنى كۆرۈپ بىرەر ئىش تاپشۇراي دەيمەن ، — دېدى يۇرۇن سۇلتان ، — سەن پىرونۇس شاپتۇللۇق بېغىغا ئىگە بولۇپ ، ئەتىگەن - كەچلىرى كۆز - قۇلاق بولۇپ قويغىن !

سۇن ۋۇكۇڭ خۇشال بولۇپ ، يەرگىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ رەھمەت ئېيتقىنىچە چىقىپ كەتتى .

ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن يۈگۈرۈپ - پالاقشىپ شاپتۇللۇق باغقا يېتىپ كەلدى . باغنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا بۇ يەردىكى زېمىن مۇئەككىلى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ سورىدى :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، قاياققا ماڭدىلا ؟

— مەن يۇرۇن سۇلتانىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە شاپتۇللۇق باغنى باشقۇرىدىغان بولدۇم ، شۇڭا بۈگۈن بىرقۇر كۆزدىن كەچۈرەي دەپ كېلىشىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

زېمىن مۇئەككىلى ئۇنىڭغا دەرھال سالام بەجا كەلتۈرۈپ ، باغدىكى ئوتاقچى ، سۇچى ، پەرۋىشچى ۋە تازىلىق قىلغۇچى چاپارمەن كۈچتۈڭگۈرلەرنى چاقىرىپ كەلدى . ئۇلار سۇن ۋۇكۇڭغا تەزىم بەرگەندىن كېيىن ، باغقا باشلاپ كىردى . بۇ باغقا شۇنداق نەزمە دەلىل :

*بۈككىدە چېچەككە پۈركەنگەن دەرەخ ،*
*مېۋىسى شاخلارنى ئېگىدۇ يەرگە .*
*چېچەكلەر قىزارغان خۇددى شەپەقتەك ،*
*مەي بولغان مېۋىلەر ئوخشايدۇ زەرگە .*
*دائىما چېچەكلەپ ، پىشار مىڭ يىلدا ،*
*زىمىستان يولىماس زىنھار بۇ يەرگە .*
*جىلۋىلىك رەڭ ئالغان بالدۇر پىشقىنى ،*
*غورىسى ئوخشايدۇ يېشىل گۆھەرگە .*

*قايسىلىپ تۇرار باغ ئاقۇچ تۇمانغا ،*
*تاڭ نۇرى ئۇرايدۇ ئۇنى شەلپەرگە .*
*دەرەخنىڭ ئاستىدا ھەر خىل گۈل ـ گىياھ ،*
*ئېچىلار تۆت پەسىل شامۇسەھەردە .*
*بۇ ئاددىي چېچەك دەپ قىلماڭ سىز گۇمان ،*
*بۇزرۇكۋار خان ئانا تىككەن بۇ يەرگە .*

سۈن ۋۇكۇڭ خېلى ئۇزاق ئايلىنىپ كۆرگەندىن كېيىن زېمىن مۇئەككىلىدىن سورىدى :

— بۇ باغدا جەمئىي قانچە تۈپ دەرەخ بار ؟

— ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز تۈپ دەرەخ بار ، — دېدى زېمىن مۇئەككىلى جاۋاب بېرىپ ، — ئالدىنقى قاتاردىكى بىر مىڭ ئىككى يۈز تۈپىنىڭ چېچىكى شالاڭ ، مېۋىسى كىچىك بولۇپ ، ئۈچ مىڭ يىلدا بىر قېتىم پىشىدۇ . ئۇنى يېگەن كىشى ئۆزى ئەۋلىيا بولۇپ ، تېنى ساغلاملىشىدۇ ؛ ئوتتۇرىدىكى بىر مىڭ ئىككى يۈز تۈپىنىڭ چېچىكى كۆپ ، مېۋىسى شېرىن بولۇپ ، ئالتە مىڭ يىلدا بىر قېتىم پىشىدۇ . ئۇنى يېگەنلەر خىسلەت بابىدا پەرۋاز قىلىپ ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدۇ . ئاخىرقى رەتتىكى بىر مىڭ ئىككى يۈز تۈپىنىڭ سۆسۈن يوللۇق سارغۇچ ئۇرۇقچىسى بولۇپ ، توققۇز مىڭ يىلدا بىر قېتىم پىشىدۇ . ئۇنى يېگەنلەر ئالەم بىلەن تەڭ ئۆمۈر كۆرۈپ ، ئەبەدىلئەبەد ياشىيالايدۇ .

سۈن ۋۇكۇڭ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ، خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا سىغماي كەتتى ۋە شۇ كۈنىلا دەرەخلەرنىڭ سانىنى ئېلىپ ، راۋاقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولۇپ ئاندىن قەسرىگە قايتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ، دوست ـ ئاغىنە تۇتۇشنى ۋە سەيلە ـ ساياھەت قىلىشنىمۇ تاشلاپ ، بۇ باغقا ئۈچ ـ تۆت كۈندە بىر كېلىپ ئويناپ كېتىدىغان بولدى .

بىر كۈنى ئۇ بىر تۈپ قېرى دەرەختىكى شاپتۇللارنىڭ ئوبدانلا پىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، كۆڭلىدە راسا بىر تېتىپ باققۇسى

كەلدى . لېكىن باغدىكى زېمىن مۇئەككىلى ، كۆچتۆڭگۈرلەر ۋە پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم قەسرىدىكى سىپاھلار ئەگىشىپ كېلىشۋاتقاچقا ، ئۇڭايسىزلىنىپ قالدى . شۇئان ئۇ بىر ھىيلە ئويلاپ تاپتى ـ دە ، ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ :

— سىلەر سىرتقا چىقىپ كۆتۈپ تۇرۇڭلار ، مەن راۋاقتا بىردەم ئارام ئېلىۋالاي ، — دېدى .

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، سۈن ۋۇكۇڭ تاج ۋە كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ ، دەرەخكە يامىشىپ چىقتى ـ دە ، راسا پىشقان شاپتۇلدىن بىرمۇنچە ئۈزۈپ ، شاختا ئولتۇرۇپ ھۇزۇرلىنىپ يېيىشكە باشلىدى . قورسىقى تويغاندىن كېيىن دەرەختىن سەكرەپ چۈشۈپ ، كىيىملىرىنى كىيدى ـ دە ، ھېلىقىلارنى چاقىرىپ ئوردىغا بىرلىكتە قايتتى . ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، يەنە كېلىپ شاپتۇل ئوغرىلاپ ، قانغۇدەك ھۇزۇر قىلىپ يەۋالدى .

بىر كۈنى خان ئانا قاشيۇلاقتىكى راۋاقلىرىدا «پىرونۇس شاپتۇل بەزمىسى» زىياپىتى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ ، قىزىل كىيىملىك ھۆر قىز ، كۆك كىيىملىك ھۆر قىز ، ئاق كىيىملىك ھۆر قىز ، قارا كىيىملىك ھۆر قىز ، سۆسۈن كىيىملىك ھۆر قىز ، سېرىق كىيىملىك ھۆر قىز ۋە يېشىل كىيىملىك ھۆر قىزلارنى گۈللۈك سېۋەتلىرىنى ئېلىپ ، پىرونۇس شاپتۇللۇق بېغىدىن شاپتۇل ئۈزۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى . پەرىزاتلار باغ ئالدىغا كەلگەندە زېمىن مۇئەككىلى ۋە كۆچتۆڭگۈرلەرنىڭ پەلەك تەڭدىشى قەسرىنىڭ ئىككى مەھكىمىسىدىكى سىپاھلار بىلەن دەرۋازىنى توسۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى .

— بىز خان ئانىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن زىياپەتكە شاپتۇل ئۈزۈش ئۈچۈن كەلدۇق ، — دېدى پەرىزاتلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ .

— ئالدىرىماڭلار ھۆر قىزلار ، — دېدى زېمىن مۇئەككىلى ، — ھازىر ئەھۋال بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ

قالدى ، يۇرۇن سۇلتان پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەمنى بۇ يەرگە نازارەتچىلىككە ئەۋەتتى . ئەۋلىيا ئەزەمدىن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ باغنى ئىچىپ بېرەلمەيمىز .

— ئەۋلىيا ئەزەم هازىر قەيەردە ؟ — سورىدى پەرىزاتلار .

— ئەۋلىيا ئەزەم باغ ئىچىدىكى راۋاقتا ئۇخلاۋاتىدۇ .

— ئۇنداق بولسا ئۇنى تېزرەك تېپىپ كەلسىلە ، كېچىكسەك زادى بولمايدۇ .

زېمىن مۇئەككىلى پەرىزاتلارنى باشلاپ باغقا كىردى . ئۇلار گۈللۈك راۋاقـقا كـەلـگەنـدە سۇن ۋۇكۇڭنىڭ تاجىسى بىلەن كىيىملىرىنى كۆردى . ئۆزى بولسا راۋاقتا كۆرۈنمەيتتى . ئۇلار بـاغـنـى بـىـر ئـايلىنىپ چىقىپمۇ سۇن ۋۇكۇڭنى هېچ يەردىن تـاپـالـمـىـدى . ئـەسـلـىدە ئۇ بىردەم تاماشا قىلىپ ، شاپتۇلدىن بـىـرنـەچـچـىنى يېگەندىن كېيىن ، ئىككى سۇڭچە ئۇزۇنلۇقتىكى ئادەمگە ئۆزگىرىپ ، شاختىكى قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىدا ئۇخلاپ قـالـغـانـىـدى . پـەرىزاتلار سۇن ۋۇكۇڭنى تاپالمىغاندىن كېيىن غودۇڭشىپ :

— بىز خان ئانىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن كەلگەنىدۇق ، ئەۋلىيا ئـەزەمـمـۇ يـوق بـولدى . قۇرۇق قايتساق قانداق بولغىنى ؟ — دېيىشتى .

بۇ چاغدا بىر چەتتە تۇرغان سىپاهلار پەرىزاتلارغا قاراپ :

— هۆر قىزلار ، سىلەر خان ئانىنىڭ بۇيرۇقىنى ئەكەلگەن بولغاندىكىن غەم قىلماڭلار ، ئەۋلىيا ئەزەم سەيلە قىلىپ كۆنۈپ قالغان . قارىغاندا ، ئۇ باغدىن چىقىپ دوستلىرىنى ئىزدەپ كەتكەن ئوخشايدۇ . سىلەر شاپتۇلنى ئۈزۈپ كېتىۋېرىڭلار ، جاۋابىنى بىز بېرىپ قويايلى ، — دېدى .

شۇ گەپ بىلەن پەرىزاتلار شاپتۇل ئۈزۈشكە كىرىشىپ كەتتى . ئۇلار ئالدىنقى رەتتىن ئىككى سېۋەت ، ئوتتۇرىدىن ئۈچ سېۋەت ئۈزۈپ ، كـېـيـىـنكى قاتارغا ئۆتكەندە ، دەرەختىكى مېۋىلەرنىڭ شالاڭلاپ قالغانلىقىنى ، پەقەت بىرنەچچە تال تۈكى چۈشمىگەن تۈك

غورنىڭلا ساڭگىلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى . پىشقان شاپتۇللارنى بولسا سۇن ۋۇكۇڭ يەپ تۈگەتكەنىدى . پەرىزاتلار ئۇ ياق ـ بۇ ياقنى ئاختۇرۇپ ، جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان بىر تال شاختا يېرىم قىزارغان بىر شاپتۇلنى كۆردى ـ دە ، كۆك كىيىملىك پەرىزات كېلىپ شاخنى ئەگدى ، قىزىل كىيىملىك پەرىزات شاپتۇلنى ئۈزۈپ بولغاندىن كېيىن شاخ قويۇۋېتىلدى . ئۆزگىرىۋالغان سۇن ۋۇكۇڭ مۇشۇ شاختا ئۇخلاۋاتقان بولۇپ ، بىردىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى ـ دە ، ئەسلىي قىياپىتىگە قايتىپ ، قۇلىقىدىن ئالتۇن توقىلىق گۈرزىسىنى چىقىرىپلا ، بىر ـ ئىككى سىلكىپ پىيالىنىڭ ئاغزىدەك توم قىلدى ۋە :

— قاياقتىن كەلگەن شەيتان سىلەر ! نېمىدەپ شاپتۇلۇمنى ئوغرىلايسىلەر ! — دەپ ۋارقىرىدى .

قورقۇپ كەتكەن پەرىزاتلار دەرھال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، غەزەپلىرىنى بېسىۋالسىلا ، بىز شەيتانمۇ ئەمەس ، خان ئانا ئەۋەتكەن پەرىزاتلار بولىمىز . قاشبۇلاق راۋىقىدىكى شاپتۇل بەزمىسى ئۈچۈن شاپتۇل ئۈزۈشكە كەلگەنىدۇق . كېلىپلا باغدىكى زېمىن مۇئەككىلى ۋە ئەۋلىيالار بىلەن كۆرۈشتۇق ، ئۆزلىرىنى تاپالمىغاچقا ، خان ئانىنى ساقلىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ، شاپتۇل ئۈزگەچ تۇرغاندۇق . گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغايلا ! — دېيىشتى .

سۇن ۋۇكۇڭ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ :

— ھۆر قىزلار ، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار ، خان ئانا زىياپەت قىلماقچى بولغان بولسا كىملەرنى چاقىرىپتۇ ؟ — دېدى .

پەرىزاتلار جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— بەزمىنىڭ كونا قائىدىسى بويىچە بەش جەھەت ، بەش پېشقەدەملىرى بولغان غەربتىكى بۇددا پىر ئۇستازلىرى بۇدساتۋا ، ئەۋلىيا سامغا ، ئارخاتلارنى ؛ جەنۇبتىن جەنۇبىي قۇتۇپ ئاۋالوكتىسۋارانى ، كۇنچىقىشتىكى ئىنايەتپەرۋەر قۇددۇس ئىگەمنى ،

ئون قىتئە ، ئۈچ ئارال پىرىنى ، شىمالدىن شىمالىي قۇتۇپ تىلسىم پىرىنى ، مەركەزدىن بۇرج سىرىق مۆڭگۈزلۈك پىر كالانى ؛ ئۇندىن باشقا قابىس يۇلتۇز تۆرىنى ، يۇقىرى سەككىز ئۆتكۈندىكى ئىلگىرىكى ئۈچ قۇتبۇل ئەقتاب ، تۆت خان ، ساقىپ ۋەلى قاتارلىقلارنى ، ئوتتۇرا سەككىز ئۆتكۈندىن يۇرۇن سۇلتان ، توققۇز قورغان مۇئەككىلى ، تاغ ـ دېڭىز مالائىكىسى ، تۆۋەن سەككىز ئۆتكۈن تەھتىسارا مۇئەككىلى قاتارلىقلارنى چاقىردى . ئۆزىمىزدىن ھەرقايىسى ئوردا ، قەسىرلەردىكى چوڭ ـ كىچىك ئىززەتلىك مالائىكىلەرمۇ زىياپەتتە ھازىر بولىدۇ .

سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ تۇرۇپ پەرىزاتلاردىن يەنە سورىدى :

— مېنىمۇ چاقىرغانمىدۇ ؟

— بۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىماپتۇق .

— مەن پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم تۇرسام ، سورۇننىڭ مۆتىۋەرى قىلىپ چاقىرسا بولمايدىغان نەرى بار ئىكەن ؟

— كونا يوسۇن شۇنداق ئىدى ، بۈگۈن قانداق بولاركىنتاڭ ؟

— بۇ دېگىنىڭلارمۇ راست ، سىلەرنى ئەيىبكە بۇيرۇغىلى بولمايدۇ . سىلەر تۇرۇپ تۇرۇڭلار ، مەن بېرىپ پېقىرنى چاقىرىدىغان ـ چاقىرمايدىغانلىقىنى بىلىپ كېلەي .

سۇن ۋۇكۇڭ شۇ سۆزدىن كېيىنلا ئەپسۇن ئوقۇپ تۇرۇپ ، پەرىزاتلارغا قاراپ : «تۇر ، تۇر ، تۇر !» دەپ زىكىر قىلدى . بۇ ئۇنىڭ ئادەمنى قاتۇرۇپ قويۇش سېھرى بولۇپ ، پەرىزاتلار شۇئان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ دەرەخ ئاستىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى . سۇن ۋۇكۇڭ بولسا بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ ، باغدىن چىقتى ـ دە ، قاشبۇلاققا قاراپ يول ئالدى . ئۇ كېتىۋاتقاندا يەنە بىر تەرەپتىن كېلىۋاتقان يالاڭ ئاياغ پىركاملى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . سۇن ۋۇكۇڭ ھىيلە ئىشلىتىپ ، ئۇنى ئالداپ بەزمىگە قاتنىشىۋېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭدىن سورىدى :

— قاياققا ماڭدىڭلا تەقسىر ؟

— پىرونۇس شاپتۇل بەزمىسىگە ، — جاۋاب بەردى يالاڭ ئاياغ

پىركامىل .

— تــەقسىر خەۋەرسىز ئوخشايلا ، يۇرۇن سۇلتان پىقىرنى مــۇئەللەق بۇلۇتتا تېز چاپىدۇ دەپ قاراپ ، سىلەرنى چاقىرىشقا ئــەۋەتكەنىدى . ئۇ سىلەرنى ئالدى بىلەن نۇرانە قەسىرگە بېرىپ تاۋاپ قىلىشىپتىپ ئاندىن زىياپەتكە بارسۇن دەيدۇ .

پىركامىل ئۇنىڭ سۆزىگە چىنپۇتۇپ ، كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە ، نۇرانە قەسىر تەرەپكە كېتىپ قالدى .

سۇن ۋۇكۇڭ بۇلۇت ئۇستىدە كېتىۋېتىپ ، ئەپسۇن ئوقۇپلا ھېلىقى يالاڭ ئاياغ پىركامىلنىڭ سىياقىغا ئۆزگىرىپ ، قاشبۇلاققا قاراپ چاپتى . ئۇزاق ئۆتمەي قاشبۇلاقنىكى راۋاققا كېلىپ بۇلۇتتىن چــۈشــتــى ۋە يــېــنــىــك قەدەملەر بىلەن راۋاق ئىچىگە كىردى . شىرەلەرگە نازۇنېمەتلەر رەتلىك تىزىلغان بولۇپ ، مېھمانلار تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى . بۇ مول نازۇنېمەتلەرگە قاراپ سۇن ۋۇكۇڭ ھەيران قالدى . ئۇنىڭ بۇرنىغا بىردىنلا خۇش پۇراق مەينىڭ ھىدى كېلىپ ئۇرۇلدى . ئۇ ئوڭ تەرەپتىكى ئۇزۇن ئايۋاندا بىرنەچچە زاھــىــت ، مــۇلازىــمــنــىــڭ سـۇ تــوشــۇپ ، ئــوت قــالاپ ، مــەي قــايــنىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە ، يوگۇرۇپ بارغانچە قانغۇدەك ئــىــچىۋالغۇسى كەلدى . بىراق ، ئۇ يەردە ھېلىقىلار بار ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرنەچچە تال موينى يۇلۇۋېلىپ ، ئاغزىغا سېلىپ چــايناپ ، پــۇركــۇپ چــىقاردى ـ دە ، ئــەپسۇن ئوقۇپ تۇرۇپ «ئۆزگەر !» دەپ ئىلتىجا قىلدى . شۇئان مۇگدەتكۇچى قۇرتتىن بــىــرنــەچــچــىــسى پــەيــدا بــولــۇپ ، ھېلىقىلارنىڭ يۈزىگە بېرىپ چــاپــلىشىۋالدى . ئىشلەۋاتقانلار كۆزلىرىنى يۇمۇشۇپ بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ دەھلىزگە كىرىپ مەينى ئىدىش بىلەن كــۆتــۈرۈپ بــولــۇشچە ئىچتى ، بىرئازدىن كېيىن مەست بولۇپ دەلــدەڭشىپ قالدى . «ھەي ، چاتاق بولىدىغان بولدى ، — دەپ ئــويلىدى ئۇ كۆڭلىدە ، — سەل تۇرۇپ مېھمانلار كەلسە مېنى ئەيىبلىمەمدۇ ؟ تۇتۇۋالسا تېخىمۇ سەت بولىدۇ ـ دە ! ئۇنىڭدىن كۆرە قەسرىمگە بالدۇرراق قايتىپ ئۇخلىۋالاي .»

سۇن ۋۇكۇڭ مەستچىلىكتە ئىچىز ـ پەس دەسسەپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە سوقۇلۇپ ـ ئۇرۇلۇپ دېگۇدەك دەلدەڭشىپ مېڭىپ يولدىن ئېزىپ قالدى ـ دە، ئۆزىنىڭ پەلەك تەڭدىشى ئوردىسىغا ئەمەس، بەلكى تۇشتىپەلەك ئوردىسىغا كىرىپ قالدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ بىردىنلا ھوشىغا كەلدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە: «تۇشتىپەلەك ئوردىسى ئوتتۇز ئۈچ قەۋەت ئاسماننىڭ يۇقىرىسىدىكى ئەرش قەھرى ئەۋلىيا پېشۋاسىنىڭ جايى تۇرسا قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغاندىمەن؟ خەير، بوپتۇلا، ئۇزاقتىن بېرى چالنى يوقلاشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولساممۇ، كېلىشكە پۇرسەت بولمىغانىدى. بۈگۈن مۇشۇ باھانىدە ئۇنى بىر كۆرۈۋېلىپ كېتەي» دېدى ـ دە، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئوردىغا كىردى. ئوردىدا قېرى پېشۋا يوق بولۇپ، باشقا ئادەممۇ كۆرۈنمەيتتى.

بۇ چاغدا قېرى پېشۋا ئۈچ قەۋەتلىك ئىچىز راۋاقتىكى كەنۋەر مۇنبەر ئۈستىدە بۇددا كالامىدىن تەپسىر ئېيتىۋاتاتتى. ئەۋلىيالىقنى قوبۇل قىلغۇچى تالىپلار، خەلپەتلەر ۋە سىپاھلار قول قوشتۇرۇشقان ھالدا مۇنبەر ئالدىدا تىك تۇرۇپ دەرس ئاڭلاۋاتاتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇدۇل ئىسكىرخانىغا[①] كىرىپ، ئەتراپىنى ئاختۇرۇپ بىرنەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن ئىسكىر ئوچىقى يېنىغا كەلدى. ئوچاقتا ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئوچاق يېنىدا بەش قاپاق قويۇپ قويۇلغان بولۇپ، قاپاققا تاۋلاپ تەييارلانغان ئىسكىر ـ ناياپ[②] قاچىلانغانىدى. سۇن ۋۇكۇڭ خۇشاللىقىدا:

— بۇ ئەۋلىيالارنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق گۆھىرى، بۈگۈن تەقدىر ماڭا بۇ نەرسىنى يولۇقتۇرغاندا قېرىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ بىرنەچچە تال تېتىپ كۆرمەمدىمەن! — دېدى ـ دە، قاپاقلاردىكى ئىسكىر ـ ناياپنى قويماي تۆكۈپ چىقىرىپ، خۇددى پۇرچاق يېگەندەك كارسىلدىتىپ يېيىشكە باشلىدى.

ئىسكىر ـ ناياپنى يەپ بولغاندا ئۇنىڭ مەستلىكىمۇ يېشىلدى.

---

① ئىسكىرخانا — شىپالىق كۇمىلاچ دورا — ئابىھايات ياسايدىغان جاي.
② ئىسكىر ـ ناياپ — كۇمىلاچ دورا ياكى ئابىھايات.

«تازا چاتاق بولدى ! چوڭ بىر بالانى تېرىپ قويدۇم ، يۇرۇن سۇلتان ئۇقۇپ قالسا ، جېنىمنى ئامان قويمايدۇ . بۇ يەردىن دەرھال كېتىشىم كېرەك . يەرگە چۈشۈپ ئۆز پادىشاھلىقىمنى قىلاي » دەپ ئويلىدى ـ دە ، يۈگۈرگەن پېتى تۆشتىپەلەك ئوردىسىدىن چىقىپ ، كونا يولنى بويلاپ مېڭىپ ، غەربىي ئەرش دەرۋازىسىدىن غايىب بولۇش سېھرىنى ئىشلىتىپ چىقىپ كەتتى . ئاندىن بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ ، گۈلشەن تېغىغا قايتىپ كەلدى . قارىغۇدەك بولسا تۇغ ـ ئەلەملەرنى لەپىلدىتىپ ، نەيزە ـ قىلىچلارنى چاقنىتىپ تۆت سەركەردە بىلەن يەتمىش ئىككى غاردىكى ئالۋاستى پادىشاھلىرى جانبازلىقنى مەشىق قىلىۋاتقۇدەك . سۈن ۋۇكۇڭ ئۇلارغا قاراپ ۋارقىرىدى :

— بالىلىرىم ، مەن قايتىپ كەلدىم !

كۆپچىلىك ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، قورالىرىنى تاشلاپ ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، ئەجەبمۇ باغرى تاش ئىكەنسىز ، بىزنى شۇنچە ۋاقىت تاشلىۋېتىپ ، كېلىپ قويايمۇ دېمىدىڭىزغۇ ؟ — دېيىشتى .

سۈن ۋۇكۇڭ بولسا : «ھېچقانچە ۋاقىت بولمىدىغۇ !» دېگىنىچە غار ئىچىگە قاراپ ماڭدى . تۆت سەركەردە غار ئىچىنى تازىلاپ سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولۇپ ، ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، ئەرشتە بولغان يۈز نەچچە يىلدا قانداق مەنسەپ تۇتتىلا ؟ — دەپ سورىدى .

سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى :

— يۈز يىلنىڭ گېپىنى قىلىسىلەرغۇ ؟ ئېسىمدە قېلىشىچە ، ئەمدىلا يېرىم يىل بولدىغۇ دەيمەن ؟

— ئەرشتىكى بىر كۈن زېمىندىكى بىر يىلغا تەڭ ئەمەسمۇ ؟ — دېيىشتى سەركەردىلەر ئەسكەرتىپ .

— بۇ نۆۋەت يۇرۇن سۇلتان بىلەن ياخشى چىقىشىپ

قالدىم ، — دېدى سوُن ۋۇكۇڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — ئۇ راستىنلا ماڭا «پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم» مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلدى ۋە پەلەك تەڭدىشى قەسرى سالدۇرۇپ بەردى . كېيىن بىكار قالغانلىقىمنى كۆرۈپ ، پىرونۇس شاپتۇللۇق بېغىنى باشقۇرۇشقا قويدى . يېقىندا خان ئانا «شاپتۇل بەزمىسى» ئۆتكۈزۈپ ، ماڭا تەكلىپ بەرمىگەچكە ، ئۇنىڭ چاقىرىشىنى كۈتمەيلا ، مېھمانلار كېلىشتىن بۇرۇن قاشبۇلاققا بېرىپ ، زىياپەتنىڭ نازۇنېمەتلىرىنى ئوغرىلاپ يەپ ، ئېسىل مەيلىرىنى ئىچىۋالدىم . ئۇ يەردىن چىقىپ مەستچىلىكتە دەلدەڭشىپ مېڭىپ ئەۋلىيا پېشۋاسىنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ قاپتىمەن . ئۇ يەردە يەنە بەش قاپاق ئىسكىر ـ نايابنى ئوغرىلاپ يەۋالدىم . شۇنىڭ بىلەن يۇرۇن سۇلتانىنىڭ جازاغا تارتىشىدىن قورقۇپ ، ئەرشتىن يېنىپ چۈشتۇم .

مايمۇن ۋە ئالۋاستىلار بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ دەرھال مېۋە ـ چېۋە ، كوكۇس شارابى كەلتۈرۈپ ، ھاردۇق چېيى تەييارلىدى ۋە تاش جامغا لىق مەي تولدۇرۇپ ، ئۇنىڭغا سۇندى .

— تازا بەتتام ئىكەنغۇ بۇ ، — دېدى سوُن ۋۇكۇڭ بىر يۇتۇم ئوتلاپ كۆرۈپ .

ئىككى سەركەردە دەرھال :

— ئەۋلىيا ئەزەم سىلى ئەرش ئوردىسىدا ئەرش شارابى ۋە ئېسىل تائاملارنى يەپ ـ ئىچىپ كۆنۈپ قالغاچقا ، بىزنىڭ كوكۇس شارابىمىز تېتىمايۋاتسا كېرەك . كونىلارنىڭ «لاي سۇ بولسىمۇ ئۆز يۇرتۇڭنىڭ ياخشى» دېگەن گېپى بار ئەمەسمۇ؟ — دېدى .

— «يات بولسىمۇ ئۆز يۇرتۇڭنىڭ كىشىلىرى ياخشى» دېگەن گەپمۇ بار ، — دېدى سوُن ۋۇكۇڭ ، — بۈگۈن ئەتىگەن قاشبۇلاقتىكى ئۇزۇن ئايۋاندا ئىدىشلارغا قاچىلاپ قويۇلغان نۇرغۇن ئەنتەھۇر شارابىنى كۆردۈم ، سىلەر ئۇنىڭغا ئەزەلدىن ئېغىز تېگىپ باقمىغان . مەن يەنە بېرىپ بىرنەچچە ئىدىش ئوغرىلاپ كېلىپ ، سىلەرگىمۇ بىرنەچچە قەدەھتىن ئىچكۈزۈپ قوياي . ئۇ ۋاقىتتا

ھەممىڭلار مەڭگۈ قېرىمايدىغان بولىسىلەر .

بۇ سۆز بىلەن مايمۇنلار خۇشال بولۇپ ، ئۆزلىرىنى باسالماي قېلىشتى . سۇن ۋۇكۇڭ غاردىن چىقىپ ، بىرلا موللاق ئاتتى ـ دە ، غايىب بولۇش سېھرىنى ئىشلىتىپ ، شاپتۇل بەزمىسىگە يېتىپ كەلدى . ئۇ قاشبۇلاق ئوردىسىغا كىرىپ قارىسا ، ھېلىقى ئۇخلاپ قالغانلار تېخىچە ئويغانماي ياتقۇدەك . ئۇ يوغان ئىككى ئىدىشنى قولتۇقىغا قىسىپ ، قولىدا ئىككىنى كۆتۈرۈپ غارغا قايتىپ كەلدى ۋە «ئەرش شارابى بەزمىسى» ئۆتكۈزدى . ھەممەيلەن شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە بىرنەچچە قەدەھتىن ئىچىشتى ، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن .

ئەلقىسسە ، ھېلىقى پەرىزاتلار سۇن ۋۇكۇڭنىڭ سېھرى بىلەن قېتىپ قېلىپ بىر كېچە ـ كۈندۈز تۇرغاندىن كېيىن ، ئاران دېگەندە ئەسلىگە كېلىپ ، سېۋەتلىرىنى كۆتۈرۈشكەن پېتى خان ئانىنىڭ ئالدىغا كىردى ۋە :

— ئەۋلىيا ئەزەم بىزنى سېھرى بىلەن باغلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن كېچىكىپ قالدۇق ، — دېدى .

— شاپتۇلدىن قانچىلىك ئۈزۈپ كەلدىڭلار ؟ — دەپ سورىدى خان ئانا ئۇلاردىن .

— كىچىك شاپتۇلدىن ئىككى سېۋەت ، ئارا شاپتۇلدىن ئۈچ سېۋەت ئۈزۈپ كەلدۇق . ئارقىدىكى چوڭ شاپتۇلدىن بىرىمۇ قالماپتۇ . قارىغاندا ئەۋلىيا ئەزەم ئوغرىلاپ يەپ بولغان ئوخشايدۇ . بىز ئۇنى ئىزدەپ كېتىۋاتقىنىمىزدا ئۇ تەرەپباللا ئالدىمىزغا چىقىپ ، ئۆكتەملىك بىلەن ئۇرۇپ ـ مۇشتلاپ كەتتى ھەم زىياپەتكە كىملەرنىڭ چاقىرىلغانلىقىنى سورىدى . بىز ئەھۋالنى بىر قۇر بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ھەممەيلەننى قاتۇرۇپ قويدى . قاياققا كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق . بۈگۈن ئاران دېگەندە ھوشىمىزغا كېلىپ ئوڭشالدۇق .

خان ئانا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، دەرھال يۈرۈن

سۇلتان بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئەھۋاللارنى بىرقۇر بايان قىلدى . ئۇنىڭ سۆزى تۈگەر ـ تۈگىمەيلا ھېلىقى مەي ياسىغۇچىلار ئۇردا سىپاھلىرى بىلەن كىرىپ كېلىپ :

— بىرى شاپتۇل بەزمىسىنى قالايمىقان قىلىپ ، نازۇنېمەتلەرنى ئوغرىلاپ ، شارابلارنى ئىچىپ كېتىپتۇ ، — دەپ خەۋەر قىلدى .

ئارقىدىنلا تۆت چوڭ پەلەك مۇرەببىسى كىرىپ :

— ئەۋلىيا پېشۋاسى كەلدى ! — دەپ مەلۇم قىلدى .

يۇرۇن سۇلتان بىلەن خان ئانا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى . پېشۋا چال يۇرۇن سۇلتان بىلەن خان ئانىغا سالام بەرگەندىن كېيىن :

— كەمىنىلىرى جانابلىرىنىڭ «سىمىيا بەزمىسى» ئۈچۈن تاۋلاپ تەييار قىلغان ئىسكىر ـ ناياپلارنى ئوردىدىن ئوغرى ئەكېتىپتۇ . سىلىگە ئالاھىدە خەۋەر قىلىش ئۈچۈن سالامغا كەلدىم ، — دېدى .

يۇرۇن سۇلتان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈدى . بىر ئازدىن كېيىن پەلەك تەگدىشى ئوردىسىدىكى سىپاھلارمۇ كىرىپ كېلىپ باش ئەگكەن ھالدا :

— ئەۋلىيا ئەزەم ئۆز ئىشلىرىنى بېجىرمەي ، تۈنۈگۈن چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى ، قاياققا كەتكەنلىكىنى بىلمىدۇق ، — دېدى .

يۇرۇن سۇلتان ئېغىر ئويغا چۆمدى ، شۇ ئەسنادا يالاڭ ئاياغ پىركامىل كىرىپ :

— كەمىنىلىرى خان ئانىنىڭ تەكلىپى بىلەن تۈنۈگۈن زىياپەتكە كەلگەندىم . يولدا ئۇشتۇمتۇت ئەۋلىيا ئەزەم ئۇچراپ قېلىپ ، جانابىي ئالىيلىرى سىلىنى ئالدى بىلەن نۇرانە قەسىرگە كېلىپ قائىدە ـ يوسۇن قىلغۇەتكەندىن كېيىن ئاندىن زىياپەتكە بارسۇن دەپ خەۋەر قىلدى . شۇ سۆز بىلەن نۇرانە قەسىرگە بېرىپ قارىسام ، ئالىيلىرىنىڭ مەپىسى كۆرۈنمىدى ، شۇنىڭ بىلەن بۇ

يەرگە ئالدىراپ يېتىپ كەلدىم ، — دېدى .
يورۇن سولتان دەرغەزەپكە كېلىپ :
— بۇ خومپەرنىڭ يالغان سۆزلەپ ، كىشىلەرنى ئالدىغىنىنى قارىماامدىغان ! دەرھال جىبەكچى سەرۋازلارنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىڭلار ! — دەپ پەرمان چۈشۈردى .
سەرۋازلار پەرمانىنى ئالغاندىن كېيىن قەسىردىن چىقىپ ئەھۋالنى ئېنىقلاپ قايتىپ كەلدى ۋە :
— ئەرشنى قالايمىقان قىلغىنى دەل ئەۋلىيا ئەزەم ئىكەن ، — دېدى ئاندىن بولغان ئەھۋاللارنى بىرمۇبىر بايان قىلدى .
يورۇن سولتاننىڭ قەھرى تېخىمۇ ئۆرلەپ تاشتى - دە ، تۆت چوڭ پەلەك شاھىنى بۇيرۇپ ، ۋايجىراۋانا ۋە ئۇچىنچى شاھزادە ناجا بىلەن بىرگە يىگىرمە سەككىز يولتۇز مەنزىلى ساھىبلىرى ، توققۇز ئەقرەب ، ئون ئىككى بۇرج مۇئەككىلى ، بەش جەھەت ساتيالىرى ، تۆتاماق تۆھپە ئەمىرلىرى ، مەشرىقۇمەغرىب چولپانلىرى ، جەنۇب ۋە شىمال ئىككى يان مالائىكىسى ، بەش تاغ مۇئەككىلى ۋە ئالەم ئىستىقامەتچىسى يولتۇزلىرىدىن بولۇپ جەمئىي يۈز مىڭ ئەرش لەشكىرىنى باشلاپ ، ئون سەككىز ئالەمنىڭ تور - قاپقانلىرىنى ئېلىپ زېمىنغا چۈشۈشكە ۋە گۇلشەن تېغىنى قورشاپ ، سۇن ۋۇكوڭنى تۇتۇپ جازالاشقا پەرمان چۈشۈردى . ئەۋلىيالار شۇ زامان قوشۇن تارتىپ ، ئەرش ئوردىسىدىن يولغا چىقتى .
گۇلشەن تېغىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋايجىراۋانانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەرش لەشكەرلىرى بارگاھ قۇرۇپ ، تاغ ئەتراپىنى چەمبەرچاس قورشىدى ۋە ئون سەككىز جايدا يەرگە قاپقان قۇرۇپ ، ئاسمانغا تور تارتتى - دە ، توققۇز ئەقرەب بىر قىسىم لەشكەرلەرنى باشلاپ غار ئالدىغا كەلدى . غار ئالدىدا بىر توپ مايمۇن سەكرىشىپ ئويناپ يۈرەتتى . ئەقرەب بەگ ئۇلارغا قاراپ ۋارقىرىدى :
— ھەي جانىۋارلار ! ئەۋلىيا ئەزەم قېنى ؟ بىز ئەرشتىن كەلگەن تەڭرىلەرمىز ، ئىسيانكار ئەزەمنى تۇتۇش ئۈچۈن كەلدۇق . ئۇ دەرھال چىقىپ بىزگە تەسلىم بولسۇن . ئەگەر ياق دەيدىغانلار

بولسا ، ھەممىڭلارنى بوغۇزلاپ تاشلايمىز !
مايمۇنلار دەرھال غار ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ :
— ئەۋلىيا ئەزەم ، يامان بولدى ! سىرتتا شۇم تەلەتلىك توققۇز ئەۋلىيا بىز ئەرشتىن كەلگەن تەڭرىلەرمىز ، ئەۋلىيا ئەزەمنى تۇتۇشقا كەلدۇق دەۋاتىدۇ ، — دەپ خەۋەر قىلدى .
سۇن ۋۇكۇڭ يەتمىش ئىككى غاردىكى ئالۋاستى پادىشاھلىرى ۋە تۆت سەركەردىسى بىلەن مەي ئىچىشىپ ئولتۇراتتى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ بەخىرامان ھالدا :
— مەيىم بولسا بۈگۈن مەن ئىچىپ يۈرەي مەستانە ، تالادىكى جاڭجالغا بولمايمەن ھېچ ھەيرانە ، — دېدى .
شۇ ئەسنادا يەنە بىر توپ مايمۇن يۈگۈرۈپ كىرىپ :
— ھېلىقى توققۇز غالجىر ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ ، سىلى بىلەن ئېلىشىمىز دەۋاتىدۇ ، — دېدى .
سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ قويۇپ :
— ئۇلار بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن ، «نەزمە ئوقۇپ شاراب ئىچسەڭ دىلنى ئەيلەر شادىمان ، شۆھرەتنى دەپ ئېلىشقانلار روناق تاپقان قاي زامان ؟» دېدى .
ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ يەنە بىر توپ مايمۇن يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ :
— ھېلىقى توققۇز غالجىر دەرۋازىنى چېقىپ بېسىپ كىردى ، — دەپ خەۋەر قىلدى .
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بىردىنلا غەزىپى ئۆرلەپ :
— ھوي ئۆكتەم خۇمپەرلەر ! گەپ قىلمىسام ، ئىشىكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ مېنى ئانىي تاپماقچى بولغىنىنى قارا ! — دېدى - دە ، يەك مۈڭگۈزلۈك جەنناسنى يەتمىش ئىككى غاردىن كەلگەن ئالۋاستىلارنى باشلاپ جەڭگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇپ ، ئۆزى تۆت سەركەردىسى بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى .
جەنناس ئالۋاستى لەشكەرلىرىنى باشلاپ غار ئالدىغا چىقىشىغا ، توققۇز ئەفرەبنىڭ لەشكەرلىرى بىراقلا باستۇرۇپ

كېلىپ ، ئۇلارنى تۆمۈر كۆۋرۈك ئۈستىدىلا ئۇر ـ توقماق قىلىپ چىققۇزمىدى .

ئۇلار ئېلىشىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە سۇن ۋۇكۇڭ يېتىپ چىقتى ـ دە ، «يول ئېچىڭلار !» دەپ ۋارقىراپ ، گۈرزىسىنى چىقىرىپ ، بىر ـ ئىككى سىلكىپ ، بىلەكتەك توم ، ئىككى گەزچە ئۇزۇن قىلىپ ، مەلئۇنلارنى شىددەت بىلەن سۈرۈپ قوغلاپ چىقتى . ئەدىپىنى يېگەن توققۇز ئەقرەب ھۆل تاسمىدەك سولىشىپ ، قوراللىرىنى تاشلاپ بەدەر تىكىۋەتتى ۋە بارگاھقا يۈگۈرۈپ كىرىپ ۋايجىراۋاناغا :

— بۇ مايمۇن پادىشاھى ھەقىقەتەن بوش نەرسەئەمەس ئىكەن . بىز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي يېڭىلىپ قايتىپ كەلدۇق ، — دېدى .

ۋايجىراۋانا شۇئان تۆت چوڭ پەلەك شاھى بىلەن يىگىرمە سەككىز يۇلتۇز مەنزىلى ساھىبلىرىنى لەشكەر باشلاپ جەڭگە ئۆتۈشكە بۇيرۇدى . سۇن ۋۇكۇڭ بۇلاردىنمۇ قورقۇپ قالمىدى . ئۇ يەك مۈڭگۈزلۈك جەنناس ، يەتمىش ئىككى غاردىكى ئالۋاستى پادىشاھلىرى ۋە تۆت سەركەردىسىنى سەردار قىلىپ ، غار ئالدىدا جەڭ سېپى تۈزدى . بۇ بىر مەيدان ئېلىشىش ئەتىگەندىن تاكى كۈن پاتقۇچە داۋاملاشتى . يەك مۈڭگۈزلۈك جەنناس بىلەن يەتمىش ئىككى غاردىكى ئالۋاستىلارنىڭ ھەممىسىنى ئەرش ساھىبلىرى تۇتۇپ كەتتى . پەقەت تۆت سەركەردە بىلەن بىر توپ مايمۇنلا جېنىنى ئاران دېگەندە ئەپقېچىپ ، غار ئىچىگە بېكىنىۋالدى . سۇن ۋۇكۇڭ گۈرزىسىنى كۆتۈرگەن پېتى ئېتىلىپ چىقىپ ، تۆت پەلەك شاھى ، ۋايجىراۋانا ۋە شاھزادە ناجالارنى ئاسمان بوشلۇقىدا تۇتۇۋېلىپ ، بىرھازا ئېلىشتى . ئۇ كەچ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، بىر تۈتام موينى يۇلۇۋالدى ـ دە ، ئاغزىغا سېلىپ چايناپ پۈركۈپ چىقارغاندىن كېيىن ، «ئۆزگەر !» دەپ ئىلتىجا قىلدى . شۇئان نەچچە مىڭ سۇن ۋۇكۇڭ بىراقلا پەيدا بولۇپ ، ئالتۇن توقىلىق گۈرزىنى ئويناتقان پېتى ، شاھزادە ناجا ۋە بەش نەپەر پەلەك شاھىنى مەغلۇپ قىلدى .

سۇن ۋۇكۇڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن مويلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، غارغا قايتىپ كىردى. كۆۋرۈك ئۈستىدە ساقلاپ تۇرغان تۆت سەركەردە مايمۇنلارنى باشلاپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھۆڭگىرىشىپ ئۈچ قېتىم يىغلىدى ۋە ئۈچ قېتىم قاقاقلاپ كۈلدى.

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارغا قاراپ:

— مېنى كۆرۈپلا ھەم كۈلۈپ، ھەم يىغلىشىڭلارنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

تۆت سەركەردە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئەتىگەن پەلەك شاھلىرى بىلەن ئېلىشقىنىمىزدا يەتمىش ئىككى غاردىكى ئالۋاستى پادىشاھلىرى بىلەن يەك مۇڭگۈزلۈك جەنناسىنى تۇتۇپ كەتتى، بىز جېنىمىزنى ئاران ئەپقاچتۇق. شۇڭا يىغلايمىز. مانا ئەمدى ئەۋلىيا ئەزەم غەلىبە بىلەن قايتىپ، ھېچقانداق زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىماپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كۈلىمىز!

— ئۇرۇش دېگەندە يېڭىش-يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — كونىلار «چىقىمسىز غەلىبە بولماس» دەپتىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇتۇپ كېتىلگەنلەر ساپلا يولۋاسۇ يىلپىز، بۆرە-جاندار، تۈلكىلەر ئىكەن. بىزنىڭ ئۇرۇقىمىزدىن بىرىمۇ زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىماپتۇ. بۇنىڭ قايغۇرىدىغان نېمىسى بار؟ گەرچە ئۇلارنى مەن سېھىرگەرلىك بىلەن چېكىندۈرگەن بولسامۇ، ئۇلار يەنە تاغ تۇرامىزغا كېلىپ بارگاھ تىكلەيدۇ. بىز مۇداپىئەنى پۇختا قىلايلى، قورساقنى ئوبدان تويغۇزۇپ، خاتىرجەم ئۇخلاپ، راۋۇرۇس ئارام ئالايلى. تاڭ يورۇغاندا مېنىڭ كارامىتىمنى كۆرۈڭلار. مەن ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىپ، كۆپچىلىك ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمەن!

شۇنىڭدىن كېيىن تۆت سەركەردە مايمۇنلار بىلەن بىرنەچچە كاسەدىن مەي ئىچىشىپ، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

تۆت چوڭ پەلەك شاھى جەڭنى تاماملاپ ھەرقايسىلىرى ئۆز تۆھپىلىرىنى مەلۇم قىلىشتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يولۋاس - يىلپىزنى ، بەزىلىرى پىلنى ، بەزىلىرى بۆرە ۋە تۈلكىلەرنى تۇتۇپ كەلگەن بولۇپ ، مايمۇندىن بىرەرنىمۇ تۇتالمىغانىدى . دېگەندەك ، ئۇلار يەنە بارگاھ تىكلەپ ، تۆھپىكار سەركەردىلەرنى تارتۇقلىدى ۋە تور ، قاپقان قۇرغۇچى لەشكەرلەرنى كولدۇرما ، كانايلىرىنى چېلىپ ، گۈلشەن تېغىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا ، ئەتىكى جەڭنى كۈتۈپ ، ھوشيارلىق بىلەن كۈتۈپ يېتىشقا بۇيرۇدى . تاڭ يورۇغاندىن كېيىن قانداق جەڭ بولىدىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# ئالتىنچى باب

## *ئاۋالوكتسۋارانىڭ بەزمىگە كېلىپ ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى سورىغانلىقى*
## *ياش ئەۋلىيانىڭ سۇن ۋۇكۇڭنى كۈچ بىلەن بويسۇندۇرغانلىقى*

ئەرش مالائىكىلىرىنىڭ قورشاۋ ياسىغانلىقى ۋە سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى قويۇپ، گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلايلى: جەنۇبىي دېڭىزدىكى ئاۋالوكتسۋارا بۇدساتۋا خان ئانىنىڭ تەكلىپى بىلەن چوڭ شاگىرتى خۇيئەن شىگجىنى[1] باشلاپ قاشبۇلاق راۋىقىدىكى زىياپەت سورۇنىغا كەلگەندە، ئۇ يەرنىڭ مالىمان قىلىنىپ، چۆلدەرەپ قالغانلىقىنى ۋە ئۆرە تۇرۇشقان بىرقانچە ئەۋلىيانىڭ قانداقتۇر بىر ئىش ئۈستىدە بىسەرەمجان ھالدا غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇدساتۋا ئەۋلىيالار بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئەۋلىيالار ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى بىرقۇر بايان قىلدى. بۇدساتۋا بۇنى ئاڭلاپ:

— بەزمىمۇ ئۆتكۈزۈلمەپتۇ، ھاراق - شارابمۇ ئىچىشمەپسىلەر، يۈرۈڭلار، بىرىپ يۈرۈن سۇلتان بىلەن كۆرۈشۈپ باقايلى، — دېدى.

ئەۋلىيالار خۇشال ھالدا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. بۇدساتۋا كۆپچىلىكنى ئەگەشتۈرۈپ خىسلەتدار قەسرىگە كەلدى ۋە يۈرۈن سۇلتانغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئەۋلىيا پېشۋاسى، خان ئانىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، تېگىشلىك جايدىن ئورۇن

---

[1] بۇددا دىنىدا ئىبادەتخانىلاردىكى چېچىنى چۈشۈرمىگەن خىزمەتكارلارنىڭ ئاتىلىشى. بەزىدە راھىبلارنىمۇ شۇنداق دەپ ئاتايدۇ.

ئېلىشتى .

— پىرونۇس شاپتۇل بەزمىسى قانداق بولدى ؟— دەپ سورىدى بۇدساتۋا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن .

— ھەر يىلى بەزمىمىز ناھايىتى خۇشال - خۇرام ئۆتەتتى ، بۇ يىل قارغىش تەگكۇر مايمۇن مالىمان قىلىپ تازا قاملاشمىغان ئىش بولدى ، — دېدى يۇرۇن سۇلتان .

— قەيەردىكى مايمۇننى دەيدىلا ؟ — سورىدى بۇدساتۋا .

— بۇ مايمۇن شەرقىي پۇرۋاۋىدىخا ئاۋلەي مەملىكىتىنىڭ گۈلشەن تېغىدىكى تاش ئۇرۇقىدىن ئاپىرىدە بولغان . دەسلەپ ئۇنىڭ كۆزىدىن چاقنىغان ئالتۇن نۇر قۇتۇپ ئوردىمىزغا يېتىپ كەلدى . بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي يۈرسەك ، ئۇ تېخىمۇ يامانلىشىپ ئەجدىھا ، يولۋاسلارنى تەسلىم قىلىپ ، ئۆلۈم روييختىنى ئۆچۈرۈۋەتتى . ئاخىر ئۇنى ئەرشكە چاقىرىپ خەيلىخانىدا مىراخورلۇق ۋەزىپىسىنى بەردۇق . بۇ ئەبلەخ ئەمەلنى كىچىك كۆرۈپ ، ئەرشكە ئۆكتە قوپتى . شۇنىڭ بىلەن ۋايجىراۋانا بىلەن شاھزادە ناجانى ئەۋەتىپ ئۇنى ئەرشكە قايتۇرۇپ كەلدۇق ۋە «پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزىم»لىكنى بېرىپ ، شاپتۇللۇق باغنى باشقۇرۇشقا قويدۇق . ئۇ قانۇن - تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلماي قېرى دەرەختىكى شاپتۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئوغرىلاپ يەپ تۈگەتتى ، بۇگۈنكى زىياپەتكە ئۇنى تىزىملىكتە يوق دەپ چاقىرمىغاچقا ، ئۇ ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ يالاڭ ئاياغ پىركاملىنى ئالداپتۇ . ئۆزى ئۇنىڭ سىياقىغا ئۆزگىرىپ بەزمە سورۇنىغا كىرىپتۇ - دە ، تەييارلانغان نازۇنېمەتلەرنى ، ھاراق - شارابلارنى يەپ - ئىچىپ تۈگىتىپتۇ . بۇنى ئاز دەپ پېشۋا چالىنىڭ ئىسكىر - ناياپىنى ۋە بىرقانچە ئىدىش شارابىنى ئوغرىلاپ ، تاغ - تۇرايىغا قېچىپ كېتىپتۇ . بۇ ئىشلارغا قاتتىق ئاچچىقىم كېلىپ ، يۈز مىڭ لەشكەرنى يەردە قاپقان ، ئاسماندا تور قۇرۇپ ، ئۇنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدىم . بىر كۈن بولدى ، تېخى يېڭىش - يېڭىلىشتىن خەۋەر يوق .

بۇدساتۋا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، خۇيئەنگە :
— دەرھال ئەرشتىن چۈشۈپ ، گۈلشەن تېغىدىكى جەڭ ئەھۋالىنى تىڭ ـ تىڭلاپ كەلگىن . جەڭنىڭ ئۈستىگە بېرىپ قالساڭ ، سەنمۇ ياردەملەشكىن . ھەقىقىي ئەھۋالنى چوقۇم ئۇقۇپ كەلگىن ، — دەپ جېكىلىدى .
خۇيئەن كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ، قولىغا بىر تۆمۈر گۈرزىنى ئالدى ـ دە ، قەسىردىن چىقىپلا بۇلۇت بىلەن گۈلشەن تېغىغا يېتىپ كەلدى . قارىغۇدەك بولسا ، ئاسماندا تور ، يەردە قاپقان قۇرۇلۇپ ، ھەرقايسى بارگاھلاردىكى لەشكەرلەر قوڭغۇراق ، كانايلارنى تۇتقان ھالدا تاغنى چەمبەرچاس قورشاپ تۇرغۇدەك . ئۇ تۇغچىغا ئەگىشىپ ئارامگاھقا كىرىپ ، تۆت چوڭ پەلەك شاھى بىلەن ۋايجىراۋاناغا ئېگىلىپ سالام بەردى .
— ئوغلۇم ، سەن قاياقتىن كېلىپ قالدىڭ ؟ — دەپ سورىدى ۋايجىراۋانا سالامدىن كېيىن .
— كەم ئەقىل ئوغۇللىرى بۇدساتۋا بىلەن شاپتۇل بەزمىسىگە كېلىپ ، يۇرۇن سۇلتان بىلەن كۆرۈشكەنىدىم . يۇرۇن سۇلتان : «شاھ ئاتىمىزنى بۇ يەرگە جادۇگەر مايمۇننى تۇتۇش ئۈچۈن كەتتى ، بىر كۈن بولدى خەۋەر كەلمىدى . قانداق بولغىنىنى بىلەلمىدۇق» دېدى . شۇنىڭ بىلەن بۇدساتۋا ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن مېنى ئەۋەتتى ، — دېدى خۇيئەن .
ۋايجىراۋانا ئەھۋالنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى :
— تۈنۈگۈن بۇ يەرگە كېلىپ بارگاھ تىكلىگەندىن كېيىن ، توققۇز ئەقرەبنى جەڭگە چىقارغانىدىم . ئۇ ئەبلەخ سېھىرگەرلىكنى ئىشقا سالغانلىقتىن ، توققۇز ئەقرەب يېڭىلىپ قايتىپ كەلدى . كېيىن ئۆزۈم لەشكەر باشلاپ باردىم . ئۇ ئەبلەخمۇ سەپ تۈزۈپ جەڭگە ھازىر بولدى . يۈز مىڭ لەشكىرىم كەچ كىرگۈچە ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتى . ئاخىر ئۇ تېنىنى پارچىلاش سېھرى بىلەن بىزنى چېكىندۈردى . لەشكەرلەرنى قايتۇرۇپ كېلىپ قارىسام ، پەقەت بۆرە ، يولۋاس ، يىلپىز دېگەنلەرلا قولغا چۈشۈپتۇ . مايمۇن

پۇشتىدىكىلەردىن بىرىمۇ تۇتۇلماپتۇ. بۇگۇن تېخى جەڭگە چىقمىدۇق.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ سىرتتىن بىرى خەۋەر ئەكىردى:

— ھېلىقى ئەۋلىيا ئەزەم بىر توپ مايمۇننى باشلاپ ئېلىشمىز دەپ كەلدى!

تۆت پەلەك شاھى، ۋايجىراۋانا ۋە شاھزادە ناجالار دەرھال لەشكەرلىرىنى باشلاپ سىرتقا چىقتى. خۇيئەن ئۇلارغا ئەگىشىپ چىقىپ:

— شاھ ئاتا، بۇدساتۋا كەم ئەقىل ئوغۇللىرىغا گەپ تاپىلىغاندا، جەڭ بولۇۋاتقاننىڭ ئۇستىگە بىرىپ قالساڭ، ياردەملەشسەڭ بولىدۇ، دېگەنىدى. بۇگۇن ھەقىقەتەن تەلىيىم بار ئىكەن. ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

ۋايجىراۋانا ئىجازەت بىرىپ:

— ئوغلۇم، سەن بۇدساتۋاغا نەچچە يىل ئەگىشىپ يۇردۇڭ، ئاز - پاز ماھارەتمۇ ئۆگەنگەنسەن، ئېغىر ئالمىساڭ، ياردىمىڭنى ئايىما، — دېدى.

خۇيئەن ئىككى قولىغا بىردىن تۆمۈر گۇرزىنى ئېلىپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ ئېتىلىپ چىقتى - دە:

— ئەۋلىيا ئەزەم قايسىڭ بولىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

سۇن ۋۇكۇڭ دىلىپسەن گۇرزىسىنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

— مانا مەن بولىمەن. ئۆزۈڭ كىمسەن؟ يۇرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ مېنى سۇرۇشتە قىلىسەنا؟— دېدى.

— مەن ۋايجىراۋانانىڭ ئىككىنچى شاھزادىسى مۇچا بولىمەن. ھازىر ئاۋالوكتىسۋارا بۇدساتۋانىڭ ئەرۋىڭىدە دىن قوغدار پاسىبان شاگىرتى بولۇۋاتىمەن. راھىبلىق نامىم خۇيئەندۇر.

— سەن جەنۇبىي دېڭىزدا راھىبلىقىڭنى قىلماي نېمە ئۇچۇن بۇ يەرگە مېنى ئىزدەپ كەلدىڭ؟

— ئۇستازىم ئۇرۇش ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى . سېنىڭ كۆرەڭلەپ كەتكىنىڭنى كۆرۈپ ، ئەدىپىڭنى بېرىپ قوياي دەيمەن !

— ئەجەپ چوڭ گەپ قىلىسەنا ؟ ئالدىرىما ، ئاكاڭنىڭ كالتىكىنى بىر تېتىپ كۆرگىن !

مۇچا قىلچە ھودۇقماستىن گۇرزىنى توغرىلاپ سۈن ۋۇكۇڭغا تاقابىل تۇردى . ئۇلار ئەللىك ـ ئاتمىش قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن خۇيئەننىڭ بىلەكلىرى تېلىپ سىرقىراپ ، بەرداشلىق بېرەلمىدى ـ دە ، يېڭىلىپ دەلدەڭشىگەن ھالدا قاچتى . سۈن ۋۇكۇڭ مايمۇن لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ ، غار ئالدىغا يېنىپ كەلدى . بارگاھ ئالدىدا ئەرش لەشكەرلىرى ھالىدىن كەتكەن شاھزادە مۇچانى يۆلىۋالدى . مۇچا لەشكەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئارامگاھ يامۇلغا كىرىپ تۆت پەلەك شاھى ، ۋايجىراۋانا ۋە ناجالارغا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ تۇرۇپ :

— ئەۋلىيا ئەزەم ھەقىقەتەن كارامەتلىك ئىكەن . مەن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي يېڭىلىپ قالدىم ، — دېدى .

ۋايجىراۋانا بۇ ھالنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈدى ۋە دەرھال ياردەم تەلەپ قىلىپ مەكتۇپ يېزىپ ، مەكتۇپنى ئەرشكە يەتكۈزۈشكە كۈچتۈڭگۈر جەنناس بىلەن شاھزادە مۇچانى بۇيرۇدى .

بۇ ئىككىسى شۇ زامات ئاسمانغا تارتىلغان توردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ ، بۇلۇت ئۇستىگە چىقتى ـ دە ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ، خىسلەتدار قەسرىگە يېتىپ كېلىپ ، مەكتۇپنى بەردى .

يۇرۇن سۇلتان مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇپ ، ياردەم تەلەپ قىلىنغانلىقىنى كۆردى ـ دە ، ئاچچىق بىر كۈلۈۋېتىپ :

— بۇ لەنتى مايمۇن يۈز مىڭ لەشكىرىمگە تاقابىل تۇرغۇدەك شۇ قەدەر قابىلمىدۇ ؟ ۋايجىراۋانا يەنە ياردەم سوراپتۇ . ئەمدى قايسى لەشكەرلەرنى ئەۋەتەرمەن ؟ — دېدى .

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا ئاۋالوكتسۋارا ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ :

— جانابىي ئالىيلىرى ئەيىب كۆرمىسىلە ، مەن بىر ئەۋلىيانى كۆرسىتەي ، ئۇ ھېلىقى مايمۇننى تۇتۇپ كېلىشكە قادىردۇر ، — دېدى .

— خوش ، قايسى ئەۋلىيانى كۆرسەتمەكچى ئىدىلە ؟

— ئۇ ئالىيلىرىنىڭ جىيەن ئوغلى ئەۋلىيا ئېرلاڭ ئەزىمەتلىرىدۇر . ھازىر جۇگۇەن ئايمىقىنىڭ گۇەنجاڭ دەرياسى ئېغىزىدا تۇرۇپ ، زېمىنىنىڭ نەزىر - چىراغلىرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ . ئىلگىرى ئالتە چىلتەننى ئۆلتۈرگەن . مېيشەن تېغىدا ئىككى قېرىندىشى ، قول ئاستىدا بىر مىڭ ئىككى يۈز توكباش مالائىكىسى بار . ئالىيلىرى ئۇنى لەشكەر چىقىرىپ ياردەم قىلىشقا چاقىرسىلا مايمۇننى تۇتۇشقا تامامەن مۇمكىن بولىدۇ .

يۈرۈن سۇلتان بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، دەرھال لەشكەر ئەۋەتىش پەرمانى چۈشۈرۈپ ، كۆچتۈڭگۈر جەنناسنى ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى .

جەنناس پەرماننى ئالغاندىن كېيىن بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ گۇەنجاڭ دەرياسى ئېغىزىغا كېلىپ چۈشتى ۋە بىرەر سائەتتىن كېيىن ئەۋلىيا ئېرلاڭ تۇرۇشلۇق بۇتخانىغا يېتىپ كەلدى . دەرۋازىۋەن مالائىكى يۈگۈرۈپ كىرىپ :

— ئەرش ئەلچىسى پەرمان ئەكەپتۇ ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى .

ئېرلاڭ قېرىنداشلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ پەرماننى تاپشۇرۇۋالدى ۋە كۈجە - ئىسرىق كۆيدۈرۈپ پەرماننى ئوقۇدى . پەرماندا مۇنداق دېيىلگەنىدى :

*«گۈلشەن تېغىدىكى جادۇگەر مايمۇن پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم قالايمىقانچىلىق چىقاردى . مۇبارەك ئوردىمىزدا شاپتۇل ، مەي ۋە ئىسكىر - ناياپلارنى ئوغرىلاپ ، پىرونۇس شاپتۇل بەزمىسىنى مالىمان قىلغاچقا ، ئۇنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن يۈز مىڭ لەشكەر ئەۋەتكەنىدىم . ئۇلار ئون سەككىز*

*يەردە تور ۋە قاپقان قۇرۇپ ، تاغنى مۇھاسىرىگە ئېلىپمۇ غەلىبە قىلالمىدى . شۇ ۋەجىدىن سىز قەدىرلىك جىيەنىمنى ۋە پىداكار قېرىنداشلىرىڭىزنى گۈلشەن تېغىغا بېرىپ قورشاپ يوقىتىشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن چاقىردىم . غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، مەرتىۋەڭلەرنى ئۆستۈرۈپ ، ئالىي مۇكاپات بىلەن تارتۇقلايمەن .»*

ئېرلاڭ بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشال بولۇپ :

— قايتىپ كەتسىڭىز بولىدۇ ئەلچى . مەن ھازىرلا قىلىچىمنى يالىڭاچلاپ جەڭگە ئاتلىنىمەن ، — دېدى .

جەنناسىنىڭ قايتىپ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى سۆزلىمەي قويايلى .

ئەۋلىيا ئېرلاڭ شۇ زامات تاغ - تۇراسىدىكى لەشكەرلىرىنى سەپكە تىزىپ ، قارچىغا - تايغانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، ئوقيا - ساداقلىرىنى بەتلىدى - دە ، شىددەتلىك بوران چىقىرىپ شەرقىي دېڭىزدىن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتتى . گۈلشەن تېغىغا كەلگەندە قاتمۇقات تور - قاپقانلار ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇۋالدى .

— ھەي ، تور - قاپقان لەشكەرلىرى ، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ، — مەن ئەۋلىيا ئەرلاڭ ئەزىمەت بولىمەن ، يۇرۇن سۇلتاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن جادۇگەر مايمۇننى تۇتۇش ئۈچۈن كەلدىم . بارگاھنىڭ قوۋۇقىنى دەرھال ئېچىڭلار !

بىرئازدىن كېيىن مالائىكىلەر قاتمۇقات تور - قاپقانلاردىن ئۆتۈپ ، بارگاھقا كىردى . تۆت چوڭ پەلەك شاھى ۋە ۋايجىراۋانا قاتارلىقلار ئارامگاھ يامۇلدىن چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى . كۆرۈشۈشتىن كېيىن ۋايجىراۋانا ئەھۋاللارنى بىرقۇر بايان قىلدى . ئېرلاڭ كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دېدى :

— پېقىر بۇ يەرگە كەلگەنىكەن ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزگىرىشتە بىر ئېلىشىپ باقماقچى . جانابىي سەركەردىلەر ئاسمانغا تارتىلغان

تورنى ئېلىۋېتىپ ، ئەتراپىنى مۇستەھكەم قىلسىلا . ئۆزۈم بىر قەپەس ئېلىشىپ باقاي . ۋايجىراۋانا كۆكتە تورۇپ ماڭا جادۇگەرنى كۆرسىتىش ئەينىكىنى تۇتۇپ بەرسۇن . بەلكىم ئۇ يېڭىلىپ باشقا ياقىقا قېچىپ كېتىشى مۇمكىن . شۇ ۋاقىتتا ئۇنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئەينەكتە ئۇنى زاھىر قىلىش ھاجەتتۇر .

شۇنىڭ بىلەن ئەزىمەت ئىرلاڭ تۆت پاشاپ بېگى ، ئىككى سەركەردىنى باشلاپ ، جەڭگە ئاتلىنىپ بارگاھتىن چىقتى . ئۇلار سۇ پەردىلىك غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆردىكى ، رەتلىك تىزىلغان سانسىز مايمۇن ھەيۋەتلىك قوشۇن تەشكىل قىلغانىدى . قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تۇغ تىكىلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭغا «پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم» دېگەن خەت يېزىلغانىدى . بارگاھ ئىغىزىدىكى مايمۇنلار ئىرلاڭنى كۆرگەندىن كېيىن ، دەرھال كىرىپ خەۋەر يەتكۈزدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىلىق گۈرزىسىنى قولىغا ئېلىپ ، ئالتۇن ساۋۇتىنى ، يۇمشاق ئۆتۈكىنى ۋە ئالتۇن تاجىنى كىيدى ـ دە ، بارگاھتىن ئېتىلىپ چىقتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن بىر ئۆزگىچە ياسانغان ئىرلاڭ ئەزىمەت تۇراتتى .

## نەزم

*قاملاشقاندۇر قامىتى ، ئۇندىنمۇ بەك جامالى ،*
*قۇلاقلىرى ئالىقاندەك ، كۆزلىرى خۇپ نۇرانە .*
*سۇمۇرغ گۈللۈك دوپپىسى زىننەت بەرگەن ھۆسنىگە ،*
*زەپى رەڭلىك كەمزۇلى ئېسىللىكتە يېگانە .*
*مەغرۇرلۇقتا ياراتماس ئۆز پۇشتىنى ئۇ ھەتتا ،*
*گۇەنجاڭ ئارا كۆرەڭلەپ سۇرۇپ كەلگەن دەۋرانە .*
*ياردەم قىلار كىشىگە چىن سەمىمىي دىل بىلەن ،*
*ئىرلاڭ دېگەن نامى بار ، ئۇ يېتىشكەن مەردانە .*

سوْن ۋوْكوْك ئوْنى كوْروْپلا :

— قەيەردىن كەلگەن نوچىسەن؟ يوْرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ مەن بىلەن ئېلىشماقچىمۇسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— كــوْزوْڭ تـــامـــنـــىـــڭ تـوْشـوْكــمـوْ نىـمە؟ مىـنى تونـوْمايۋاتامسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئېرلاڭمۇ، — مەن يوْروْن سوْلتانىنىڭ جىيەنى، كىشىلەرگە ياردەم ئاتا قىلغوْچى خىسلەتلىك پادشاھ ئېرلاڭ بولىمەن. بوْگوْن تەڭرىتائىلانىڭ پەرمانى بىلەن ئەرش ئوردىسىنى مالىمان قىلغان مىراخور مايموْنەكنى توْتقىلى كەلدىم. بوْرنوْڭغا ئوْلوْم پوْرىمايۋاتامدوْ؟

— تىللاي دېسەم سەن بىلەن ھېچقانداق ئاداۋىتىمىز يوق، بىرەر كالتەك سالاي دېسەم جېنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. سەن كىچىك بولغاندىكىن تېز بېرىپ پەلەك شاھلىرىنى چاقىرىپ كەلگىن.

ئېرلاڭ سوْن ۋوْكوْڭنىڭ بوْ سوْزىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ۋە:

— ھــەي نــاكەس مايموْن، ئەجەب بىھوْرمەتلىك قىلىسەنا؟ ئەمدى نەيزەمنى تېتىپ كوْرگىن! — دېگىنىچە ئېتىلىپ كەلدى.

سوْن ۋوْكوْڭ چاققانلىق بىلەن ئوْزىنى چەتكە ئېلىپ، ئالتوْن توقىلىق گوْرزىسىنى ئىشقا سېلىپ ئوْنىڭغا تاقابىل توْردى. ئوْلار ئوْچ يوْز قەپەس ئېلىشىپمۇ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. بوْ چاغدا ئــېــرلاڭ بــىــرلا سىلكىنىپ ئون مىڭ گەز ئېگىزلىكتىن سوْن ۋوْكوْڭنىڭ بېشىغا قارىتىپ چاپتى. سوْن ۋوْكوْڭمۇ كارامىتىنى ئـىـشـقـا سـېـلـىپ، ئېرلاڭنىڭ بوي - قامىتى ۋە تەلەتى بىلەن ئوپئوخشاش بولوْپ ئوْزگەردى - دە، ئالتوْن توقىلىق دىلىپسەن گوْرزىسىنى توغرىلاپ، خوْددى كوْئېنلوْن چوققىسىدەك بەھەيۋەت بىلەن ئېرلاڭغا تاقابىل توْردى. بوْ دەھشەتتىن قورقوْپ كەتكەن ئىككى مايموْن سەركەردە قوللىرىدىكى توْغ - ئەلەملەرنى تاشلاپ، لاغــىلداپ تىترەشكە باشلىدى. قالغان ئىككى مايموْن سەركەردە بــولسا قىلىچلىرىنى توْتقان پېتى داڭ قېتىپلا قالدى. بوْ چاغدا ئېرلاڭنىڭ ئالتە سەركەردىسى چوْقان سېلىشىپ، سوْ پەردىلىك غار

ئالدىدىكى بارگاھقا شىددەت بىلەن بېسىپ كەلدى . بىچارە سەركەردىلەر ۋە مايمۇنلار ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنى ، قىلىچ ـ شەمشەرلىرىنى تاشلاپ ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشتى . گاھىلىرى تاغقا چىقىپ مۆكۈشسە ، گاھىلىرى غارغا كىرىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشتى . ئاخىر مۈشۈككە يولۇققان چاشقانلاردەك تىرىپىرەن بولۇپ تېزىپ كەتتى .

سۈن ۋۇكۇڭ قاتتىق ئېلىشىۋېتىپ ، بارگاھتىكى مايمۇنلارنىڭ قورقۇپ قېچىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە ، كۆڭلى دەككە ـ دۈككىدە بولۇپ ، سېھىرىي قىياپىتىدىن ياندى ۋە گۈرزىسىنى چۆشۈرۈپ مەيداندىن چېكىندى . ئېرلاڭ ئۇنىڭ يېڭىلىپ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ :

— قېچىپ قەيەرگە بارىسەن ؟ بالدۇرراق تەسلىم بولساڭ جېنىڭ ئامان قالىدۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى .

سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماستىن بار كۈچى بىلەن غار تەرەپكە قاراپ چاپتى . غار ئالدىغا كەلگەندە ئالتە سەركەردە لەشكەرلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ :

— ھەي نائىپىي مايمۇن ، قەيەرگە قاچماقچىسەن ؟ — دېگىنىچە دېۋەيلىشىپ كەلدى .

سۈن ۋۇكۇڭ ئالاقزادە بولۇپ ، گۈرزىسىنى كەشتە يىڭنىسىچىلىك قىلدى ـ دە ، قۇلىقىغا سېلىۋېلىپ ، شۇ زامات قۇشقاچقا ئۆزگىرىپ ، دەرەخ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇۋالدى . ئالتە سەركەردە ئالمان ـ تالمان ئەتراپنى ئاختۇرۇپ تاپالمىغاندىن كېيىن ھەيران بولۇشۇپ :

— بۇ مايمۇن قېچىپتۇ ـ دە ! — دېيىشتى .

ئېرلاڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، ئەتراپنى كۆزىتىپ ، سۈن ۋۇكۇڭنىڭ قۇشقاچقا ئۆزگىرىپ ، دەرەخكە چىقىۋالغانلىقىنى كۆردى ـ دە ، سېھرىي قىياپىتىدىن قايتىپ ، قۇرغۇيغا ئۆزگىرىپلا غۇيۇلداپ ئېتىلىپ كەلدى ، سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، پۇررىدە كۆتۈرۈلۈپ ، قاغىغا

ئۆزگىرىپلا ئاسمانغا تىك ئۆرلەپ چىقىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئىرلاڭمۇ شاققىدە چايكىغا ئۆزگىرىپ، بۇلۇتلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ ئۇنى قوغلىدى. سۇن ۋۇكۇڭ بولسا تۇيۇقسىزلا تۆۋەنلەپ جىلغىغا چۈشتى ـ دە، بېلىققا ئۆزگىرىپ چولتوككىدە قىلىپ دەرياغا كىرىپ كەتتى. ئىرلاڭ ئۇنى قوغلاپ كېلىپ جىلغىدىن قارىسىمۇ ئۇچرىتالمىغاندىن كېيىن «بۇ مايمۇنەك چوقۇم دەرياغا چۈشۈپ بېلىققا ئۆزگىرىۋالغان بولسا كېرەك، ئۇنى يەنە ئۆزگىرىپ تۇرۇپ تۇتمىسام بولمىدى» دەپ ئويلىدى ـ دە، دېگەندەك بىر بېلىقئالغۇچقا ئۆزگىرىپ، دەريا ئۈستىدە ئايلىنىشقا باشلىدى. سۇن ۋۇكۇڭ بېلىققا ئۆزگىرىپ، سۇنىڭ ئىقىشى بويىچە كېتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت قۇرغۇي دېسە قۇرغۇي ئەمەس، لاچىن دېسە لاچىن ئەمەس بىر قۇشنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە «چوقۇم ئىرلاڭ مۇشۇنداق ئۆزگىرىۋېلىپ، مېنى ساقلاپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى ۋە غاچچىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ، بەدەر قاچتى. بۇنى كۆرگەن ئىرلاڭ.

— ھەي بېلىق، نېمە مېنى كۆرۈپلا قاچىسەن؟ سەن چوقۇم مايمۇندىن ئۆزگىرىۋالغىنىڭ دەيمەن؟ — دېگىنىچە ئېتىلىپ چۈشۈپ، شارتتىدە تۇمشۇقىنى تىقتى. سۇن ۋۇكۇڭ سۇدىن شۇڭغۇپ چىقىپ، غاچچىدە بىر يىلانغا ئۆزگىرىۋالدى ۋە قىرغاقتىن چىقىپ چۆپلۈككە مۆكۈنۈۋالدى. دەريادىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن ئىرلاڭ سۇدىن ۋىژىلداپ چىقىپ كېتىۋاتقان بىر يىلاننى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭ سۇن ۋۇكۇڭ ئىكەنلىكىنى پەملەپ، چاقچاقلىق بىلەن بىر سۇر تۇرنىغا ئۆزگەردى ۋە قىسقۇچتەك ئۇزۇن، ئۇچلۇق تۇمشۇقىنى سوزۇپ، يىلانغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. يىلان شۇ ھامان بىرلا تاقلاپ پاختەككە ئۆزگىرىۋالدى. ئىرلاڭ بۇ چاغدا ئەسلىي قىياپىتىگە قايتىپ، كامالەكنى چىقىرىپ نىشانلاپ تۇرۇپ بىر قويدى ـ دە، ئۇنى تىك موللاق چۈشۈرۈۋەتتى.

سۇن ۋۇكۇڭ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قىيادىن دومىلاپ

چۈشكەنچە يەردە دۇم يېتىپ بىر بۇتخانىغا ئۆزگىرىۋالدى ۋە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئىشىك ، چىشلىرىنى ئىشىك قانىتى ، تىلىنى مەبۇت ، كــۆزىـــنى روجــەك قىلىۋالدى . يىغىشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغان قۇيرۇقىنى بولسا بۇتخانا ئارقىسىغا تىكلەپ تۇغ قىلدى . ئىبرلاڭ قىيادىن چۈشۈپ يىقىلغان قۇشنى تاپالمىدى . قارىغۇدەك بولسا ، ئۇ يەردە بىر بۇتخانا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغۇدەك . ئۇ سۇمۇرغ كۆزىنى ئېچىپ زەن سېلىپ قارىدى ۋە بۇتخانا ئارقىسىدىكى تۇغنى كۆرۈپ ، ھىجايغان ھالدا :

— بۇ مايمۇنەك يەنە مېنى كولدۇرلىتىۋېتىپتۇ ـ دە ! مەن بــۇتــخــانــا كــەيــنــگــە تــۇغ تــىكلەنگەنلىكىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم . بۇ شۇ مايمۇننىڭ ھىيلىسى بولماي نېمە ؟ ئۇ مېنى ئالداپ بۇتخانىغا كىرگۈزۈۋالسا ، كاپلا قىلىپ چىشلىۋالىدۇ . ھىم ، مەن ئالدىنىپ كىرەتتىممۇ ؟ خەپ توختاپ تۇر ، مۇشتۇمۇم بىلەن روجــەكلىرىڭنى چېقىپ ، ئىشىكىڭنى تېپىپ ئۆرۈۋەتمىسەم ، — دېدى .

بۇنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭ ۋەھىمىگە چۆمگەن ھالدا : «بۇنىڭ رەھــمــســزلىكىنى قارا ! ئىشىك مېنىڭ چىشلىرىم ، روجەك كۆزلىرىم تۇرسا ، چىشلىرىمنى چېقىپ ، كۆزلىرىمنى قۇيۇۋەتسە قــانــداق بــولىدۇ ؟ » دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ۋە ئورنىدىن دىككىدە سەكرەپ تۇرۇپ ، ھاۋاغا چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى .

ئــبىرلاڭ تەرەپ ـ تەرەپنى ئىزدەشكە باشلىدى . شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئالتە سەركەردىسى كېلىپ :

— ئاكا ، ئەۋلىيا ئەزەمنى تۇتالمىدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— باياتىن ئۇ مايمۇنەك مېنىڭ كۆزۈمنى غەلەت قىلىپ ، بىر بۇتخانىغا ئۆزگىرىۋالغانىدى ، — دېدى ئىبرلاڭ كۈلۈپ قويۇپ ، — روجەكلىرىنى چېقىپ ، چىشلىرىنى تۆكۈۋېتەي دەپ تۇرۇشۇمغا ، بــىــر سەكــرەپلا كۆزدىن غايىب بولدى . توۋا ، ئەجەبمۇ شەيتان نېمىكەن بۇ !

ئــالتە سەركەردە ھەيران بولۇشۇپ ئەتراپقا تەڭلا قاراشتى .

بىراق ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى . ئىرلاڭ ئۇلارغا :

— قېرىنداشلىرىم ، سىلەر مۇشۇ يەردە كۆزىتىپ تۇرۇڭلار . مەن بېرىپ ئۇلارنى ئىزدەپ باقاي ، — دېدى ۋە بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ ئاسمان قەھرىگە ئۆرلەپ چىقتى .

ۋايجىراۋانا جادۇگەرنى كۆرسىتىدىغان ئەينەكنى تۇتۇپ ، ناجا بىلەن بۇلۇت ئۈستىدە تۇراتتى . ئىرلاڭ ئۇلارنى كۆرۈپلا :

— ھېلىقى مايمۇن پادىشاھىنى كۆردۈڭلارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئايان بولغاندەك قىلمىدى ، مەن ئەينەكنى شۇنىڭغىلا توغرىلاپ تۇرۇۋاتىمەن ، — دېدى ۋايجىراۋانا .

ئىرلاڭ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۆزگىرىشتە بەسلىشىپ ، كارامەت كۆرسەتكەنلىكىنى ، مايمۇنلارنى چۆچۈتۈپ قاچۇرۇۋەتكەنلىكىنى بىرقۇر سۆزلەپ بولۇپ :

— ئۇ بۇتخانىغا ئۆزگىرىۋالغاندا تازا بىر ئەدىپىنى بېرەي دەپ تۇرۇشۇمغا قېچىپ كەتتى ئەمەسمۇ ؟ — دېدى .

ۋايجىراۋانا بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، جادۇگەرنى كۆرسىتىش ئەينىكى بىلەن ئەتراپنى بىرقۇر كۆزەتكەندىن كېيىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ :

— ئىرلاڭ ئەزىمەت ، چاققان بولسىلا ! ئۇ مايمۇن غايىب بولۇش سېھرىنى ئىشقا سېلىپ ، بارگاھ قورشاۋىدىن چىقىپ ، سىلىنىڭ گۇەنجاڭ ئېغىزىغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ ، — دېدى .

ئىرلاڭ بۇنى ئاڭلاپلا شەمشەر قىلچىنى قولىغا ئېلىپ گۇەنجاڭ ئېغىزىغا قاراپ قوغلاپ كەتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ گۇەنجاڭ ئېغىزىغا يېتىپ كېلىپ ، ئىرلاڭنىڭ بۇۋىسىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالدى ـ دە ، بۇلۇتتىن چۈشۈپ بۇتخانىغا كىردى . شەيخ مۇنكىرلار ئۇنى راستىنلا ئىرلاڭنىڭ بۇۋىسى ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ باش ئېگىشىپ كۈتۈۋالدى . سۇن ۋۇكۇڭ بۇتخانىغا كىرىپلا كۈجە ـ ئىسرىق ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە

باشلىدى . دەل شۇ پەيتتە بىرى كىرىپ : «ئىبرالاڭ بېگىم كەلدى» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى .
شەيخلار ئۇنى كۆرۈپلا ھەيران قېلىشتى . ئىبرالاڭ ئۇلاردىن :
— ئەۋلىيا ئەزەم دەيدىغان بىرى بۇ يەرگە كەلمىدىمۇ ؟ — دەپ سورىدى .
— ئەزەم ـ پەزەم دېگەننى كۆرمىدۇق . پەقەت بوۋىمىز كېلىپ كۇجە ـ ئىسرىقلارنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ ، — دېدى شەيخلار بىردەك .
ئىبرالاڭ شۇئان بۇتخانىغا ئېتىلىپ كىردى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى كۆرۈپ ، ئەسلىي قىياپىتىگە قايتتى ۋە :
— ئىبرالاڭ ئەزىمەت ، بۇنچە ئەزۋەيلەپ كەتمىسىلە ، بۇ بۇتخانا ماڭا تەۋە بولدى ! — دېدى .
ئىبرالاڭ دەرھال ئۈچ ئۈچى بار ئىككى بىسلىق نەيزىسىنى تەڭلەپ ئېتىلىپ كەلدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۆزىنى شاققىدە قاچۇرۇپ ، دىلىپىسەن گۈرزىسىنى چىقىرىپ ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇردى . ئىككىيلەن قاتتىق ئېلىشقان پېتى بۇتخانىدىن چىقتى ـ دە ، گاھى بۇلۇتلار ئۈستىدە ، گاھى تۇمانلار ئارىسىدا پومداقلىشىپ ، گاھ ئېلىشىپ ، گاھ قوغلىشىپ ، يەنە گۈلشەن تېغىغا كېلىپ قالدى . ئالاقزادە بولغان پەلەك شاھلىرى ۋە سەركەردىلەر جىددىيلىشىپ مۇداپىئەنى كۈچەيتتى .
ئەمدى كۈچتۈڭگۈر جەنناسقا كەلسەك ، ئۇ ئىبرالاڭ ئەزىمەت ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنى سۇن ۋۇكۇڭنى تۇتۇشقا ئەۋەتىۋەتكەندىن كېيىن ، ئەرشكە قايتىپ چىقىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى .
يۇرۇن سۇلتان ، بۇدساتۋا ، خان ئانا ۋە ئوردا سىپاھلىرى خىسلەتدار قەسىردە ئولتۇرۇپ ، تاقەتسىزلەنگەن ھالدا :
— ئىبرالاڭ جەڭگە ئۆتكەن تۇرۇقلۇق يەنە خەۋەر كەلمەيدىغۇ ؟ — دېيىشتى .
بۇ چاغدا بۇدساتۋا ئالىقىنىنى جۈپلەپ تۇرۇپ :
— كەمىنىلىرى جانابىي ئالىيلىرى ۋە پىر ئۇستازلارنىڭ جەنۇبىي ئەرش دەرۋازىسىغا چىقىپ ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۆز

كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ بېقىشنى ئىلتىجا قىلىمەن ، — دېدى .
— ياخشى گەپ بولدى ! — دېدى يۇرۇن سۇلتان ۋە دەرھال ئالىي قەسىردىن چۇشۇپ ، پىر ئۇستاز ، ئاۋالوكتىسۋارا ، خان ئائىلە بىلەن بىرگە جەنۇبىي ئەرش دەرۋازىسىغا چىقتى . بۇ يەردىكى ئەرش كۇتىۋالىلىرى ۋە كۇچتۇڭگۇرلەر ئۇلارنى كۇتۇۋېلىپ ، دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى . ئۇلار تۆۋەنگە نەزەر ئاغدۇرۇشتى . ئەرش لەشكەرلىرى ئاسماندا تور ، يەردە قاپقان قۇرۇپ ، ئەتراپنى قورشىۋالغانىدى . ۋايجىراۋانا بىلەن ناجا جادۇگەرنى كۆرسىتىش ئەينىكىنى تۇتۇپ بۇلۇت ئۇستىدە تۇراتتى . ئېرلاڭ ئەزىمەت سۇن ۋۇكۇڭنى قورشاۋ ئىچىگە قىستاپ كىرىپ قاتتىق ئېلىشىۋاتاتتى . بۇدساتۋا ئەۋلىيا پېشۋاسىغا قاراپ :
— كەمىنىلىرى كۆرسەتكەن ئېرلاڭ ئەۋلىيا قانداقراق ئىكەن ؟ كۆرۈپ تۇرۇپتىلىكى ، ئۇ ھەقىقەتەن كارامەتلىك يىگىت . ئۇنى تېخى تۇتالمىغان بىلەن قورشاۋ ئىچىگە سولىۋالدى . ئەمدى مەن ئازراقلا مەدەت بەرسەملا گەپ يوق ئۇنى قولغا چۇشۇرىدۇ ، — دېدى .
— سىلى قانداق قورال ئىشلىتىپ ، قانداق مەدەت بەرمەكچى بولۇۋاتىدىلا ؟ — سورىدى ئەۋلىيا پېشۋاسى ئۇنىڭدىن .
— مەن ئاۋۇ قۇرۇق كومزەكلەرنى گۇلدۇرلىتىپ تاشلىسام ، ئۇ ئۇلمىگەن تەقدىردىمۇ يىقىلىپ ياتىدۇ . ئۇ چاغدا ئېرلاڭ ئەزىمەت ئۇنى ئاسانلا تۇتۇۋالىدۇ .
— كاھىشتىن ياسالغان بۇ كومزەكلەر ئۇنىڭغا تەگسىلا بەك قالتىس ئىش بولىدۇ . ئۇنىڭ بېشىغا تەگمەي گۇرزىسىگە تېگىپ كەتسىمۇ ، گۇرزىنى پارە - پارە قىلىۋېتىدۇ . سىلى قول سالماي تۇرسىلا ، ئاۋۋال مەن بىر ياردەم قىلىپ باقاي .
— سىلىنىڭ قانداق قوراللىرى بارئىكىن ؟
— بار ، بولمامدىغان ، — دېدى ئەۋلىيا پېشۋاسى كەمزۇلىنىڭ يېڭىنى يەلپۇتۇپ ، سول بىلىكىدىن بىر چەمبەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ ، — بۇ قورال قۇرۇچ ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن .

ئۆزگىرىپ تۇرالايدۇ . سۇدىنمۇ ھەم ئوتتىنمۇ قورقمايدۇ . ھەرقانداق نەرسىگە كىيگۈزۈپ قويۇشقا بولىدۇ . بۇ برىلليانت بىلەزۈك ياكى برىلليانت چەمبەر دەپ ئاتىلىدۇ . كۆرۈپ تۇرسىلا مەن بۇنى تاشلاپ باقاي .

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا چەمبەرنى ئەرش دەرۋازىسىدىن پەسكە قارىتىپ تاشلىدى . چەمبەر ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ چۇشۇپ گۈلشەن تاغدىكى بارگاھتا تۇرغان سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بېشىغا قاتتىق تەگدى . سۇن ۋۇكۇڭ شۇ ھامان سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قاچماقچى بولۇپ تۇرغاندا ئىرلاڭ بېگىمنىڭ تايغان ئىتى كېلىپ پاچىقىدىن كاپ قىلىپ چىشلىدى ـ دە ، يەنە يىقىتتى . ئۇ ئورنىدىن ئۆمىلەپ تۇرۇپ بولغۇچە ، يەتتە باتۇر بىراقلا كېلىپ بېسىۋېلىپ ئارغامچا بىلەن چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ ، قىلىچنى تارغاق سۆڭىكىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۆزگىرەلمەس قىلىۋەتتى .

ئەۋلىيا پېشۋاسى برىلليانت چەمبەرنى قايتۇرۇۋېلىپ ، يۇرۇن سۇلتان ، ئاۋالوكتسۋارا ، خان ئانا ۋە بەگ ـ سىپاھلار بىلەن بىللە خىسلەتدار قەسرىگە قايتىپ كەلدى . زېمىندىكى تۆت چوڭ پەلەك شاھى ، ۋايجىراۋانا قاتارلىق ئەۋلىيا ، مالائىكىلەرمۇ بارگاھلارنى چۇۋۇپ ، لەشكەرلەرنى چېكىندۇرۇپ ، زەپەر مارشىنى توۋلىغانچە ئەرشكە قايتىپ چىقتى ، ئۇلار نۇرانە قەسىر ئالدىغا كەلگەندە ، پەلەك مۇرەببىسى كىرىپ :

— تۆت چوڭ پەلەك شاھى ۋە سەركەردىلەر جادۇگەر مايمۇن پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەمنى تۇتۇپ كەپتۇ . ئىجازەتلىرىنى كۈتۈپ تۇرماقتا ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى .

يۇرۇن سۇلتان پەرمان چۈشۈرۈپ ، كۈچتۈڭگۈر جەنناس بىلەن پەلەك كۈتۋاللىرىنى سۇن ۋۇكۇڭنى جازا مەيدانىغا يالاپ ئاپىرىپ ، چاناپ قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىشكە بۇيرۇدى . سۇن ۋۇكۇڭنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# يەتتىنچى باب

## *سوْن ۋوْكوْڭنىڭ رەم ئوچىقىدا تاۋلىنىپ چىققانلىقى*
## *ۋوْخاڭشەن تېغىنىڭ ئاستىغا بەند قىلىنغانلىقى*

ئەلقىسسە، پەلەك لەشكەرلىرى سوْن ۋوْكوْڭنى توْتوْپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ كەلدى ۋە جازا توْۋرۇكىگە باغلاپ قىلىچ، پالتىلار بىلەن چاپتى، نەيزىلەرنى سانجىدى. بىراق، ئوْنىڭ بەدىنىگە قىلچىمۇ زەخمەت يەتكۈزەلمىدى. بۇ چاغدا جەنۇبىي قۇتۇپ يۇلتۇزى ئوت مالائىكىلىرىنى چاقىرىپ ئوْنى ئوت ـ يالقۇن ئىچىدە ئۆرتەشكە بۇيرۇدى. بۇمۇ كار قىلمىدى. يەنە گۈلدۈرماما مالائىكىلىرىنى بۇيرۇپ چاقماق بىلەن سوقتۇردى. بۇ نەرسىلەر سوْن ۋوْكوْڭنىڭ بىر تال موْيىغىمۇ زەخمەت يەتكۈزەلمىدى. ئاخىر كۆچتوْڭگوْر جەنناس كۆپچىلىك بىلەن بىرگە يۇرۇن سۇلتانىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— سەلتەنەتلىك شاھ ئالىيلىرى، بۇ ئەۋلىيا ئەزەم قانداق سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىپ كەلدىكىنتاڭ، پالتا، قىلىچلار بىلەن چاناپ، ئوت ـ چاقماقلار بىلەن كۆيدۈرۈپ باقساقمۇ مىت قىلماي ساق تۇرىدۇ. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى.

— بۇ ئەبلەخنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولاركىن؟ — دېدى يۇرۇن سۇلتانمۇ ئەتراپىغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

بۇ چاغدا ئەۋلىيا پېشۋاسى ئالدىغا چىقىپ مۇنداق ئىلتىجا قىلدى:

— بۇ مايمۇن پىرونۇس شاپتۇلىنى يەۋالدى، شاھانە شارابىنى ئىچىۋالدى، ئىسكىر ـ نايابىنىمۇ ئوغرىلاپ كەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ بەدىنى گىگانتقا ئايلىنىپ، ھېچنېمە كار قىلماس بولۇپ قالدى.

بۇنىڭدىن كۆرە، مەن ئۇنى ئاپىرىپ رەم ئوچىقىدا كۆيدۈرۈپ، ئىسكىر - ناياپنى چىقىرىۋالاي، ئۆزىنى كۈلگە ئايلاندۇرۇپ تاشلىۋېتەي!

يۇرۇن سۇلتان بۇنى ئاڭلاپ ئالتە كوتۇال بىلەن ئالتە چىغىناقتا سۈن ۋۇكۇڭنى بوشتىپ ئەۋلىيا پېشۋاسىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى. ئەۋلىيا پېشۋاسى پەرماننى ئېلىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ تۇشتا سارىيىغا كېلىپلا سۈن ۋۇكۇڭنىڭ قولىنى يېشىپ، تارغاق سۆڭەككە ئۆتكۈزۈپ قويغان زىخنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋېتىپ، ئۇنى رەم ئوچىقىغا تاشلىدى ۋە ئوچاقتا قارايدىغان زاھىت، ئوت قالايدىغان غۇلاملارغا ئوتنى ئۇلغايتىشنى بۇيرۇدى. ئۇ ئوچاق ئاسمان، ئويمان، تاغ، گۈلدۈرماما، شامال، ئوت، تۇپراق، سايازلىق قاتارلىق سەككىز قەۋەتلىك رەم ئوچىقى ئىدى. سۈن ۋۇكۇڭ ئوچاقنىڭ دەل شامال قەۋىتىگە بېكىنىۋالدى. بۇ يەردە ئوت كۆيمەيتتى. شامال بىلەن تورۇلۇپ كەلگەن ئىس - تۈتەكلەر ئۇنىڭ كۆزلىرىنى قىزارتىۋەتتى. بارا - بارا ئۇنىڭ كۆزلىرى يالقۇنلۇق بىگاھقا ئايلاندى.

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ تېز ئۆتتى. كۆيە - كۆيە قىرىق توققۇز كۈن بولغاندا ئەۋلىيا پېشۋاسى ئوتنى توختىتىپ، ئىسكىر - ناياپنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئوچاقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ياش ئېقىۋاتقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرغان سۈن ۋۇكۇڭ تاراقلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئىتتىك كۆزىنى ئاچتى ۋە ئوچاق ئىچىگە كىرىپ كەلگەن يورۇقلۇقنى كۆردى. ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن ئوچاق ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقتى - دە، ئوچاقنى بىرلا تېپىپ ئۆرۈۋېتىپ، سىرتقا قاراپ قاچتى. ئوت قالىغۇچى، ئوچاققا قارىغۇچى زاھىدلار ۋە كوتۇاللار ئالمان - تالمان كېلىپ ئۇنىڭغا يۇپۇرۇلدى. سۈن ۋۇكۇڭ ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يەر چىشلەتتى. ئارقىدىنلا ئەۋلىيا پېشۋاسى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى. سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىمۇ بىرلا ئىتتىرىپ تىك موللاق

چۇشۇرۇۋېتىپ قۇتۇلۇپ چىقتى ـ دە ، قۇلىقىدىن دىلىپسەن گۆرزىسىنى چىقىرىپ ، شامالدا بىر ـ ئىككى سىلكىپلا پىيالىنىڭ ئاغزىدەك توملۇقتا قىلىپ ، ئالدىغا ئۇچرىغان نەرسىنى ئۇرۇپ ـ چېقىپ ، پەلەك ئوردىلىرىنى قالايمىقان قىلىشقا باشلىدى . بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن توققۇز ئەقرەب ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى مەھكەم تاقىۋېلىشتى . تۆت پەلەك شاھى قەيەرگىدۇر غايىب بولدى . ئۇ نۇرانە قەسرىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىپ ، خىسلەتدار قەسرىگە كەلگەندە قەسرىنى قوغداۋاتقان باقاۋۇل قەسىر بېگى قولىغا ئالتۇن قامچىسىنى ئېلىپ ، ھەيۋەت بىلەن بېسىپ كەلگەن سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى ۋە :

— ھەي ئۆلۈمتۈك مايمۇن ! قەيەرگە بارماقچىسەن ؟ مەن بار يەردە كۆرەڭلىگۈچى بولما ! — دەپ ۋارقىرىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنتمۇ قىلماستىن گۆرزىسىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ سالدى . ئوردا باقاۋۇل بېگى قامچىسىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇردى .

خىسلەتدار قەسرىنىڭ ئالدىدا بىر مەيدان ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى . شۇ ئارىدا قەسرىنىڭ پاناھدار خانى ياردەمچى ئەمرىنى گۈلدۇرماما مەھكىمىسىگە ئەۋەتىپ ، ئوتتۇز ئالتە گۈلدۇرماما سەركەردىسىنى باشلاپ كەلدى . ئۇلار سۇن ۋۇكۇڭنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم ياسىدى . سۇن ۋۇكۇڭ بولسا قىلچە قورقماستىن تۇرۇپ ، بىر تال گۆرزىسى بىلەنلا ئۇلارنىڭ زەربىسىنى قايتۇردى . بىرئازدىن كېيىن گۈلدۇرماما سەركەردىلىرىنىڭ نەيزە ، قىلىچ ، يالمان ، يارما دەستە ، ئۇمۇت ، دەررە ، ئايپالتا ۋە تىرنىلىرى سۇن ۋۇكۇڭنى بارغانسېرى شىپقاپ كەلدى . ئۇ شۇ ھامان بىرلا ئۆزگىرىپ ئۈچ باشلىق ، ئالتە قوللۇق بولدى ـ دە ، دىلىپسەن گۆرزىسىنى ئۈچ قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى چاقپەلەكتەك پىرقىراشقا باشلىدى . ئۇنىڭغا يېقىنلىششقا جۈرئەت قىلالمىغان گۈلدۇرماما مالائىكىلىرى نېمە قىلارىنى بىلمەي ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ كەتتى . بۇ ئىشتىن

خەۋەر تاپقان يورۇن سۇلتان دەرھال قورشاۋ بېگى بىلەن چاپاۋۇل شاھقا كۇنپېتىش دىيارىغا بېرىپ سون ۋوكوگنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بۇددا پەيغەمبىرىنى چاقىرىپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈردى .

ئىككى ئەۋلىيا پەرماننى ئېلىپ ئالغاندىن كېيىن لىڭشەن تېغىدىكى لېيىنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كېلىپ تۆت ۋاجرا ۋە سەككىز بودىساتۋاغا تەزىم - تاۋاپ بەجا كەلتۈردى ھەم تاتھاگاتو بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلدى . مالائىكىلەر ئەۋرەڭ مۇنبىرى ئالدىغا كېلىپ ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى يەتكۈزدى . تاتھاگاتو كىرىشكە ئىجازەت بەردى . ئىككى ئەۋلىيا بۇتخانىغا كىرىپ تاتھاگاتوغا تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن مۇنبەر ئالدىدا تىك تۇرۇشتى .

— يورۇن سۇلتان نېمە سەۋەبتىن ئىككىڭلارنى بۇ يەرگە ئەۋەتىپ قالدى ؟ — دەپ سورىدى تاتھاگاتو .

ئىككى ئەۋلىيا ئەھۋالنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى :

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى گۈلشەن تېغىدا ئاپىرىدە بولغان بىر مايمۇن ئۆزى بىلگەنچە ئەزۋەيلەپ مايمۇنلارنى توپلاپ جاھاننى مالىمان قىلدى . يورۇن سۇلتان ئەل قىلىش يارلىقىنى چۈشۈرۈپ ئۇنى مىراخورلۇققا قويۇۋىدى ، ئۇ ئەمەل - مەرتىۋىسىنى كىچىك كۆرۈپ قېچىپ كەتتى . ۋايجىراۋانا بىلەن شاھزادە ناجا ئۇنى قوغلاپ چۈشۈپمۇ بويسۇندۇرالمىدى . شۇنىڭ بىلەن يورۇن سۇلتان ئۇنىڭغا قايتىدىن «پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم» ئۇنۋانىنى بېرىپ ئەرشكە ئاچىقتى . ئۇنىڭ ئەمىلى بولغان بىلەن مائاش بېرىلمەيتتى . ئۇ پىرونۇس شاپتۇللۇق بېغىنى باشقۇرۇشقا قويۇلغاندىن كېيىن شاپتۇللارنى ئوغرىلاپ يەپ كەتتى . قاشبۇلاققا كېلىپ نازۇنېمەتلەرنى ، شارابلارنى ئوغرىلىدى . بەزمىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى ۋە تۇشتا سارىيىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ پېشۋا چالىنىڭ ئىسكىر - ناياپلىرىنى بۇلاپ ئەرشتىن قېچىپ چۈشۈپ كەتتى . يورۇن سۇلتان يۈز مىڭ ئەرش لەشكىرىنى ئەۋەتىپمۇ ئۇنى بويسۇندۇرالمىدى . كېيىن ئاۋالوكتسۋارا ئەۋلىيا ئەرلاڭ بىلەن ئۇنىڭ قېرىنداشنى ئەۋەتتۇردى ، ئۇ سېھىرگەرلىك قىلىپ بوي

بەرمىدى . ئاخىر ئەۋلىيا پىشۋاسى ئالماس بىلەزۈك بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ يىقىتقاندىن كېيىنلا ئەرلاڭ ئۇنى قولغا چۈشۈردى . ئەرشكە ئاچىققاندىن كېيىن يۇرۇن سۇلتان ئۇنى چىپىپ تاشلاشقا بۇيرۇدى . بىراق قىلىچ ، نەيزە ۋە گۇلدۇرماما ، چاقماقلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا كار قىلمىدى . بۇ چاغدا ئەۋلىيا پىشۋاسى سۇلتاننىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۇنى ئاپىرىپ رەم ئوچىقىغا تاشلاپ كۆيدۈردى . قىرىق توققۇزىنچى كۈنى ئوچاقنىڭ ئاغزى ئېچىلىشى بىلەنلا ، ئۇ ئوچاق ئىچىدىن سەكرەپ چىقىپ ، پەلەك كۈتۈۋاللىرىنى ئۇرۇپ يىقىتىپ ، نۇرانە قەسىر بىلەن خىسلەتدار قەسرىگە بېسىپ كىردى . باقاۋۇل ئوردا بېگى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ قاتتىق ئېلىشتى ، ئوتتۇز ئالتە گۇلدۇرماما سەركەردىسىمۇ كېلىپ ئۇنى قورشىۋالدى . بىراق ، ئۇلارمۇ تاكى ھازىرغىچە ئۇنىڭغا يېڭىلىشالمىدى . ئەھۋال ناھايىتى جىددىي ، شۇ ۋەجدىن ، يۇرۇن سۇلتان ئۆزلىرىدىن ياردەم تىلەپ مېنى ئەۋەتكەنىدى !

تاتىھاگاتو بۇ باياننى ئاڭلاپ دەرھال ئاناندا ، ماخاكاسياپا ئىسىملىك ئىككى مۇرىتىنى ئەگەشتۈرۈپ ، ئىبادەتخانىدىن چىقتى - دە ، خىسلەتدار قەسرىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى . بۇ يەردىكى ۋارقىراپ - جارقىراشلار قۇلاق - مېڭىنى يەپ كەتكۈدەك دەرىجىدە بولۇپ ، ئوتتۇز ئالتە گۇلدۇرماما مالائىكىسى سۇن ۋۇكۇڭنى ئارىغا ئېلىۋالغانىدى . بۇ چاغدا تاتھاگاتو پەرمان چۈشۈردى :

— گۇلدۇرماما سەركەردىلىرى جەڭنى دەرھال توختاتسۇن ، بارگاھ ئېچىۋېتىلىپ ئەۋلىيا ئەزەم مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىنسۇن ، مەن ئۇنىڭ قانداق سېھرىي قۇدرىتى بارلىقىنى سوراپ باقاي !

سەركەردىلەر جەڭنى توختىتىپ چېكىندى . سۇن ۋۇكۇڭمۇ سېھرىي قىياپىتىدىن يېنىپ ، ئۆز ئەسلىگە قايتتى ۋە تاتھاگاتونىڭ ئالدىغا دەرغەزەپ بىلەن كېلىپ :

— قەيەردىن كەلگەن شاپائەتچىسەن ؟ ئەجەب لەشكەرلەرنى

توختىتىپ مېنى سوراق قىلماقچى بولۇۋاتىسەنا؟ — دەپ ۋارقىرىدى.
تاتھاگاتو كۈلۈپ قويۇپ:
— ئامىتابا! مەن كۈنپېتىشتىكى بېھىشتىن كەلگەن ساكيامۇنى بولىمەن. بۈگۈن ھەددىڭدىن ئېشىپ كۆرەڭلەپ، ئەرشكە ئۆكتە قوپقانلىقىڭنى ئاڭلىدىم. ئۆزۈڭ قەيەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، قاچان ئىستىقامەت قىلغان؟ نېمىشقا بۇنچە زوراۋانلىق قىلىسەن؟ — دېدى.
— سۆزۈمگە قۇلاق سالسىلا! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ تۆۋەندىكى نەزمىنى باشلاپ:

*كائىنات تۇغقان زېرەك بىر ئەۋلىيادۇرمەن ئۆزۈم،*
*ئۇشبۇ گۈلشەن تېغىدىكى مايمۇنلار سەردارىمەن.*
*بولدى ھۆر ماكان ماڭا سۇ پەردىلىك غارنىڭ ئىچى،*
*دوست تۇتۇپ، ئۇستاز تۇتۇپ بولدۇم سېھىر پالۋانىمەن،*
*كۆپ ئۆمۈر كۆرمەككە ئۆگەندىم ماھارەت شۇنچە كەڭ،*
*قادىر بولدۇم كۆللى خىلدا ئۆزگىرىشكە بىمالال،*
*ئەمدى تار كەلدى بۇ دۇنيا مەن ئۇچۇن قەپەس كەبى.*
*شۇ سەۋەب ھەم ئەرشتە تۇرماقنى چوقۇم قىلدىم خىيال.*
*ئۇشبۇ خىسلەتدار قەسىر باقىي ئەمەس ھېچكىمگىمۇ،*
*تاكى ئەزەلدىن ئالمىشىپ كەلگەن بۇ تەخت ھەم بۇ خاقان.*
*مەردكە شان خاستۇر ھامان، ئەمدى پەيت كەلدى ماڭا،*
*ئېلىشار مەيدان ئارا گەر كىمكى بولسا قەھرىمان.*

تاتھاگاتو بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سوغۇق بىر كۈلۈپ قويدى ۋە:
— سەن ئەسلىي مايمۇن زاتى تۇرۇقلۇق يەنە نامەردلىك قىلىپ تېخى يۇرۇن سۇلتان بىلەن ئورۇن تالاشماقچى بولۇۋاتامسەن؟ ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ جان كۆيدۈرۈپ، بىر مىڭ يەتتە يۈز ئەللىك

قىتىملىق بالايىئاپەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ھەربىر بالايىئاپەت يىگىرمە توققۇز مىڭ ئالتە يۈز يىلغا باراۋەر بولىدۇ. قېنى ھېسابلاپ كۆرگىن، قانچە يىل بولىدىكەن؟ ئۇ مۇشۇ ئەجرى ئۈچۈن جاھان راھىتىدىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق ئەمەسمۇ؟ سەن جاھان كۆرمىگەن ھايۋان بۇنچىلىك چوڭ سۆزلەپ كەتمىگىن! — دېدى.

— ئۇ ياشقا چوڭ، ئەجرى كۆپ بولسىمۇ، بۇ يەردە مەڭگۈ تۇرۇۋالسا بولمايدۇ - دە، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — «خانلىق تۇرغاي ئالمىشىپ، ئەتە كەلگەي ماڭا يېتىپ» دېگەن گەپ بار. ئۇ ئەرش قەسرىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، بۇ يەردىن چىقىپ كەتسىلا بولىدى. ئەگەر ئۆتۈنۈپ بەرمەيدىكەن، ئالەمنى مالەم قىلىپ، مەڭگۈ تىنچ قىلمايمەن!

— بۇ سەلتەنەت قەسرىنى تالىشىدىغانغا سېنىڭ مەڭگۈ قېرىماسلىق ماھارىتىڭدىن باشقا يەنە قانداق كارامىتىڭ بار ئىدى؟

— ھۈنەر دېسە مەندە ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ. يەتمىش ئىككى خىل ئۆزگىرەلەيمەن، ھەرقانداق بالايىئاپەتتىمۇ ئۆلمەي مەڭگۈ ياش تۇرالايمەن. بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ، بىر موللاق ئېتىشىمدا بىر يۈز سەكسەن مىڭ چاقىرىم يۈرەلەيمەن. مۇشۇ ماھارەتلىرىم بىلەن ئەرش قەسرىدە تۇرۇشقا مۇناسىپ بولالمامدىمەن؟

— ئۇنداق بولسا بىز پۈتۈشەيلى، ئوڭ قولۇمنىڭ ئالىقىنىدىن بىرلا موللاق ئېتىپ چىقىپ كېتەلىسەڭ ئۇتقان ھېساب بول، قايتا جەڭ قىلىپ ئېلىشىپمۇ يۈرمىگىن، يۈرۈن سۇلتان ئەرشنى ساڭا بىكارلاپ بېرىپ، كۈنپېتىشقا كەتسۇن. ئەگەر ئالىقىنىمدىن چىقىپ كېتەلمىسەڭ، يەرگە قايتىپ چۈشۈپ ماھارىتىڭنى ئاشۇرغاندىن كېيىن ئاندىن كېلىپ ئېلىشقىن.

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «تاتھاگاتو دېگەن بۇ بىرنېمە تازا ھاماقەتمۇ نېمە؟ مەن بىر موللاق ئېتىشىمدا بىر يۈز سەكسەن مىڭ چاقىرىم يۈرەلەيدىغان تۇرسام، ئۇنىڭ

ئالىقىنى بىر چىمۇ چىقمايدىغان تۇرسا، سەكرەپ چىقىپ كېتەلمەسمەنما؟» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، دەرھال:
— ئۇنداق بولسا گەپلىرىدە تۇرالامدىلا؟ — دەپ سورىدى.
— گېپىم گەپ! — دېدى تاتھاگاتو ۋە شۇئان ئالىقىنىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئالىقىنىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى نىلۇپەر يوپۇرمىقىچىلىك بار ئىدى.
سۇن ۋۇكۇڭ گۈرزىسىنى قۇلىقىغا سېلىپ قويۇپ، مەردانە قىياپەتتە تاتھاگاتونىڭ ئالىقىنىغا دىككىدە سەكرەپ چىقتى ۋە:
— خوش ئەمىسە، مەن كەتتىم! — دېگەن پېتى بۇلۇتلارنى ئارقىغا تاشلاپ كۆزدىن غايىب بولدى.
تاتھاگاتو ئۇنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆزىتىپ تۇردى. سۇن ۋۇكۇڭ خۇددى چاقپەلەكتەك پىلدىرلاپ ئالغا كېتىۋاتاتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ بىردىنلا بەش تال گۈش تۈۋرۈككە دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىنى كۆكۈچ تۇمان قاپلىغانىدى.
«بۇ ئاداققى پەللە بولسا كېرەك، ئەمدى قايتىپ كەتسەم، تاتھاگاتو كېپىل بولسا خىسلەتدار قەسرى جەزمەن ئىلكىمگە ئۆتىدۇ، — ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — ياق، ئالدىراپ كەتمەي. تاتھاگاتوغا گەپ قىلىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بۇ يەرگە بىرەر بەلگە قىلىپ قوياي» دېدى ـ دە، بىر تال موينى يۇلۇۋېلىپ «سۇف» قىلغىنىچە «ئۆزگەر» دەپ ئىلتىجا قىلدى. شۇئان قېنىق سىياھقا چىلانغان بىر تال موي قەلەم پەيدا بولدى. ئۇ ئوتتۇرىدىكى تۈۋرۈككە چوڭ ـ چوڭ قىلىپ «پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم بۇ يەرنى سەيلە قىلىپ كەتتى» دېگەن خەتنى يېزىپ قويدى. خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن موينى يىغىشتۇردى ۋە ئەدەبسىزلىك بىلەن بىرىنچى تۈۋرۈكنىڭ تۈۋىگە مايمۇن پەدىسىدە سىيىپ قويدى. ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ بۇلۇتلار ئۈستىدە موللاق ئېتىپ ئەسلى جايىغا قايتىپ كەلدى ۋە تاتھاگاتونىڭ ئالىقىنىدا تۇرۇپ:
— مەن بېرىپ ـ كېلىپ بولدۇم، سىلى يۇرۇن سۇلتانغا بېرىپ ئېيتسىلا، ئۇ سەلتەنەت قەسرىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ

بەرسۇن ! — دېدى .

— ھەي ، سىيگەك مايمۇن ! — دېدى تاتھاگاتو ئۇنى تىللاپ ، — سەن مېنىڭ ئالىقىنىمدىن چىقالمىدىڭغۇ !

— سىلى نېمىنى بىلىدىلا ، مەن ئەرشىنىڭ ئەڭ چېتىگىچە باردىم . قارىسام بەش قىزىل گۈش تۈۋرۈك كۆكۈچ تۇمانغا قاپلىنىپ تۇرۇپتۇ . ئۇ يەرگە بەلگە قىلىپ قويدۇم . ئىشەنمىسىلە بىللە بېرىپ كۆرۈپ باقايلى ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بېرىش ھاجەتسىز ، ئۆزۈڭ بېشىڭنى ئېگىپ قاراپ باققىن ! — دېدى تاتھاگاتو .

سۇن ۋۇكۇڭ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، تۈۋەنگە ئېگىلىپ قارىغۇدەك بولسا ، تاتھاگاتونىڭ ئوتتۇرا بارمىقىغا «پەلەك تەگدىشى ئەۋلىيا ئەزەم بۇ يەرنى سەيلە قىلىپ كەتتى» دېگەن خەت يېزىلغان ھەم ئوڭ بارمىقىنىڭ تۈۋىدىن مايمۇن سۈيدۈكىنىڭ بەتبۇي پۇرىقى كېلىۋاتقانىكەن . سۇن ۋۇكۇڭ ھەيران بولۇپ :

— بۇ قانداق بولغىنى ! مەن بۇ خەتنى ئەرش تۈۋرۈكىگە يېزىپ قويغان تۇرسام ، قانداق قىلىپ سىلىنىڭ بارماقلىرىغا كېلىپ قالدى ؟ بۇ يەردە چوقۇم بىر سېھىرگەرلىك بار . مەن ئىشەنمەيمەن ! توختاپ تۇرسىلا ، مەن يەنە بىر بېرىپ كېلەي ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ مېڭىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇشىغا تاتھاگاتو بىر شاپىلاق قويۇپلا ئۇنى غەربىي ئەرش دەرۋازىسىدىن دومىلىتىپ چۈشۈرۈۋەتتى - دە ، بەش بارمىقىنى ئالتۇن ، ياغاچ ، سۇ ، ئوت ، تۇپراقتىن ئىبارەت بىر - بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدىغان بەش تاغقا ئايلاندۇرۇپ ، ئۇنىڭغا بەش ئاناسىر تېغى دەپ نام قويۇپ ، سۇن ۋۇكۇڭنى يېنىككىنە باستۇرۇپ قويدى . بۇنى كۆرگەن گۈلدۈرماما مالائىكىلىرى بىلەن ئاناندا ۋە ماخاكاسياپالار چاۋاك چېلىشىپ «بەلەن بولدى ، ئەجەپ بەلەن بولدى !» دەپ ئاپىرىن ئوقۇشتى .

تاتھاگاتو سۇن ۋۇكۇڭنى تاغ ئاستىغا باستۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ، ئاناندا بىلەن ماخاكاسياپانى چاقىرىپ ، كۇنپېتىشتىكى

بېھىش دىيارىغا قايتىماقچى بولدى . شۇ ئەسنادا ئىككى ئەرش پالۋانى خىسلەتدار قەسرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ :

— تاتىھاگاتو ، سەل كۈتۈپ تۇرسىلا ، ئۇلۇغ ئىگەم كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى .

تاتھاگاتو بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى . ھايت - ھۇيت دېگۈچە ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ئەنقا تەخترىاۋانلار پەلەكنى زىلزىلىگە سالغان نەغمە - ناۋا ، گۈزەل قەسىدە كۈيلىرى ، رەڭدار چاچقۇ ۋە خۇش پۇراق كۈجە - ئىسرىقلار ئىچىدە يېتىپ كەلدى . يۈرۈن سۇلتان تەخترىاۋان ئىچىدىن چىقىپ :

— ھەزرەتلىرىنىڭ جادۇگەرنى ئۇجۇقتۇرغىنىغا كۆپ رەھمەت . بولسا بىرەر كۈن تۇرۇپ بەرگەن بولسىلا ، ئەۋلىيالارنى چاقىرىپ كۆڭلىمىزنى ئىزھار قىلار ئىدۇق ، — دېدى .

تاتىھاگاتو رەت قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىماي ، قولىنى جۈپلەپ تەشەككۈر بىلدۈردى ۋە :

— مەن ئىززەتلىك ئىگەمنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن ، كۈچ - ماھارىتىمۇ چاغلىق . يەنىلا ئىززەتلىك ئىگىمىز بىلەن ئەۋلىيالىرىمىز تەلەيلىك ئىكەن . رەھمەت ئېيتىشقا ئەرزىگۈدەك نېمىسى بولسۇن ؟ — دېدى .

يۈرۈن سۇلتان شۇئان گۇلدۇرماما مالائىكىلىرىنى ئەۋەتىپ ئەرشتىكى بارلىق بەگ - سىپاھلارنى ، مالائىكى ، ئەۋلىيالارنى ، پېشۋا ، سەركەردىلەرنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى ۋە تۆت چوڭ پەلەك مۇرەببىسى بىلەن توققۇز جەننەتتىكى پەرىزاتلارغا ئەرشتىكى ھەرقايسى قەسىر ، ئوردىلارنى ئاچقۇزۇپ ، تاتھاگاتونى سەلتەنەت مۇنبىرىگە تەكلىپ قىلىپ ، تۈرلۈك نازۇنېمەتلەرنى ، ئېسىل شارابۇ ئەنتۇھۇرلارنى ، پىرونۇس شاپتۇللىرىنى كەلتۈردى .

بىرئازدىن كېيىن يۈرۈن قۇتبۇل ساماۋى ھەزرەتلىرى ، يۇقىرى قۇتبۇل گۆھىرى ھەزرەتلىرى ، ساقىپ قۇتبۇل پەزىلەت ھەزرەتلىرى ، ھاۋايىخان ھەزرەتلىرى ، قابىس يۇلتۇز تۆرە ، ئۈچ چاپارمەنلەر ، پەلەك شاھلىرى ۋە ناجا قاتارلىق پەلەك مۆتىۋەرلىرى

قاتار ـ قاتار تۈغ ـ ئەلەملەر ئاستىدا قوللىرىدا ئېسىل گۆھەر ـ مەرۋايىتلارنى ، ئابھايات مېۋىلىرىنى ، خۇش ئەمبەر گۇل ـ گىياھلارنى كۆتۈرۈشكەن ھالدا تاتھاگاتونىڭ ئالدىغا كېلىپ تاۋاپ قىلىشتى ۋە بىردەك :

— جادۇگەر مايمۇننى تەڭداشسىز قۇدرەتلىرى بىلەن يەڭگەنلىرىگە بارىكاللا ! سۇلتان ئالىيلىرى ئۆزلىرىگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بىزنى بۇ بەزمىگە تەكلىپ قىلدى . جانابلىرى بۇ بەزمىگە بىر ئىسىم قويۇپ بەرسىلە قانداق ؟ — دېيىشتى .

تاتھاگاتو ئەۋلىيالارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ :

— ئۇنداق بولسا بۈگۈنكى بۇ بەزمىنى «ئەرش ئاسايىشلىق بەزمىسى» دەيلى ، — دېدى .

— ناھايىتى باب ئىسىم ، ناھايىتى باب ئىسىم ! — دېيىشتى ئەۋلىيالار بىردەك تەستىقلىشىپ .

شۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن تېگىشلىك جايلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ ، قەدەھلەرنى ئايلاندۇرۇپ ، نەغمە ـناۋانى باشلىۋەتتى . ھەممەيلەن غەرق مەست بولدى . شۇ ئارىدا چارلىغۇچى بەگ يۈگۈرۈپ كىرىپ :

— ئەۋلىيا ئەزەم بېشىنى چىقىرىۋاپتۇ ! — دەپ خەۋەر قىلدى .

— ھېچ ۋەقەسى يوق ، ئەنسىرىمەڭلار ! — دېدى تاتھاگاتو ۋە يېڭىدىن «ھىم ، ما ، نى ، با ، مۇ ، نۇ» دېگەن ئالتە خەت يېزىلغان بىر باغاقچىنى چىقىرىپ ، ئاناندىغا بەردى ۋە ھېلىقى تاغنىڭ چوققىسىغا چاپلاپ قويۇشقا بۇيرۇدى .

ئاناندا بۇ باغاقچىنى ئېلىپ ئەرش دەرۋازىسىدىن چىقتى ـ دە ، بەش ئاناسىر تېغىنىڭ چوققىسىغا يېتىپ كېلىپ چوڭ بىر چاسا تاشقا مەھكەم قىلىپ چاپلاپ قويدى . ھېلىقى تاغدىن يىلتىزلار ئۈسۈپ چىقىپ يېرىقلار ئېتىلدى . سۇن ۋۇكۇڭغا پەقەت نەپەس ئالغۇدەك ، قوللىرىنى چىقىرىپ مىدىرلاتقۇدەكلا ئورۇن قالدى .

— باغاقنى چاپلاپ قويدۇم ، — دېدى ئاناندا قايتىپ كېلىپ .

تاتهاگاتو يۇرۇن سۇلتان بىلەن خوشلىشىپ ، ئىككى مۇرىتىنى ئەگەشتۈرۈپ ئەرش دەرۋازىسىدىن چىقتى - دە ، تۇساتتىن مېھىر - شەپقىتى قوزغىلىپ ، سۇرە - ئەپسۇن ئوقۇپ بەش ئاناسىر تېغىغا بىر زېمىن مۇئەككىلىنى چاقىرتتى ۋە بەش جەھەت ساتيالىرى بىلەن بىرگە مۇشۇ تاغدا يېتىپ - قوپۇپ سۇن ۋۇكۇڭغا نازارەتچىلىك قىلىشقا بۇيرۇدى . سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قورسىقى ئاچقاندا ، ئۇلار تۆمۈر ساقا يېگۈزدى ، ئۇسسىغاندا مىس شەربىتى ئېرىتىپ ئىچكۈزدى . خەير ، جازا مۇددىتى توشقاندا هامان ئۇنى قۇتۇلدۇرىدىغان ئادەم چىقىپ قالار . ئۇنىڭ كۆلپەتلىك كۈنلىرىنىڭ قاي زامان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# سەككىزىنچى باب

## *تاتھاگاتونىڭ مۇقەددەس نومىنى نازىل قىلىپ ئالەمگە جاكار قىلغانلىقى*
## *ئاۋالوكتىسۋارانىڭ بۇيرۇقى بىنائەن چاڭئەنگە كەلگەنلىكى*

تاتھاگاتو لىنشەن تېغىدىكى مۇقەددەس لېيىنىڭ ئىبادەتخانىسىدا تۇرۇۋاتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بارلىق بۇددىست، بۇدساتۋا، راھىب، راھىبەلەرنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

— ھازىر كۈز پەسلىنىڭ تازا مەمۇرچىلىق كۈنلىرى ئىكەن. مەندە بىر گۆھەر تاۋاق بار، ئۇنىڭغا ئەڭ نەپىس گۈلى-رەيھانلارنى، ئېسىل مېۋىلەرنى تېزىپ سىلەرگە بىر «تاۋاق بەزمىسى» قىلىپ بەرسەم قانداق دەيسىلەر؟

كۆپچىلىك ئالىقانلىرىنى جۈپلىگەن ھالدا ئۈچ مەرتەم تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتى. تاتھاگاتو تاۋاقتىكى گۈل، مېۋىلەرنى ئاناندىغا كۆتۈرگۈزۈپ، ماخاكاسياپانى تارقىتىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. بەزمە ئەھلى بۇنىڭدىن چەكسىز مىننەتدار بولۇپ، نەزمە ئوقۇشۇپ رەھمەت ئېيتىشتى.

بۇدساتۋالار نەزمىلىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تاتھاگاتودىن بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى ۋە سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى ئۆتۈندى. تاتھاگاتو رازىمەنلىك بىلەن خەير-ساخاۋەت، ئىلىم-ھېكمەت ۋە پەزلى-كامالەت ھەققىدە دانا بايانلىرىنى بىرمۇبىر زىكىر ئەيلىدى ۋە ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ:

— بىلىشىمچە، تۆت ئىقلىمدىكى كەرەملىك ۋە رەزىللىكلەر بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمايۋاتىدۇ. شەرقىي پۈرۋاۋىدىخادىكىلەر ئەدەپ-قائىدىلىك، خۇش پېئىل ۋە

ئېغىر - بېسىقتۇر . شىمالىي كۆرۈدۈپپادىكىلەر جېدەلخور ، مىجەزى قوپال بولسىمۇ ، پالاكەتراقتۇر . قولىدىن ئانچە ئىش كەلمەيدۇ . بىز غەربىي گۆدادىكىلەر تەمەخور ۋە ئۇرۇشقاق ئەمەسمىز ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىمىز . جەنۇبىي جامبۇدۇپپادىكىلەر بولسا ئۇرۇش ۋە جەڭگى - جېدەل بىلەن ئۆتىدۇ ، ئۇ يەر ھەقىقەتەن بىر قاباھەت دېگىنى . ھازىر يېنىمدا ئۈچ مۇقەددەس نوم بار . ئۇ ، كىشىلەرنى رەھىمدىللىككە ، ياخشىلىققا ئۈندىيەلەيدۇ ، — دېدى .

بودساتۋالار بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ تاتھاگاتوغا چوقۇندى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— سىلىدە قايسى مۇقەددەس ئۈچ نوم بار ؟ — دەپ سوراشتى .

— بىرىنچى نوم ئاسمان ھەققىدە ، ئىككىنچى نوم يەر ھەققىدە ، ئۈچىنچى نوم ئالۋاستىلار ھەققىدە ، — دېدى تاتھاگاتو سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — بۇلار جەمئىي ئوتتۇز بەش قىسىم بولۇپ ، بىر يۈز ئەللىك مىڭ بىر يۈز قىرىق تۆت كىتابتۇر . مەن ئۇنى شەرقىي پۇرۋاۋىدىخاغا ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتىمەن . بىرەر ئىقتىدارلىق كىشى شەرقىي دىيارغا بېرىپ ئىخلاسمەن مۇخلىستىن بىرنى تاپسا ، ئۇ تاغۇدەريالارنى ئېشىپ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ، نوملارنى شەرقىي دىيارغا ئەكېتىپ تارقاتسا دەيمەن . قېنى قايسىڭلار بېرىشنى خالايسىلەر ؟

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ئاۋالوكتسۋارا[1] بودساتۋا مۇنبەر ئالدىغا كېلىپ ، ئۈچ قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن :

— شاگىرتلىرى كەم ئەقىل بولسامۇ شەرقىي دىيارغا بېرىپ مۇقەددەس نومنى ئەكېتىدىغان كىشىنى تېپىپ كېلىشنى خالايمەن ، — دېدى .

تاتھاگاتو ئۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە :

— شۇنداق ، سىزدىن باشقىلارمۇ ئۇ يەرگە بېرىشقا يارىمايدۇ ، سىزدە كامالەتكە يەتكەن ماھارەت بار ، سىز بارسىڭىز بولىدۇ ، — دېدى .

---

[1] ئاۋالوكتسۋارا — شەپقەتچى مەبۇد مەنىسىدە .

— شەرقىي دىيارغا ھازىرلا ئاتلىنىمەن ، تاپىلايدىغان قانداق سۆزلىرى باركىن ؟

— بىرىشىڭىزدا يولنى ئوبدان كۆزىتىڭ ، كۆك قەھرىدىن مېڭىشىڭىزغا بولمايدۇ ، بۇلۇت ، تۇمانلار ئۇستىدىلا ماڭىسىز . تاغۇدەريالارغا ئوبدان زەن سېلىپ ، يولنىڭ قانچىلىك كېلىدىغانلىقىنى ئەستە تۇتۇۋېلىپ مۇقەددەس نومنى ئەكەتكۈچىگە ياخشى تاپىلاپ قويۇڭ . يىراق ، ئۇ سەپەردە پېشكەللىكلەرگە يولۇقۇشى مۇمكىن . شۇڭلاشقا ، مەن سىزگە بەش دانە گۆھەر بېرىپ قوياي .

تاتھاگاتو شۇئان ئاناندا بىلەن ماخاكاسياپاغا كىمخاب كاسايادىن[1] بىرنى ، توققۇز بوغۇملۇق قەلەي ھاسىدىن بىرنى ئاچىققۇزدى ۋە بۇدساتۋاغا سۇنۇپ تۇرۇپ :

— بۇ كىمخاب كاسايا بىلەن قەلەي ھاسىنى مۇقەددەس نومنى ئېلىشقا كېلىدىغان كىشى ئۆزى ئىشلەتسۇن ، ئەگەر بۇ يەرگە كېلىشكە قەتئىي نىيەت باغلىسا ، بۇ كاسايانى كىيسە بىر يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنالايدۇ ،ھاسىنى ئېلىۋالسا زىيانكەشلىككە ئۇچرىمايدۇ ، — دېدى .

بۇدساتۋا ئەرسىلەرنى تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ئېھتىرام بىلەن قوبۇل قىلدى . ئارقىدىنلا تاتھاگاتو ئۈچ چەمبەرنى چىقىرىپ بۇدساتۋاغا بەرگەندىن كېيىن :

— بۇ گۆھەر «چىڭىتقۇچى چەمبەر» دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ ئۈچىسى ئوخشاشتەك قىلسىمۇ ، لېكىن رولى ئوخشىمايدۇ . سىزگە چەمبەرنى چىڭىتىش ئەپسۇنىدىن ئۈچنى ئېيتىپ بېرەي ، يولدا قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىرەر ئالۋاستىغا ئۇچراپ قالسىڭىز ، ئۇنى ياخشىلىقا ئۈندەپ ، ھېلىقى مۇقەددەس نومنى ئەكەتكۈچىگە شاگىرت قىلىپ قويۇڭ . ئەگەر گەپكە كىرمىسە ، بۇ چەمبەرنى بېشىغا كىيگۈزۈپ قويسىڭىز ، باش ئۇستىخانلىرى بىلەن ئۆزلۈكىدىن تۇتىشىپ قالىدۇ . ھەربىر چەمبەرنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق

---

[1] كاسايا ـ بۇددا راھىبلىرىنىڭ كىيىمى .

ئەپسۇننى ئوقۇسىڭىزلا بېشى ئاغرىپ، كۆزلىرى پولتىيىپ، مېڭىسى يېرىلغۇدەك بولىدۇ - دە، بىزنىڭ يولىمىزغا ئاسانلا كىرىدۇ، — دېدى.

بۇدساتۋا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ دەرھال ھۆرمەت بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى ۋە راھىب خۇيئەننى ھەمراھ بولۇشقا چاقىرتىۋالدى. خۇيئەن ئالۋاستىلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن خۇددى زەبەردەس كۆچتۈگكۈرلەرگە ئوخشاش مىڭ جىڭ ئېغىرلىقتىكى بىر تۆمۈر كالتەكنى ئېلىپ بۇدساتۋاغا ئەگەشتى. بۇدساتۋا كاسايانى بىر بوپىغا يۆگەپ ئۇنىڭغا يۇدۇگۈزۈپ قويدى ھەم ئالتۇن چەمبەرنى ئاللىقانداق بىر يېرىگە يوشۇرۇپ، قەلەي ھاسىنى تايانغان ھالدا لىنشەن تېغىدىن تۆۋەنگە قاراپ راۋان بولدى.

بۇدساتۋا تاغ باغرىغا چۈشكەندە، يۈيچىن بۇتخانىسىنىڭ ئالتۇن باش پىركامىلى دەرۋازا ئالدىدا ئۇنى كۈتۈۋېلىپ، چاي ئىچىپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. بۇدساتۋا ھايال بولالمايدىغانلىقى ھەققىدە ئۆزرە ئېيتىپ:

— ھازىر تاتھاگاتونىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شەرقىي دىيارغا مۇقەددەس نومنى ئەكېتىدىغان ئادەم تاپقىلى كېتىۋاتىمەن، — دېدى.

— مۇقەددەس نومنى ئەكېتىدىغان كىشى قاچان يېتىپ كېلىدۇ؟ — سورىدى پىركامىل.

— بىرنېمە دەپ بولمايدۇ. مۇشۇ ئىككى - ئۈچ يىل ئىچىدە كېلىشى ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراقتا كېلىشى مۇمكىن.

بۇدساتۋا شۇنداق دېدى - دە، پىركامىل بىلەن خوشلىشىپ، گاھ بۇلۇت، گاھ تۇمانلار ئۈستىدە يۈرۈپ، سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇستاز ۋە شاگىرت ئىككىسى كېتىۋېتىپ بىردىنلا ئاستا لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان كەڭ بىر دەريانى كۆردى. بۇ ليۇشاخې دەرياسى ئىدى.

— شاگىرتىم، — دېدى بۇدساتۋا خۇيئەنگە قاراپ، — بۇ

دەريادىن ئۆتۈش ھەقىقەتەن قىيىندەك قىلىدۇ . مۇقەددەس نومنى ئەكېتىدىغان كىشى بۇ يەردىن ئۆتمەن دەپ چۆكۈپمۇ كېتەرمۇ ؟
— بۇ دەريانىڭ كەڭلىكى قانچىلىك كېلەر ، ئۇستازىم ؟ — سورىدى خۇيئەن .
بۇدساتۋا يۈرۈشتىن توختاپ دەرياغا نەزەر تاشلىدى . توساتتىن ، ئېقىننىڭ ئىچىدىن بىر ئالۋاستى كۆتۈرۈلۈپ چىقتى . ئۇ شۇ قەدەر بەتبەشىرە ئىدىكى :

*كۆكمۇ ئەمەس ، قارىمۇ ئەمەس ،*
*ئەپتى ئۇنىڭ نەس باسقان گويا .*
*ئېگىز ئەمەس ، پاكارمۇ ئەمەس ،*
*سىڭىر بولۇپ كەتكەن تەنلىرى*
*يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى مانا .*
*يېنىپ تۇرار كۆزى چىراغدەك ،*
*ئاغزى گويا تەڭنە ـ تاۋاقتەك .*
*قىزغۇچ چاچلىرى چاڭگىدەك چۇۋۇق ،*
*چىشلىرى ئۇنىڭ ئۆتكۈر پىچاقتەك .*
*ۋارقىراشلىرى گۈلدۈرمامىدەك ،*
*يۈگۈرەر بەئەينى ئۇچقۇر بوراندەك .*

بۇ غەلىتە مەخلۇق بىر گۆھەر ھاسىنى تايانغان ھالدا قىرغاققا چىقىپ ، بۇدساتۋانى تۇتۇش ئۈچۈن دېۋەيلەپ كەلدى . خۇيئەن تۆمۈر كالتەكنى بىلەن ئۇنى توسۇۋېلىپ «قىمىرلىما !» دەپ ۋارقىرىدى .
غەلىتە مەخلۇق ھاسىسىنى كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭغا ئېتىلدى ، ئىككىسى لىيۇشاخې دەرياسىنىڭ بويىدا ئون نەچچە مەرتەم ئېلىشىپمۇ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى ، بىر چاغدا ھېلىقى مەخلۇق ئۆزىگە ئۇرۇلغان تۆمۈر كالتەكنى توسۇۋېلىپ :
— قاياقتىن كەلگەن راھىبسەن ، مەن بىلەن قارشىلىشىشقا

نېمە ھەددىڭ ؟ — دېدى .
خۇيئەن :
— مەن ۋايجىراۋانانىڭ ئىككىنچى شاھزادىسى راھىب مۇچا خۇيئەن بولىمەن . ھازىر شەرقىي دىيارغا مۇقەددەس نومنى ئەكېتىدىغان ئادەم تېپىش ئۈچۈن ئۇستازىمنى قوغداپ كېتىۋاتىمەن . سەن نېمىشقا ھەددىڭدىن ئېشىپ بىزنىڭ يولىمىزنى توسۇيسەن ؟ — دېدى .
ھېلىقى مەخلۇق بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ خۇيئەندىن سورىدى :
— يادىمدا قېلىشىچە ، سىز جەنۇبىي دېڭىزدىكى ئاۋالوكىتىسۋارادىن قىزىل بامبۇكزارلىقتا تەلىم ئېلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن ؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز ؟
— ئەنە ئاۋۇ قىرغاقتا ئۇستازىم تۇرامدۇ ؟ — دېدى خۇيئەن .
ھېلىقى مەخلۇق بۇنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ تۇرۇپلا قالدى . مۇچا ئۇنىڭ ھاسىسىنى ئېلىۋېلىپ بۇدساتۋانىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئەكەلدى . مەخلۇق بۇدساتۋاغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :
— بۇدساتۋا ، گۇناھىمنى كەچۈرگەيسىز . مېنىڭ ئەرزىمنى ئاڭلاڭ . مەن ئالۋاستىمۇ ئەمەس ، ئەسلىدە خىسلەتدار قەسىردىكى قوڭغۇراقلىق تەختىراۋاننىڭ پەردە قايرىغۇچى سەركەردىسى ئىدىم . شاپتۇل بەزمىسىدە ئېھتىياتسىزلىقتىن روجەكنىڭ ئەينىكىنى چېقىۋەتكىنىم ئۈچۈن ، يۇرۇن سۇلتان مېنى سەككىز يۈز دەررە ئۇرۇپ يەر يۈزىگە قوغلىۋەتكەندى . شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم . بۇنى ئاز دەپ ، ئۇ يەنە ھەر يەتتە كۈندە ئۇچار خەنجىرىنى ئەۋەتىپ باغرىمنى تىلىۋېتىپ قايتىدۇ . بۇ ماڭا چىدىغۇسىز ئەلەم بولدى . ئامال قانچە ؟ ئاچلىقتا چىدىغىلى بولمايدىكەن . شۇڭا ، ئىككى ـ ئۈچ كۈندە دەريادىن چىقىپ بىرەر يولۇچىنى تۇتۇپ ئوزۇقلۇق قىلىمەن . بۈگۈن دۆتلۈك قىلىپ ، مېھىر ـ شەپقەتلىك بۇدساتۋاغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويدۇم ، — دېدى .
— سەن ئەرشتىمۇ گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئىكەنسەن ، يەرگە

پالانغاندىن كېيىن يەنە كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلساڭ گۇناھ ئۇستىگە گۇناھ بولامدۇ؟ — دېدى بۇدساتۋا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن بۇگۈن بۇددانىڭ پەرمانىنى ئېلىپ شەرقىي دىيارغا مۇقەددەس نومنى ئەكېتىدىغان ئادەم ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن. سەن مېنىڭ يولۇمنى تۇتۇپ، ياخشىلىق قىلىشقا قول بېرىپ، مۇقەددەس نومنى ئەكېتىدىغان كىشىگە شاگىرت بولساڭ، غەربىي دىيارغا بېرىپ ساكيامۇنىغا تاۋاپ قىلىپ مۇقەددەس نومنى ئەكەلسەڭ بولامدۇ؟ مەن ئۇچار خەنجەرنى ساڭا تەگمەسلىككە كۆندۇرەي. شۇ چاغدا گۇناھىڭمۇ كۆتۈرۈلۈپ، ئەسلىي قىياپىتىڭگە قايتىسەن. قانداق، نىيەت قىلالامسەن؟

— توغرا يول تۇتۇشنى خالايمەن، — دېدى ئۇ ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ، — بۇدساتۋا، مەن بۇ يەردە سانسىز كىشىلەرنى يەپ كەتتىم. مۇقەددەس نوم ئۈچۈن ماڭغانلاردىنمۇ بىرقانچىسىنى يەپ كەتتىم. يەپ بولغانلارنىڭ كاللىسىنى دەرياغا تاشلاپ چۆكتۈرۈۋەتتىم. بۇ سۇغا ھەتتا ئۆردەك پېيىمۇ چۆكۈپ كېتەتتى، ئەپسۇسكى، مۇقەددەس نوم ئۈچۈن ماڭغان توققۇزەيلەننىڭ ئۇستىخىنى چۆكمەي لەيلەپ قالدى. مەن بۇ جەسەتلەرنى بىر تال يىپقا ئۆتكۈزۈپ، زېرىككەندە ئانچە- مۇنچە ئويناپ قويىمەن. ئەمدى مۇقەددەس نومنى ئېلىشقا كەلگەنلەر بۇ يەردىن ئۆتمەسلىكى مۇمكىن. ئۇنداقتا مېنىڭ ئىستىقبالىمغىمۇ كاشىلا بولامدۇ؟

— ئۇلار بۇ يەردىن ئۆتمەيدۇ، دېيىشكە قانداق ئاساسىڭ بار؟ سەن بۇ ئۇستىخانلارنى بويىنۇڭغا ئېسىۋېلىپ مۇقەددەس نومنى ئالغىلى كېلىدىغانلارنى كۈتۈپ تۇرغىن. بۇنىڭ لازىمى بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا تەلىمىڭىزنى ئىلكىمگە ئالدىم.

بۇدساتۋا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، پەرھىز ئۆگەتتى ۋە قۇمغا قاراپ فامىلىسىنى «شا»[1] دەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ راھىبلىق نامى شا ۋۇجىڭ دەپ ئاتالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ بۇددا راھىبى بولۇپ، بۇدساتۋانى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويدى،

---

① شا (沙) — قۇم دېگەن مەنىدە.

بارلىق گۇناھلىرىنى يۇيۇپ ، كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلمايدىغان بولدى ۋە مۇقەددەس نومنى ئېلىش ئۈچۈن كېلىدىغان كىشىنى كۈتتى .

بۇدساتۋا ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ، مۇچا بىلەن داۋاملىق شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىدى . تالاي كۈنلەر يول يۈرگەندىن كېيىن بىر تاغقا دۇچ كەلدى . تاغنى مۇدھىش تۇمان قاپلاپ كەتكەن بولۇپ ، مىڭشقا ئامالسىز قالدى ، ئۇلار بولۇت ئۈستىگە چىقىپ تاغدىن ئۆچۈپ ئۆتۈشكە تەييارلىنىۋاتقاندا ، ئۈشتۇمتۇت دەھشەتلىك بوران كۆتۈرۈلۈپ ، بىر ئالۋاستى پەيدا بولدى . ئۇنىڭ چىراي - ئەپتى شۇنداق ئەشەددىي سەت ئىدىكى :

*باداڭ قورساق بۇ مەخلۇقنىڭ ساڭگىلايدۇ تۇمشۇقى ،*
*چېقىر كۆزى پىلىلدار ، يەلپۈگۈچتەك قۇلىقى .*
*ئۇنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرى مىسلى تۆمۈر ھەرىدەك ،*
*ئاچسا ئەگەر ئاغزىنى بەجايىكى تەڭنىدەك .*
*ئالتۇن ساۋۇت بويىنغا ئېسىپ مەھكەم باغلانغان ،*
*بوغما يىلان قاسىرقى بەلبېغىدا پارلىغان .*
*ئۆتكۈر چىشلىق تىرنىنى قولىدا چىڭ تۇتقان ئۇ ،*
*ئەگىم ئايدەك بىر يانى يېنىغا ھەم ئاسقان ئۇ .*
*يۇلتۇز بەگدىن ئاشىدۇ كۆرەڭلىكى ، ھەيۋىتى ،*
*بېسىپ چۈشەر تەڭرىنى جاسارىتى - غەيرىتى ،*

ئۇ ئېتىلىپ كەلگەن پېتى ھېچنېمىگە قارىماستىن بۇدساتۋاغا تاشلاندى . مۇچا ئۇنىڭ ئارىسىنى توسۇۋېلىپ :

— ھوي ، ئېبلىس ، بىھۆرمەتلىك قىلغۇچى بولما ! كالتەكىمگە ئاگاھ بول ! — دەپ ۋارقىرىدى .

ھېلىقى مەخلۇق :

— ھەي جىنىدىن تويغان راھىب . سەنمۇ تىرنامنى بىر تېتىپ كۆرگىن ! — دېدى - دە ، ئىككىسى تاغ باغرىدا جان - جەھلى بىلەن

ئېلىشىپ كەتتى .

ئۇلار قاتتىق ئېلىشىۋاتقاندا بۇدساتتۋا ئاسماندا تۇرۇپ ، بىر تال نىلۇپەر گۈلىنى تاشلىدى ـ دە ، ئۇلارنى ئايرىۋەتتى . ھېلىقى مەخلۇق بۇنىڭدىن چۆچۈگەن ھالدا :

— قانداق راھىبسەن ، گۈل ئويۇنى قىلىپ مېنى ئالدىماقچى بولۇۋاتامسەن ؟ — دېدى .

— ھەي ناكەس ، سېنىڭ كۆزۈڭ تامىنىڭ تۆشۈكىمۇ نېمە ! — دېدى مۇچا ، — مەن جەنۇبىي دېڭىزدىكى بۇدساتتۋانىڭ شاگىرتى بولىمەن . ئۇ ئۇستازىم تاشلىغان نىلۇپەر گۈلى ، تونۇمايۋاتامسەن ؟

— جەنۇبىي دېڭىزدىكى بۇدساتتۋا بولسا ، كىشىلەرنى بالايىئاپەتتىن خالاس قىلىدىغان شەپقەتچى مەبۇدنى دەمسەن ؟

— شۇ بولماي ، كىم بولاتتى !

ھېلىقى مەخلۇق تىرنىسىنى تاشلاپ ، دەرھال باش ئېگىپ تەزىم قىلدى ۋە :

— بۇرادەر ، بۇدساتتۋا ھازىر قەيەردە ؟ مالال كۆرمەي مېنى باشلاپ بېرىپ كۆرۈشتۈرۈپ قويسىڭىز ، — دېدى .

مۇچا بېشى بىلەن كۆكنى كۆرسىتىپ :

— ئەنە ئاۋۇ يەردە ، — دېدى .

ھېلىقى مەخلۇق كۆككە تېۋىنىپ تەزىم قىلدى ۋە ئۈنلۈك قىلىپ :

— بۇدساتتۋا ، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسىز ، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسىز ، — دېدى .

بۇدساتتۋا بۇلۇت بىلەن پەسلەپ يەرگە چۈشتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— قەيەردە تەلىم ئالغان ياۋا چوشقا سەن ! يولۇمنى توسۇشقا نېمە ھەددىڭ ؟ — دېدى .

ھېلىقى مەخلۇق جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— مەن ياۋا چوشقا ئەمەسمەن . ئەسلىي سامانيولىدىكى پەلەك

سىپەھدارى ئىدىم . مەستچىلىكتە ئاي پەرىزاتقا چاقچاق قىلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن ، يۈرۈن سۇلتان مېنى ئىككى مىڭ دەررە ئۇرۇپ ، يەر يۈزىگە پالىۋەتكەن . يولدىن ئازغىشىپ بىر چىشى چوشقىنىڭ قورسىقىغا كىرىپ قېلىپ ، مۇشۇ هالغا كېلىپ قالدىم ، كېيىن چىشى چوشقىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، بۇ تاغدا تۇرۇپ قالدىم . مانا ئەمدى بەختكە يارىشا سىزگە يولۇقتۇم ، ئۆتۈنۈپ قالاي ، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالسىڭىز .

— «ئاق كۆڭۈل بولساڭ تەڭرى شاپائىتىنى ئايىماس» دەپتىكەن ، — دېدى بۇدساتۋا ، — گۇناهىڭنى يۇيۇپ ، توغرا يولغا ماڭساڭ ، جان بېقىش يولى تېپىلىدۇ . جاهاندا يەيدىغان نەرسىلەر كۆرمەك تۇرسا ، يەنە نېمىشقا ئادەم يېيىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىسەن ؟

هېلىقى مەخلۇق بۇ سۆزنى ئاڭلاپ گويا چۈشتىن ئويغانغاندەك بولدى ۋە بۇدساتۋانىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— توغرا يولغا مېڭىشنىڭغۇ خالايتتىم . بىراق ، «گۇناھ قىلدىم تەڭرىگە ، تۇۋا قىلاي مەن كىمگە» دېگەن هالغا چۈشۈپ قالدىم ، — دېدى .

— مەن بۇددا پەرمانىنى ئېلىپ شەرقىي دىيارغا مۇقەددەس نومنى ئەكېتىدىغان ئادەم ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن . سەن ئۇنىڭغا شاگىرت بولۇپ ، غەربىي دىيارغا بېرىپ ، خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناهىڭنى يۇساڭ ، بۇ كۈلپەتتىن خالاس قىلىمەن ، — دېدى بۇدساتۋا .

هېلىقى مەخلۇق ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي :

— خالايمەن ، خالايمەن ! — دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى .

شۇنىڭ بىلەن بۇدساتۋا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ، پەرهىز ئۆگەتتى ۋە فامىلىسىنى ئۆزىگە ماس هالدا جۇ (چوشقا) دەپ ئاتاپ ، راهىبلىق نامىنى جۇ ۋۇنېڭ دەپ قويدى . شۇندىن كېيىن ئۇ بۇدساتۋانىڭ ئەمرىگە بىنائەن توغرا يولغا قايتىپ ، گۆشلۈك

تاماقتىن پەرھىز تۇتتى . بەش خىل كۆكتات[1] ، ئۈچ خىل گۆشتىن[2] ئۆزىنى يىراق تۇتتى ۋە مۇقەددەس نومنى ئېلىش ئۈچۈن بارىدىغان كىشىنى كۈتتى .

بۇدساتۋا بىلەن مۇچا جۇ ۋۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ گاھ بۇلۇت ، گاھ تۇمان ئۈستىدە داۋاملىق ئىلگىرىلىدى . ئۇلار كېتىۋېتىپ ئاسماندا ئۇشتۇمتۇت بىر كىچىك ئەجدىھانىڭ ۋارقىراۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى . بۇدساتۋا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ :

— قەيەردىن كەلگەن ئەجدىھا سەن ؟ ئەجەب بۇ يەردە رىيازەت چېكىپ قاپسەنغۇ ؟ — دەپ سورىدى .

ھېلىقى ئەجدىھا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— مەن غەربىي دېڭىزدىكى سۇ ئىلاھى ئاۋرۇننىڭ ئوغلى بولىمەن . ئوردىدىكى مەرۋايىتلارنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن ، شاھ ئاتام مېنى ۋاپاسىزلىق قىلدىڭ دەپ ، ئەرش مەھكىمىسىگە ئەرز قىلدى . شۇنىڭ بىلەن يۈرۈن سۇلتان مېنى ھاۋاغا ئېسىپ قويۇپ ئۈچ يۈز دەررە ئۇرغۇزدى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشۇۋاتىدۇ . سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالسىڭىز !

بۇدساتۋا بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال مۇچا بىلەن جەنۇبىي ئەرش دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى . دەرۋازىدا چيۇ ، جاڭ فامىللىك ئىككى پەلەك مۇرەببىسى ئۇلارنى توسۇۋېلىپ :

— قەيەرگە بارماقچىسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .

— يۈرۈن سۇلتان بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم ، — دېدى بۇدساتۋا جاۋاب بېرىپ .

ئىككى پەلەك مۇرەببىسى دەرھال كىرىپ يۈرۈن سۇلتانغا خەۋەر يەتكۈزدى . يۈرۈن سۇلتان ئالىي قەسرىدىن چۈشۈپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى . بۇدساتۋا ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى :

---

[1] بۇددا دىنىدا سامساق ، كىچىك سامساق ، پىياز ، سۇڭپىياز ، كۇدە قاتارلىق بەش نەرسىنى يېيىش چەكلەنگەن .

[2] تويىن دىنىدا ياۋا غاز ، ئىت ۋە قارا بېلىق گۆشىنى يېيىش چەكلەنگەن .

— كەمىنىلىرى شەرقىي دىيارغا مۇقەددەس نومنى ئەكېتىدىغان ئادەم ئىزدەپ ماڭغانىدىم . يولدا گۇناھكار ئەجدىھانىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنى ئۆزلىرىدىن تىلىۋالاي دەپ كەلدىم . ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ ، ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرسىلە ، مۇقەددەس نومنى ئەكەتكۈچىگە ياردەمچى قىلسام دەيمەن .

يۈرۈن سۇلتان ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، دەرھال كەچۈرۈم قىلىش پەرمانىنى چۈشۈردى ۋە ئەرش سەركەردىلىرىنى ئەۋەتىپ ئۇنى ئازاد قىلىپ ، بۇدساتۋاغا تاپشۇردى . كىچىك ئەجدىھا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ ، جېنىنى قۇتۇلدۇرغان بۇدساتۋاغا باش ئۇرۇپ ، رەھمەت ئېيىتتى ۋە خىزمەتكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى . بۇدساتۋا ئۇنى چوڭقۇر بىر غار ئىچىگە ئەكىلىپ ، مۇقەددەس نومنى ئەكەتكۈچىنى كۈتۈشكە ۋە ئاق ئاتقا ئايلىنىپ غەربكە بېرىپ خىزمەت كۆرسىتىشكە بۇيرۇدى . كىچىك ئەجدىھانىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى قويۇپ ، گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلايلى !

بۇدساتۋا راھىب مۇچانى ئەگەشتۈرۈپ تاغدىن چىقىپ ، شەرقىي دىيارغا قاراپ ئىلگىرىلىدى . بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار ئۇشتۇمتۇت ۋاللىداپ چاقنىغان بىر ئالتۇن شولىنى كۆرۈپ قالدى . مۇچا دەرھال :

— ئۇستازىم ، ئاۋۇ نۇر چاقناۋاتقان يەر بەش ئاناسىر تېغىغۇ دەيمەن ، ئۇنىڭ ئۇستىدە تاتھاگاتونىڭ پېچەت باغىقى تۇرىدۇ ، — دېدى .

— بۇ يەردە چوقۇم شاپتۇل بەزمىسىنى بۇزغان ، ئەرشنى قالايمىقان قىلغان پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم بولسا كېرەك ، ئۇنى مۇشۇ يەرگە باستۇرۇپ قويغانىدى ، — دېدى بۇدساتۋا .

— شۇ ئىكەن ، دەل شۇ ئىكەن ! — دېدى مۇچا ۋە ئىككىسى تاغ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ باغاقنى ئوقۇدى . ئۇنىڭغا «ھىم ، ما ، نى ، با ، مۇ ، نۇ » دېگەن ئالتۇن خەت يېزىپ قويۇلغانىدى . بۇدساتۋا ئۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىغىر بىر ئۇھ تارتىپ ، مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇدى :

## نەزم

*ھەسرىتا ، ھەق ـ ئادىل بولمىدىڭ مايمۇن ،*
*شۇنچە يىللار ئەزۋەيلەپ بولدۇڭ «قەھرىمان» .*
*تۇشتا ئوردىسىغا مەيلىڭچە كىرىپ .*
*شاپتۇل بەزمىسىنى قىلدىڭ مالىمان ،*
*يۇزمىڭلاپ لەشكەرگە تۇردۇڭ تاقابىل ،*
*توققۇز ئەرش قەھرىدە قۇچتۇڭ شەرەپ ـ شان .*
*قالدىڭ بۇ جاپاغا تاتھاگاتودىن ،*
*قەد كېرىپ باتۇرلۇق قىلارسەن قاچان؟*

سۈن ۋۇكۇڭ بۇ ئىككىسىنىڭ قىلىشقا ، گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە ، تاغ ئاستىدا يېتىپ ۋارقىرىدى :

— تاغ ئۈستىدە نەزمە ئوقۇپ مېنى مازاق قىلىۋاتقان قايسىڭلار !

بۇدساتۋا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، تاغدىن چۈشۈپ ئىزدەشكە كىرىشتى . قىيا ئاستىدا ئولتۇرغان تاش مۇئەككىلى ، زېمىن مۇئەككىلى ۋە سۈن ۋۇكۇڭنى نازارەت قىلىۋاتقان پەلەك سەركەردىسى يېتىپ كېلىپ ، بۇدساتۋاغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ، ئاندىن ئۇنى سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى . قارىغۇدەك بولسا ، سۈن ۋۇكۇڭ تاش ساندۇق ئىچىگە بەند قىلىپ قويۇلغان بولۇپ ، سۆز قىلالايتتى ، بىراق مىدىرلىيالمايتتى .

— سۈن ۋۇكۇڭ ، مېنى تونۇدۇڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى بۇدساتۋا .

سۈن ۋۇكۇڭ ئوتلۇق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، بېشىنى لىڭشىتتى ۋە ئۈنلۈك قىلىپ :

— سىلىنى قانداقمۇ تونۇماي ، سىلى جەنۇبىي دېڭىزدىكى پوتراگا تېغىدا تۇرىدىغان ، ئازاب ـ ئوقۇبەتتە قالغانلارنى

قـۇتـۇلـدۇرـدىـغان شەپقەتچى مەبۇد بۇدساتۋا بولـدىلا . سىلىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغىنىمدىن زىيادە خۇشالمەن . بۇ يەردە بىر كۈننى مىڭ يىلدەك ئۆتكۈزۈۋاتىمەن ، بىرەر تونۇشمۇ كېلىپ مېنى يوقلاپ قويمىدى ، سىلى قاياقتىن كېلىپ قالدىلا ؟ — دېدى .

— مەن بۇددا پەرمانىغا بىنائەن شەرقىي دىيارغا مۇقەددەس نومنى ئەكېتىدىغان ئادەم ئىزدەپ ماڭغانىدىم . بۇ يەردىن ئۆتكەچ سېنى يوقلاپ كېتەي دەپ كەلدىم ، — دېدى بۇدساتۋا .

— تاتھاگاتو مېنى ئالدىدى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — مېنى بۇ تاغ ئاستىغا باستۇرۇپ قويغىلى بەش يۈز يىلدىن ئاشتى ، قەددىمنى رۇسلىيالمايۋاتىمەن . رەھىم قىلىپ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قويغايلا !

— سەن غەرق گۇناھقا پاتقان ئادەم ، قۇتۇلدۇرۇپ قويسام ، يەنە بالا تېرىپ قويارسەنمىكىن ؟

— مەن ئەمدى پۇشايمان قىلدىم . شەپقەت ئاتا قىلىپ ماڭا يول كۆرسەتكەيلا . دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشقا رازى ئىدىم .

بۇدساتۋا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە ئىنتايىن خۇش بولدى ۋە سۇن ۋۇكۇڭغا قاراپ :

— بۇددا نومىدا «ياخشى سۆزگە ھەر جايدا جاۋاب قايتۇر ، يامان سۆزنى ھەر جايدا رەت قىل» دەپ ئېيتىلغان . سېنىڭ نىيىتىڭ راستتىنلا توغرا بولسا ، مەن شەرقىي دىيارغا بېرىپ ، مۇقەددەس نومنى ئەكېتىدىغان بىر ئادەم تېپىپ كېلەي ، ئۇ سېنى قۇتۇلدۇرسۇن . سەن ئۇنىڭغا شاگىرت بولۇپ ، بۇددا يولىغا ئەقىدە باغلا ، قانداق دەيسەن ؟ — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماقۇللۇق بىلدۈردى :

— بېرىشنى خالايمەن ، بېرىشنى خالايمەن !

— توغرا يول تۇتۇشنى خالىغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا بىر ئىسىم قويۇپ قوياي ، — دېدى بۇدساتۋا .

سۇن ۋۇكۇڭ دەرھال :

— مېنىڭ ئىسمىم بار ، سۇن ۋۇكۇڭ دەپ ئاتىسا

بولىدۇ ، — دېدى .

بۇدساتۋا خۇشال بولغان هالدا مۇنداق دېدى :

— سېنىڭ ئالدىڭدا ئىككى كىشى ماڭا قول بەردى . ئۇلارنىڭ ئىسمىمۇ «ۋۇ» سۆزى بويىچە قويۇلغان . سېنىڭمۇ ۋۇ بولسا ناهايىتى باب كېلىدىكەن . قالتىس ياخشى بولدى ! ئۇنداقتا ساڭا ۋەز ئېيتىشنىڭمۇ هاجىتى يوق ئىكەن . مەن كەتتىم .

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بۇددا دىنىغا چىن دىلىدىن ئەقىدە باغلىغانلىقىنى كۆرۈپ ، بۇدساتۋامۇ خاتىرجەم هالدا تەقۋادار راهىب ئىزدەشكە كىرىشتى .

ئۇ بۇ يەردىن ئايرىلىپ ، مۇچا بىلەن داۋاملىق شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىدى . كۈنلەرنىڭ بىرىدە چاڭئەندىكى بۈيۈك تاڭ دۆلىتىگە يېتىپ كەلدى ۋە بۇلۇت ، تۇمانلار ئۈستىدىن چۈشۈپ ، ئىككىسى سەرگەردان تاز راهىب قىياپىتىگە كىرىپ ، شەهەر ئىچىگە كىرىپ كەلدى . بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى . ئۇلار چوڭ كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە بىر زېمىن مۇئەككىلى بۇتخانىسىنى كۆردى . ئىككىيلەن بۇتخانىغا كىرىپ كېلىشىگىلا زېمىن مۇئەككىلى قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى . بىرئازدىن كېيىن ئۇ كىرىپ كەلگەن كىشىنىڭ بۇدساتۋا ئىكەنلىكىنى تونۇپ ، تەزىم ، تاۋاپ بىلەن بۇددىخانىغا باشلىدى ۋە شەهەر ئىچىدە قاتراپ يۈرۈپ شەهەر ئىلاهى ، يەر ئىلاهى هەم چاڭئەندىكى بارلىق بۇتخانىلارنىڭ ئەۋلىيا ـ ئۆلىمالىرىغا خەۋەر يەتكۈزدى . ئۇلار بۇدساتۋانىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كېلىپ كۆرۈشتى ۋە :

— بۇدساتۋا ، ئالدىلىرىغا چىقىپ كۈتۈۋالالمىغان گۇناهىمىزنى كەچۈرگەيلا ، — دەپ ئۆزرە ئېيتىشتى .

— بۇ خەۋەرنى سىرتقا تارقىتىۋەتمەڭلار ، — دېدى بۇدساتۋا ، — مەن بۇددا پەرمانىغا بىنائەن مۇقەددەس نومنى ئەكېلىدىغان بىر ئادەم ئىزدەپ كەلدىم . ئىبادەتخاناڭلاردا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالىمەن . تاكامۇل راهىبنى تاپسام قايتىمەن .

كۆپچىلىك ئۆز جايلىرىغا قايتىشتى ، زېمىن مۇئەككىلى شەهەر

ئىلاھى بۇتخانىسىغا ۋاقتىنچە كۆچۈپ كەتتى . بۇدساتۋا بىلەن مۇچا ئەسلىي سالاھىيىتىنى مەخپىي تۇتتى . مۇقەددەس نومنى ئەكېلىش ئۈچۈن قايسى راھىبنى تاللىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# توققۇزىنچى باب

## *چىن گۇاڭزۇىنىڭ مەنسەپكە ئولتۇرۇش يولىدا*
## *بالا - قازاغا يولۇققانلىقى*
## *راھىب جاڭلىبۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ*
## *قىساسىنى ئالغانلىقى*

ئەلقىسسە ، شەنشى بۈيۈك دىيارىنىڭ چاڭئەن شەھىرى تارىختىن بېرى خان - پادىشاھلار ئاستانە قىلىپ كەلگەن جاي بولۇپ ، جۇ ، چىن ، خەن زامانىسىدىن تارتىپلا ئەتراپىنى باغۇ بوستانلار ، دەريا - ئېقىنلار ئوراپ تۇرىدىغان ئاجايىپ گۈزەل ماكان ئىدى . ھازىر بولسا بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنىڭ تەيزۇڭ خانى تەختتە ئولتۇراتتى . ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن يىلنامىنى جېنگۇەن دەپ ئۆزگەرتتى ، ئون ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇ جاھاننى تىنچلاندۇرۇپ ، ئەتراپتىكىلەرنى تامامەن ئۆزىگە قارىتىۋالدى . بىر كۈنى تەيزۇڭ ئالىي مۇنبىرىدىن ئورۇن ئېلىپ ، بارلىق ئەمەلدار - قەلەمدار بەگ - سىپاھلارنىڭ تاۋاپ - تەزىمىنى قوبۇل قىلدى . تەزىمدىن كېيىن توپ ئارىسىدىن ۋېي جېڭ ئىسىملىك ۋەزىر چىقىپ مۇنداق دېدى :

— ھازىر جاھان تىنچلىنىپ ، ھەممە كىشى خاتىرجەم بولدى . ئەمدى كونا قائىدىمىز بويىچە ئىمتىھان مەيدانى ئېچىپ ، دانىشمەنلەرنى تاللاپ ، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئىشقا قويساق ، ئىلىم - بىلىم ئىشلىرىنى زورايتساقمىكىن دەيمەن .

— ئېيتقانلىرى دەرھەقىقەت ، ۋەزىر ئەزەم ، — دېدى تەيزۇڭ ۋە دەرھال يارلىق چۈشۈرۈپ ، ھەرقايسى مەھكىمە ، ئايماق ، بەگلىكلەردىكى لەشكەر ، پۇقرالاردىن تارتىپ ، تاللىپ ،

ئەدىبلەرگىچە چاڭئەن شەھىرىگە كېلىپ ئىمتىھان بېرىش ھەققىدە ئېلان چىقىرىشقا بۇيرۇدى .
خەيجۇ ئايمىقىدىكى گۇاڭرۇي دەپ تەخەللۇسى بار چېن ئي ئىسىملىك بىر كىشى بۇ ئېلاننى كۆرگەندىن كېيىن ، دەرھال ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ ئانىسى جاڭ ئاغىچىغا مۇنداق دېدى :
— ئوردا ئېلان چىقىرىپتۇ ، دانىشمەنلەرنى ئىمتىھان ئېلىپ تاللىغۇدەك ، مەنمۇ ئىمتىھان بېرىپ باقايمىكىن دەيمەن ، بېرىشىمغا رۇخسەت قىلىسىڭىز .
— ئوغلۇم ، سەن بولساڭ خېلى كۆپ ئوقۇدۇڭ ، «كىچىكلىكتە ئۆگىنىپ ، چوڭ بولغاندا شەھەر كۆر» دەپتىكەن . شۇنداق قىلىدىغان پەيتمۇ بولۇپ قالدى . لېكىن ، يولدا ئۆزۈڭگە پەخەس بولغىن ، — دېدى جاڭ ئاغىچا .
چېن گۇاڭرۇي ئائىلە خىزمەتكارىنى يۈك ـ تاقلارنى يىغىشتۇرۇشقا بۇيرۇپ ، ئانىسى بىلەن خوشلاشتى ـ دە ، يولغا راۋان بولدى . ئۇ چاڭئەن شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە دەل ئىمتىھان ئېلىنىۋاتاتتى ، ئۇ ئىمتىھان بېرىپ تاللاشتىن ئۆتتى . ئارقىدىنلا ئوردىنىڭ ئۈچ باسقۇچلۇق ئىمتىھانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، تاڭ پادىشاھى ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن ئەلىيۇل ئەلالىق شاھادەتنامىسى يېزىپ بېرىپ ، ئاتقا مىندۇرۇپ ، شەھەرنى ئۈچ كۈن ئايلاندۇردى .
بىر كۈنى ئۇلار ئايلىنىپ ۋەزىر يەن كەيشەننىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتتى . ۋەزىرنىڭ بىر قىزى بولۇپ ، بىر ئىسمى ۋېن جياۋ يەنە بىر ئىسمى مەن تاڭجياۋ ئىدى . ئۇ تېخى ياتلىق قىلىنمىغان بولۇپ ، شۇ كۈنى بېزەكلىك ئېگىز راۋاق ئۈستىدە كەشتىلىك توپ تاشلاپ ئۆزىگە كۈيئو ئىزدەپ پال سېلىپ ئولتۇراتتى . چېن گۇاڭرۇي راۋاق ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ، ئۇنىڭ ئاجايىپ قاملاشقان قەددى ـ قامىتىگە كۆزى چۈشكەن بۇ خېنىم ئۇنىڭ يېقىندىن ئەلىيۇل ئەلالىققا ئېرىشكەن يىگىت ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ ، خۇشاللىقتا قىن ـ قىنىغا سىغماي قالدى ۋە قولىدىكى كەشتىلىك توپنى چېن گۇاڭرۇينىڭ ئەمەلدارلىق قالپىقىغا قارىتىپ تاشلىدى .

شۇئان ئەتراپتىن نەغمە ـ ناۋا سادالىرى ياڭراپ ، نەچچە ئون دېدەك قىز راۋاقتىن چۈشۈپ كەلدى ـ دە ، چىن گۇاڭروينىڭ بېشىنى چۈمكىگەن پېتى توي قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ۋەزىر ئوردىسىغا ئەكىردى . ۋەزىر بىلەن ۋەزىرنىڭ ئاغىچىسىمۇ دەرھال ئوردىدىن چىقىپ ، مېھمانلارنى چاقىردى ۋە رەسمىي توي بولغانلىقىنى جاكارلاپ ، قىزنى چىن گۇاڭرويگە ياتلىق قىلدى . بۇ بىر جۈپ يېڭى ئەر ـ خوتۇن تەڭرىگە تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن ئۆزئارا تەزىم قىلىشتى ۋە قېيناتا ، قېينانىسىغا تەزىم بەجا كەلتۈردى . ۋەزىر زىياپەت تەييارلاشقا بۇيرۇدى . ئۇلار بىر كېچە خۇشال ـ خۇرام ئىچىپ كۈلۈشتى .

ئەتىسى سەھەردە تەيزۇڭ قوبۇلخانىسىدىن شاھانە ئورۇن ئالدى . ئەمەلدار ـ قەلەمدار بەگ ـ سىپاھلار كېلىپ ئەتىگەنلىك تاۋاپ قىلدى .

— يېڭى ئەلچىۋول ئەلا چىن گۇاڭرويگە قانداق ئەمەل بەرسەك بولار ؟ — دەپ مەسلىھەت سورىدى تەيزۇڭ ئۇلاردىن .

بۇ چاغدا ۋەزىر ۋېي جېڭ ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دېدى :

— كەمىنىلىرىنىڭ بىلىشىچە ، تەۋەيىمىزدىكى جاڭجۇ ئايمىقىدا بىر ئەمەلدار كەم . ئۇنى شۇ يەرگە قويساقمىكىن دەيمەن !

تەيزۇڭ چىن گۇاڭروينى جاڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلى قىلىپ تەيىنلەپ ، دەرھال يولغا چىقىشقا بۇيرۇدى . چىن گۇاڭروي خانغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ، ۋەزىرنىڭ ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى ۋە خوتۇنى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، قېيناتا ، قېينانىسى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ، رەپىقىسىنى ئېلىپ جاڭجۇ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى .

ئۇلارنىڭ چاڭئەندىن چىققان ۋاقتى دەل ئەتىياز پەسلى بولۇپ ، مەيىن شامال مەجنۇنتاللارنى كۆكەرتىپ ، سىم ـ سىم يامغۇر گۈل ـ چېچەكلەرگە چوغدەك قىزىللىق بېغىشلىغانىدى . چىن گۇاڭروي يول ئۈستىدە ئۆيىگە كىرىپ خوتۇنى بىلەن ئانىسى جاڭ ئاغىچىغا تاۋاپ قىلدى .

— ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ كەلگىنىڭگە مۇبارەك بولسۇن ! — دېدى جاڭ ئاغىچا ئوغلىنى تەبرىكلەپ .

چېن گۋاڭرۇي مۇنداق دېدى :

— مەن ئەلىيول ئەلالىقتا ئىبرىشىپ ، ۋەزىرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە ، كەشتىلىك توپ ماڭا كېلىپ تەگكەنلىكى ئۈچۈن ، جانابىي ۋەزىر خانقىزنى ماڭا ياتلىق قىلىپ مېنى كۈيئوغۇل قىلىۋالدى . ئوردىدىن مېنى جاڭجۇ ئايمىقىغا ئامبال قىلىپ ئەۋەتتى . بۇگۈن سىزنى ئەكېتىپ بىللە تۇرايلى دەپ كېلىشىم .

بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشال بولغان جاڭ ئاغىچا دەرھال نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقتى . ئۇلار بىرنەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن فاڭخۇا ئۆتىڭىدىكى لۇ شياۋئېرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چۈشتى .

جاڭ ئاغىچىنىڭ مىجەزى ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ قالدى .

— مەن بىئاراملىق ھېس قىلىۋاتىمەن ، ئۆتەڭدە بىر - ئىككى كۈن ئارام ئېلىپ ئاندىن ماڭايلى ، — دېدى ئۇ ئوغلىغا قاراپ .

چېن گۋاڭرۇي ئۇنىڭغا ماقۇل بولدى .

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشىك ئالدىدا لىۋ بېلىقى ساتىدىغان بىر كىشى پەيدا بولدى ، چېن گۋاڭرۇي ئۇنىڭدىن بىر تىزىق پۇلغا بېلىقنى سېتىۋېلىپ ، ئانىسىغا پىشۇرۇپ بەرمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا ، بېلىق بىردىن كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە چىملىدىتىپ كەتتى . چېن گۋاڭرۇي ھەيران بولۇپ «كۆزىنى چىملداتقان بېلىق ۋە يىلانلاردا چوقۇم بىر كارامەت بولىدۇ ، دەپ ئاڭلىغانىدىم» دەپ ئويلىدى - دە ، دەرھال چىقىپ ھېلىقى بېلىقچىدىن :

— بۇ بېلىقنى قەيەردىن تۇتقانىدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى .

— ئوردىدىن ئون بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى خۇڭجياڭ دەرياسىدىن تۇتتۇم ، — دېدى بېلىقچى جاۋاب بېرىپ .

چېن گۋاڭرۇي بېلىقنى خۇڭجياڭ دەرياسىغا ئاپىرىپ قويۇپ بەردى ۋە ئۆتەڭگە قايتىپ كېلىپ ، بۇ ۋەقەنى ئانىسىغا سۆزلەپ

بەردى .

— قويۇۋەتكىنىڭ ناھايىتى ياخشى بوپتۇ . مەن تولىمۇ خۇشال بولدۇم ، — دېدى جاڭ ئاغىچا .

چېن گۇاڭرۇي مۇنداق دېدى :

— ئۆتەڭدە تۇرۇۋاتقىنىمىزغا ئۈچ كۈن بولدى . پادىشاھنىڭ بەرگەن مۆھلىتى ناھايىتى قىسقا ، مەن ئەتىلا يولغا چىقساقمىكىن دەيمەن . سىز بىرئاز ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ ، قانداق ؟

— مىجەزىم تازا ياخشى ئەمەس ، — دېدى جاڭ ئاغىچا ، — ھازىر يول بەكلا ئىسسىق ، ئاغرىپ قالارمەنمىكىن دەيمەن . بىر ئېغىز ئۆي ئېلىپ بەرسەڭ ، مەن بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇراي . ماڭا ئازراق خىراجەت قالدۇرۇپ ، ئىككىڭلار كېتىۋېرىڭلار . مېنى كۈزدە كېلىپ ئەكېتەرسىلەر .

چېن گۇاڭرۇي خوتۇنى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ، بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ، ئانىسىغا بىرئاز خىراجەت قالدۇرۇپلا ، خوتۇنى بىلەن بىرگە يولغا راۋان بولدى .

ئۇلار يولدا تالاي مۇشەققەتلەرنى چېكىپ ، كۈندۈزى يول يۈرۈپ ، كېچىسى قونۇپ ، خۇڭجياڭ كېچىكىگە يېتىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ ليۇ خۇڭ ۋە لى بياۋ ئىسىملىك ئىككى كىشى قېيىقلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ قىرغاقتا ئۇلارنى كۈتۈۋالدى . چېن گۇاڭرۇي چاكىرىغا يۈك - تاقلارنى كېمىگە ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇپ ، ئۆزى خوتۇنى بىلەن قولتۇقلىشىپ قېيىققا چىقتى . ليۇ خۇڭ يەن خېنىمنىڭ ئايدەك گۈزەل ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ ، كۆڭلىگە جىن كىردى - دە ، لى بياۋ بىلەن ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ ، قېيىقنى ئادەمزات يوق يەرگە ھەيدەپ باردى . يېرىم كېچە بولغاندا چېن گۇاڭرۇي بىلەن ئۇنىڭ چاكىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، جەسىتىنى دەرياغا تاشلىۋەتتى . ئېرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن يەن خېنىم دەرياغا ئۆزىنى تاشلىماقچى بولدى . ليۇ خۇڭ ئۇنى كاپلا قىلىپ قۇچاقلىۋالدى - دە :

— ئەگەر ماڭا ماقۇل بولساڭ ، ھەممە ئىشىڭ جايىدا بولىدۇ ،

ياق دەيدىكەنسەن ، قارنىڭنى چۇۋۇۋېتىمەن ! — دەپ تەھدىت سالدى .

يەن خېنىم ئەمدى باشقا ئامال قالمىغانلىقىنى ، بويسۇنمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ، ليۇ خۇڭغا ماقۇل كەلدى . بۇ قاراقچى جەنۇبىي قىرغاقتا چىققاندىن كېيىن ، قېيىقنى لى بياۋغا بېرىۋېتىپ ، چېن گۇاڭرۇينىڭ ئەمەلدارلىق تاجىنى ۋە كىيىمىنى كىيدى - دە ، ئەمەلدارلىق يارلىقىنى ئېلىپ ، خېنىم بىلەن بىرگە جاڭجۇ ئايمىقىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

ئەمدى گەپنى ليۇ خۇڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەردىن ئاڭلايلى : چاكارنىڭ جەستى دەريادا لەيلەپ ئېقىپ كەتتى ، چېن گۇاڭرۇينىڭ جەستى بولسا دەريا تېگىگە چۆكۈپ توختاپ قالدى . خۇڭجياڭ ئېغىزىغا چارلاپ كەلگەن دېڭىز ياكساسى ئۇنى كۆرۈپلا سۇ ئوردىسىغا قاراپ چاپتى . سۇ مۇئەككىلى قوبۇلخانىسىغا ئەمدىلا چىقىپ تۇراتتى .

— بۈگۈن خۇڭجياڭ ئېغىزىدا بىرى بىر تالىپنى ئۆلتۈرۈپ ، جەسىتىنى دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ ، — دېدى ياكسا مەلۇم قىلىپ .

سۇ مۇئەككىلى جەسەتنى ئەكەلگۈزۈپ ، سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن :

— بۇ دەل مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان شەپقەتچىم ئىكەن . كىممۇ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغاندۇ ؟ كونىلاردا «ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇر» دېگەن گەپ بار . مەن بۈگۈن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ ، ماڭا كۆرسەتكەن شەپقىتىنى قايتۇرىمەن ، — دېدى - دە ، دەرھال بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ ، ياكسانى خۇڭجۇ ئايمىقىدىكى شەھەر ئىلاھى ، زېمىن مۇئەككىلىگە يەتكۈزۈپ بېرىشكە ۋە ئۇلاردىن تالىپنىڭ روھىنى ئەكېلىپ ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا ئەۋەتتى . شەھەر ئىلاھى بىلەن زېمىن مۇئەككىلى پەرىشتىلىرىنى چاقىرىپ تالىپنىڭ روھىنى ياكساغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى ، ياكسا چېن گۇاڭرۇينىڭ روھىنى ئېلىپ ، بىللە ئوردىسىغا كىرىپ سۇ مۇئەككىلى بىلەن

كۆرۈشتى .
سۇ مۇئەككىلى چىن گۇاڭرۇيدىن سورىدى :
— تالىپ ، نامۇئەمەلىڭىز كىم بولىدۇ ؟ قەيەرلىكسىز ؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز ؟ سىزنى كىم ئۆلتۈرۈۋەتتى ؟
چېن گۇاڭرۇي ھۆرمەت بىلەن جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :
— ئىسمىم چېن ئي ، تەخەللۇسۇم گۇاڭرۇي بولىدۇ . خەيجۇ ئايمىقىنىڭ شۈەننۇڭ ناھىيىسىدىن بولىمەن . يېڭىدىن ئەلىيول ئەلالىقىقا ئېرىشىپ ، جاڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلەنگەندىم . ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن خوتۇنۇم بىلەن يولغا چىقىپ ، دەريا بويىدىن كېمىگە چىققىنىمدا ئويلىمىغان يەردىن كېمىچى ليۇ خۇڭ خوتۇنۇمنى تارتىۋېلىپ ، مېنى ئۆلتۈرۈپ دەرياغا تاشلىۋەتتى . جانابىي ئالىيلىرى ، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالسىڭىز !
— ئەسلىي ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە ! — دېدى سۇ مۇئەككىلى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، — تەقدىر ، سىز نەچچە كۈن ئىلگىرى قويۇۋەتكەن ھېلىقى ئالتۇن ليۇ بېلىقى مەن بولىمەن . سىز مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتۇلدۇرغان شەپقەتچىم . بۈگۈن سىزنىڭ بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەندە مەن قاراپ تۇرالايتىممۇ ؟
ئۇ چېن گۇاڭرۇينىڭ جەسىتىنى شۇ ھامان بىر ياققا ئەكېلىپ ، ئۇنىڭ ئاغزىغا «ھۆسن ئاتا قىلغۇچى مەرۋايىت» سالدى ۋە ئۇنى سۇندۇرۇپ قويماسلىقنى ، بۇندىن كېيىنمۇ روھىنى قايتۇرۇپ ئىنتىقام ئېلىشتا پايدىسى بارلىقىنى تاپىلىدى . ئاندىن يەنە :
— سىزگە بۈگۈن جان كىردى ، ھازىرچە سۇ ئوردىمىزدا تۇرۇپ سەركەردە بولۇپ بەرسىڭىز قانداق ؟ — دېدى .
چېن گۇاڭرۇي تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ، تەشەككۈر بىلدۈردى . سۇ مۇئەككىلى ئۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇردى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن .

ئەمدى يەن خېنىمغا كەلسەك ، ئۇنىڭ قاراقچى ليۇغا ئىچ ـ

ئىچىدىن ئۆچمەنلىكى قايناپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ئۇيقۇسى قاچقان بولسىمۇ، ئېغىرئاياغ بولۇپ، ئوغۇل ياكى قىزلىقىنى بىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئامالسىز ئۇنىڭغا كۆنۈپ كېلىۋاتاتتى. هايت ـ هۇيت دېگۈچە ئۇلار جاڭجۇ ئايمىقىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يارلىقىنى كۆرگەن كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىشىپ قىزغىن قارشى ئالدى. قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلار ئۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن سارايدا زىياپەت ئۇيۇشتۇردى.

— مەن بۇ يەردە يەنىلا ھەربىرىڭلارنىڭ ياردىمىگە موھتاجمەن، — دېدى ليۇ خۇڭ تۆۋەنچىلىك بىلەن تەكەللۇپ كۆرسىتىپ.

— جانابلىرى يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى، بىز ئالدىلىرىدا مالايلىققا تەييارمىز، — دېدى ئەمەلدارلار جاۋابەن، — بىز بولساق ئۆزلىرىگە قاراشلىق. نېمانچە كەمتەرلىك قىلىپ كېتىدىلا!

زىياپەت ئاخىرلىشىپ، ھەممەيلەن قايتىشتى.

كۈنلەر ئۇچقاندەك تېز ئۆتتى. بىر كۈنى ليۇ خۇڭ ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن سىرتقا كېتىپ قالدى. يەن خېنىم قېينانىسى بىلەن ئېرىنى ئەسلەپ، گۈللۈك راۋاقتا مۈڭلىنىپ ئولتۇراتتى، ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ بەدەنلىرى سىرقىراپ، قورسىقى ئاغرىپ، ھوشسىزلىنىپ يەرگە يىقىلدى ـ دە، بىر ئوغۇل تۇغدى. بىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە كېلىپ: «مەنتاڭجياۋ، سۆزلىرىمنى ئاڭلاڭ. مەن جەنۇبىي قۇتۇپ يۇلتۇز تۆرىسى بولىمەن. ئاۋالوكتىسۋارا بودساتۋانىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بۇ ئوغۇلنى سىزگە ئاتا قىلدىم. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ شانۇشەۋكەتلىك بولغۇسى. ھەرگىز سەل قارىغۇچى بولماڭ. ليۇ قاراقچى كەلسە، بۇ ئوغۇلغا زىيانكەشلىك قىلىشى مۇمكىن. سىز ئۇنى جېنىڭىز بىلەن قوغدىشىڭىز لازىم. كۆيۈيىڭىزنى سۇ مۇئەككىلى قۇتۇلدۇرۇۋالدى، كېيىن سىلەر جەم بولۇپ، قىساس ئالىدىغان كۈن كېلىدۇ. بۇ سۆزلىرىمنى ئەستە چىڭ تۇتۇڭ. ئويغىنىڭ، ئويغىنىڭ!» دېگەن گەپلەرنى قىلدى ـ دە، غايىب بولدى. يەن خېنىم ئېسىگە كېلىپ، باياتىنقى سۆزلەرنى

بىرمۇبىر ئەسلىدى ۋە ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ، نىمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى . دېگەندەك لىۇ خۇڭ قايتىپ كېلىپ ، بالىنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى . يەن خېنىم ئۇنىڭغا :

— بۇگۈن كەچ كىرىپ قالدى ، ئەتە دەرياغا تاشلىۋېتەيلى ، — دېدى .

بەختكە يارىشا ، ئەتىسى ئەتىگەندە لىۇ خۇڭ جىددىي بىر ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن يىراققا كېتىپ قالدى . يەن خېنىم كۆڭلىدە «ئۇ ئوغرى قايتىپ كەلسە ، بالىنى جەزمەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە بالدۇرراق دەرياغا تاشلىۋېتىپ قۇتۇلمامدىم . مۇبادا تەڭرىنىڭ رەھمى كېلىپ ، بىرەر كىشى ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ بېقىۋالسا ، كېيىنچە يەنە يۈز كۆرۈشۈپمۇ قالارمىز ...» دەپ ئويلىدى ھەمدە تونۇيالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۆزىنىڭ قولىنى چىشلەپ قاناتتى ـ دە ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نامۇئەملى ، بۇ قىسمەتكە ئۇچراشتىكى سەۋەبلەر ۋە باشقا تەپسىلاتلارنى بىر قەغەزگە قان بىلەن پۈتتى ھەمدە بوۋاقنىڭ سول پۇتىنىڭ چىمچىلاق بارمىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېلىپ بەلگە قىلىپ قويدى . ئاندىن بىر كۆڭلەك ئەكېلىپ ، بوۋاقنى يۆگىدى ـ دە ، كۆتۈرۈپ يامۇلدىن چىقتى . ئوردا يامۇلى دەرياغا ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى . يەن خېنىم دەريا بويىغا كېلىپلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى . ئۇ ، بوۋاقنى دەرياغا تاشلاي دەپ تۇرۇشىغا ، قىرغاقنى بويلاپ ئېقىپ كېلىۋاتقان بىر تاختاينى كۆرۈپ قالدى . يەن خېنىم تاختاينى سۈزۈۋېلىپ بوۋاقنى تاختاي ئۈستىگە ياتقۇزدى ـ دە ، ئارغامچا بىلەن باغلاپ ، قان بىلەن پۈتۈلگەن خەتنى بوۋاقنىڭ قوينىغا سېلىپ ، تەڭرىگە ئامانەت دەپلا دەرياغا قويۇۋەتتى . يەن خېنىم كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا يامۇلغا قايتىپ كەلدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن .

ئەمدى ھېلىقى بوۋاق تېگىپ قويۇلغان تاختايغا كەلسەك ، شۇ ئاققان پېتى جىڭشەن ئىبادەتخانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ توختاپ قالدى . ئىبادەتخانىنىڭ راھىب كالانى فامىڭ ھەزرەت ئېتىكاپتا

ئولتۇراتتى . ئۇ ئۇشتۇمتۇت بىر بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە دەريا بويىغا يۈگۈرۈپ چىقتى . قارىسا ، قىرغاقتا توختاپ قالغان تاختايىنىڭ ئۈستىدە بىر بوۋاق تىڭشىلىق ياتقۇدەك . راھىب كالان بوۋاقنى دەرھال قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ قويىنىدىكى قانلىق خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ بۇ ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى . ئاندىن ئۇنىڭغا جياڭ ليۇ دەپ ئىسىم قويۇپ ، باشقىلارنىڭ بېقىپ بېرىشىگە تاپشۇردى . قانلىق خەتنى بولسا ئۆز يېنىدا ساقلاپ قويدى . ئايلار ، يىللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ تېز ئۆتتى . ھەش - پەش دېگۈچە جياڭ ليۇ ئون سەككىز ياشقا كىرىپ قالدى . راھىب كالان ئۇنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىشقا يېتەكلىدى ۋە راھىبلىق نامىنى شۈەن زاڭ دەپ قويۇپ ، بېشىنى سىلاپ ، پەرھىز ئۆگىتىپ ، ئىستىقامەت قىلىشقا يېتەكلىدى .

باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تەقۋادارلار قارىغاي سايىسىدە بۇددا نومىدىن تەپسىر ئېيتىشىپ ، ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى . شۈەن زاڭ ئارىدىكى بىر ھاراقكەش راھىبنى گەپتە تۇتۇۋالدى . ھېلىقى راھىبنىڭ ئاچچىقى كېلىپ شۈەن زاڭنى :

— ھەي ھارامدىن بولغان ! ئىسمىڭنىمۇ ، ئاتا - ئاناڭنىمۇ بىلمەيدىغان نىمەڭگە تېخى ماڭا گەپ ياندۇرامسەن ! — دەپ تىللىدى .

قاتتىق ھاقارەتلەنگەن شۈەن زاڭ ئىبادەتخانىغا قايتىپ كېلىپ ، ئۇستازىنىڭ ئالدىدا ياش تۆككەن ھالدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ :

— دۇنيادىكى ھەممە كىشىنىڭ بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا - ئانىسى بولىدىكەن ، نېمىشقا مېنى ئاتا - ئانىسى يوق دېيىشىدۇ ؟ — دېدى ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىسمىنى سوراپ يېلىنىپ تۇرۇۋالدى .

— ئاتا - ئاناڭنى بىلمەكچى بولساڭ ، مېنىڭ كەينىمدىن خانامغا كىرگىن ، — دېدى راھىب كالان .

شۆەن زاڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خاناكالانغا كىردى . راھىب كالان لىم ئۇستىدىن بىر تۇگۇنچەكنى ئېلىپ ئاچتى ۋە قانلىق خەت بىلەن كۆڭلەكنى چىقىرىپ ، شۆەن زاڭغا سۇندى . شۆەن زاڭ قانلىق خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ ، ئاتا - ئانىسىنىڭ نامۇئەمىلىدىن ۋە قىساسىدىن خەۋەر تاپتى .

شۆەن زاڭ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ، دۈم يېتىپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى ۋە مۇنداق دېدى :

— ئاتا - ئانامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالالمىسام ، مېنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ ؟ ئون سەككىز يىلدىن بۇيان ئۆز ئاتا - ئانامنى كۆرمىدىم . ھالا بۈگۈنگە كەلگەندىلا ئانامنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىۋاتىمەن . ئۇستازىم ، سىز مېنى قۇتۇلدۇرۇپ ، مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن باقمىغان بولسىڭىز ، مېنىڭ بۈگۈنكى كۈنۈم بولماس ئىدى ! ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز ، مەن ئانامنى تېپىپ دىدارلىشىۋالاي ، ئاندىن ئىسرىقدانىنى بېشىمدا كۆتۈرۈپ ، ئىبادەتخانىنى قايتىدىن تىكلەپ ، سىزنىڭ مېھىر - شەپقىتىڭىزنى قايتۇراي !

— ئاناڭنى ئىزدىمەكچى بولساڭ ، بۇ قانلىق خەت بىلەن كۆڭلەكنى ئېلىۋالغىن ، — دېدى راھىب كالان ، — مۇشۇ بولسىلا جاڭجۇ ئايمىقىدىكى شەخسىي يامۇللاردىن ئۆتۈپ ، ئاناڭ بىلەن كۆرۈشەلەيسەن .

شۆەن زاڭ ئۇستازىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە دىۋانە راھىب قىياپىتىدە جاڭجۇ ئايمىقىغا يېتىپ كەلدى . تەڭرى ئاتا - بالىنى كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلغاندەك ، لىيۇ خۇڭ ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى . شۆەن زاڭ يامۇل ئالدىغا كېلىپ ، سەدىقە سوراپ دۇئا ئوقۇدى . يەن خېنىم بۇنى ئاڭلاپ دەرھال يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە :

— قەيەردىن كەلدىڭلە ؟ — دەپ سورىدى .

— پېقىر جىڭشەن بۇتخانىسىدىكى راھىب كالان فامىڭنىڭ شاگىرتى بولىمەن ، — دېدى شۆەن زاڭ جاۋاب بېرىپ .

— جىڭشەن بۇتخانىسىدىكى راھىب كالاننىڭ شاگىرتى دېسىلە ...

يەن خېنىم شۈەن زاڭنى يامۇلغا باشلاپ كىرىپ، ئالدىغا پەرھىز تائام كەلتۈردى ۋە ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىگە زەن سېلىپ، ئۆز ئىرىگە ئوخشىتىپ، گەپ كوچىلاشقا باشلىدى:

— ئۇستام، ئۆزلىرى ئۆيدىن كىچىك چىقىپ كەتكەنمۇ ياكى چوڭ بولغاندىمۇ؟ نام - شەرىپلىرى نېمە بولىدىكىن؟ ئاتا - ئانىلىرى بارمۇ؟

شۈەن زاڭ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— مېنى ئۆيدىن كىچىك چىقىپ كەتكەن، چوڭ بولۇپ چىقىپ كەتكەن دېگىلىمۇ بولمايدۇ. سۆزلەپ كەلسەم تارتقان دەردىم چېچىمدىنمۇ تولا! دادامنى قاراقچىلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئانامنى بۇلاڭچى بۇلاپ كەتكەن. ئۇستازىم فامىڭ ھەزرەت مېنى جاڭجۇ ئايىمىقىدىكى يامۇلدىن ئاناڭنى تاپالايسەن، دەپ يولغا سېلىپ قويغان.

— ئانىلىرىنىڭ ئىسمى نېمە ئىكەن؟

— ئانامنىڭ ئىسمى يەن ۋېنجياۋ، دادامنىڭ ئىسمى چېن گۇاڭرۇي ئىكەن. مېنىڭ ئىسمىم جياڭ ليۇ، راھىبلىق نامىم شۈەن زاڭ.

— ۋېنجياۋ دەل ئۆزى مەن بولىمەن، — دېدى يەن خېنىم، — بىراق سىلىنىڭ قانداق ئىسپاتلىرى بار ئىكىن؟

شۈەن زاڭ ئۇنىڭ ئۆز ئانىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ھەسرەت بىلەن يىغلاپ تاشلىدى ۋە:

— ئانا، ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز قانلىق خەت بىلەن كۆڭلەك بۇنىڭغا گۇۋاھ! — دېدى.

ۋېنجياۋ خەت بىلەن كۆڭلەكنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. ئانا - بالا قۇچاقلىشىپ كۆز يېشى قىلىشتى.

— ئوغلۇم، — دېدى يەن ۋېنجياۋ شۈەن زاڭغا قاراپ، —

سەن بۇ يەردىن دەرھال كەتكىن !

— ئۆز ئاتا ـ ئانامنى كۆرمەي ئون سەككىز يىل ئۆتۈپتۇ . سىز بىلەن ئەمدىلا كۆرۈشۈپ يەنە ئايرىلىشقا قانداقمۇ چىدايمەن ؟

— ئوغلۇم ، سەن بۇ يەردىن دەرھال كەتمىسەڭ بولمايدۇ . قاراقچى ليۇ خۇڭ كەلسە ، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . مەن ئەتە يالغاندىن كېسەل بولۇۋېلىپ ، يۈز پاي راھىب كەشىسگە ۋەدە بېرىپ قويغانىدىم ، دەپلا سەن تۇرۇشلۇق ئىبادەتخانىغا باراي ، شۇ چاغدا ساڭا دەيدىغان گېپىم بار .

ئانىسىنىڭ بۇ گېپى بىلەن شۈەن زاڭ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى .

يەن خېنىم ئوغلى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن كۆڭلىنى ھەم خۇشاللىق ، ھەم ئەندىشە قاپلىۋالدى ، ئۇ بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ قالغان بولۇپ ، تاماقمۇ يېمەستىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىۋالدى . ليۇ خۇڭ يامۇلغا قايتىپ كېلىپ نېمە بولغانلىقىنى سورىدى .

— مەن كىچىك چېغىمدا بىرىگە يۈز پاي راھىب كەشىسى تىكىپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەنىدىم ، — دېدى يەن خېنىم ، — تۈنۈگۈن كېچە بىر چۈش كۆرۈپتىمەن . چۈشۈمدە بىر راھىب ماڭا پىچاق تەڭلەپ تۇرۇپ ، راھىب كەشىسىنى سورىغۇدەك ، شۇنىڭدىن كېيىنلا ھېچ مىجەزىم يوق بولۇپ قالدى .

— بۇنچىلىك ئىشنى نېمىشقا بالدۇرراق ئېيتمىدىڭىز ؟ — دېدى ليۇ خۇڭ ۋە دەرھال يامۇل بەگلىرىنى يىغىپ ، ۋاڭ چاپاۋۇل بىلەن لى چاپاۋۇلغا جاڭجۇ ئايمىقىدىكى ھەربىر پۇقرا بىردىن راھىب كەشىسى تىكىپ ، بەش كۈن ئىچىدە تاپشۇرسۇن دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى .

پۇقرالارغا ئالۋان سېلىنغان كەش پۈتۈپ بولدى . يەن خېنىم ليۇ خۇڭغا :

— راھىب كەشلىرىمۇ تەييار بولدى . يېقىن ئەتراپتا

ئىبادەتخانا بولسا، قەرزنى ئادا قىلىۋەتسەم بولاتتى، — دېدى.

— جاڭجۇ ئايمىقىدا جىڭئەن ۋە جاۋشەندىن ئىبارەت ئىككى ئىبادەتخانا بار، قايسىسىغا بارسىڭىز ئىختىيارىڭىز، — دېدى ليۇ خۇڭ.

— ئاڭلىسام جىڭشەن ئىبادەتخانىسىنى ياخشىراق دەيدۇ، شۇ يەرگە باراي، — دېدى يەن خېنىم.

ليۇ خۇڭ ۋاڭ، لى ئىككى چاپاۋۇلنى كېمە تەييارلاشقا بۇيرۇدى. يەن خېنىم يېقىن ئادەملىرى بىرنى ئېلىپ كېمىگە چىقتى. كېمىچى كېمىنى جىڭشەن ئىبادەتخانىسىغا قاراپ ھەيدىدى.

ئەمدى گەپنى شۇەن زاڭدىن ئاڭلايلى. ئۇ ئىبادەتخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بولغان ۋەقەنى راھىب كالان فامىڭغا بىرقۇر سۆزلەپ بەردى، راھىب كالان بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئەتىسى بىر دېدەك قىز كىرىپ خانىمنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. راھىبلار ئىبادەتخانا ئالدىغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. يەن خېنىم ئىبادەتخانىغا كىرىپ بۇدساتۋاغا تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن، ئەكەلگەن كەش ۋە پايپاقلارنى پەتنۇسقا سېلىپ دېدەككە كۆتۈرگۈزۈپ، ئىبتىكاپخانىغا كىردى، ئاندىن كۈجە - ئىسرىق كۆيدۈرۈپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، راھىب كالان فامىڭغا بۇ نەرسىلەرنى راھىبلارغا تارقىتىپ بېرىشنى ئېيتتى. شۇەن زاڭ راھىبلارنىڭ تارقىلىپ، ئىبتىكاپخانىدا بىرمۇ ئادەم قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى. يەن خېنىم ئۇنىڭ كەش ۋە پايپىقىنى سالدۇرۇپ، دەل سول پۇتىنىڭ بىر بارمىقى يوقلۇقىنى كۆردى. يەن خېنىم ئوغلىنى قۇچاقلاپ يىغا - زارە قىلدى. راھىب كالاننىڭ ئۇنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان مېھىر - شەپقىتىگە رەھمەت ئېيتتى.

— ئىككىڭلارنىڭ كۆرۈشكەنلىكىنى قاراقچى بىلىپ قالمىسۇن، سىز دەرھال قايتىپ كېتىڭ. بولمىسا ئۇ يەنە بالا تېرىيدۇ، — دېدى راھىب كالان.

يەن خېنىم ئوغلىغا قاراپ:

— ئوغلۇم، مەن ساڭا بىر ئۈزۈك بېرەي، سەن ئۇنى ئېلىپ خۇڭجۇ ئايمىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا بارغىن. تەخمىنەن بىر مىڭ بەش يۈز چاقىرىم يول يۈرسەڭ ۋەنخۇا دېڭگە يېتىپ بارسەن. ئەينى ۋاقىتتا موماڭ جاڭ ئاغىچا شۇ يەردە قالغانىدى. ئۇ، داداڭنىڭ ئانىسى بولىدۇ، ساڭا يەنە بىر پارچە خەتمۇ يېزىپ بېرەي. تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ خان قەلئەسىگە كىرىپ، ئوردا قوبۇلخانىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى ۋەزىر يەن كەيشەننىڭ ئۆيىگە كىرگىن. ئۇلار مېنىڭ ئاتا - ئانام بولىدۇ. مېنىڭ خېتىمنى بوۋاڭغا تاپشۇرۇپ بەرگىن. بوۋاڭ خانغا ئېيتىپ، لەشكەر باشلاپ كەلسۇن، بۇ قاراقچىنى يوقىتىپ، داداڭنىڭ قىساسىنى ئالسۇن. شۇ چاغدا مەنمۇ ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن ئازاد بولىمەن. مەن ئەمدى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمايمەن. قاراقچى مېنى كېچىكتىڭ دەپ تەقىپ ئاستىغا ئالىدۇ، — دېدى - دە، كېمىگە چۈشۈپ كېتىپ قالدى.

شۈەن زاڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا ئىبادەتخانىغا قايتىپ كىرىپ ئۇستازى بىلەن خوشلاشتى - دە، خۇڭجۇ ئايمىقىغا قاراپ راۋان بولدى. ۋەنخۇا دېڭگە يېتىپ كېلىپ، دەڭ خوجايىنى لىيۇ شياۋئېردىن:

— بۇرۇن جاڭجۇ ئايمىقىغا ماڭغان چېن فامىلىلىك بىر ئەمەلدارنىڭ ئانىسى سارايلىرىدا تۇرۇپ قالغانىكەن. ئۇ ھازىر ياخشى تۇرغانمىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ بۇرۇن مېنىڭ سارىيىمدا تۇرغانىدى، — دېدى لىيۇ شاۋئېر، — كېيىن كۆزى كۆرمەس بولۇپ قېلىپ ئۈچ - تۆت يىلغىچە ئىجارە ھەققىنى تۆلىيەلمەي، جەنۇبىي دەرۋازا يېنىدىكى كاھىش خۇمدىنىغا كۆچۈپ كەتكەنىدى. ھازىر ھەر كۈنى كوچىلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. ھېلىقى ئەمەلدار بىر كەتكەنچە ھېچقانداق خەت - خەۋىرى بولمىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدىم.

شۈەن زاڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، دەرھال جەنۇبىي دەرۋازا يېنىدىكى كاھىش خۇمدىنىغا بېرىپ موماسىنى تاپتى.

— ئاۋازىڭىز ئوغلۇم چېن گۋاڭرۇيىنىڭكىگە ئەجەب ئوخشايدىكەن، — دېدى مومىسى.

— مەن چېن گۋاڭرۇي ئەمەس، چېن گۋاڭرۇينىڭ ئوغلى بولىمەن. ۋېنجياۋ خېنىم مېنىڭ ئانام بولىدۇ، — دېدى شۈەن زاڭ.

— دادىڭىز بىلەن ئانىڭىز نېمىشقا كەلمىدى؟ — سورىدى موماي.

— دادامنى قاراقچىلار ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن، ئانامنىمۇ شۇلار بۇلاپ كېتىپ خوتۇن قىلىۋاپتۇ.

— سىز مېنى قانداق ئىزدەپ كەلدىڭىز؟

— ئانام مېنى سىزنى ئىزدەشكە ئەۋەتكەن. مانا يېنىمدا ئانامنىڭ يېزىپ بەرگەن خېتى بىلەن ئۈزۈكىمۇ بار.

موماي خەت بىلەن ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ، ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى ۋە:

— ئوغلۇم نام ـ ئاتاقنى دەپلا بۇ يەرگە كەلگەن. مەن تېخى ئۇنى ۋاپاسىزلىق قىلىپ مېنى ئۇنتۇپ كەتتى دەپ يۈرۈپتىمەن. سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى نەدىن بىلەي! ھېلىمۇ تەڭرىگە مىڭ شۈكۈر! تەڭرىنىڭ رەھمىتى بىلەن ئوغلۇمنىڭ ئىزىنى ئۈچۈرمەي، سىز مېنى بۇ يەرگە ئىزدەپ كەپسىز، — دېدى.

— موما، كۆزىڭىز قانداق قىلىپ كۆرمەس بولۇپ قالدى؟

— دادىڭىزنى كۈتۈۋېرىپ ئۈمىدسىزلىنىپ قۇرىدى. ئۇ كەلمىگەندىن كېيىن كۈن بويى يىغا ـ زار قىلدىم. شۇنداق قىلىپ ئىككى كۆزۈمنىڭ نۇرىمۇ ئۆچتى.

شۈەن زاڭ تىز چۆكۈپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلدى:

— شۈەن زاڭ مەن بۇ يىل ئون سەككىز ياشقا كىردىم. ئاتا ـ ئانامنىڭ قىساسىنى ئالالمىدىم، بۈگۈن ئانامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كېلىپ مومامنى ئىزدەپ تاپتىم. ئاھ، قۇدرەتلىك تەڭرىم، ئاجىز بەندىڭىزنىڭ سەممىي تىلىكىگە ئىجازەت بېرىپ، مومامنىڭ

كۆزنى يورۇق قىلغايسىز!

ئۇ ئىلتىجا قىلىپ بولۇپ، مومىسىنىڭ كۆزىنى تىلى بىلەن يالىدى. موماينىڭ كۆزى بىردىنلا ئېچىلدى. ئۇ ئالدىدىكى راھىبقا سىنچىلاپ قاراپ:

— سىز ھەقىقەتەن نەۋرەم ئىكەنسىز، ئوغلۇم چېن گۋاڭرۇينىڭ ئۆزىلا بوپسىز، — دېدى شادلىق ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ.

شۈەن زاڭ مومىسىنى خۇمداندىن ياندۇرۇپ ئاچىقىپ لىيۇ شاۋئېرنىڭ سارىيىغا ئەكەلدى ۋە ئۇنىڭ يېتىپ-قوپۇپ تۇرۇشى ئۇچۇن بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، بىرئاز پۇل بەرگەندىن كېيىن، مومىسىغا:

— مەن ئون بەش كۈندە قايتىپ كېلىمەن، — دېدى-دە، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئاستانىگە قاراپ يول ئالدى.

شۈەن زاڭ خان قەلئەسىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن شەرقىي كوچىدىكى يەن ۋەزىرنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تاپتى.

— مەن ۋەزىرنىڭ كۈيئوغلى بولىمەن. ئۇنى يوقلاپ كەلگەنىدىم، — دېدى ئۇ دەرۋازىۋەنگە.

دەرۋازىۋەن كىرىپ ۋەزىرگە مەلۇم قىلدى.

— مېنىڭ راھىب بىلەن ھېچقانداق تۇغقانچىلىقىم يوق، — دېدى ۋەزىر.

ۋەزىر ئانىچا دەرھال:

— كېچە مەن قىزىمىز مەنتاڭجياۋنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەپتىمەن. كۈيئوغلىمىزدىن بىرەر خەت-خەۋەر كەلدىمۇيا؟ — دېدى.

ۋەزىر شۈەن زاڭنى سارايغا چاقىرتتى. شۈەن زاڭ ۋەزىر بىلەن ۋەزىر ئانىچىنى كۆرۈپلا يەرگە يىقىلىپ يىغلاپ كەتتى ۋە قويىنىدىن خەتنى چىقىرىپ ۋەزىرگە سۇندى. ۋەزىر خەتنى ئېچىپ باشتىن-ئاخىر ئوقۇپ چىقىپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— ۋەزىر ئەزەم، نېمە ۋەقە بوپتۇ؟ — سورىدى ئانىچا

خېنىم .

— بۇ راھىب بىزنىڭ نەۋرىمىز بولىدىكەن ، — دېدى ۋەزىر ، — كۆيئوغلىمىز چېن گۋاڭرۇينى قاراقچىلار سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ، مەنتاڭجياۋنى زورلۇق بىلەن خوتۇن قىلىۋاپتۇ .

بۇنى ئاڭلىغان ئاغىچا خېنىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ، پەرياد ئۇرۇپ يىغلاپ كەتتى . ۋەزىر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ :

— كۆڭلىڭىزنى بىئارام قىلماڭ ، ئاغىچا خېنىم ، مەن خانغا مەلۇم قىلىپ ، ئۆزۈم لەشكەر باشلاپ بېرىپ ، كۆيئوغلىمىزنىڭ قىساسىنى چوقۇم ئالىمەن ! — دېدى .

ئەتىسى خان ئوردىسىغا كىرىپ ، تاڭ خانغا مۇنداق دېدى :

— كۆيئوغلۇم ، ئەلىيۇل ئەلا چېن گۋاڭرۇي ئائىلىسىنى ئېلىپ ، جاڭجۇ ئايمىقىغا ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا ، كېمىچى ليۇ خۇڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ، قىزىمنى بۇلاپ خوتۇنلۇققا ئاپتۇ ۋە نەچچە يىلدىن بېرى كۆيئوغلۇمنىڭ نامىدا ئەمەلدار بولۇۋاپتۇ . شۇڭا ، ئالىيلىرىدىن دەرھال لەشكەر چىقىرىپ ، قاراقچىنى ئۇجۇقتۇرۇشنى ئۆتۈنىمەن .

تاڭ خانى بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى ۋە ئاتمىش مىڭ لەشكەر چىقىرىپ ، يەن ۋەزىرنى باش قىلىپ تەيىنلىدى . يەن ۋەزىر خاننىڭ پەرمانىنى ئېلىپ ، دەرھال مەشىق مەيدانىغا يېتىپ كەلدى ـ دە ، لەشكەرلەرنى باشلاپ ، جاڭجۇ ئايمىقىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇلار كۈندۈزى يول يۈرۈپ ، كېچىسى قونۇپ ، ئۇزاق ئۆتمەي جاڭجۇ ئايمىقىغا يېتىپ كەلدى . ۋەزىر لەشكەرلىرى بىلەن دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىدا بارگاھ تىكلىدى . كېچىسى بىر ئەلچىنى ئەۋەتىپ جاڭجۇ ئايمىقىنىڭ مەخپىي ئىشلار بېگى بىلەن ئايماق قازىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ ، ۋەقەنى ئۇلارغا ئۇقتۇردى ۋە لەشكەر چىقىرىپ ھەمكارلىشىشنى ئېيتىپ ، دەريادىن بىرلىكتە ئۆتتى . تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ليۇ خۇڭنىڭ يامۇلى مۇھاسىرىگە ئېلىندى . ليۇ خۇڭ شېرىن ئۇيقۇ ئىچىدە چۈش كۆرۈۋاتاتتى .

بىردىنلا توپ ـ زەمبىرەك سادالىرى ياڭراپ ، دۇمباق ئاۋازى ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈردى . لەشكەرلەر يامۇلغا بېسىپ كىردى . ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالغان لىيۇ خۇڭ شۇ ھامان قولغا چۈشتى . ۋەزىر لىيۇ خۇڭ باشلىق گۇناھكارلارنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇدى . جاڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئىچكى ئىشلار بېگىمۇ چاپارمەنلەرنى ئەۋەتىپ ، دەريا قاراقچىسى لى بياۋنى تۇتۇپ كەلدى . بۇنىڭدىن خۇشال بولغان يەن ۋەزىر لىيۇ خۇڭ بىلەن لى بياۋنى لەشكىرىي زىندانغا تاشلاپ ، ھەربىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇشقا ۋە ئىقرارنامە يازدۇرۇپ ، كاللىسىنى كېسىپ ، ئېسىپ قويۇپ ، جامائەت ئالدىدا سازايى قىلىشقا بۇيرۇدى . ئاندىن ۋەزىر ، يەن خېنىم ۋە شۇەن زاڭ ئۈچى بىرلىكتە دەريا بويىغا كېلىپ ، كۆككە تېۋىنىپ تەزىيە بىلدۈردى ، چېن گۇاڭرۇينىڭ روھىغا ئاتاپ بىر پارچە تەزىيەنامە يېزىپ كۆيدۈردى .

بۇ ئۈچەيلەننىڭ نالە ـ پەريادى سۇ ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى . دېڭىز چارلىغۇچى ياكسا تەزىيەنامىنى ئېلىپ سۇ مۇئەككىلىگە يەتكۈزدى . سۇ مۇئەككىلى تەزىيەنامىنى كۆرگەندىن كېيىن ، سىپىھدار تاشپاقىنى ئەۋەتىپ چېن گۇاڭرۇينى چاقىرتىپ كەلدى ۋە :

— مۇبارەك بولسۇن تەقسىر ! بۈگۈن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز ، بەگزادىڭىز ۋە قېيناتىڭىز دەريا بويىغا كېلىپ سىزگە تەزىيە بىلدۈردى ، ئەمدى مەن سىزنىڭ روھىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرەي ، رەپىقىڭىز ۋە ئوغلىڭىز بىلەن بۈگۈنلا كۆرۈشىسىز ، — دېدى .

چېن گۇاڭرۇي ئۇنىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن تەزىم قىلىپ ، تەشەككۈر بىلدۈردى . سۇ مۇئەككىلى ياكساغا چېن گۇاڭرۇينى دەريادىن چىقىرىپ ، روھىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى . ياكسا بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى .

ئەمدى يەن خېنىمغا كەلسەك ، ئۇ ئېرىنىڭ قايغۇسىدا يىغلاپ ـ قاقشاپ ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچى بولدى . شۇەن زاڭ ئالمان ـ تالمان كېلىپ ئۇنى جېنىنىڭ بارىچە چىڭ

تـوٚتوٚۋالدى . دەل شوٚ جىددىي پەيتتە دەريا ئوٚستىدە بىر جەسەت لەيلەپ چىقىپ ، قىرغاقتا يېقىنلاشتى . يەن خېنىم ئوٚنىڭ قېشىغا يوٚگـوٚروٚپ بـېرىپ ، ئېرىنىڭ جەسىتىنى تونوٚدى ـ دە ، ئوٚزىنى بـاسـالماي ئوٚن سېلىپ يىغلاپ كەتتى . باشقىلارمۇ يوٚگوٚروٚشوٚپ كـېـلىـپ جەسەتكە قاراشتى . چېن گوٚاڭروٚي پوٚت ـ قوللىرىنى توٚزلەپ ، ئاستا ـ ئاستا قىمىرلىدى ـ دە ، بىردىنلا ئوٚرە بولوٚپ ئولتوٚردى . كوٚپچىلىك هاڭ ـ تاڭ بولوٚپ ، توٚروٚپلا قېلىشتى . چېن گوٚاڭروٚي كوٚزىنى ئېچىپ ، ئوٚز ئەتراپىدا يەن خېنىم ، قېيىناتىسى يەن ۋەزىر ۋە بىر ياش راھىبنىڭ يىغا ـ زار قىلىشىپ توٚرغانلىقىنى كوٚردى ۋە :

— سىلەر بوٚ يەردە نېمە قىلىپ توٚرىسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .

— سىزنى قاراقچىلار ئوٚلتوٚروٚۋەتكەندىن كېيىن بوٚ ئوغوٚلنى توٚغدوٚم ، — دېدى يەن خېنىم سوٚزىنى داۋاملاشتوٚروٚپ ، — بەختكە يـارىشا جىڭشەن بوٚتخانىسىدىكى راھىب كالان ئوٚنى بېقىپ چوڭ قىلىپ ، بىزنى تېپىشتوٚردى . مەن ئوٚنى چوڭ دادىسىنى ئىزدەپ تېپىشقا ئەۋەتتىم . دادام بوٚ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، خان ئـوردىـسـىغا خەۋەر قىلىپ ، لەشكەر باشلاپ كېلىپ قاراقچىنى يـوقـاتـتـى . شـوٚنىڭدىن كېيىن بوٚ يەرگە كېلىپ سىزگە تەزيىە بىلدوٚروٚپ توٚروٚشىمىزغا سىز تىرىلىپ قالدىڭىز . توۋا ، بوٚ قانداق بولغىنى ؟

— بىز ۋەنخوٚادىكى سارايدا توٚروٚۋاتقىنىمىزدا بىر ئالتوٚن ليوٚ بـېـلىقىنى سېتىۋېلىپ قويوٚۋەتكەن ئەمەسمىدىم ؟ — دېدى چېن گوٚاڭروٚي ، — كىم بىلسوٚن ، ئوٚ موٚشوٚ يەردىكى سوٚ موٚئەككىلى ئىكەن . كېيىن قاراقچىلار مېنى دەرياغا ئىتتىرىۋەتكەندىن كېيىن ، ئوٚ مېنى قوٚتوٚلدوٚروٚۋالدى . باياتىن روھىمنىمۇ قايتوٚروٚپ بەردى . بوٚ پەرزەنتنى توٚغقانلىقىڭىزنى ۋە قېيىناتامنىڭ مەن ئوٚچوٚن قىساس ئـالـغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتوٚرمەپتىمەن . ئاھ ، قارا كوٚنلەر توٚگەپ ، شېرىن چاغلار يېتىپ كەپتوٚ ! بوٚ نەقەدەر خوٚشاللىنارلىق ئىش ـ ھە !

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئايماق ئەمەلدارلىرى كېلىپ ئۇنى تەبرىكلەشتى . ۋەزىر زىياپەت تەييارلاپ ، قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ ، ئاستانىگە قاراپ ماڭدى . ۋەنخۇا دېگەن كەلگەندە ۋەزىر بارگاھ تىكلەپ ئارام ئېلىشقا بۇيرۇدى . چېن گۇاڭرۇي شۆەن زاڭ بىلەن بىللە ليۇ سارىيىغا ئانىسىنى ئىزدەپ كەلدى . موماي كېچىدىن چۈشىدە قاقشال دەرەخنىڭ چېچەكلىگىنىنى كۆرگەنىدى . ئەتىگەندە بولسا ، ئۆينىڭ ئارقىسىدا سېغىزخان تىنماي شاراقلاۋاتاتتى . موماي كۆڭلىدە : «نەۋرەم كېلىپ قالدىمۇ ، نېمە ؟» دەپ تۇرۇشىغا ، ساراي دەرۋازىسىدىن چېن گۇاڭرۇي ئوغلى شۆەن زاڭنى ئەگەشتۇرۇپ كىرىپ كەلدى .

— ئەنە مومام ! — دەپ ۋارقىرىدى شۆەن زاڭ مومايىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ .

چېن گۇاڭرۇي ئانىسىنى كۆرۈپ دەرھال ئايىغىغا يىقىلدى . ئانا ـ بالا ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ بىردەم يىغا ـ زار قىلىشتى ۋە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىرقۇر ئەسلەشتى . ئاندىن ساراي ھەققىنى ھېسابلاپ تۆلىۋېتىپ ، ئاستانىگە قايتىپ كەلدى ۋە ۋەزىر ئوردىسىغا كىرىپ چېن گۇاڭرۇي ، يەن خېنىم ۋە قېينانىسى بىرلىكتە ۋەزىر ئاغىچا بىلەن يۈز كۆرۈشتى . ۋەزىر ئاغىچا خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا سىغمىغان ھالدا ئائىلە خىزمەتكارلىرىنى زىياپەت تەييارلاشقا بۇيرۇپ ، بۇ خۇشاللىقنى تەبرىكلىدى .

— بۇ زىياپەتنى «جەم بولۇش زىياپىتى» دېسەك بولغۇدەك ، — دېدى ۋەزىر .

ھەقىقەتەن ، جەم بولغان بۇ ئائىلە چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەنىدى .

ئەتىسى ئەتىگەندە تاڭ خانى ئالىي قەسرىدىن ئورۇن ئالغاندا ، يەن ۋەزىر ئوتتۇرىغا چىقىپ ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى تەپسىلىي بايان قىلدى ۋە چېن گۇاڭرۇينى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە

كۆرسەتتى . تاڭ خانى ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل تېپىپ ، چىن گۇاڭرۇينىڭ ئىلمىي ئۇنۋانىنى ئۆستۇردى ۋە ئۇنى دۆلەت ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە قويدى . شۇەن زاڭنى ئانا[1] قىلىش قارارىغا كېلىپ ، خۇڭفۇ ئىبادەتخانىسىغا ئىلىم ـ ھېكمەت ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى . ئەمدىكى ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

① ئانا — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى .

# ئونىنچى باب

## *قىرى ئەجدىھانىڭ چاندۇرۇپ قويۇپ تەگرى ئالدىدا گۇناھ قىلغانلىقى*
## *ۋەزىر ۋېي جىڭنىڭ جەھەننەمگە ۋەسىيەت خېتى كىرگۈزگەنلىكى*

چېن گۇاڭرۇينىڭ مەنسىپىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكى، شۇەن زاڭنىڭ ئىلىم ـ ھېكمەت تەھسىل قىلغانلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلايلى: چاڭئەن شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى جىڭخې دەرياسىنىڭ بويىدا ئىككى دانىشمەن كىشى بولۇپ، بىرى، بېلىقچى جاڭ شاۋ، يەنە بىرى، ئوتۇنچى لى دىڭ ئىدى. بۇ ئىككىسى ئوردا ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن ساۋاتلىق تاغلىقلار ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار چاڭئەن شەھىرىگە كىرىپ قورساق تويغۇزۇپ، بىر ـ ئىككى قەدەھتىن ئىچىشتى ـ دە، جىڭخې دەرياسىنى بويلاپ ئۆي تەرەپكە يول ئالدى. جاڭ شاۋ كېتىۋېتىپ:
— لى ئۇكام، مەن شۇ نەرسىنى ئويلاۋاتىمەن، نام تالىشىدىغانلار نامنى دەپ ھاياتىدىن ئايرىلىدىكەن، مەنپەئەت تالىشىدىغانلار مەنپەئەتنى دەپ ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىدىكەن. ئۇنىۋانغا ئىگە بولغانلارنى يولۋاس يېسە، رەھىمدىللارنى يىلان چاقىدىكەن. ھېسابتا بىزگە ئوخشاش تاغۇدەريالاردا ئەركىن ـ ئازادە يۈرۈپ، كۆڭۈل خالىغاننى قىلىپ ئۆتكەنگە يەتمەيدىكەن جۇمۇ! — دېدى.
— دۇرۇس ئېيتىۋاتىسىز، جاڭ تاغا، — دېدى لى دىڭ، — بىز ئىككىمىز نام ـ مەنپەئەت قوغلاشمىدۇق، پەخىرلىنىپ كېتىدىغان، نومۇس قىلىدىغان ياكى ھەسرەت

چېكىدىغان ئىشلىرىمىز يوق.

ئۇلار سۆزلىشىپ ماڭغاچ ئاچا يولغا كېلىپ قالدى ۋە سالاملىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، جاڭ شاۋ:

— لى ئۇكام، يولدا ئۆزىڭىزگە پەخەس بولۇڭ، تاغدىكى يولۋاسلارغا يولۇقۇپ قالماڭ يەنە، مۇبادا بىرەر خەتەرگە دۇچ كېلىپ قالسىڭىز «كۇندۇز ئىدى، كوچىدا كۆرۈنمەيدۇ دوستلىرىم» دېگەندەك ئىش بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى. لى دىلى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاچچىقى كېلىپ:

— نېمانچە ئاغزىڭىزنى ئۇششۇتىسىز؟ بىز قەدىناس دوست تۇرۇپ ماڭا شۇملۇق تىلىگەندەك ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىزغۇ؟ مەن يولۋاسقا يەم بولسام، سىزمۇ چوقۇم دەريا كەلكۈنىگە ئۇچراپ غەرق بولىسىز! — دېدى.

— بىلىپ قويۇڭ، مېنى مەڭگۈ كەلكۈن باسالمايدۇ.

— «بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت - قوللىرىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەن گەپ بار، سىز بىرەر ئىش بولمايدىغانلىقىغا ھۆددە قىلالامسىز؟

— لى ئۇكام، سىز بۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشەنمەيسىز، مەن قىلغان ئوقىتىمنىڭ ھېكمىتى بىلەنمۇ بۇنداق بالاغا يولۇقمايمەن دەڭا!

— سىز سۇنىڭ ئۈستىدە جاھاندارچىلىق قىلىۋاتقان ئادەم، خېيىمخەتەر دېگەن سىزگە قاش - كىرپىكنىڭ ئارىسىدىكى ئىش. يەنە بۇنىڭ قانداق ھېكمىتى بار دەيسىز؟

— سىز بىلمەيسىز، چاڭئەن شەھىرىنىڭ غەربىي دەرۋازا بازىرىدا بىر پالچى تەقسىر بار. مەن ئۇنىڭغا ھەر كۈنى بىر تال ئالتۇن ليۇ بېلىقى ئاپىرىپ بەرسەم، ئۇ ماڭا بىر پال ئېچىپ بېرىدۇ. ئىشىنەمسىز، ئۇنىڭ دېگىنى يۈزدە - يۈز توغرا چىقىدۇ. بۈگۈنمۇ ئۇنىڭغا پۇل تۆلەپ پال ئاچقۇزدۇم. ئۇ، جىڭخې دەرياسىنىڭ ئەگىمىدىكى شەرقىي قىرغاقتىن تور تاشلاپ، غەربىي قىرغاقتىن يىغىۋالسىڭىز، تورىڭىزدا لىپمۇلىق بېلىق

سۈزۈۋالالايدىكەنسىز ، دېدى . ئەتە ئۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ پۇل قىلغاندىن كېيىن ، بىز يەنە قاۋاقخانىدا كۆرۈشەيلى .

شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن خوشلىشىپ ئايرىلدى .

«كۇندۇزى گەپلەشسەڭ ئەتراپىڭغا باق ، ئاخشىمى گەپلەشسەڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق» دېگەندەك ، جىڭخې دەرياسىنى چارلاپ يۈرگەن سۇ ئوردىسىنىڭ بىر ياكاسى ئۇلارنىڭ قىلىشقان پارىڭىدىن يۈزدە - يۈز توغرا چىقىدۇ ، دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالدى - دە ، دەرھال بىللۇر ئوردىسىغا قايتىپ بېرىپ ، سۇ مۇئەككىلىگە مەلۇم قىلدى :

— يامان بولدى ، يامان بولدى ! .

— نېمە يامان بولدى ؟ — سورىدى سۇ مۇئەككىلى .

— مەن دەريادا چارلاپ كېتىۋېتىپ ، بىر بېلىقچى بىلەن بىر ئوتۇنچىنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدىم . ئۇلار خوشلاشقاندا ناھايىتى يامان سۆزلەرنى قىلىشتى . بېلىقچى قېرى ، چاڭئەن شەھىرىدىكى غەربىي دەرۋازا بازىرىدا بىر پالچى تەقسىر بار . پالنى ناھايىتى توغرا ئاچىدۇ . مەن ئۇنىڭغا ھەر كۈنى بىر تال لېيۇ بېلىقى سوۋغات قىلىمەن ، ئۇنىڭ دېگەنلىرى يۈزدە - يۈز توغرا چىقىدۇ ، دېدى . ئەگەر شۇنداقلا بولىدىغان بولسا ئۇرۇق - ئەۋلادىمىزنى قۇرۇتۇۋەتمەمدۇ ؟ ئۇ چاغدا سۇ ئوردىمىزمۇ ۋەيران بولمامدۇ ؟ بىزنىڭ دولقۇنلار ئۈستىدە بەھۇزۇر ئۈزۈپ ، قۇدرىتىڭىزگە ياردەم - ھەمدەمدە بولۇشىمىزمۇ بىكارغا كەتمەمدۇ ؟

بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن سۇ مۇئەككىلى دەرھال شەمشىرىنى يالىڭاچلاپ ، چاڭئەن شەھىرىگە بېرىپ پالچىنى ئۆجۈقتۇرماقچى بولدى . شۇ ئەسنادا سۇ مۇئەككىلىنىڭ ئوغلى ، نەۋرىسى ، راك ۋەزىر ، قىسقۇچپاقا سەركەردە ، لەشكەر بېشى ماسىرۇرا رېۋىس[1] ، باقاۋۇل سىنىپرسا چۇتىسى[2] ۋە چاپاۋۇل لېيۇ بېلىقى يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ :

---

①، ② ماسىرۇرا رېۋىس ، سىنىپرسا چۇتىسى — بېلىقنىڭ تۈرلىرى .

— شاھ ئالىيلىرى ، ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا ، «مىش ـ مىش گەپكە ئىشەنمە» دېگەن سۆز بار . بۇ ئەلپازلىرى بىلەن بارسىلا بۇلۇت ـ تۇمانلار سىلىگە ئەگىشىپ ، يامغۇرلار ھەمدەمدە بولىدۇ . يەنە بىكار چاڭئەن ئاۋاملىرىنى ئەندىشىگە سېلىپ ، تەڭرىنىڭ غەزىپىگە قالمىسىلا ! ياخشىسى ، ئۆزلىرىنى ئاشكارىلىماي تالىپ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ، چاڭئەن شەھىرىگە كىرىپ ئۇنى بىر زىيارەت قىلىپ كۆرسىلە ، ئەھۋال راستىنلا شۇنداق بولسا ، ئاندىن ئۆلتۈرسىلىمۇ كېچىكمەيدىلا . ئەگەر ئۇنداق بولماي قالسا ، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىق بولۇپ قالامدۇ ؟ — دېيىشتى .

سۇ مۇئەككىلى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، شەمشىرىنى ئاستا قىنىغا سېلىپ قويدى ۋە يامغۇر ياغدۇرۇش نىيىتىدىنمۇ يېنىپ ، قىرغاققا چىقتى ـ دە ، بىرلا ئۆزگىرىپ ئاق كىيىملىك تالىپ قىياپىتىگە كىرىۋالدى . ئۇ ھەقىقەتەنمۇ :

*شۇ قەدەر كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى ،*
*جىسمىدىن ئايانىدۇر كۈچ ـ جاسارىتى .*
*تەمكىن ۋە بىمالال يۆتكەيدۇ قەدەم ،*
*قائىدە ـ يوسۇنلۇق كۆرۈنىدۇ ھەم .*

*ئاغزىدىن چۇشۇرمەس كۇڭزى ـ مېڭزىنى ،*
*ھۆرمەتتە سۆزلەيدۇ جۇ تەزكىرىنى .*
*ئۇستىدە سۇت رەڭلىك رۇران كەمزۇلى ،*
*بېشىدا يەلپۈنۈپ تۇرار روملى .*

دېگەندەك ئىدى . ئۇ يولغا چىقىپ سالماق قەدەملەر بىلەن چاڭئەن شەھىرىدىكى غەربىي دەرۋازا بازىرىغا يېتىپ كەلدى . قارىغۇدەك بولسا ، ئۇ يەردە بىر توپ كىشىلەر بىر ـ بىرىنى قىستىشىپ ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىۋاتقانىكەن . ئارىدا بىرى بار ئاۋازى بىلەن :
— ئەجدىھا يىللىقلار ئۆم كېلىدۇ ، يولۋاس يىللىقلار بىر ـ

بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ . يولۋاس ، ئەجدىھا ، يىلان ۋە توڭگۇز يىلللىقلار گەرچە ئىناق ئۆتۈشسىمۇ ، لېكىن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنى چاقماق تەگرىسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويامدىكىن دېگەن ئەندىشە بار ! — دەپ ۋارقىراۋاتاتتى .

سۇ مۇئەككىلى بۇنى ئاڭلاپ ، ئۇ يەردە جەزمەن پال سېلىنىۋاتقان بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدى ـ دە ، يېتىپ كەلگىنىچە كىشىلەر توپىنى يېرىپ كىرىپ :

*بۇ تاختايغا يېزىقلىق نامۇئەييەنىم ،*
*يىتۈك پالچى تەقسىرمەن ، ئىسمىم يۈەن شۇچېڭ .*

دېگەن خەت يېزىلغان تاختاينى كۆردى .

بۇ كىشى زادى كىم ؟ ئۇ ئوردا مۆتىۋەرلىرىدىن بولغان تەقسىر يۈەن تيەنگاڭنىڭ تاغىسى يۈەن شۇچېڭ بولۇپ ، تەقى ـ تۇرقى غەلىتە ، ھۆسن ـ جامالى قاملاشقان ، داڭقى ئالەمگە تارقالغان چاڭئەندىكى ساناقلىق كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى . سۇ مۇئەككىلى ئۇنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ بۇ تەقسىر بىلەن كۆرۈشتى . سالام ـ ساھەت قىلىشقاندىن كېيىن ، تەقسىر سۇ مۇئەككىلىنى يۇقىرىغا چىقىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . خىزمەتكار چاي كەلتۈردى .

— ئۆزلىرى نېمە ئىشنى سوراپ كەلدىلىكىن ؟ — سورىدى تەقسىر .

— ھاۋانىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى ئىدىم ، — دېدى سۇ مۇئەككىلى .

تەقسىر بىر سۇرىنى ئوقۇپ كەسكىن تەلەپپۇزدا :

— چوققىلارنى بۇلۇت ، ئورمانلارنى تۇمان قاپلايدۇ ، ئەتە ئەتىگەن چوقۇم يامغۇر ياغىدۇ ، — دېدى .

سۇ مۇئەككىلى يەنە سورىدى :

— يامغۇر ئەتە قايسى ۋاقىتتا ، قانچىلىك ياغىدىكىن ؟

— ئەتە تاڭ سەھەردە ھاۋا بۇلۇت بىلەن قاپلىنىدۇ . ناشتا

ۋاقىتىدا چاقماق چېقىپ ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيدۇ . چۈشتە يامغۇر ياغىدۇ ، كەچتە توختايدۇ . جەمئىي ئۈچ چى ، ئۈچ سۈڭ قىرىق سەككىز لى سۇ يېغىلىدۇ .

— چاقچاق قىلمايۋاتىدىغانلا ؟ — دېدى سۇ مۇئەككىلى كۈلۈپ قويۇپ ، — ئەگەر ئەتە يامغۇر يېغىپ سىلى دېگەندەك بولسا ، مەن سىلىگە ئەللىك سەر ئالتۇن ھەدىيە قىلاي . ئەگەر يامغۇر ياغماي ياكى سىلى دېگەندەك بولماي قالسا ، شۇنى ئېيتىپ قويايكى ، دۇكانلىرىنى چېقىپ ، نام تاختىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلايمەن ۋە چاڭئەندىن قوغلاپ چىقىرىمەن . بۇ يەردە كىشىلەرنى ئالداپ يۈرگۈچى بولمىسىلا !

تەقسىر ئۇچۇق - يورۇقلۇق بىلەن :

— بولىدۇ ، بولىدۇ ، بۇ ئىش سىلىنىڭ خالىغانلىرىدەك بولسۇن . ئەتە يامغۇردىن كېيىن كۆرۈشەيلى ، — دېدى .

سۇ مۇئەككىلى ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ، چاڭئەندىن چىقتى - دە ، سۇ ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى . چوڭ - كىچىك سۇ مالائىكىلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ :

— پادىشاھىم ، ھېلىقى پالچىنى زىيارەت قىلدىلىمۇ ؟ — دەپ سوراشتى .

— ئۇ دۇكىنىدا بار ئىكەن ، — دېدى سۇ مۇئەككىلى ، — ئۆزى ناھايىتى گەپدان تەقسىر ئىكەن . مەن ئۇنىڭدىن قاچان يامغۇر ياغىدۇ ، دەپ سورىسام ، ئۇ ، ئەتە ياغىدۇ ، دەپ جاۋاب بەردى . قانداق ۋاقىتتا ، قانچىلىك ياغىدۇ ، دەپ سورىۋىدىم ، تاڭ سەھەردە بۇلۇت تۇپلىنىپ ، ناشتا ۋاقتىدا ھاۋا گۈلدۈرلەيدىغانلىقىنى ، چۈشتە يامغۇر يېغىپ ، كەچتە توختايدىغانلىقىنى ، ئۈچ چى ، ئۈچ سۈڭ ، قىرىق سەككىز لى سۇ يېغىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . مەن ئۇنىڭ بىلەن باغلىشىپ ، ئەگەر دېگىنىگەدەك بولسا ئەللىك سەر ئالتۇن بېرىمەن . ئەگەر ئازراقلا ئوخشاش چىقماي قالسا ، دۇكىنىنى چېقىپ ، سېنى قوغلىۋېتىمەن . چاڭئەندە كىشىلەرنى قايتا ئالداپ يۈرگۈچى بولما دەپ قويدۇم .

سۇ مالائىكىلىرى خۇشال بولۇشۇپ :

— پادىشاھىم ، سىلى دېگەن سەككىز ئېقىنىنىڭ غوجىسى ، يامغۇرنى باشقۇرىدىغان بۈيۈك سۇ مۇئەككىلى ، يامغۇر يېغىش - ياغماسلىقنى سىلى بىلىدىغان تۇرسىلا ، ئۇ قانداقچە ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ يۈرىدۇ ؟ پالچى چوقۇم ئۇتتۇرىدۇ ، چوقۇم ئۇتتۇرىدۇ ! — دېيىشتى .

سۇ مۇئەككىلىنىڭ ئوغلى ، نەۋرىسى ، بېلىق سەركەردە ، قىسقۇچپاقا چاپاۋۇللار دەل مۇشۇ ئىش ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىپ كۇلۇشۇپ تۇرغان ئەسنادا ، تۇساتتىن ئاسماندا «جىڭخې دەرياسىدىكى سۇ مۇئەككىلىگە پەرمان كەلدى !» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالتۇن كىيىملىك بىر كۆچتۈڭگۈرنىڭ يۇرۇن سۇلتانىنىڭ پەرمانىنى كۆتۈرۈپ ، سۇ ئوردىسىغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . سۇ مۇئەككىلى ھودۇققان ھالدا كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ، كۈجە - ئىسرىق كۆيدۈرۈپ چىقىپ پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالدى . ئالتۇن كىيىملىك كۆچتۈڭگۈر ھاۋاغا ئۆرلەپ كەتتى . سۇ مۇئەككىلى پەرمانىنى ئېھتىيات بىلەن ئېچىپ ئوقۇدى . ئۇنىڭدا :

*سەككىز ئېقىن غوجىسى ساڭا پەرمان ،*
*گۈلدۈرماما - چاقماقنى ماڭدۇر راۋان .*
*يامغۇر - يېشىن ياغدۇرۇپ تاڭلا - ئەتە ،*
*بۈيۈك چاڭئەن شەھىرىگە بولغىن دەرمان .*

دېيىلگەنىدى . يامغۇرنىڭ ۋاقتى ، مىقدارىمۇ تەقسىرنىڭ ئېيتقىنى بىلەن ئوپئوخشاش ئىدى . بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن سۇ مۇئەككىلىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ ، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويدى . ئۇ بىرئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ سۇ مالائىكىلىرىگە مۇنداق دېدى :

— توۋا ، جاھاندا بۇنداقمۇ زېرەك ئادەم بولىدىكىنا ! ئۇ ،

ئالەمنىڭ جىمى سىرلىرىنى بىلىپ تۇرامدۇ ، نېمە؟ ياق ، ھەرگىز ئۇنىڭغا ئۇتتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ !

— شاھ ئالىيلىرى ، خاتىرجەم بولسىلا ، — دېدى لەشكەر بېشى ماسىرۇرا رېۋىس ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ، — ئۇنى ئۇتۇۋېلىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس . مېنىڭ بىر كىچىك پىلانىم بار ، ئۇ ئەبلەخنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپلا قويىمىز .

سۇ مۇئەككىلى ئۇنىڭ پىلانىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدى . لەشكەربېشى مۇنداق دېدى :

— يامغۇرنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۇرۇپ ، مىقدارىنىمۇ ئازايتىمىز . ئۇ ھارامزادىنىڭ دېگىنى دەل چىقمايدۇ ـ دە ، سىلى ئۇتۇۋالىدىلا . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نام تاختىسىنى چېقىپ ، قەلئەدىن قوغلىۋېتىش مەقسىتىگە يېتىمىز !

سۇ مۇئەككىلى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىماستىنلا ئۇنىڭ مەسلىھىتىگە ماقۇل بولدى .

ئەتىسى ئۇ بوران تاغا ، گۇلدۇرماما ئاتا ، بۇلۇت بالا ، چاقماق ئانىلارغا قوماندانلىق قىلىپ ، چاڭئەن شەھىرىنىڭ ئۇستىگە يېتىپ كەلدى ۋە ناشتا ۋاقتىغىچە ساقلاپ بۇلۇت يېيىپ ، چۈش بولغاندا گۇلدۇرماما چاقماقنى قويۇۋەتتى . كەچتە ئاندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ، گۇگۇم چۈشكەندە توختاتتى . ئاران دېگەندە ئۈچ چى قىرىق لى يېغىن بېرىپ ، ۋاقتىنىمۇ كېچىكتۈرۈپ ، ئۈچ سۇڭ سەككىز لى يېغىننى كەم بەردى . يامغۇردىن كېيىن سەركەردىلىرىنى تارقىتىۋېتىپ ، ئۆزى بۇلۇت بىلەن يەرگە چۈشۈپ ، ئاق كىيىملىك تالىپ قىياپىتىگە ئۆزگەردى ـ دە ، غەربىي دەرۋازا بازىرىدىكى يۈەن شۈچېڭنىڭ دۇكىنىغا ئۇسۇپ كىرىپ ، گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئۇنىڭ نام ـ تاختا ، قەلەم ـ دۇۋەتلىرىنى قويماي ئۇرۇپ چېقىپ ۋەيران قىلىۋەتتى . تەقسىر بولسا ئورۇندۇقىدا قىمىر قىلىپمۇ قويماستىن تەمكىن ھالدا ئولتۇردى . سۇ مۇئەككىلى ئىشىك تاختىيىنى قومۇرۇۋېلىپ ئۇنى ئۇرۇشقا دېۋەيلەپ كەلدى ۋە :

— ھەي بالا ـ قازا تېرىيدىغان ساختىپەز جادۇگەر ،

كىشىلەرنى ئېزىقتۇرغان كاززاپ ! سەن ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈيدىكەنسەن ، سالغان پاللىرىڭ بولسا ، ساپلا يالغان . بۈگۈن يامغۇر ياغىدۇ دېگەن ۋاقتىڭ توغرا چىقمىسىمۇ يەنە گۆشىرىپ ئولتۇرسەنا ؟ بۇ يەردىن تېزرەك يوقال ! دەرھال جېنىڭنى ئېلىپ قاچ ! — دەپ تىللاپ كەتتى .

يوەن شۈچېڭ قىلچە ئۆكمەستىن ئولتۇرۇپ ، ئاسمانغا قاراپ سوغۇق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مۇنداق دېدى :

— مېنىڭ قورقۇنچۇم يوق ، نېمىدىن قورقاتتىم ! ئۆلۈمگە تۇتۇلىدىغىنى مەن ئەمەس ، بەلكىم ئۆزۈڭ بولىسەن ! باشقىلارنى ئالدىيالىساڭمۇ مېنىڭ كۆزۈمنى بويالمايسەن . مەن سېنى ئوبدانلا تونۇيمەن ، سەن تالىپ ئەمەس . دەل جىڭخې دەرياسىدىكى سۇ مۇئەككىلى . سەن يۇرۇن سۇلتانىنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىپ ، ۋاقىتنى ئۆزگەرتىڭ ، يېغىننى كەملەتتىڭ ، تەڭرى ئالدىدا گۇناھ قىلدىڭ ! ئەمدى ئەجەل تىغىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن ! يەنە تېخى مېنى ھاقارەتلەۋاتامسەن ؟

بۇنى ئاڭلاپ سۇ مۇئەككىلى قورقىنىدىن غال - غال تىترەپ كەتتى ۋە ھۆل تاسمىدەك لاسىدە بوشىشىپ ، قولىدىكى تاختاينى تاشلىدى - دە ، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ پالچى تەقسىرنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى :

— تەقسىر ، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا ، باياتىنقى سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى چاقچاق دەپ چۈشەنسىلە . يالغان راستقا ئايلىنىپ مانا ئەمدى تەڭرى ئالدىدا گۇناھكار بولدۇم . قانداقمۇ قىلارمەن ؟ تەقسىر ، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالسىلا ، بولمىسا ، ئۆلسەممۇ سىلىنى قويۇۋەتمەيمەن !

— مەن سېنى قۇتۇلدۇرالمايمەن ، — دېدى يوەن شۈچېڭ ، — پەقەت ھاياتلىق يولىلا كۆرسىتىپ بېرەلەيمەن ، خالاس .

— تەلىملىرىگە ئىنتىزارمەن ، — دېدى سۇ مۇئەككىلى .

يوەن شۈچېڭ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى :

— ئەتە چۈشتىن ئۆتكەندە ، سەن ئوردىدىكى نىزا ئىشلىرى بېگى ۋېي جېڭنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆلۈمىڭنى كۈتسەن . ئەگەر ساڭا جان كېرەك بولسا ، دەرھال تاڭ تەيزۇڭ خانغا كىرىپ ياخشى گەپ قىلغىن . ۋېي جېڭ بولسا تاڭ خانىنىڭ قول ئاستىدىكى ۋەزىر . ئەگەر ئۇنىڭغا ئازراق ئادەمگەرچىلىك قىلىپ قويساڭ ، ئامان قالالىشىڭ مۇمكىن .

سۇ مۇئەككىلى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، تەزىم قىلىپ خۇشلاشقاندىن كېيىن ، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن هالدا كېتىپ قالدى . كۈن ئاستا ـ ئاستا ئۇپۇق قوينىغا سىڭىپ ، يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىدى . ئۇ ئوردىسىغا قايتماستىن ، ئاسمان قەھرىدە ساقلاپ تۇرۇپ تاكى تۈن يېرىم بولغاندىلا بۇلۇت ـ تۇمانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ، خان سارىيىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى . بۇ چاغدا تاڭ خانى چۈشىدە جۆيلۈپ قويۇپ ، ساراي سىرتىدا سۈتتەك ئايدىڭدا گۈل سەيلىسى قىلىۋاتاتتى . سۇ مۇئەككىلى ئۇنى كۆرۈپ بىردىنلا ئادەم سىياقىغا ئۆزگەردى ـ دە ، ئۇنىڭ پۇتىغا باش قويۇپ :

— شاھ ئالىيلىرى ، مېنى قۇتقۇلدۇرۇۋالسىلا ، مېنى قۇتقۇلدۇرۇۋالسىلا ! — دەپ يېلىندى .

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ نېمە ۋەجىدىن سېنى قۇتقۇلدۇرىدىكەنمەن ؟ — دېدى تەيزۇڭ .

سۇ مۇئەككىلى يەنە يېلىنىپ تۇرۇپ :

— شاھ ئالىيلىرى ، ئۆزلىرى ھەقىقىي پاك ئەجدىھادۇرلەر ، مەن بولسام ياۋا ئەجدىھا . پېقىر ئۇلۇغ ئەقىدە ئالدىدا گۇناھ قىلغانلىقىم ئۈچۈن ، قول ئاستىلىرىدىكى ۋەزىر ۋېي جېڭ كاللامنى ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ ، شۇڭا ئۆزلىرىدىن پاناھلىق تىلەپ كەلگەنىدىم ، — دېدى .

— كاللاڭنى ئالىدىغان كىشى ۋېي جېڭلا بولسا ، مەن سېنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالالايمەن . سەن خاتىرجەم كېتىۋەرگىن ، — دېدى تەيزۇڭ .

سۇ مۇئەككىلى بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ ، رەھمەت ئېيتىپ

كېتىپ قالدى .

ئەلقىسسە ، تەيزۇڭ چۈشىدىن ئويغىنىپ ، كېچىدىكى ئىشنى زادى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى . كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا بارلىق ئەمەلدار ـ قەلەمدار بەگ ـ سىپاھلىرىنى يىغدى . بەگ ـ سىپاھلار ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ، ئۆز رەتى بويىچە سەپراس بولۇپ تۇرۇشتى . تەيزۇڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى پاللىدىتىپ ، ھەممىسىگە بىرقۇر نەزەر تاشلاپ چىقتى . قەلەمدار بەگلەردىن فاڭ شۈەنلىڭ ، دۇرۇخۇي ، شۈي ماۋگۇڭ ، شۈي جىڭزۇڭ ، ۋاڭ گۈيلەر ھازىر ئىدى . ئەمەلدار سىپاھلاردىن ماسەنباۋ ، دۈەن جىشەن ، يەن كەيشەن ، چېڭ جاۋجىن ، ليۇ خۇڭجى ، خۇ جىڭدې ، چىن شۇباۋلار بولۇپ ، ھەربىرى قاتۇرۇپ قويغاندەك قاتتىق سۈكۈتتە تۇرۇشاتتى . پەقەت ۋەزىر ۋېي جېڭلا كۆرۈنمەيتتى . تەيزۇڭ شۈي ماۋگۇڭنى ئالدىغا چاقىرىپ :

— مەن كېچە ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتىمەن . چۈشۈمدە بىر كىشى ئالدىمغا كېلىپ يىلىنىپ تۇرۇپ ، مەن جىڭخې دەرياسىدىكى سۇ مۇئەككىلى بولىمەن . تەڭرى ئەقىدىسى ئالدىدا گۇناھ قىلغانلىقىم ئۈچۈن قول ئاستىلىرىدىكى ۋېي جېڭ كاللامنى ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ . مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالسىلا ، دېگۈدەك . مەن ئۇنىڭغا ۋەدە بەرگەنىدىم . مانا ئەمدى ئاراڭلاردا بىرلا ۋېي جېڭ كۆرۈنمەيدۇ . بۇ قانداق بولغىنى ؟ — دېدى .

— چۈشلىرى راست بولسا ، ۋېي جېڭنى ئوردىغا چاقىرىپ ئەكېلىش كېرەك ، شاھ ئالىيلىرى ، — دېدى شۈي ماۋگۇڭ ، — ئۇنى ئىشىكتىن چىققۇزماي بۈگۈن بىر كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتسىلە ، چۈشلىرىدىكى سۇ مۇئەككىلىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالايلا .

تاڭ تەيزۇڭ بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ ، ۋېي جېڭنى دەرھال ئوردىغا چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى .

ئەمدى ۋەزىر ۋېي جېڭغا كەلسەك ، ئۇ ئوردىسىدا كېچىچە ئاجايىپ ئىشلارنى كۆردى . پەلەك قەھرىدە بىردىنلا تۇرنىنىڭ

قاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، ئەرشتىن ئەۋەتىلگەن ئەلچى يورۇن سۇلتاننىڭ ئالتۇن يارلىقىنى ئەكەلدى . يارلىقتا ئۇنىڭدىن بوگۈن چۈشتىن قىيىلغاندا ، چۈشىدە جىڭخې دەرياسىدىكى قېرى سۇ مۈئەككىلىنى ئۆلتۈرۈش تەلەپ قىلىنغانىدى . شۇ ۋەجدىن ۋەزىر تەڭرىنىڭ شەپقىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ، پەرھىز تۇتۇپ غۇسۇل قىلغاندىن كېيىن ، قىلىچىنى بىلەپ ، ئوردىغا بارماستىن ئولتۇراتتى . ئۇ ، چاپارمەننىڭ چاقىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، ھودۇقۇپ ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى . خاننىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىشقا ئۇنىڭ ھەددى ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ئامالسىز ئۇيۇل - توپۇل كىيىنىپ ، ئوردىغا يېتىپ كەلدى ۋە باش ئېگىپ گۇناھىنى تىلىدى .

— سىزدە ھېچقانداق گۇناھ يوق ، — دېدى تاڭ تەيزۇڭ ، شۇنىڭدىن كېيىن بەگ - سىپاھلارنى تارقىتىۋېتىپ ، يالغۇز ۋېي جېڭنى ئەپقالدى ۋە ئوردا قوبۇلخانىسىدىكى خالىي ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپ ، ئەل - يۇرتنى تىنچلاندۇرۇش ئىشلىرى ئۈستىدە پاراڭغا چۈشتى . پېشىنغا يېقىن يەنە سارايۋەننى چاقىرىپ شاھماتنى ئەكېلىشكە بۇيرۇدى - دە ، «ۋەزىر بىلەن بىر قول ئوينىۋېتەيلى» دېدى . كېنىزەكلەر شاھماتنى ئاچىقىپ شىرەگە تىزدى . ۋېي جېڭ خاننىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپ ، شاھمات ئويناشقا كىرىشىپ كەتتى .

بىر مەيدان ئېلىشىش ئاخىرلاشماستىنلا كۈن پېشىندىن قايرىلدى . ۋېي جېڭ بىردىنلا شىرە ئۈستىگە باش قويۇپ ، خارقىراپ ئۇيقۇغا كەتتى . تاڭ تەيزۇڭ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا :

— ۋەزىر ئەزەم ھەقىقەتەن تاغۇدەريالىرىمىزنى گۈللەندۈرۈشتە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ كۆپ چارچىدى . شۇڭا ، ئۇخلاپ قېلىۋاتىدۇ ، — دېدى - دە ، ئويغىتىشقا كۆزى قىيمىدى .

بىر ئازدىن كېيىن ۋېي جېڭ ئويغىنىپ ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ :

— جانابىي ئالىيلىرى ، مەن گۇناھكار ، مەن گۇناھكار !

باياتىن مۇگدەپ قېلىپ خۇدۇمنى بىلمەي قاپتىمەن . مېنى جازاغا تارتقايلا ! — دېدى .

— سىزنى قانداقمۇ جازاغا تارتاي ، — دېدى تاڭ تەيزۇڭ ، — ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ، ئۇرۇقلارنى جايىغا تىزىپ ، سىز بىلەن يېڭىباشتىن تۇتۇشىمەن .

ۋېي جېڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ، ئۇرۇقلارنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا ، سىرتتا بىرىنىڭ ۋارقىراپ - جارقىرىغىنى ئاڭلاندى . قارىغۇدەك بولسا چىن شۇباۋ ، شۈي ماۋگۇڭلار غەرق قانغا بويالغان ئەجدىھانىڭ كاللىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىۋاتاتتى .

— شاھ ئالىيلىرى ، دەريا - دېڭىزلارنىڭ قۇرۇپ كەتكىنىنى كۆرگەن بولساقمۇ ، لېكىن بۇنداق غەلىتە ئىشلارنى ئەزەلدىن يولۇقتۇرمىغانىدۇق ، — دېدى ئۇلار خانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ .

تاڭ تەيزۇڭ بىلەن ۋېي جېڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ :

— بۇنى قەيەردىن تاپتىڭلار ؟ — دەپ سوراشتى .

— دەھلىزنىڭ جەنۇبىدىكى تۆت كوچىغا بارغىنىمىزدا ئاسماندىن ئۇشتۇمتۇت بۇ ئەجدىھانىڭ كاللىسى چۈشتى . شۇڭا ، ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلماي تۇرالمىدۇق ، — دېدى ئۇلار .

تاڭ تەيزۇڭ ھەيران بولۇپ ۋېي جېڭدىن سورىدى :

— بۇ قانداق بولغىنى ؟

ۋېي جېڭ دەرھال تىز چۆكۈپ تەزىم قىلىپ :

— باياتىن مەن چۈشۈمدە ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىمەن ، — دېدى .

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ قالغان تاڭ تەيزۇڭ :

— سىز باياتىن ئۇخلىغان ۋاقتىڭىزدا ھېچبىر مىدىرلىغاندەكمۇ قىلمىغانىدىڭىز ، قولىڭىزدا قىلىچمۇ يوق ئىدى . بۇ ئەجدىھانى قانداق ئۆلتۈرۈپ قويدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى .

ۋېي جېڭ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— شاپائەتلىك ئىگەم ! پېقىرنىڭ تېنى ئالىيلىرىنىڭ يېنىدا بولغان بىلەن ، چۈشۈمدە ئۆزلىرىدىن يىراقلاشتىم . كۆزۈمنى يۇمۇشۇم بىلەن تەڭ پاجىئەلىك بىر مەنزىرە كۆز ئالدىمدا گۈڭگا

ئايان بولدى . چۈشۈمدە ئالىيلىرىدىن ئايرىلىپ ، بۆلۈتلار ئۈستىگە چىقىپ جاسارەتكە تولدۇم . ھېلىقى ئەجدىھانى قەتل سۈپىسىدا ئەرش لەشكەرلىرى باغلاپ تەييار قىلىپ تۇرۇپتۇ . مەن ئۇنىڭغا : «سەن تەڭرى ئالدىدا گۇناھ قىلدىڭ ، ئەمدى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىسەن . مەن تەڭرىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىپ ، ھاياتىڭنى ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن» دېدىم . ئۇ پەرياد سېلىپ نالە قىلىشقا باشلىدى . مەن تېخىمۇ روھلىنىپ كەتتىم . ئۇ ، ئەلەم ئىچىدە كىرپىدەك تۈگۈلۈپ ، رازىلىق بەردى . قەھرىم جۇش ئۇرۇپ ، يەڭلىرىمنى شىمايلىدىم ـ دە ، ئۆتكۈر تىغنى ئېگىز كۆتۈردۈم . «شارت» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەجدىھانىڭ كاللىسى يوككىدە ئۈزۈلۈپ چۈشتى .

تاڭ تەيزۈڭ بۇنى ئاڭلاپ ھەم خۇشال بولدى ، ھەم خاپا بولدى . خۇشاللىقى : ۋېي جېڭ يارامىلىق ۋەزىر ئىدى . ئوردىدا ئۇنىڭدەك باھادىرلار بولغانلىقى ئۈچۈنلا ، ئۇ تاغۇ دەريالىرىنىڭ ئاسايىشلىقىدىن خاتىرجەم ئىدى . خاپا بولغان يېرى : چۈشىدە ئەجدىھانى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ ، بىقارار ئۆلتۈرۈلگەنىدى . شۇڭا ، ئۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ ، چىن شۇباۋغا ئەجدىھانىڭ كاللىسىنى شەھەر ئوتتۇرىسىغا ئېسىپ قويۇپ ، پۇتكۈل چاڭئەن جامائەتچىلىكىنى خەۋەردار قىلىشنى تاپىلىدى . ئاندىن ۋېي جېڭنى تارتۇقلىدى . ئەمەلدارلار تارقاشتى .

خان كەچتە ئوردىسىغا قايتىپ قاتتىق ئازابلاندى . چۈشىدىكى ئەجدىھانىڭ كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ يېلىنغانلىقىنى ، ئاخىر ئامالسىز ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئويلاپ كۆپ بىئارام بولدى . ئويلىغانسېرى روھى بوشىشىپ ، بەدىنىگە بىر خىل تىترەك ئولاشتى . تەڭ كېچىگە يېقىنلاشقاندا ، ئوردا ئالدىدا كانايىنىڭ چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى . تاڭ تەيزۇڭنى تېخىمۇ قورقۇنچ باستى . ئۇنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا بېرىشى بىلەن تەڭ جىڭخې دەرياسىدىكى ھېلىقى سۇ مۇئەككىلى قان تېمىپ تۇرغان بىر باشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ : «ھەي تاڭ تەيزۇڭ ، مېنىڭ جېنىمنى قايتۇرۇپ

بەرگىن ! جىنىمنى قايتۇرۇپ بەرگىن ! تۈنۈگۈن كېچە مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا بىر چىرايلىق ۋەدە بېرىپ قويۇپ ، تاڭ يورۇغاندا نېمىشقا ئادەم ئەۋەتىپ مېنى ئۆلتۈرىسەن ؟ بۇياققا چىق ! چاققان بول ! سەن بىلەن ياماراجا ئالىيلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ بىر دېيىشىپ باقايلى ! » دەپ ۋارقىرىدى ۋە تەيزۇڭغا مەھكەم ئېسىلىپ تارتىپ تۇرۇۋالدى . تاڭ تەيزۇڭنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى ، تىركىشە - چىلىق تەرگە چۆمۈلدى . ئۇلار شۇنداق قاتتىق تىركىشىۋاتقان پەيتتە ، جەنۇب ئاسمىنىدا نېپىز بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ ، رەڭدار تۇمانلار ئارىسىدىن بىر ئايال ئەۋلىيا چىقىپ كەلدى - دە ، قولىدىكى تال چىۋىقنى يېنىك بىر سىلكىدى . ھېلىقى باشسىز ئەجدىھا شۇئان ھەسرەت بىلەن يىغلىغان پېتى غەربىي شىمال تەرەپكە كېتىپ قالدى . ئەۋلىيا ئايال ئاۋالوكىتسۋارا بودساتۋا بولۇپ ، بۇددا پەرمانىغا بىنائەن شەرقىي دىيارغا مۇقەددەس نومنى ئەكېلىدىغان ئادەم ئىزدەپ كېلىپ ، چاڭئەن شەھىرىدىكى يەر مۇئەككىلى بۇتخانىسىدا تۇرۇۋاتاتتى . ئۇ كېچىدىن ئالۋاستىلارنىڭ ۋاقىراپ - جارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ ، ئەجدىھانى قوغلىۋېتىپ ، خاننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى . ھېلىقى ئەجدىھانىڭ جەھەننەمگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلىمەي تۇرايلى .

ئەلقىسسە ، تەڭ تەيزۇڭ چۈشىدىن ئويغىنىپ «جىن كەلدى ! جىن كەلدى ! » دەپ ۋارقىراپ كەتتى . قورقۇپ كەتكەن خانىش ، كېنىزەكلەر ۋە ھەرەمئاغىسى غال - غال تىترىشىپ ، تۈن بويى ئۇخلىيالمىدى . ئەمدىلا تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ بارلىق ئەمەلدار - قەلەمدار بەگ - سىپاھلار ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا توپلىنىپ خاننىڭ چىقىشىنى كۈتتى . تاڭ يورۇدى ، ئۇلار خاننىڭ چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئەندىشە ئىچىدە يەرگە تىزلىنىپ تەگرىگە باش ئۇرۇشتى . كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە بىرى خاننىڭ «تازا تاۋۇم يوق تۇرىدۇ ، ئوردا يىغىلىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن»

دېگەن لەۋزىنى ئېلىپ چىقتى . ھەش - پەش دېگۈچە ئالتە - يەتتە كۈن ئۆتۈپ كەتتى . ئەمەلدارلار ئەنسىرەپ خان بىلەن كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋال سوراش ئۈچۈن ئوردىغا كىرمەكچى بولۇپ تۇرۇشقاندا ، خانىش چاقىرتقان ئوردا تېۋىپى يېتىپ كەلدى . ئەمەلدارلار يەنە ئوردا ئالدىدا خەۋەر كۈتۈپ تۇرۇشتى . بىرئازدىن كېيىن تېۋىپ قايتىپ چىقتى . ئۇلار تېۋىپتىن ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىنى سورىدى .

— خاننىڭ تومۇر سوقۇشى نورمال ئەمەس ، — دېدى تېۋىپ ، — تېز ھەم بەك ئاجىز سوقۇۋاتىدۇ . كۆزۈمگە جىن كۆرۈندى دەپ جۆيلۈۋاتىدۇ . ھەممە ئەزايىنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم . ئىچكى ئەزالىرى بەك زەئىپلىشىپ كېتىپتۇ . يەتتە كۈنگە قالمىغۇدەك .

بۇنى ئاڭلاپ ئەمەلدارلارنىڭ قورققىنىدىن چىرايلىرى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى .

كۆپچىلىك بىسەرەمجان بولۇۋاتقان شۇ ئەسنادا تەيزۇڭ شۈي ماۋگۇڭ ، چىن شۇباۋ ، خۇجىڭدېلارنى ھۇزۇرىغا چاقىرتتى . ئۇچەيلەن دەرھال يان سارايغا كىرىپ ، تەزىم بەجا كەلتۈردى . تەيزۇڭ ئۆزىنى ئوڭشاپ ئولتۇرۇپ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— جانابىي تەقسىرلەر ، مەن ئون توققۇز يېشىمدا قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ ، جەنۇب ۋە شىمالغا يۈرۈش قىلدىم . شەرق ۋە غەربتە تالاي جەڭلەرنى ئېلىپ باردىم . كۆللى مۇشەققەتلەرنى تارتىپ ، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدىم . بىراق ، بىرەر شەيتانغىمۇ يولۇققان ئەمەس ئىدىم . ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە جىن كۆرۈۋاتىمەن .

— بۇ دەۋانى ئىلكىلىرىگە ئېلىشتا تالاي باشلارنى تېنىدىن جۇدا قىلغان ئادەم بىر جىننىڭ ۋارقىرىغىنىغا قورقارمىدىلە ؟ — دېدى فۇ جىڭدې .

— سىز بىلمەيسىز ، — دېدى تەيزۇڭ ، — دالان سارايدا ئۇخلاۋاتاتتىم . يېرىم كېچە بولغاندا ئۆگزىدىكى كاھىشلار

غاراس - غۇرۇس قىلىپ ، جىن - ئالۋاستىلار ۋارقىراپ - جارقىراپ كەتتى . ئۆزۈمنى قەيەرگە قويۇشنى بىلمەي قالدىم . شۇنىڭدىن كېيىن كۈندۈزلىرىم ئەندىشە ئىچىدە ، كېچىلىرىم ئۇيقۇسىز ئۆتۈۋاتىدۇ .

— كۆڭۈللىرىنى ئازادە تۇتسىلا ، — دېدى چىن شۇباۋ ، — مەن بۈگۈن كېچە خۇ جىڭدې بىلەن ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا كۆزەتتە تۇراي . زادى قانداق ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى .

تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى تايىن تاپتى . شۇي ماۋگۇڭ خانىنىڭ ئىلتىپاتىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى . كەچ كىرگەندە خۇ جىڭدې بىلەن چىن شۇباۋ ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ ، ئالتۇن تىرنا ۋە ئايپالتىلىرىنى چىڭ تۇتقان هالدا ئوردا دەرۋازىسىدا كۆزەتچىلىك قىلدى . كېچىچە جىن - ئالۋاستىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى . تاڭ تەيزۇڭ ئوردىسىدا خاتىرجەم ئۇخلىدى . تاڭ يورۇغاندا ئۇ ئىككى سەركەردىسىنى چاقىرىپ ، قاتمۇقات تارتۇقلىغاندىن كېيىن :

— نەچچە كۈندىن بېرى مەن ئۆز - ئۆزۈمدىن قورقۇپ خاتىرجەم ئۇخلىيالمىغانىدىم . بۈگۈن كېچە ئىككىڭلارنىڭ هىمايىتىدا تىنچلىق نېسىپ بولدى . هازىر بېرىپ ئارام ئېلىڭلار ، كېچىچە يەنە كېلىپ كۆزەتتە تۇرۇڭلار ، — دېدى .

ئىككى سەركەردە تەشەككۈر ئېيتىپ چىقىپ كەتتى . شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆزەتچىلىك قىلىشى بىلەن ئىككى - ئۈچ كېچە تىنچ ئۆتتى . بىراق خانىنىڭ تامىقى بارغانسېرى ئازلاپ ، كېسىلى ئېغىرلاشتى . ئۇنىڭ ئىككى سەركەردىنى يەنە ئاۋارە قىلىشقا كۆڭلى بارماي ، چىن شۇباۋ ، خۇجىڭدې ، دۇرۇخۇي ۋە فاڭ شۈەنلىڭلارنى يېنىغا چاقىرىپ :

— ئىككى كۈندىن بېرى بىرئاز خاتىرجەم بولغان بولساممۇ ، لېكىن چىن شۇباۋ بىلەن خۇ جىڭدېنى كېچىچە جاپاغا سېلىپ قويدۇم . شۇڭا ، قولى ئەپچىل رەسساملارنى چاقىرىپ ، بۇ ئىككى

سەركەردىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپ ، ئىشىككە چاپلاپ قويساڭلار ، بۇ ئاۋارىچىلىقمۇ بولماسمىكىن دەيمەن ، قانداق دەيسىلەر ؟ — دېدى .

ۋەزىرلەر ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە رەسسامنى چاقىرىپ كېلىپ ، خۇ ، چىن ئىككى سەركەردىنىڭ ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيىپ قوراللىق تۇرغان رەسىمىنى سىزدۇرۇپ ، ئىشىككە چاپلاپ قويىدى . كېچىدە ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمىدى .

ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، يەنە ئارقا سارايىنىڭ قوۋۇقى جالاقلاپ ، ئۆگزىدىكى كاھىشلار تاراقشىپ كەتتى . ئەتىگەندە خان يەنە بارلىق ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ :

— ئالدىنقى كۈنلەر خۇشال ، خاتىرجەم ئۆتكەندى ، كېچىدىن بېرى يەنە ئارقا ئىشىك جالاقلاپ كەتتى . يەنە بىرى ماڭا قەست قىلىۋاتامدۇ ، نېمە ؟ — دېدى .

شۇي ماۋگۇڭ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئالدى ئىشىك تىنچىسىز بولغاندا جىڭدې بىلەن شۇباۋ قوغدىغانىدى . ئەمدى ئارقا ئىشىكنى ۋېي جېڭ قوغدىسۇن ، — دېدى .

تەيزۇڭ ماقۇللۇق بىلدۈردى ۋە ۋېي جېڭنى چاقىرتىپ كېلىپ ، بۈگۈن كېچە ئارقا ئىشىكتە كۈزەتچىلىك قىلىشنى ئېيتتى . ۋېي جېڭ پەرماننى ئىلىكگە ئېلىپ ، ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى كىيدى - دە ، ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن شەمشىرىنى ئېلىپ كېچىچە ئارقا ئىشىكتە مەردانە قىياپەتتە كۈزەتتە تۇردى .

بىر كېچە ئۆتتى ، ھېچقانداق ئىنس - جىنىنىڭ شەپىسىمۇ بولمىدى . ئالدى ، ئارقا ئىشىك تىنچلانغىنى بىلەن خاننىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ باردى . بىر كۈنى خانىش ئاخىرەتلىك ئىشىنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ۋەزىرلەرنى چاقىرتتى . تاڭ تەيزۇڭ شۇي ماۋگۇڭنى ئالدىغا چاقىرىپ ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى تاپىلىدى ۋە بالا - چاقىلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ قويۇشنى ئۆمىد قىلدى . شۇ سۆزدىن كېيىن شۇي ماۋگۇڭ

يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ تەييار بولدى . شۇ ئەسنادا ۋەبى جىبىڭ پادىشاھنىڭ تونىنى كۆتۈرگەن ھالدا پەيدا بولۇپ :

— شاھ ئالىيلىرى ، سىلى خاتىرجەم بولسىلا ، مېنىڭ جانابلىرىنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان بىر ئامالىم بار ، — دېدى .

— كېسىلىم يامانلىشىپ ، پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغان چاغدا ساقلاپ قالىدىغانغا قانداقمۇ ئامال بولسۇن ؟ — دېدى تەيزۇڭ .

— مەندە بىر پارچە خەت بار ، — دېدى ۋەبى جىبىڭ ، — ئۇنى باقىي ئالەمگە ئاپىرىپ ، جەھەننەم قازىسى سۇي جۆگە بەرسىلە بولىدۇ ، — دېدى .

— سۇي جۆ كىم بولىدۇ ؟ — سورىدى تەيزۇڭ .

ۋەبى جىبىڭ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— سۇي جۆ سەلتەنەتلىك شاھى سۇلتانىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن ئىدى . ئۇ ئاۋۋال زىجۇ ئايمىقىدا ئامبال بولۇپ ، كېيىن ئوردا مىزان مەھكىمىسىنىڭ ياساۋۇللۇقىغا كۆتۈرۈلگەن . بىز قويۇق ئارىلاشقان قەدىناس دوستلاردىن ئىدۇق . ئۇ ھازىر رەھمەتلىك بولۇپ ، جەھەننەمدە ھايات ـ مامات دەپتىرىنى باشقۇرىدىغان قازى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ . مەن چۈشۈمدە دائىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرىمەن . بۇ خەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇرسىلا ، ئۇ خېتىمنى كۆرسىلا ، جانابلىرىنى قويۇۋېتىدۇ ھەم روھلىرىنى بۇ ئالەمدە تىرىلدۈرۈپ ، تاج ـ دۆلەتلىرىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ .

تاڭ تەيزۇڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، خەتنى قولىغا ئېلىپ يېڭىگە تىقىپ قويدى ـ دە ، ئاستا ـ ئاستا كۆزىنى يۇمۇپ ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى . پۈتۈن ئوردا ئەھلى ، خانىش ، شاھزادە ۋە ئەلەمدار ـ قەلەمدار بەگ ـ سىپاھلارنىڭ ھەممىسى قارىلىق باغلاپ ماتەم تۇتتى . خاننىڭ مېيىت ساندۇقىنى ئاق يولۋاس سارىيىغا ئورۇنلاشتۇردى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن . تەيزۇڭنىڭ قانداق تىرىلگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# ئون بىرىنچى باب

## *تاڭ تەيزۇڭنىڭ جەھەننەم ئوردىسىغا كىرىپ قايتا تىرىلگەنلىكى*
## *لىيۇ چۈەننىڭ مېۋە ئەكىرىپ خوتۇنى بىلەن يارىشىۋالغانلىقى*

ئەلقىسسە، تاڭ تەيزۇڭنىڭ سىيماسى قاراڭغۇلىشىپ، روھى ۋۇفېيڭ راۋىقىنىڭ ئالدىغا چىقتى. قارىسا، خان لەشكەرلىرى شىكارغا ھازىرلىنىپ تۇراتتى، تەيزۇڭ خۇشال ھالدا ئۇلارغا ئەگىشىپ يۈرۈپ كەتتى. خېلى ئۇزۇن يول يۈرگەندىن كېيىن ئاتلىقلار كۆزدىن غايىب بولدى. خان چەكسىز باياۋاندا يالغۇز ـ يېگانە قالدى. ئۇ قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرغاندا، ئالدى تەرەپتىن بىرىنىڭ: «ھەي، بۈيۈك تاڭ پادشاھى، بۇ ياققا كەلسىلە!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. تەيزۇڭ بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر كىشى يول ياقىسىدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ تەيزۇڭغا قاراپ:

— شاھ ئالىيلىرى، ئالدىلىرىغا بارالمىغان گۇناھىمنى كەچۈرگەيلا، — دېدى.

— ئۆزلىرى كىم بولىدىلا؟ مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان نېمە ئىشلىرى بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى تەيزۇڭ ئۇنىڭدىن.

ھېلىقى كىشى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— يېقىندا ئاي ئىلگىرى سامرا قەسرىدە جىڭخې دەرياسىدىكى ئەجدىھا جانابلىرىنىڭ ئۈستىدىن، ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، دەپ ئەرز قىلغاندا، بىرىنچى قەسىر پادشاھى

چىن گۇاڭنىڭ ئۆزلىرىنى چاقىرتىپ ئۈچ تەرەپ[1] كېڭىشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەزرائىلنى ئەۋەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. ئالدىلىرىغا كېچىكىپ چىقىپ قالدىم. گۇناھىمنى كەچۈرگەيلا!

— نام - شەرىپلىرى كىم بولىدۇ؟ ئەمەللىرى نېمە؟ — سورىدى تەيزۇڭ يەنە.

— پېقىر ھايات ۋاقتىمدا سەلتەنەتلىك شاھى سۇلتانىنىڭ قول ئاستىدىكى زىجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلى، كېيىن مىزات مەھكىمىسىنىڭ ياساۋۇل بېگى بولغان. ئىسمىم سۇي جۆ بولىدۇ. ھازىر جەھەننەمنىڭ دەپتەردار قازىسىمەن، — دېدى ھېلىقى كىشى.

بۇنى ئاڭلاپ تەيزۇڭ ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزغاندىن كېيىن:

— كۆپ رىيازەت چېكىپلا تەقسىر، مەن ۋېي جېڭنىڭ قېشىدىن كەلدىم. ئۇ ئۆزلىرىگە بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىۋىدى، ھېلىمۇ ياخشى بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالدۇق، — دېدى.

قازى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، خەتنى سورىدى. تەيزۇڭ يېڭىدىن خەتنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى. سۇي جۆ ئېھتىرام بىلەن خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

*«بۈيۈك مەھكىمە قازىخانىسىدىكى ئاغام سۇي جۆ تەقسىر جانابلىرىغا:*

*كەم ئەقىل ئىنىلىرى ۋېي جېڭ تۆۋەنچىلىك بىلەن سىلىگە ئۇشبۇ خەت ئارقىلىق ئالىي سالام يوللايمەن. دوستلۇقىمىزنى ئەسلىسەم، مۇبارەك جامالىلىرى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. سىلىنىڭ قىممەتلىك تەلىملىرىنى ئاڭلىمىغىلى ئۇزاق زامانلار بوپتۇ، ھېيت - ئايەملەردە روھلىرىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىۋاتىمەن. ياغ ھىدى يېتىپ بېرىۋاتامدىكىن؟ سىلىنى يادىمدىن زادىلا*

---

① ئۈچ تەرەپ — ئادەمزات، جەھەننەم، سۇ سەرا.

*چىقىرالمايمەن . چۈشلىرىمگە دائىم ھەمراھ بولىدىلا .*
*ھەش - پەش دېگۈچە كېتىپ قالدىلا . ئامال قانچە ، مەن بۇ*
*ئالەمدە ، سىلى ئۇ ئالەمدە بولغاچقا ، دىدارىمىزغا*
*قېنىشالمىدۇق . بۈگۈن پادىشاھ تەيزۈڭ رەھمەتلىك بولۇپ*
*كەتتى . ئۈچ تەرەپ كېچەش ئېلىپ بارغاندا چوقۇم سىلى*
*بىلەن ئۇچرىشىدۇ دەپ ئويلايمەن . ھايات چاغدىكى*
*دوستلۇقىمىز يۈزىسىدىن ئاسانلىق بېرىپ ، جانابلىرىنى بۇ*
*ئالەمگە قايتۇرۇۋېتەرسىلە .*
*ھەممەتلىرىگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت !»*

سۈي جۆ خەتنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ، خۇشال بولغان ھالدا :

— ۋېي جىڭنىڭ چۈشىدە قىرى ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇغاندىم . مەن ئۇنىڭغا باللىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى تاپشۇرغان . بۈگۈن ئۇ يەنە خەت يېزىپتۇ . جانابلىرى خاتىرجەم بولسىلا . مەن ئۆزلىرىنىڭ پانىي ئالەمگە قايتىپ ، سەلتەنەت تەختىدە قايتا ئولتۇرۇشلىرىغا كېپىللىك قىلاي ، — دېدى .

تەيزۇڭ بۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن مىننەتدار بولدى .

ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا ، ئۇ ياقتا ھاۋا رەڭ كىيىم كىيگەن ئىككى بالا بىر ئۇزۇنچاق ئەلەمنى كۆتۈرگەن ھالدا پەيدا بولدى - دە :

— ياماراجا چاقىرىۋاتىدۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى .

تەيزۇڭ بىلەن سۈي جۆ باللار بىلەن بىرگە ئالدى تەرەپكە قاراپ ماڭدى . بىرئازدىن كېيىن بىر شەھەر كۆرۈندى . شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى تاختايغا «جەھەننەم مەھكىمىسى شەيتان ئېغىزى ئۆتكىلى» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى . باللار تەيزۇڭنى شەھەر ئىچىگە باشلاپ كىرىپ كوچىنى بويلاپ ئېلىپ ماڭدى .

بىرنەچچە چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن زۇمرەت تاشتىن قوپۇرۇلغان ئاجايىپ گۈزەل بىر راۋاق كۆرۈندى . تەيزۇڭ ئۇنىڭغا زوق بىلەن قاراپ تۇراتتى ، ئۇشتۇمتۇت ئالدى تەرەپتىن قوڭغۇراقلار جىرىڭشىپ ، ئەتراپنى كۈجە ـ ئىسرىق ھىدى قاپلاپ كەتتى ۋە پانۇس كۆتۈرگەن تۆتەيلەننىڭ يول باشلىشىدا ئون ياماراجا پەلەمپەيدىن ئاستا چۈشۈپ ، تەيزۇڭ تەرەپكە قاراپ كەلدى . تەيزۇڭ ئېھتىرام بىلەن بىر چەتكە چىقىپ ئۇلارغا يول بوشاتتى .

— ئالىيلىرى پانىي ئالەمدىكى ئىنسانلارنىڭ پادشاھى ، بىز بولساق ، باقىي ئالەمدىكى مۇنكىر شاھلىرى ، بۇنچىلىك تەكەللۇپ قىلىپ كەتمىسىلىمۇ بولىدۇ ، — دېدى ياماراجالار .

تەيزۇڭ ئۇلارغا ئەگىشىپ سامرا قەسرىگە كىردى ۋە ئون ياماراجا بىلەن قايتا سالاملىشىپ كۆرۈشتى . مېھمان ۋە ساھىبخانلار ئۆز جايلىرىدىن ئورۇن ئېلىشتى .

بىرئازدىن كېيىن پادشاھ چېن گۇاڭ قول قوشتۇرغان ھالدا كىرىپ مۇنداق دېدى :

— جىڭخې دەرياسىدىكى ئەجدىھا ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىن لەۋزىدە تۇرماي مېنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ، دەپ ئەرز قىلدى . بۇنىڭ سەۋەبى ... ؟

تەيزۇڭ ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— بىر كېچىسى چۈشۈمدە قېرى ئەجدىھا ئالدىمغا كېلىپ ، مېنى قۇتقۇلدۇرۇۋالسىڭىز ، دەپ يېلىندى . مەن ئۇنىڭغا خاتىرجەم بولغىن ، دەپ ئېيتقانىدىم . كۈتۈلمىگەندە ، ئۇ گۇناھكار بولغاچقا قول ئاستىمدىكى ئەمەلدار ۋېي جېڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ . مەن ۋېي جېڭنى يېنىمغا چاقىرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن شاھمات ئويناۋاتاتتىم . كىم بىلسۇن ، ئۇ چۈشىدىلا چېپىۋېتىپتۇ . بۇ بىرىنچىدىن ، ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ سېھىرگەرلىكى بولسا ؛ ئىككىنچىدىن ، شۇ گۇناھكار ئەجدىھانىڭ ئۆزىنىڭ شورى . بۇنىڭغا مېنىڭ نېمە ئامالىم دەيدىلا ؟

— بىز بۇ ئىشتىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تاپقانىدۇق ، — دېيىشتى ياماراجالار بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېھتىرام

بىلەن ، — ئۇ بۇ يەردە جىددىي قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۇچۇنلا ، جانابلىرىنى گۇۋاھلىققا چاقىرتقانىدۇق . بىز ئۇنىڭغا قايتا جان ئاتا قىلىپ چىقىرىۋەتتۇق . جانابلىرىنى مالال قىلىپ بۇ يەرگە چۇشۇرگەن ئەيىبىمىزنى كەچۇرگەيلا .

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇلار دەپتەردار قازىنى دەپتەرنى ئاچقىپ ، شاھ ئالىيلىرىنىڭ يورۇق دۇنيالىقىنىڭ يەنە قانچىلىك بارلىقىنى كۆرۈپ بىقىشقا بۇيرۇدى . سوي جۆ دەرھال خانىسىغا كىرىپ ، جاھاندىكى پادىشاھلارنىڭ رويخىتىگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتتى ۋە جەنۇبىي جامبۇدۋىپادىكى بۈيۈك تاڭ پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ ھاياتىنىڭ جىنگۇەننىڭ 13 - يىلىغىچە پۈتۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، يۈرىكى «قارت» قىلىپ كەتتى . ئۇ دەرھال قويۇق سىياھقا چىلانغان يوغان موي قەلەمنى ئەكىلىپ ، بىر دىگەن رەقەمنى ئۈچكە ئۆزگەرتتى - دە ، دەپتەرنى ئاچقىتى .

يامارا جالار دەپتەرنى باشتىن - ئاخىر كۆرۈپ چىقىپ ، تەيزۇڭنىڭ ھاياتىنىڭ 33 - يىلغا پۈتۈلگەنلىكىنى كۆردى - دە ، ھەيران بولۇپ ، تەيزۇڭدىن سورىدى :

— ئالىيلىرى تەختتە ئولتۇرغىلى قانچە يىل بولدى ؟

— ئون ئۈچ يىل بولدى ، — دىدى تەيزۇڭ جاۋاب بىرىپ .

— ئالىيلىرى خاتىرجەم بولسىلا ، يەنە يىگىرمە يىللىق ئۆمۈرلىرى بار ئىكەن ، — دىدى ياماراجالار ، — بۇ يەرگە كىلىپ ئېبىنىقلىۋالغانلىرىمۇ بىر ھىسابتا ياخشى بولدى . ئەمدى پانىي ئالەمگە قايتسىلا بولىدۇ .

تەيزۇڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، ئۇلارغا رەھمەت - تەشەككۇر ئېيتتى . ياماراجالار سوي جۆ قازى بىلەن جۇ پاشاپ بىگىگە تەيزۇڭنىڭ روھىنى قايتۇرۇپ بىرىشنى تاپىلىدى . تەيزۇڭ سامرا قەسرىدىن چىقىپ كىتىۋىتىپ ، قول قوشتۇرغان ھالدا ياماراجالاردىن :

— ئوردامدىكى تۇغقانلىرىمنىڭ ئەمىنلىكى قانداقراقكىن ؟ — دەپ سورىدى .

— ھەممىسى ئامان - ئېسەن تۇرۇۋاتىدۇ، لېكىن سىڭىللىرىنىڭ ئۆمرى ئانچە ئۇزاققا بارمايدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى ياماراجالار.

تەيزۇڭ ئۇلارغا قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپ:

— مېنى پانىي ئالەمگە قايتۇردۇڭلار، بىراق ھازىر شەپقىتىڭلارنى ياندۇرغۇدەك بىرەر نەرسەممۇ يوق ئىكەن. قايتىپ بېرىپ قوغۇن - تاۋۇز ئەۋەتىپ بېرەي، — دېدى.

— بىزدە قوغۇن - تاۋۇز ناھايىتى كەڭرى، پەقەت كاۋىلا كەمچىل، — دېدى ياماراجالار.

تەيزۇڭ:

— قايتىپ بېرىپ چوقۇم ئەۋەتىمەن، چوقۇم ئەۋەتىمەن، — دېگىنىچە ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

جۇ پاششاپ روھنى يېتەكلىگۈچى ئەلەمنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا يول باشلىدى. سۇي جۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭدى. تەيزۇڭ ئەتراپىغا بىرقۇر كۆز تاشلاپ، مېڭىۋاتقىنى ئەسلىدىكى كونا يول ئەمەسلىكىنى بايقىدى - دە، سۇي جۇدىن:

— يولدىن ئېزىپ قالدۇقمۇ، نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئازمىدۇق، — دېدى سۇي جۇ، — جەھەننەم دېگەن شۇنداق بولىدۇ، كېلىش يولى بار، كېتىش يولى يوق. ھازىر جانابلىرىنى «چاقپەلەك» ئارقىلىق ئايلاندۇرۇپ، ھاياتلىققا ئاچىقىۋاتىمىز.

تەيزۇڭ ئامالسىز ئۇ ئىككىسىگە ئەگىشىپ ماڭدى.

بىرنەچچە چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن توساتتىن بىر ئېگىز تاغ كۆرۈندى. قاپقارا تۇمان يەرۇئاسماننى قاپلاپ تۇراتتى.

— ئالدىمىزدىكى قايسى تاغ بولىدۇ؟ — سورىدى تەيزۇڭ سۇي جۇدىن.

— بۇ جەھەننەم كۆلەڭگىسى تېغى بولىدۇ، — دېدى سۇي جۇ.

تەيزۇڭنى بىردىنلا قورقۇنچ باستى:

— مەن ئۇ يەردىن ئۆتەلمىگۈدەكمەن .
— خاتىرجەم بولسىلا ، ئالىيلىرى ، بىز سىلىنى باشلاپ ئۆتۈپ كېتىمىز .
تەيزۇك ئۇلارغا ئەگىشىپ دىرىلدەپ تىترىگەن ھالدا قىيا ئۈستىگە چىقتى ۋە سۇي جۆنىڭ ھىمايىسىدە جەھەننەم تېغىدىن ئۆتتى .
ئۇلار ئىلگىرىلەپ بىرنەچچە يامۇلدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئەتراپتىن كىشىنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالىدىغان قورقۇنچلۇق چىرقىراشلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى .
— بۇ قەيەر بولىدۇ ؟ — دەپ سورىدى تەيزۇڭ يەنە .
— بۇ جەھەننەم تېغىنىڭ ئارقىسىدىكى ئون سەككىز دوزاخنىڭ ئۆزى شۇ ، — دېدى سۇي جۆ .
بۇنى ئاڭلاپ تەيزۇڭنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىشكە تاس قالدى .
ئۇلار يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ، بىر توپ شەيتان يولۇقتى . ئۇلار تۈغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن ھالدا يول ياقىسىدا تىزىلىپ ئولتۇرۇپ :
— كۆۋرۈك ئەلچىلىرى ئۆزلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يېتىپ كەلدۇق ، — دەپ ۋارقىراشتى . سۇي جۆ قازى ئۇلارغا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا ئىجازەت بەردى ۋە تەيزۇڭنى باشلاپ ئالتۇن كۆۋرۈكتىن ئۆتتى . تەيزۇڭ ئالدى تەرەپتە يەنە بىر كۈمۈش كۆۋرۈكنى كۆردى . بۇ كۆۋرۈك ئۈستىدىمۇ تۈغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن بىر توپ ساداقەتمەن خالىس بەندىلەر ئۇلارنى كۈتۈۋالدى . ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۆۋرۈكتە شىۋىرغان ئۇچۇپ ، ئاستىدا قىپقىزىل قان دولقۇنلاپ ئېقىۋاتاتتى . نالە ـ پەرياد قىلىشلار ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىۋاتاتتى .
— بۇ كۆۋرۈكنىڭ نامى نېمە بولىدىكىن ؟ — دەپ سورىدى تاڭ تەيزۇڭ .
— بۇ ، پىلسىرات كۆۋرۈكى بولىدۇ ، جانابلىرى ، — دېدى

سۇي جۆ .

تەيزۇڭنىڭ يۈرىكى ۋەھىمە ئىسكەنجىسىدە ئېزىلىپ ، سۇي جۆ قازى بىلەن جۇ پاشاپقا ئۈن - تىنسىز ئەگىشىپ ، پىلسىرات كۆۋرۈكىنىڭ دەھشەتلىك قان دولقۇنلىرى ئۈستىدىن ئاران دېگەندە ئۆتتۈۋالدى . ئارقىدىنلا جەسەت قەلئەسىگە يېتىپ كەلدى . ئۇ يەردە بىر توپ شەيتانۇئەرۋاھلار گۇڭگۇلدىشىپ پىرقىرىشىپ يۈرەتتى . جۇ پاشاپ سۇي جۆ قازىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن روھنى يېتەكلىگۈچى ئەلەمنى لەپىلدىتىپ ، تەيزۇڭنى جەسەت قەلئەسىدىن ئاچىقتى - دە ، داغدام يولغا چۈشتى .

ئۇلار يەنە بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن ھايات - مامات ئۆزئارا ئالمىشىدىغان «ئالتە ئەگىم» دەپ ئاتىلىدىغان جايغا يېتىپ كەلدى . سۇي جۆ تاڭ تەيزۇڭنى «تىرىكلىك يولى دەرۋازىسى»غىچە ئۇزىتىپ كەلگەندىن كېيىن :

— جانابىي ئالىيلىرى ، مۇشۇ يەردىن چىقىپ كەتسىلە بولىدۇ ، پېقىر ئەمدى قايتىپ قالاي ، جۇ پاشاپ سىلىنى يەنە بىرئاز ئۇزىتىپ قويسۇن ، — دېدى .

— سىلىنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم ، تەقسىر ، — دېدى تاڭ تەيزۇڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ .

سۇي جۆ قازى تەيزۇڭغا تاپىلاپ :

— ئالىيلىرى پانىي ئالەمگە بارغاندىن كېيىن ، چوقۇم «سۇ ۋە زېمىن بەزمىسى» ئۆتكۈزۈپ ، بىگۇناھ ئۆلگەنلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىۋەتسىلە . ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىسىلا ، — دېدى .

تاڭ تەيزۇڭ سۇي جۆ بىلەن خوشلىشىپ ، جۇ پاشاپنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ دەرۋازىدىن كىردى . جۇ پاشاپ دەرۋازىدىن كىرىپلا ئېگەرلەكلىك بىر ئاتنى كۆرۈپ ، تەيزۇڭنىڭ مىنىۋېلىشىنى ئېيتتى . پاشاپ تەيزۇڭنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈرۈپ قويدى . ئات بوراندەك تېز چېپىپ ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە خۋاشۇي دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى . دەريا يۈزىدە بىر جۈپ ئالتۇن

ليۇ بىلىقى پىلتىڭلاپ ئويناۋاتاتتى . تاڭ تەيزۇڭ ئۇنى كۆرۈپلا ئاتنى توختىتىپ زوق بىلەن قاراپ قالدى .

— ئالىيلىرى ، — دېدى پاشىشاپ ، — تېزرەك مېڭىپ ، شەھەرگە ۋاقتى - قەرەلىدە بېرىۋالىسلا .

تاڭ تەيزۇڭ بېلىققا تەلمۈرۈپ قاراپ ، ماڭماي تۇرۇۋالدى . جۇ پاششاپ ئۇنىڭ پۇتىدىن تارتىپ تۇرۇپ :

— تېز بولسىلا ، نېمىگە قاراپ تۇرىدىلا ! — دەپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى - دە ، تەيزۇڭنى ئات ئۇستىدىن دەرياغا پۇلتۇڭگىدە ئىتتىرىۋەتتى .

شۇنداق قىلىپ ، تاڭ تەيزۇڭ جەھەننەمدىن قۇتۇلۇپ ، پانىي ئالەمگە قايتىپ چىقتى .

ئەلقىسسە ، تاڭ ئوردىسىدىكى شۈي ماۋگوڭ ، چىن شۇباۋ ، جۇ جىڭدى ، دۇەن جىشەن ، ما سەنباۋ ، چېن ياۋجىن ، گاۋ شىلەن ، فاڭ شۇەنلىڭ ، شاۋيۇ ، فۇيى ، جاڭ دېيۇەن ، جاڭ شىخېڭ قاتارلىق ئەلەمدار - قەلەمدار بەگ - سىپاھلار شەرقىي سارايدىكى تەخت ۋارىسى بىلەن خانىش ، ئاغىچا ، كېنىزەك - دېدەكلەرنى قوغداپ ، ئاق يولۋاس قەسرىدە ماتەم تۇتۇپ ئولتۇراتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار ئەل - يۇرتقا بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى تارقىتىپ ، تەخت ۋارىسىنى خانلىق سەلتەنىتىگە چىقىرىش كويىدا ئىدى .

— سەل تەخىر قىلىپ تۇرساقمىكىن ، — دېدى بىر كۈنى ۋەزىر ۋېي جېڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ، — ناۋادا ئايماق ۋە بەگلىكلەرنى قوزغىتىپ قويساق ، ئۆزىمىزگە بىر كاشىلا تېپىۋالارمىزمىكىن ، يەنە بىرنەچچە كۈن كۈتۈپ تۇرايلى ، خان چوقۇم تىرىلىپ قايتىپ كېلىدۇ .

— ۋەزىر ئەزەم ، — سىز جۆيلۈۋاتامسىز ، نېمە ؟ — دېدى شۈي جىڭزۇڭ بىر ياندىن چىقىپ ، — ئەزەلدىن «ئاققان سۇ كەينىگە يانماس ، ئۆلگەن ئادەم قايتىپ كەلمەس» دېگەن گەپ بار . سىز نېمە ئاغزىڭىزغا كەلگەننى جۆيلۈپ ، كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ

يۈرسىز؟ بۇنداق دېيىشكە نېمە ئاساسىڭىز بار؟
— سىزگە يوشۇرمايلا ئېيتاي، تەقسىر، — دېدى ۋېي جېڭ شۈي جىڭزۇڭغا قاراپ، — مەن كىچىككىمدىنلا ئەۋلىيالىق سېھرىنى ئۆگەنگەن. پەرەزلىرىم ناھايىتى توغرا چىقىدۇ، شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىغا جەزم قىلالايمەن.
دەل شۇ ئەسنادا مېيىت ساندۇقى ئىچىدىن «ۋاي، مېنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان بولدۇڭلار، مەن تۇنجۇقۇپ كەتتىم!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بەگ - سىپاھلار ئالاقزادە بولۇشۇپ، ئاغىچا - خانىشلارنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىشكە تاس قالدى. قەسىردىكىلەر سىرتقا گۈرۈلدەپ قېچىپ، مېيىت ساندۇقىغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ھېلىمۇ ياخشى ئاق كۆڭۈل ۋەزىر شۈي ماۋگۇڭ، تۆرمەل ۋەزىر ۋېي جېڭ، قاپلان يۈرەك چېن چۇڭ ۋە قارام خۇ جىڭدېلار مېيىت ساندۇقىغا يېقىنلاپ كەلدى ۋە ساندۇقنى يۆلەپ تۇرۇپ:
— شاھ ئالىيلىرى، خاتىرجەم بولالمايدىغان يەرلىرى بولسا بىزگە ئېيتسىلا، بۇنداق شەيتانلىق قىلىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى قورقۇتۇۋەتمىسىلە! — دېيىشتى.
— شەيتانلىق قىلدى دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟— دېدى ۋېي جېڭ، — بۇ دەل شاھ ئالىيلىرىنىڭ تىرىلگەنلىكىدىن بېشارەت، دەرھال سايمانلارنى ئەكېلىڭلار!
ئۇ مېيىت ساندۇقىنىڭ قاپقىقىنى ئاچتى. دېگەندەك تەيزۇڭ ساندۇق ئىچىدە ئۆرە ئولتۇراتتى ۋە: «ۋاي، ئەجەبمۇ تىنچىقىپ كەتتىما، قايسىڭلار مېنى قۇتۇلدۇردىڭلار؟» دەۋاتاتتى.
شۈي ماۋگۇڭ دەرھال ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:
— شاھ ئالىيلىرى، ھوشلىرىغا كەلسىلە، بىز سىلىنى قوغداپ تۇرۇۋاتىمىز، — دېدى.
تاڭ تەيزۇڭ شۇئان كۆزىنى ئېچىپ:
— تولىمۇ جاپا تارتىپ كەتتىما مەن! جەھەننەمدىكى جىنۇ شەيتانلاردىن قۇتۇلۇپ چىقسام، سۇدا جېنىمنى تارتقۇزۇپ قويغىلى

تاسلا قالدىم ، — دېدى .
بەگ - سىپاھلار دەرھال ئۇنىڭدىن :
— شاھ ئالىيلىرى ، قورقمىسىلا ، سۇدىكى قانداق بالا - قازا ئىكەن ئۇ ؟ — دەپ سوراشتى .
تەيزۇڭ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :
— مەن ئات مىنىپ كېتىۋېتىپ خۇاشۇي دەرياسىنىڭ بويىغا كەلگىنىمدە بىر جۈپ بېلىقنىڭ تاماشا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم . شۇ ئەسنادا جۇ پاششاپ كۆڭلى قارىلىق قىلىپ ، مېنى ئاتتىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتتى . دەريادا تۇنجۇقۇپ ئۆلگىلى تاس - تاس قالدىم .
— شاھ ئالىيلىرى ، تازا يېشىلەلمەپلا ، — دېدى ۋېي جېڭ ھەم ئۇنى دەرھال ئوردا شىپاخانىسىغا ئەكىرىپ ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش مەلھىمى ئىچۈردى ۋە شوۋىگۇرۇچ قايىنتىپ بەردى . تەيزۇڭ مەلھەمدىن بىر - ئىككى جام ئىچكەندىن كېيىن ، ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىپ سەگەكلەشتى . ئۆلگىلى ئۈچ كېچە - كۈندۈز بولغان تاڭ تەيزۇڭ ئاخىر تىرىلىپ ، پانىي ئالەمدىكى خانلىق سەلتەنىتىنى داۋاملاشتۇردى .
ئەتىسى ئەتىگەندە بارلىق بەگ - سىپاھلار قارىلىق كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ ، قىزىل تون - قالپاقلىرىنى كىيىشكەن ھالدا ، زەر كۇلالىرىنى پارقىرىتىپ ، ئەتىگەنلىك تاۋاپ - تەزىمنى كۈتۈپ تۇرۇشتى . تەيزۇڭ ئالدىنقى كۈنى ئىچكەن نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش مەلھىمىنىڭ كۈچى بىلەن ناھايىتى خاتىرجەم ئۇخلاپ ، تاڭ يورۇغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى . ئۇنىڭ روھى ئىنتايىن جۇشقۇن كۆرۈنەتتى . ئۇ مەزمۇت قەدەم تاشلاپ قوبۇلخانىدىكى ئالىي قەسرىدىن ئورۇن ئالدى - دە ، ئەلەمدار - قەلەمدار بەگ - سىپاھلىرىنىڭ تاۋاپ - تەزىمنى قوبۇل قىلدى . كۆپچىلىك تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئىككى سەپ تۇرۇشتى . تەيزۇڭ ئالەمدىكى بارلىق گۇناھكارلارنى كەچۈرۈم قىلىش ۋە يېتىم - يېسىرلارغا نەپىقە پۇلى تارقىتىش ھەققىدە ئېلان

چىقىرىشقا پەرمان چۈشۈردى ۋە ئوردىدىكى ئۈچ مىڭ سەتەڭ قىزنى تالالاپ، لەشكەرلەرگە جورا قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئوردا دېدەكلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان تۇتقۇنلارنى قويۇۋەتتى ھەمدە پۈتكۈل ئەل - يۇرتقا خان يارلىقى ئېلان قىلدى. ئېلاندا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

*«ئايان بولار ئاسمان - زېمىن كەڭلىكى،*
*ئاي ۋە قۇياش نۇرلىرىنى چاچقاندا.*
*شۇ قەدەر كەڭ بولسىمۇ گەر كائىنات،*
*سىغدۇرمايدۇ ۋىجدانسىزنى ھەر ياندا.*
*نەپرەتلىكتۇر ھىيلە - مىكىر، شۇملۇقلار،*
*ئالىي خىسلەت - قانائەتچان، مۆمىنلىك.*
*زوراۋانلىق قىلما زىنھار، تەقدىرگە —*
*تەن بەرگەنگە جاھاندا بار كەڭ ھۆرلۈك،*
*ئىخلاس قىلىپ كۆرسەڭ ئەگەر نوم - دەستۇر،*
*يېتىلىدۇ قەلبىڭدە پاك دىيانەت.*
*كىشىلەرگە مەگەر شۇملۇق تىلىسەڭ،*
*بۇزۇلىدۇ بىر ئۆمۈرلۈك ئىبادەت!*

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جاھان ئەھلى رەھىمدىللىككە يۈزلەندى. پانىي ئالەمگە سوۋغا ئەكىرىش ھەققىدە دانىشمەن ئىزدەپ ئېلانمۇ چىقىرىلدى. ئېلان چىقىرىلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، جۇنجۇ ئايمىقىدىن بولغان بىر كىشى ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. ئۇنىڭ ئىسمى ليۇچۇەن بولۇپ، نۇرغۇن بىساتى بار چوڭ بايلاردىن ئىدى. خوتۇنى لى سۇيلىيەن ئالتۇن تۇرگۈچىنى بىر راھىبقا سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ خوتۇنىنى بىھايالىق قىلدىڭ، دەپ تىللاپ ئۆيدىن چىقىرىۋەتكەن، لى ئاغىچا بولسا بۇ ئەلەمگە چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىدى. ئۇنىڭ يېتىم قالغان بىر ئوغۇل، بىر قىزى كېچە - كۈندۈز نالە قىلىپ يىغلاۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ

تۇرۇشقا تاقەت قىلالمىغان ليۇچۇەن ئامالسىز بالا ـ چاقىلىرىنى ۋە ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان بىساتلىرىنى تاشلاپ، ئۆزىنى ئۆلتۇرۇۋالماقچى بولدى ھەم خان يارلىقىنى كۆرۈپ، جەھەننەمگە مېۋە ـ چېۋە ئەكىرىش ئۈچۈن تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. خان ئۇنى ئالتۇن تاۋاق سارىيىغا كىرىپ، بېشىغا ئىككى دانە كاۋا ئالغاندىن كېيىن، يېڭىگە سېرىق شوينا ئېسىپ، دورا بىھوش ئىچىشكە بۇيرۇدى.

ليۇ چۇەن زەھەر ئىچىپ ئۆلدى. ئۇنىڭ روھى كاۋىنى كۆتۈرگەن پېتى شەيتان ئېغىزى ئۆتكىلىگە كەلدى. دەرۋازىۋەن شەيتانلار ئۇنىڭدىن:

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئون ياماراجاغا مېۋە ئەكەلدىم، — دېدى ليۇ چۇەن.

شەيتانلار خۇشال بولۇشۇپ، ئۇنى ئىچكىرىگە باشلىدى. ليۇ چۇەن سامىرا قەسرىگە كىرىپ ياماراجالار بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئەكەلگەن سوۋغىنى ئۇلارغا سۇنۇپ تۇرۇپ:

— تاڭ پادىشاھىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، جانابلارنىڭ شەپقىتىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن مېۋە ئەكىردىم، — دېدى.

— تەيزۇڭ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە تۇرىدىغان پەزىلەتلىك خانلاردىن ئىكەن، — دېيىشتى ياماراجالار خۇشال بولۇپ ھەم سوۋغا ئەكەلگۈچىنىڭ نام ـ شەرىپىنى سورىدى.

— پېقىر جۇنجۇ ئايىمىقىدىن بولىمەن. ئىسمىم ليۇ چۇەن، خوتۇنۇم بالىلارنى تاشلاپ كېتىپ قالغان. پەرزەنتلىرىمگە قارايدىغان ئادەم بولمىغاچقا، دۆلەتكە ساداقەت كۆرسىتىش ئۈچۈن، بالا — چاقام ۋە بىساتلىرىمدىن ۋاز كەچتىم. ھەربىرلىرىنىڭ شەپقىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن سوۋغىنى ئەكەلدىم، — دېدى ليۇ چۇەن.

ئون ياماراجا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، دەرھال ليۇ چۇەننىڭ

خوتۇننى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. شەيتانلار لىۇ چۆەننىڭ خوتۇننى چاقماق تېزلىكىدە سامىرا قەسرىگە ئەكەلدى. ئەر - خوتۇن دىدارلىشىپ، دەردلىرىنى تۆكۈشۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇن ياماراجاغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ياماراجالار هايات - مامات دەپتىرىنى ئاختۇرۇپ قاراپ، بۇ ئىككى ئەر - خوتۇننىڭ تېخى تالاي ئۆمرى بارلىقىنى كۆرۈپ، شەيتانلارغا ئۇلارنى دەرهال پانىي ئالەمگە قايتۇرۇشنى بۇيرۇدى.

— لى سۇيلىيەن بۇ ئالەمگە كەلگىلى خېلى ئۇزاق بولۇپ قالدى، تېنى چىرىپ قالمىغىلى تۇردى. ئۇنى تىرىلدۈرۇش مۇمكىن بولماسمىكىن؟ — دېدى شەيتانلار.

ياماراجالار مۇنداق دېدى:

— تاڭ خانىنىڭ سىڭلىسى لى يۈيىننىڭ بۈگۈن ئەجىلى توشتى. شۇنىڭ تېنىنى ئارىيەتكە ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ روهىنى قايتۇرۇپ بەرسەڭلار بولىدۇ.

شەيتانلار بۇيرۇققا بىنائەن لىۇ چۆەن بىلەن خوتۇنىنىڭ روهىنى قايتۇرۇپ، پانىي ئالەمگە يولغا سالدى. ئەر - خوتۇننىڭ تىرىلگەندىن كېيىن قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئون ئىككىنچى باب

***تاڭ تەيزۇڭنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەت بەزمىسىگە رىياسەتچىلىك قىلغانلىقى***
***ئاۋالوكتىسۋارانىڭ ھېكمەت ئىلاھىنى ئاشكارىلاپ شۈەن زاڭنى تاللىغانلىقى***

ئەلقىسسە، ھېلىقى شەيتان ليۇ چۈەن بىلەن خوتۇنىنى جەھەننەمدىن ئاچىقىپ، قويۇن چىقارغان پېتى بويۇك چاڭئەن دۆلىتىگە يېتىپ كەلدى ۋە ليۇ چۈەننىڭ روھىنى ئالتۇن تاۋاق سارىيىغا تاشلاپ، سۇيلىيەننىڭ روھىنى خان ئوردىسىدىكى قورۇغا ئەكىردى. بۇ چاغدا مەلىكە يويىيىن يېشىل چىملىق ئۈستىدە يېنىك قەدەم تاشلاپ گۈل سەيلىسى قىلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن شەيتان مەلىكىنى كاپلا قىلىپ قۇچاقلاپ يەرگە يىقىتتى ـ دە، ئۇنىڭ روھىنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋالدى ۋە سۇيلىيەننىڭ روھىنى ئۇنىڭ تېنىگە سېلىپ قويۇپ، جەھەننەمگە كېتىپ قالدى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلايلى. يويىيىننىڭ يىقىلىپ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەن ئوردا كېنىزەكلىرى ئوردا قوبۇلخانىسىغا ئالمان ـ تالمان يېتىپ كېلىپ خانىشقا «مەلىكە يويىيىن يىقىلىپ قازا تاپتى» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. قاتتىق ھەيران بولغان خانىش بۇ ئەھۋالنى تەيزۇڭغا مەلۇم قىلدى.

— بۇنىڭغا ئىشەنمەي بولمايدۇ، — دېدى تەيزۇڭ ھەسرەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، — مەن ئون ياماراجادىن تۇغقانلىرىمنىڭ ئەمىنلىكىنى سورىغىنىمدا، باشقىلاردىن غەم قىلماڭ، پەقەت سىڭلىڭىزنىڭ ئۆمرى ئانچە ئۇزاققا بارمايدىغاندەك قىلىدۇ، دېگەنىدى. دېمەك، ئىش ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك بولدى.

پۈتۈن ئوردىدىكىلەر بۇ قايغۇدىن خەۋەر تېپىپ ، گۈللۈككە يېتىپ كەلدى . مەلىكە بىلىنەر ـ بىلىنمەس نەپەس ئېلىپ ياتاتتى .

— يىغلاشماڭلار ، ئۇ چۆچۈپ كەتمىسۇن ، — دېدى تەيزۇڭ قولى بىلەن ئۇنىڭ بېشىدىن ئاستا يۆلەپ تۇرۇپ ، — قەدىردان سىڭلىم ، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ ، ئويغىنىڭ !

مەلىكە ئۇشتۇمتۇت ئۆرۈلۈپ :

— بالىلارنىڭ دادىسى ، ئالدىرىمايراق مېڭىڭ ، مەن يېتىشىۋالاي ! — دەپ ۋارقىرىدى .

— سىڭلىم ، مانا بىز بۇ يەردە ، — دېدى تەيزۇڭ دەرھال .

مەلىكە كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن :

— سىز كىم بولىسىز ، نېمىشقا مېنى تارتىپ يۈرىسىز ؟ — دېدى .

— بۇ بىز ، مەن سىزنىڭ خان ئاكىڭىز ، بۇ سىزنىڭ خانىش يەڭگىڭىز بولىدۇ ، — دېدى تەيزۇڭ .

مەلىكە ئۇلارغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ مۇنداق دېدى :

— مېنىڭ نەدىمۇ خان ئاكام ، خانىش يەڭگەم بولسۇن ؟ مەن لى جەمەتىدىن ، ئىسمىم لى سۈيلىيەن بولىدۇ . ئېرىمنىڭ ئىسمى ليۇ چۈەن . ھەر ئىككىلىمىز جۈنجۇ ئايمىقىدىن بولىمىز . ئۈچ ئاي ئىلگىرى مەن ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغا كەلگەن راھىبقا ئالتۇن تۈرگۈچۈمنى سەدىقە قىلىپ بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ، ئېرىم مېنى ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ تالاغا چىقتىڭ ، ئار ـ نومۇسنى ساقلىمىدىڭ دەپ نەچچە ئېغىز تىللىغانىدى . مەن ئاچچىقىمغا چىدىماي تورۇسقا ئارغامچا سېلىپ ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانىدىم . يېتىم قالغان ئىككى بالام كىچىك ـ كۈندۈز نالە ـ پەرياد قىپتۇ . بۇگۈن ئېرىم تاڭ خانىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئۇ ئالەمگە مېۋە ئەكىرگەنىكەن . يامراجالار بىزگە ئىچ ئاغرىتىپ ، ھەر ئىككىلىمىزنى قايتۇرۇۋەتتى . باياتىن ئېرىم ئالدىمدا كېتىۋاتاتتى . مەن يېتىشىپ ماڭمەن دەپ يىقىلىپ كەتتىم . سىلەر بولساڭلار يولسىزلىق

قىلىپ مېنى ئۇيان ـ بۇيان تارتىپ يۇرىسىلەر ، سىلەرنى تونۇغان بولسام كاشكى !

تەيزۇڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ :

— سىڭلىم يىقىلىپ چۈشۈپ ئايلىنىپ كەتكەچكە جۆيلۈۋاتقان بولسا كېرەك ، — دېدى ـ دە ، ئوردا شىپاخانىسىغا دورا قايىنىتىپ ئەكېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، يۈيىننى ئوردىغا يۆلەپ ئەكىرىپ كەتتى .

تاڭ تەيزۇڭ قەسىردىن ئورۇن ئېلىپ تۇرۇشىغا دىۋان بېگى يۈگۈرۈپ كېلىپ :

— سەلتەنەتلىك شاھ ئالىيلىرى ، مېۋە ـ چېۋە ئەكەتكەن ليۇ چۈەن بوگۈن تىرىلىپ قايتىپ كەپتۇ . ئۇ ئوردا ئالدىدا ئىجازەتلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ ، — دەپ ئىلتىجا قىلدى .

تاڭ تەيزۇڭ قاتتىق چۆچۈپ دەرھال ليۇ چۈەننىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەردى . ليۇ چۈەن كىرىپ مۇنبەر ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى . تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭدىن سورىدى :

— ھە ، مېۋىنى ئەكىردىڭمۇ ؟

— پېقىر مېۋىنى ئېلىپ شەيتان ئېغىزى ئۆتكىلىگە بارغىنىمدا ، ئۇلار مېنى سامرا قەسرىگە باشلاپ كىردى . ياماراجالار بىلەن كۆرۈشۈپ مېۋىنى ئۇلارغا تاپشۇردۇم . ياماراجالار ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ، ئۆزلىرىنى «ھەقىقەتەن پەزىلەتلىك ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان شاھلاردىن ئىكەن» دەپ تەرىپلەشتى ، — دېدى ليۇ چۈەن .

تاڭ تەيزۇڭ يەنە سورىدى :

— سەن ئۇ دۇنيادا نېمىلەرنى كۆردۈڭ ؟

— مەن ئانچە يىراققا بارمىدىم ، شۇڭا ھەم ھېچ نەرسىنىمۇ كۆرمىدىم . ياماراجالار مەندىن يۇرتۇمنى ، ئىسمىمنى سورىدى . مەن خوتۇنۇم ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۆي ۋە بالا ـ چاقىلىرىمنى تاشلاپ مېۋە ئەكىرگەنلىكىمنى سۆزلەپ بەردىم . ئۇلار دەرھال مالائىكىلىرىگە خوتۇنۇمنى ئاچىقىپ بېرىشكە بۇيرۇدى . بىز

سامرا قەسرىدىلا ئۇچراشتۇق . ئۇلار ھايات ـ ماماتلىق دەپتىرىنى ئاختۇرۇپ كۆرۈپ ، خوتۇنۇمنىڭ تېخى تالاي ئۆمرى بارلىقىنى ئېيتتى ۋە مالائىكىسىگە بىزنى ئاچىقىپ قويۇشقا بۇيرۇدى . بەخت ـ تەلىيىمىزگە ئۇنىڭغا قايتا جان ئاتا قىلىندى . ئۇ مېنىڭ كەينىمدىن كېلىۋاتاتتى . مانا ئەمدى قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتىمەن .

— ياماراجالار خوتۇنىڭ توغرىسىدا بىرنېمە دېگەنمىدى ؟

— ئۇلار بىرنېمە دېگەندەك قىلمىدى . پەقەت مالائىكىنىڭ «لى سۈيلىيەن بۇ ئالەمگە كەلگىلى خېلى ئۇزۇن بولدى . تېنى چىرىپ تۈگىدى» دېگىنىنى ۋە ياماراجالارنىڭ «تاڭ خانىنىڭ سىڭلىسى لى يۈيىنىڭ بوگۈن ئەجىلى توشتى . شۇنىڭ تېنىنى سۈيلىيەنگە ئارىيەت ئېلىپ بېرىڭلار» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالغانىدىم . لېكىن ، بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سورۇشتۇرمىغەنىدىم .

تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە بەگ ـ سىپاھلارغا قاراپ :

— مەن ياماراجالار بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا ئوردىدىكى ئەھۋاللارنى سورىغانىدىم . ئۇلار سىڭلىمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتقانىدى . باياتىن سىڭلىم يۈيىن گۈللۈكتە يىقىلىپ ئۆلگەندە ، يۆلەپ تۇرغۇزۇۋېدىم ، ئۇ بىردىنلا ئويغىنىپ : «باللارنىڭ دادىسى ، ئالدىرىمايراق مېڭىڭ ، مەن يېتىشىۋالاي» دەپ ۋارقىراپ كەتتى . مەن ئۇنى ئايلىنىپ كېتىپ جۆيلۈۋاتسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ ، گەپ سورىسام ، ليۇ چۈەن دېگەن گەپلەرنى قىلدى ، — دېدى .

بۇ چاغدا ۋېي جېڭ سۆز ئېچىپ مۇنداق دېدى :

— مەلىكە سىڭلىمىز ئۇشتۇمتۇت كېتىپ قالغان بولسىمۇ ، سەل ھوشى بار چاغدا ھېلىقى سۆزنى قىپتۇ . مەيلى ليۇ چۈەن ئۇنىڭ تېنىنى ئارىيەت ئېلىپ ، خوتۇنىنى تىرىلدۇرۇۋالغانلىق ئىشىنىمۇ راست دەيلى . بىراق ، مەلىكىنى چاقىرىپ چىقىپ ، ئۇنىڭ قانداق گېپى بارلىقىنى ئاڭلاپ باقايلى .

— باياتىن شىپاخانىدىن دورا ئەكېلىشكە بۇيرۇغانىدىم . قانداق بولدىكىن ، — دېدى تاڭ تەيزۇڭ ۋە كىچىك خانىشقا مەلىكىنى چاقىرىپ چىقىشنى بۇيرۇدى .

ئىچكىرىدىن مەلىكىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى :

— مەن نېمىشقا دورا ئىچكۈدەكمەن ! بۇ يەر مېنىڭ ئۆيۈم ئەمەس ! سىرىق كېسىلى تەگكەندەك كۆرۈنىدىغان ، ئالىچىپار ئىشىك - دېرىزىلىرى بار بۇ يەر ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئۆيۈم ئەمەس . مېنىڭ ئۆيۈم سالقىن ، كاھىشلىق ئۆي ! مېنى قويۇۋېتىڭلار ، مېنى قويۇۋېتىڭلار !

ئارقىدىنلا تۆت - بەش دېدەك قىز ۋە ئىككى - ئۈچ ھەرەمئاغىسى ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ ئاچىقتى .

— سىز ئېرىڭىزنى تونۇمسىز ؟ — سورىدى تاڭ تەيزۇڭ .

— بۇ نېمە دېگەنلىرى ؟ — دېدى يۈيىن جاۋاب بېرىپ ، — بىز بەكلا ياش چاغلىرىمىزدىلا ئەر - خوتۇن بولۇپ ، پەرزەنت يۈزىمۇ كۆرگەن تۇرساق ، ئۇنى تونۇمايدىغان ئىش بولامدۇ ؟

تاڭ تەيزۇڭ ئىنتىزام ئەمەلدارىغا ئۇنى ئاچىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى . مەلىكە قەسىر ئالدىدىن يېنىپ پەلەمپەيگە كەلگەندە ليۇ چۈەننى كۆردى - دە ، ئۇنىڭغا بىردىن ئېسىلىپ :

— ھوي ، بالىلارنىڭ دادىسى ، مېنى ساقلاپ تۇرماي قەيەرلەرگە قېچىپ كەتتىڭىز ؟ مەن يىقىلىپ چۈشۈشۈم بىلەنلا بىر توپ ئۆكتەم كىشىلەر مېنى ئورىۋېلىپ ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ كەتتى . بۇ قانداق بولغىنى ؟ — دېدى .

لىيۇ چۈەن ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقان ئاۋازىدىن خوتۇنى ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ ، لېكىن چىرايىنىڭ ئوخشاشمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ گەپ قىلىشقا پېتىنالماي تۇرۇپ قالدى .

— كارامەت ئىش ، — دېدى تاڭ تەيزۇڭ ، — جاھاننىڭ ئوڭتەي - توڭتەي بولغىنىنى كۆرگەن ئادەم بولسىمۇ ، لېكىن تەن بىلەن جاننى ئالماشتۇرغان ئىشنى ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس !

ئەخلاق بابىدا كامالەتكە يەتكەن بۇ خان خۇددى قىزنىڭ تويلۇقىنى تەييارلىغاندەك، سىڭلىسىنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇزىنىنەت بۇيۇملىرىنى ليۇ چۇەنگە ھەدىيە قىلىۋەتتى ھەمدە ئۇنى ھاشاردىن مەڭگۈ ئازاد قىلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپ، سىڭلىسىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ بەردى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى مۇنبەر ئالدىدىكى پەلەمپەيدە تۇرۇپ، خاننىڭ مېھىر - شەپقىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى - دە، خۇشال - خۇرام ھالدا يۇرتىغا قايتتى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن تەيزۇڭنىڭ كۆڭلى - كۆكسى خېلى ئېچىلىپ قالدى. ئۇ پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى چاقىرىپ، راھىب قوبۇل قىلىپ، «سۇ - يەر بەزمىسى» ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇ ئالەمدىكى روھلار ئۈچۈن نەزىر - چىراغ قىلىش توغرىسىدا ئېلان چىقىرىشنى بۇيرۇدى. ئېلان تارقىلىپ، جايلاردىكى ئەمەلدارلار ئەخلاقىي پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەن يىتۇك راھىبلارنى تاللاپ، چاڭئەندىكى بەزمىگە قاتنىشىشقا ئەۋەتىپ بەردى. بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تەرەپ - تەرەپتىن نۇرغۇن راھىبلار كېلىپ توپلاندى. تاڭ تەيزۇڭ تائەت - ئىبادەت ئىشلىرىنى باشلاش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى.

ئەتىسى ئوردا ئەمەلدارلىرى راھىبلارنى توپلاپ، تاغ ئارىسىدىكى تۇزلەڭلىكتە قۇرۇلغان مۇنبەر ئۈستىدە راھىبلارنى تاللاشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئەخلاقىي پەزىلەتلىك يىتۇك راھىب شۈەن زاڭ تاللاشتىن ئۆتتى. بۇ ئادەم كىچىكىدىنلا راھىبلىقنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئانىسىدىن تۇغۇلۇپلا پەرھىز تۇتقانىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى يەن كەيشەن ئوردىدىكى يۈز - ئابرۇيلۇق چوڭ ئەمەلدار، دادىسى چېن گۇاڭرۇي ئوردا مەرىپەت قەسرىنىڭ چوڭ موللىسى ئىدى. ئۆزى بولسا، ئەخلاقىي پەزىلەتتە يېتىشكەن، مۇقەددەس نوملاردىن تولۇق خەۋەردار، بۇددىستلىق، ئەۋلىيالىقتىن بىلمەيدىغىنى يوق تاكامۇل زات ئىدى. ۋەزىرلەر ئۇنى خاننىڭ ئالدىغا زور داغدۇغا بىلەن ئەكىردى ۋە:

— پەرمانلىرىغا بىنائەن يىتۇك راھىب چىن شۆەن زاڭنى تاللىدۇق، — دېدى.
تاڭ تەيزۇڭ بۇنى ئاڭلاپ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:
— سىز موللا چېن گۇاڭرۇينىڭ ئوغلى بولامسىز، نېمە؟ — دەپ سورىدى.
— شۇنداق، — دېدى شۆەن زاڭ باش ئېگىپ تۇرۇپ.
— كۆڭۈلدىكىدەك تاللاش بوپتۇ، — دېدى تەيزۇڭ خۇشال ھالدا، — سىز ھەقىقەتەن ئەخلاقلىق، دىيانەتلىك راھىب بولۇشقا مۇناسىپ. مەن سىزنى باش راھىبلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەيمەن.
شۆەن زاڭ باش ئۇرۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئوردا ئەمەلدارلىق ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلدى. تەيزۇڭ ئۇنىڭغا زەر جىيەكلىك كاسايا ۋە بىر باش كىيىمى تەقدىم قىلىپ، ئۇنى پېشقەدەم راھىبلاردىن ئۆگىنىپ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈشكە رىغبەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قولىغا بىر پارچە پەرمان يېزىپ بېرىپ، خۇاشىڭ ئىبادەتخانىسىغا بارغاندىن كېيىن، قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۇئا ـ تىلاۋەت ئىشىنى باشلاشنى بۇيرۇدى.
شۆەن زاڭ يارلىقنى ئېلىپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن قەسىردىن چىقىپ، خۇاشىڭ ئىبادەتخانىسىغا كەلدى ۋە راھىبلارنى توپلاپ، ئىشكاپ ـ كارىۋاتلىرىنى ياساپ، خەير ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرىنى تۈزەشتۈردى. ئەلنەغمىلىرىنى رەتلىدى. بىر مىڭ ئىككى يۈز راھىبنى تاللاپ، ئۈچ خانىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇتلارنىڭ ئالدىغا نەرسە ـ كېرەكلەرنى تەپمۇ تەخ قىلدى. جەمئىي تەييارلىق پۈتتۈرۈپ بولۇندى. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خاسىيەتلىك ئەتىگىنى قىرىق توققۇز كۈنلۈك «سۇ ـ يەر بەزمىسى» باشلاندى. خانغا خەۋەر يەتكۈزۈلدى. تەيزۇڭ ئوردىدىكى ئەمەلدار ــ قەلەمدار بەگ ــ سىپاھلىرىنى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. كۆجە ـ ئىسرىقلار يېقىلىپ شۆەن زاڭ دۇئا ـ تەپسىرىنى باشلىدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەلقىسسە، جەنۇبىي دېڭىز پۇتو تېغىدىكى ئاۋالوكىتسۋارا بۇددىساتۋا تاتھاگاتونىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن چاڭئەن شەھىرىگە كېلىپ، مۇقەددەس نومنى ئەكېتىدىغان ئەخلاقىي پەزىلەتلىك كىشىنى كۆپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭۈلدىكىدەك بىرەرىنى ئۇچرىتالماي يۈرەتتى. بىر كۈنى ئۇ تاڭ تەيزۇڭنىڭ يېتۈك راھىبلارنى تاللاپ، دۇئا ـ تىلاۋەت بەزمىسى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئاڭلاپ بەزمە سورۇنىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ راھىب شۈەن زاڭنىڭ ھەزرىتى مۇنبىرى ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولدى ـ دە، تاتھاگاتو بەرگەن ئەتىۋارلىق نەرسىلەرنى مۇچا بىلەن بىرگە شەھەر كوچىسىغا ئاچىقىپ ساتماقچى بولدى. ئۇ ئەتىۋارلىق نەرسىلەر كىمخابتىن تىكىلگەن خاسىيەتلىك كاسايا ۋە توققۇز بوغۇملۇق قەلەي ھاسا ئىدى. ئۈچ دانە ھېكمەتلىك چەمبەرنى بولسا كېيىن لازىم بولۇپ قالار دەپ، يوشۇرۇپ قويغانىدى. چاڭئەن شەھىرىدە تاللاشتىن چۈشۈپ قالغان، تۆت تال تەڭگىسىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ يۈرىدىغان بىرنەچچە ئەخمەق راھىب بار ئىدى. ئۇلار بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالغان، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، يالاڭ ئاياغ، ئايدىڭباش بۇددىساتۋانىڭ كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك نەپىس كاسايانى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىغا باردى ـ دە:

— ھەي يالاڭتۆش راھىب، كاسايانى نەچچە پۇلغا ساتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— كاسايا بەش مىڭ سەر، قەلەي ھاسا ئىككى مىڭ سەر، — دېدى بۇددىساتۋا.

— بۇ يالاڭتۆش راھىب ساراڭمۇ، نېمە؟ — دېدى ھېلىقى ئەخمەق راھىب كۈلۈپ كېتىپ، — مۇشۇ قوپال نەرسىلەرنىڭ يەتتە مىڭ سەر كۈمۈشكە يارامدۇ؟ ئۇنى كىيگەن ئادەم پىر ھەزرەت بولۇپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن تەقدىردىمۇ زەھەردىن قىممەت ئەمەسمۇ؟ كۆتۈر بۇ نەرسىلىرىڭنى، قەيەرگە ئاپىرىپ ساتساڭ شۇ يەردە سات!

بۇددىساتۋا ئۇلار بىلەن تاكاللىشىپ ئولتۇرماي مۇچانى

ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇلار دۈگخۇا دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە خان ئوردىسىدىن قايتقان ۋەزىر شاۋيۈينىڭ قاراۋۇللارنىڭ يول باشلىشى بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . بۇدساتۋا يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ ، كاسايانى كۆتۈرگەن پېتى ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كەلدى . ۋەزىر ئاتنى توختىتىپ ۋالىلداپ تۇرغان كاساياغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتتى - دە ، قول ئاستىدىكى بىرىنى كاسايانىڭ باھاسىنى سوراپ بېقىشقا بۇيرۇدى .

— كاسايانى بەش مىڭ سەرگە ، ھاسىنى ئىككى مىڭ سەرگە ساتىمەن ، — دېدى بۇدساتۋا .

— شۇنچە قىممەت ساتقۇدەك بۇنىڭ نېمە خاسىيىتى بار ؟ — سورىدى شاۋيۈي .

بۇدساتۋا جاۋاب بېرىپ :

— كاسايانىڭ ياخشى تەرىپىمۇ بار ، يامان تەرىپىمۇ بار . شۇڭا ، ئۇنى ھەم پۇلغا ساتىمەن ، ھەم بىكارغا بېرىمەن ، — دېدى .

— ئۇنىڭ ياخشى - يامان تەرىپىنى سۆزلەپ بېرەلەمسەن ؟

— ياخشى تەرىپى شۇدۇركى ، — دېدى بۇدساتۋا ، — بۇنى كىيگەن ئادەم مۇھتاجلىققا دۇچار بولمايدۇ ، دوزاخقا چۈشمەيدۇ ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىمايدۇ ، يىرتقۇچلارنىڭ بالا - قازاسىغا يولۇقمايدۇ . يامان تەرىپى شۇدۇركى ، ئاچ كۆز ، بالاخور ، نادان راھىبلار ، پەرھىز تۇتمىغان شەيخلار ، پاك ئەقىدىنى ، مۇقەددەس نومنى دەپسەندە قىلغانلار ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ .

— پۇلغا سېتىشنىڭ ھەم بىكارغا بېرىشنىڭ ۋەجى نېمە ؟

— بۇددا ھۆكۈمىگە ئىتائەت قىلمىغان ۋە ئۈچ گۆھەرگە[1] ھۆرمەت قىلمايدىغانلار كاسايانى ۋە ھاسىنى ئالماقچى بولسا ، يەتتە مىڭ سەرگە ساتىمەن . مانا بۇ پۇلغا ساتقىنىم . ئەگەر كىمدە كىم ئۈچ گۆھەرگە ھۆرمەت قىلىپ ، بۇتخانىلاردا تاۋاب - تىلاۋەت قىلىشنى ، بۇددا دىنىغا كىرىشنى خالىسا ، بۇ كاسايا بىلەن ھاسىنى ئۇنىڭغا سوۋغات قىلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن قىيامەتلىك ئۇلپەت

---

[1] بۇددا دىنىدا بۇددا ، بۇددا ئەقىدىلىرى ۋە راھىبلار ئۈچ گۆھەر دەپ ئاتىلىدۇ .

بولمەن . مانا بۇ بىكارغا بەرگىنىم .

شاۋيوي بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىنى پەملىدى ـ دە ، چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ ، ئاتتىن چۈشتى ۋە :

—پىر ھەزرىتىم ، گۇناھىمنى كەچۈرگەيلا ! بىزنىڭ بۈيۈك تاڭ خانىمىز ئاق كۆڭۈل ، دوستانە ئادەم ، پۈتۈن ئوردىدىكى ئەلەمدار ـ قەلەمدار بەگلەردىن ئۇنىڭ يولىنى تۇتمايدىغىنى يوق ، بۇگۈن دەل «سۇ ـ زېمىن بەزمىسى» ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى . بۇ كاسايا باش راھىب شۈەن زاڭغا تولىمۇ باب ئىكەن . مەن ئۆزلىرىنى ئوردىغا باشلاپ باراي ، — دېدى .

بۇدساتۋا ئۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن ئەگىشىپ ، كەينىگە ياندى ۋە دۇڭخۇا دەرۋازىسىدىن كىردى . دەرۋازىۋەن ئۇلارغا خاننىڭ قەسىرگە كىرىشكە بەرگەن ئىجازىتىنى يەتكۈزدى . شاۋيوي بۇ ئىككى ئايپاڭباش راھىبنى باشلاپ ، قەسىر ئالدىغا كېلىپ توختىدى . تاڭ تەيزۇڭ :

— شاۋيوي ، نېمە ئىش بىلەن كېلىپ قالدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى .

شاۋيوي دەرھال تىز چۆكۈپ :

— كەمىنىلىرى ئەمدىلا دۇڭخۇا دەرۋازىسىدىن چىقىشىمغا كاسايا ۋە قەلەي ھاسا سېتىۋاتقان بۇ ئىككى راھىبنى ئۇچرىتىپ قالدىم . كاسايانى كۆرۈپ ، بۇ شۈەن زاڭ ھەزرىتىمگە تولىمۇ باب ئىكەن ، دەپ ئويلىدىم ـــ دە ، بۇلارنى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە ئەكەلدىم ، — دېدى .

تاڭ تەيزۇڭ بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ، كاسايانىڭ باھاسىنى سورىدى . بۇدساتۋا بىلەن مۇچا پەلەمپەي ئالدىدا تىك تۇرغىنىچە ، سالاممۇ قىلماستىن جاۋاب بەردى :

— كاسايا بەش مىڭ سەر ، ھاسا ئىككى مىڭ سەر !

— بۇ كاسايانىڭ بىرەر خاسىيىتى بارمۇ ؟ نېمە ئۈچۈن بۇنچە قىممەت ساتىسىلەر ؟ — دېدى تەيزۇڭ ۋە كاسايانى ئاچقۇزۇپ ،

باشتىن ـ ئاياغ كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى نەرسە ئىكەنلىكىگە ئىشەندى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — پىر ھەزرىتىم ، ئۆزلىرىگە ئېنىقىنى ئېيتسام ، بۈگۈن مەن خەير ـ ساخاۋەت ئىشىنى باشلاپ ، خۇاشىڭ ئىبادەتخانىسىغا نۇرغۇن راھىبلارنى توپلاپ ، بۇددا ئەقىدىلىرىدىن دەرس ئۆتكۈزۈۋاتاتتىم . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەخلاقىي پەزىلەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن شۈەن زاڭ ئىسىملىك بىرى بار . مەن بۇ ئىككى گۆھەرلىرىنى سېتىۋېلىپ ، ئۇنىڭغا ئىنئام قىلاي دەيمەن . قېنى ، قانچە باھادا بېرىدىلا ؟

بۇدساتۋا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مۇچا بىلەن تەڭ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى ۋە باش ئېگىپ تۇرۇپ :

— ئۇ ھەقىقەتەن ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك بولسا ، پېقىر بۇنى بىر تىيىن ئالماي سوۋغا قىلىشنى خالايمەن ، — دېدى ـ دە ، كەينىگە بۇرۇلۇپ ، قايتىشقا تەمشەلدى .

تاڭ تەيزۇڭ دەرھال شاۋيۈينى ئۇلارنى توسۇۋېلىشقا بۇيرۇپ ، ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە :

— باياتىن كاسايانى بەش مىڭ سەر ، ھاسىنى ئىككى مىڭ سەرگە ساتىمەن دېۋىدىلە . مەن ئالىمەن دېيىشىمگىلا پۇل ئالمايدىغان بولۇۋالدىلا ، مېنى پادىشاھ بولغانلىقى ئۈچۈن نەرسىلىرىمنى زورلاپ تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ دەپ قالدىلىمۇيا ؟ ھەرگىز بۇنداق ئويلاپ قالمىسىلا . مەن ئەسلىي باھاسى بويىچە پۇل بېرىمەن ، رەت قىلسىلا بولمايدۇ ، — دېدى .

بۇدساتۋا قول باغلاپ تۇرۇپ :

— مەن دەسلەپىدىلا ئۈچ گۆھەرگە ھۆرمەت قىلىدىغان ، بۇتخانىلارغا كىرىپ تاۋاپ ـ تىلاۋەت قىلىشنى ۋە بۇددا دىنىغا كىرىشنى خالايدىغان ئادەم بولسىلا ، ھېچقانداق پۇل تەلەپ قىلماستىن سوۋغا قىلىۋېتىمەن ، دېگەنىدىم . بۈگۈن جانابلىرىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىك ، ديانەتلىك ئىكەنلىكلىرىنى ۋە بۇددا دىنىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقلىرىنى كۆردۈم . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇ راھىبمۇ يېتىشكەن پەزىلەت ئىگىسى ، بۈيۈك ئەقىدىنىڭ

تەرغىباتچىسى ئىكەن . شۇ ۋەجدىن ، ئۇنىڭغا ھەقسىز سوۋغا قىلىشىم ئەلۋەتتە يوللۇق ، خەير ، بۇ نەرسىلەر پىقىرنىڭ ئازراق كۆڭلى بولۇپ قالسۇن ، — دېدى .

تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭ بۇ قەدەر سەمىمىي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، كۆڭلىدە ئىنتايىن مەمنۇن بولدى ۋە گۇاڭلۇ ئىبادەتخانىسىدا ئۇنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بېرىشنى بۇيرۇدى . بۇدساتۋا بۇ ئىشنى سەمىمىي ھالدا قەتئىي رەت قىلىپ ، كېتىپ قالدى . ئۇنىڭ زېمىن مۇئەككىلى ئىبادەتخانىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقىنى سۆزلىمەي تۇرايلى .

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلايلى . تاڭ تەيزۇڭ چۈشلۈك ئوردا يىغىلىشىغا شۈەن زاڭنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن ۋېي جېڭنى ئەۋەتتى . شۈەن زاڭ كۆپچىلىكنى يىغىپ مۇنبەر ئۈستىدە بۇددا نومىدىن تەپسىر ئېيتىۋاتاتتى . ئۇ خاندىن پەرمان كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، مۇنبەردىن چۈشۈپ ، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى ـ دە ، ۋېي جېڭ بىلەن بىرگە ئوردىغا يېتىپ كەلدى .

— بۇ چاغقىچە ھەزرىتىمنى خاسىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن كۆپ ئاۋارە قىلغان بولساممۇ ، لېكىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن لايىقىدا بىرنەرسە تاپالماي يۈرەتتىم ، — دېدى تاڭ تەيزۇڭ شۈەن زاڭغا قاراپ ، — ئەتىگەن شاۋيۈي ئىككى راھىبنى باشلاپ ئەكىرىپتۇ . ئۇلار كىمخابتىن تىكىلگەن بىر كاسايا بىلەن بىر قەلەي ھاسىنى سوۋغا قىلىپ كەتتى . شۇڭا ، بۈگۈن سىزنى ئالاھىدە چاقىرتتىم . ئۇنى ئەكېتىپ ئىشلىتىڭ .

شۈەن زاڭ باش ئېگىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى .

— ھەزرىتىم ، ئەگەر مالال كۆرمىسىڭىز مۇشۇ يەردىلا كىيىپ باقسىڭىز ، مەن بىر كۆرۈپ باقاي ، — دېدى تاڭ تەيزۇڭ .

شۈەن زاڭ كاسايانى ئېچىپ ئۈچىسىغا يېپىندى ۋە قەلەي ھاسىنى قولىغا ئېلىپ ، مۇنبەر ئالدىدا ئېھتىرام بىلەن تىك تۇردى . خان ۋە ۋەزىرلەر ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇپ ، ئۇ

ھەقىقەتەن ساكيامۇنىنىڭ مۇرتى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن، دېيىشتى.

ئوردىدىكى ئەلەمدار - قەلەمدار بەگ - سىپاھلار ئۇنى مۇبارەكلەشتى. تاڭ تەيزۇڭ خۇشاللىقتا ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا شۈەن زاڭغا كاسايانى كىيىپ، ھاسىنى ئېلىۋېلىشنى ئېيتتى ۋە ئىككى رەت ھۆرمەت سېپىنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ، ئەمەلدارلارنى ئۇنى ئوردىدىن ئۇزىتىپ قويۇشقا، خۇددى ئەلچىۋىل ئەلالىقتا تاللىنىپ، ئەمەلدارلىقتا كۆتۈرۈلگەن چاغدىكىدەك كوچا ئايلاندۇرۇپ، ئىبادەتخانىغىچە يەتكۈزۈپ قويۇشقا بۇيرۇدى. شۈەن زاڭ خانىنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتىپ، داغدۇغا بىلەن چوڭ كوچىغا چىقتى - دە، سالاپەتلىك قەدەم تاشلاپ ئىبادەتخانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. چاڭئەن شەھىرىدىكى تىجارەتچى - سودىگەرلەر، شاھزادە - بەگچەكلەر، ئەدىب - موللىلار، ئەر - ئايال، قېرى - ياشلار ئۇنىڭغا قاراپ زوقلىنىپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي: «ھەزرىتىمگە نېمىدېگەن ياراشقان - ھە؟ بەئەينى ئارخات، بەئەينى بۇدساتۋانىڭ ئۆزى بوپتۇ!» دەپ ماختىشىپ كەتتى.

كۈنلەر ئۆتۈپ يەتتە كۈنلۈك بەزمە - ئىبادەت يەنە باشلاندى. شۈەن زاڭ ھەممە ياققا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، تاڭ تەيزۇڭنىمۇ كۆچە - ئىسرىق كۆيدۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ چاغدا پۈتۈن ئالەم كەرەملىك كەيپىياتىغا چۆمدى. تاڭ تەيزۇڭ مەپىسىگە ئولتۇرۇپ ئەلەمدار - قەلەمدار بەگلىرىنى، كىچىك خانىش ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىبادەتخانىغا يېتىپ كەلدى. پۈتۈن شەھەردە شۈەن زاڭنىڭ تەلىمىنى ئاڭلاش ئۈچۈن كەلمىگەن بىرمۇ ئادەم قالمىدى. بۇدساتۋا بىلەن مۇچامۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بۈگۈن سۇ - يەر بەزمىسى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بىز كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ تۇرۇپ، بىرىنچىدىن، بەزمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ ۋائىزنىڭ بۇ گۆھەردىن تەلىيى بار - يوقلۇقىنى؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇنىڭ قايسى نومدىن ۋەز ئېيتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى» دېيىشتى - دە، ئىبادەتخانىغا

كىرىپ دىققەت بىلەن قاراپ تۇرۇشتى .

شۇەن زاڭ ھەزرەت مۇنبىرىدە ئولتۇرۇپ ، دەم ئۆلۈم - كۆرۈم ھەققىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇسا ، دەم ئاسايىشلىق ئىبارىلەرنى زىكىر قىلدى ، دەم پەند - نەسىھەت بابىدىن ۋەز ئېيتتى . بۇ چاغدا بۇددساتۋا ئالدىغا ئۆتۈپ ، مۇنبەرگە مۇشتلاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— ھەي راھىب ! سىز «كىچىك كۆلۈڭگۈ ئەقىدىلىرى[1] »نىلا زىكىر قىلدىڭىز ، «چوڭ كۆلۈڭگۈ كالامى»دىنمۇ خەۋىرىڭىز بارمۇ ؟

— پىر ئۇستاز ، ئۆزلىرىنى كۆرمەي قالغان گۇناھىمنى كەچۈرگەيلا . بۇ يەردىكى راھىبلارنىڭ ھەممىسى «كىچىك كۆلۈڭگۈ» ئەقىدىلىرىنىلا تەپسىر قىلالايدۇ . «چوڭ كۆلۈڭگۈ» ئەقىدىلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ ، — دېدى .

— سىزنىڭ بۇ قوشۇمچە تەپسىرلىرىڭىز ئۆلگەنلەرنىڭ روھىنى ھۆر قىلالمايدۇ . پەقەت كىشىلەرنى ئاددىي يوسۇندا كۆڭ ئۆتكۈزۈشكىلا ئۈندىيەلەيدۇ ، خالاس ، — دېدى بۇددساتۋا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — مەندە بۇددانىڭ بۈيۈك كالاملىرىدىن بولغان ئۈچ نوم بار . ئۇ ئۆلگەنلەرنى بېھىشقا ئاچىقىدۇ . كىشىلەرنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن خالاس قىلىدۇ . ئۆمرىنى چەكسىز ئۇزاق قىلىدۇ ۋە ئۆلمەس ھەم تۇغۇلماس مەنزىلگە يەتكۈزىدۇ .

ئۇ شۇەن زاڭغا سۆزلەۋاتقاندا ئىبادەتخانىدىكى كارمادانا[2] تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئالدىغا كىرىپ ؛

— ھەزرىتىم تەپسىر ئېيتقاندا ، ئىككى ئايپاڭباش راھىب كىرىپ ، ئۇنى مۇنبەردىن چۈشۈرۈۋەتتى ۋە ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ ، ھەزرىتىمگە ئېسىلىۋالدى ، — دەپ خەۋەر قىلدى .

خان ئۇلارنى دەرھال تۇتۇپ چىقىشقا بۇيرۇدى . بىرقانچەيلەن بۇ ئىككى راھىبنى ئىتتىرگەن پېتى ئىبادەتخانىنىڭ كىچىك تاۋاپ زالىغا ئاچىقتى . ئۇلار تەيزۇڭنى كۆرۈپ سالاممۇ بەرمەستىن

---

① بۇددا دىنىدىكى ئىككى چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى .

② كارمادانا — راھىبلارنىڭ ئىبادەت ئىشىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار .

مەغرۇر قىياپەتتە تۇرۇپ :
— جانابىي ئالىيلىرى ، مەندىن نېمە ئىشنى سورىماقچى ئىدىلە ؟ — دېدى .
تاڭ تەيزۇڭ ئۇنى تونۇپ :
— ئۆزلىرى ئالدىنقى كۈنى كاسايانى سوۋغا قىلغان راھىبقۇ دەيمەن ؟ — دېدى .
— شۇنداق ، — دېدى بۇدساتۋا جاۋاب بېرىپ .
تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دېدى :
— سىلى بۇ يەرگە دەرس ئاڭلىغىلى كەلگەندىكىن ، سەدىقە غىزالىرىنى يەپ ئولتۇرماي ، نېمىشقا ھەزرىتىمگە لوقما سېلىپ ، ئىبادەتخانىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ، دۇئا ـ تىلاۋىتىمىزگە كاشىلا قىلىدىلا ؟
— سىلىنىڭ ھېلىقى ھەزرەتلىرى سۆزلىگەن «كىچىك كۆلۈڭگۈ» ئەقىدىسى ئۆلگەنلەرنىڭ روھىنى جەننەتكە ئەچىقالمايدۇ . مەندە بۇددانىڭ بۈيۈك كالامىلىرىدىن بولغان ئۈچ نوم بار . ئۇ كىشىلەرنى ئازارەتتىن ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن خالاس قىلىپ ، ئۆمرىنى ئۇزاق قىلىدۇ ، — دېدى بۇدساتۋا .
بۇنى ئاڭلاپ تەيزۇڭنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى ۋە :
— سىلى دېگەن چوڭ كۆلۈڭگۈ كالامىلىرى قەيەردە ؟ — دەپ سورىدى .
بۇدساتۋا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :
— ئۇ غەربىي دىياردىكى ھىندىستان دېگەن دۆلەتنىڭ گۆھەر نىشىن ئىبادەتخانىسىدىكى ھەزرىتى بۇددا تاتھاگاتونىڭ قولىدا . ئۇ كۈللى مۇشەققەتلەرنىڭ سىرىنى يېشىپ ، ھەرقانداق بالايىئاپەتتىن ساقلاپ قالالايدۇ .
— ئۇنىڭدىكى سۈرە ئەقىدىلەر يادىلىرىدىمۇ ؟
— يادىمدا .
— ئۇنداق بولسا ھەزرىتىمگە ئەگىشىپ مۇنبەرگە چىقىپ سۆزلەپ باقسىلا .

بۇدساتۋا مۇچانى ئېلىپ ، مۇنبەر ئۈستىگە چىقتى ـ دە ، بۇلۇت بىلەن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ پەلەك قەھرىگە ئۆرلىدى . ئۇنىڭ بىر قولىدا كوزا تۇتقان ، بىر قولىدا تال چىۋىقنى ئوينىتقان خاسىيەتلىك ئەسلىي سىيماسى ئايان بولدى . مۇچا ئۇنىڭ سول تەرىپىدە كالتىكىنى تۇتقان هالدا جۇشقۇن قىياپەتتە تۇراتتى . بۇنى كۆرگەن تاڭ تەيزۇڭ خۇشاللىقىدا كۆككە قاراپ تاۋاپ قىلىشقا باشلىدى . ئەلەمدار ـ قەلەمدار بەگ ـ سىپاھلارمۇ يەرگە تىزلىنىپ كۆجە ـ ئىسرىق كۆيدۈرۈشتى . پۈتۈن ئىبادەتخانىدىكىلەر بىردەك ئۇنىڭغا تېۋىنىپ : «بۇ نەقەدەر قالتىس بۇدساتۋا ـ هە !» دېيىشتى . خۇشاللىقتا داڭ قېتىپ قالغان تاڭ تەيزۇڭ شۇ تاپتا ھەممە نەرسىنى ئەستىن چىقاردى . ھەيرانۇھەس بولۇشقان ئەلەمدارلارمۇ سەجدىدىن باش كۆتۈرۈپ قارىشىپلا قالدى . ھەممەيلەن بىراقلا «ئاۋالوكتسۋارا بۇدساتۋا شۇ ئىكەن» دېيىشتى . تاڭ تەيزۇڭ شۇئان چېۋەر رەسسامدىن بىرنى تېپىپ ، ئۇنىڭ ھەقىقىي سىيماسىنى سىزدۇرۇشقا بۇيرۇدى . خاننىڭ بۇيرۇقى چۈشۈشى بىلەن تەڭ ئەڭ چېۋەر رەسساملاردىن بولغان ۋۇ داۋزى تاللاپ چىقىلدى (ئۇ كېيىن تۇمان ئىچىدىكى راۋاق دېگەن رەسىمنى سىزغان تۆھپىسى بىلەن شۆھرەت قازانغان) . ئۇ دەرھال قەلەمنى سىياھقا چىلاپ ، بۇدساتۋانىڭ رەسىمىنى سىزىپ پۈتتۈردى . بۇدساتۋا بۇلۇت بىلەن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كەتتى . ئۇنىڭدىن چاقنىغان ئالتۇن نۇرلارمۇ ئۆچتى . شۇ ئەسنادا ئاسماندىن بىر ۋاراق قەغەز ئۇچۇپ چۈشتى . ئۇنىڭغا مۇنداق سۆزلەر يېزىلغانىدى :

*«ئالىي ھۆرمەتكە نائىل تاڭ خانىغا :*

*غەرب ئېلىدە ئاجايىپ ئېسىل بىر نوم بار . مۇساپە بىر يۈز سەكسەن مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ . ئۇنىڭدا بۈيۈك مىزانلار سەمىمىي بايان قىلىنغان . ئۇنى دۆلىتىڭلارغا ئەكەلسەڭلار ، ھەرقانداق ئىشىڭلار نۇسرەت تاپقۇسى . مۇبادا بۇ ئىشنى خالايدىغان كىشى بولسا ، ئۇ ئىلىم ـ ھېكمەتتە كامالەتكە*

يەتكۈسىدۇر .»

تاڭ تەيزۈڭ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، راھىبلارغا :
— بەزمە توختىتىلسۇن . مەن ئادەم ئەۋەتىپ مۇقەددەس نومنى ئەكەلدۈرگەندىن كېيىن ، شەخسەن رىياسەتچىلىكىمدە دۇئا ـ تىلاۋەتنى قايتا باشلايمىز ، — دەپ پەرمان چۈشۈردى .
ئەمەلدارلار بىردەك ئۇنىڭ پەرمانى بويىچە ئىش تۇتىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى . خان شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا يەنە :
— مېنىڭ پەرمانىمنى ئېلىپ ، غەربىي دىيارغا بېرىپ ، ساكيامۇنىغا تاۋاپ قىلىپ ، مۇقەددەس نومنى ئەكېلىشكە كىم بارىدۇ ؟ — دەپ سورىدى .
تەيزۈڭنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى بىلەن شۈەن زاڭ ئالدىغا چىقىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېھتىرام بىلەن مۇنداق دېدى :
— پېقىر ناقابىل بولساممۇ ، پايپېتەك بولۇپ ، شاھ ئالىيلىرى ئۈچۈن مۇقەددەس نومنى ئەكېلىپ ، دىيارىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى خالايمەن !
بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشال بولغان تاڭ تەيزۈڭ ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ :
— ھەزرىتىم ، ئۇزاق مۇساپىدىن قورقماي ، تاغۇ ـ دەريالاردىن ئېشىپ ساداقەت كۆرسىتىشنى راۋا كۆرگىنىڭىز ئۈچۈن ، سىز بىلەن قېرىنداش بولۇشنى خالايمەن ، — دېدى .
شۈەن زاڭ خانغا باش قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى . تاڭ تەيزۈڭ ئالىي پەزىلىتىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ ، ئىبادەتخانىغا كىردى ۋە بۇت ئالدىغا كېلىپ «شاھ قېرىندىشىم ، ئەۋلىيا راھىب» دېگىنىچە شۈەن زاڭغا تۆت قېتىم تەزىم قىلدى .
شۈەن زاڭ چەكسىز مىننەتدار بولغان ھالدا :
— شاھ ئالىيلىرى ، پېقىرنىڭ بۇنچىلىك ئىلتىپاتلىرىغا نائىل بولغۇدەك ھېچقانداق پەزىلىتىم يوق . بۇ سەپىرىمدە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، غەرب ئېلىگە يېتىپ بارىمەن . غەرب ئېلىدىن مۇقەددەس نومنى ئەكېلەلمىسەم ، ئۆلسەممۇ قايتىپ

كەلمەيمەن . ئۆلۈكۈم جەھەننەمدە بولسۇن ! — دېدى - دە ، بۇت ئالدىدا كۈجە - ئىسرىق كۆيدۈرۈپ ، قەسەم قىلدى .

بۇنىڭدىن مەمنۇت بولغان تاڭ تەيزۇڭ ياخشى كۆنلەرنىڭ بىرىدە سەپەرگە ئاتلىنىشقا ئىجازەت بېرىپ ، ئوردىغا قايتتى . ھەممەيلەن تارقىلىپ كېتىشتى .

شۈەن زاڭ خۇڭفۇ ئىبادەتخانىسىغا قايتىپ كەلدى . ئىبادەتخانىدىكى راھىبلار ۋە شاگىرتلار ئۇنىڭ مۇقەددەس نومنى ئەكېلىش ئۈچۈن غەربىي دىيارغا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كىردى ۋە :

— غەربىي دىيارغا بېرىش ئۈچۈن قەسەم ئىچىپتىلا ، راستمۇ ؟ — دەپ سوراشتى .

— شۇنداق ، — دېدى شۈەن زاڭ جاۋاب بېرىپ .

شاگىرتلىرى ئۇنىڭدىن يەنە :

— ئۇستاز ، ئاڭلىساق غەربىي دىيار ئىنتايىن يىراقتا ئىكەن . يولۋاسۇيىلپىز ، جىنۇشەيتانلارنىمۇ كۆپ دەيدۇ . غەم قىلىۋاتىمىز ، ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلەرلىمۇ ؟ — دەپ سوراشتى .

— مۇقەددەس نومنى ئەكېلەلمىسەم ياتقان يېرىم جەھەننەمدە بولسۇن ، دەپ قەسەم ئىچتىم ، — دېدى شۈەن زاڭ ، — خانىمىزنىڭ شاپائىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ، ۋەتەنگە ساداقىتىمنى بىلدۈرمىسەم بولمايدۇ . كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ سەپىرىمدە نېمە كۈنلەرنى كۆرىدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس . شاگىرتلىرىم ، بەلكىم مەن ئىككى - ئۈچ يىلدا ياكى ئالتە - يەتتە يىلدا قايتىپ كېلىشىم مۇمكىن . سىلەر تاغ ئېغىزىدىكى قارىغايغا سەپسېلىپ تۇرۇڭلار . ئۇنىڭ شاخلىرى كۈنچىقىشقا قاراپ ئېگىلسە ، مەن چوقۇم قايتىپ كېلىمەن . ئەگەر كۈنپېتىشقا قاراپ قالسا ، قايتىپ كېلەلمەسلىكىم مۇمكىن .

بۇ سۆزنى شاگىرتلىرى كۆڭۈللىرىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە پۈكۈپ قويۇشتى .

ئەتىسى ئەتىگەندە تاڭ تەيزۇڭ بارلىق بەگ - سىپاھلىرىنى

چاقىرتىپ ئوردا يىغىلىشى ئۆتكۈزدى ۋە مۇقەددەس نومنى ئەكېلىش ھەقىقىدە ئالاقە يېزىپ مۆھۈرىنى باستى . شۇ ئارىدا ھاۋا رايى كۆزەتچىسى كىرىپ :

— بۈگۈن قۇت يۇلتۇزى كۆرۈندى ، سەپەر چوقۇم ئوڭۇشلۇق بولىدۇ ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى .

تاڭ تەيزۇڭ بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى . شۇ ئارىدا يەنە ئىچكى ئىشلار ئەمەلدارى كىرىپ :

— ھەزرىتىم ئوردا ئالدىدا پەرمانلىرىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى .

خان شۇەن زاڭنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ :

— شاھ قېرىندىشىم ، بۈگۈن سەپەرگە چىقىدىغان ياخشى كۈن ئىكەن . مانا بۇ يولخېتى . سەپەر ئۈستىدە غىزالىنىشىڭىز ئۈچۈن بۇ ئالتۇن تاۋاقنىمۇ سوۋغا قىلاي . يولدا ھەمراھ بولىدىغان ئىككى كىشى تاللىۋېلىڭ . پىيادە يۈرۈپ چارچاپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن بىر ئاتمۇ بېرەي ، ئەمدى يولغا چىقسىڭىز بولىدۇ ، — دېدى .

شۇەن زاڭ ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ ، خانغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىپ ، سەپەرگە ئالدىرىدى . تاڭ تەيزۇڭ مەپىسىگە ئولتۇرۇپ ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرگە ئۇنى ئۆتكەل سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى . خۇڭفۇ ئىبادەتخانىسىدىكى راھىبلار ۋە شاگىرتلار شۇەن زاڭنىڭ يازلىق ـ قىشلىق كىيىملىرىنى تەييارلاپ ، ئۆتكەل ئالدىدا كۈتۈپ تۇراتتى . تاڭ تەيزۇڭ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئاۋۋال شۇەن زاڭنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى ۋە ئاتنى تەييار قىلىشنى بۇيرۇدى ، ئاندىن بىر قەدەھكە مەي قۇيدۇرۇپ قولىغا ئالغاندىن كېيىن شۇەن زاڭدىن سورىدى :

— شاھ قېرىندىشىم ، ئىلمىي شەرىپىڭىزنى نېمىدەپ ئاتىساق بولاركىن ؟

— مەن ماكاندىن ئايرىلغۇاتقان ئاددىي راھىبمەن . ئىلمىي نام ـ شەرەپكە لايىق ئەمەسمەن ، — دېدى شۇەن زاڭ .

تاڭ تەيزۇڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— ھېلىقى كونى بودساتۋا غەربىي دىياردا سەنزاڭ[1] بار دېگەندى، شۇنىڭغا ئاساسەن نامىڭىزنى سەنزاڭ دەپ ئاتىساق قانداق؟

شۇەن زاڭ مەننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، خاننىڭ قولىدىن قەدەھنى ئالدى ۋە:

— شاھ ئالىيلىرى، مەي راھىبلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋال پەرھىز تۇتىدىغان نەرسىسى. مەن بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن بېرى شارابقا ئېغىز تېگىپ باققان ئەمەس ئىدىم، — دېدى.

— بۈگۈن سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇرىسىز، باشقا ۋاقىتلارغا ئوخشاشمايدۇ. بۇ پەرھىز تۇتۇلمايدىغان شاراب، كۆڭلۈم ئۈچۈن بىر قەدەھ ئىچىۋېتىڭ.

تاڭ سەنزاڭ ئامالسىز قەدەھنى قولىغا ئېلىپ، ئىچىشكە تەمشىلىۋىدى، تەيزۇڭ يەرگە ئېڭىشىپ بىر چىمدىم توپىنى ئېلىپ شارابقا ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. تاڭ سەنزاڭ بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى. تەيزۇڭ كۈلۈپ كېتىپ:

— جان قېرىندىشىم، ئەمدى غەربىي دىيارغا بارسىڭىز قاي زاماندا قايتارسىز؟ — دېدى.

— ئۈچ يىل ئىچىدىلا قايتىپ كېلىمەن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— كۈنلەر ئۇزاق، يول يىراق، سىز بۇ شارابنى ئىچىۋېتىڭ، — دېدى تاڭ تەيزۇڭ، — ئۆز دىيارىڭىزنىڭ چىمدىم توپىسىنى ئەزىزلەڭكى، ئۆزگە يۇرتنىڭ تاغدەك ئالتۇنىغىمۇ كۆز قىرىڭىزنى سالماڭ!

تاڭ سەنزاڭ خاننىڭ شارابقا توپا ئارىلاشتۇرغانلىقىدىكى چوڭقۇر مەنىنى چۈشىنىپ، خانغا يېنىش - يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتتى ۋە قەدەھنى كۆتۈرۈۋېتىپ، خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. تاڭ تەيزۇڭ ئوردىسىغا قايتتى. ئەمدىكى ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

---

[1] سەنزاڭ   ئۈچ توم دېگەن مەنىدە.

# ئون ئۈچىنچى باب

## تارىق - چولپاننىڭ تاڭ سەنزاڭنى يولۋاس ئۆۋىسىدىن قۇتۇلدۇرغانلىقى
## قوشئاچا جىلغىسىدا لىۇ بوچىننىڭ ئۇنى قوندۇرۇپ قالغانلىقى

ئەلقىسسە ، جېنگۇەننىڭ 13 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تاڭ خانى بارلىق ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرگە تاڭ سەنزاڭنى چاڭئەن شەھىرىدىن ئۇزىتىپ قويدى . تاڭ سەنزاڭ ئاتلىق ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ، فامىن ئىبادەتخانىسىغا يېتىپ كەلدى . ئىبادەتخانىدىكى راھىب كالان بەش يۈزدىن ئارتۇق راھىبنى باشلاپ ، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا تۇرۇپ ، ئۇنى تەنتەنىلىك قارشى ئالدى ۋە ئىبادەتخانىغا باشلاپ كىرىپ ، ئۇسسۇلۇق چاي كەلتۈردى . چايدىن كېيىن پەرھىز تائام ئەكېلىندى . تائام يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ چۈشتى . راھىبلار چىراغ ئاستىغا توپلىشىپ ، بۇددانىڭ غەربىي دىياردىن مۇقەددەس نومنى ئەكېلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشتى . بەزىلەر يولنىڭ يىراقلىقى ۋە خەتەرلىكى ھەققىدە سۆزلىسە ، بەزىلەر يولدا يىرتقۇچلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋەھىمە يېيىشتى ؛ بەزىلەر ، ھاڭ - قىيالاردىن ئۆتمەك تەس ، دېسە ، بەزىلەر جىن - ئالۋاستىلارنى بويسۇندۇرۇش مۇمكىن بولماسمىكىن ، دېيىشتى . تاڭ سەنزاڭ بولسا بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەستىن ، قولى بىلەن يۈرىكىنى كۆرسىتىپ بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى . بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن راھىبلار ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ تۇرۇپ سورىدى :

— تەقسىر ، يۈرەكلىرىنى ئىشارەت قىلىپ ، باش لىڭشىتقانلىرى نېمە مەنىنى بېرىدىكىن؟

تاڭ سەنزاڭ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— يۈرىكىم سوقۇپلا تۇرىدىكەن ، جىن - ئالۋاستىلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن . مەن خۇاشىڭ ئىبادەتخانىسىدا بۇددا ئالدىدا تۇرۇپ قەسەم قىلدىم . بۇ ئىشقا جېنىمنى ئاتاپ قويدۇم ، غەربىي دىيارغا بېرىپ نومنى ئەكىلىش نىيىتىمدىن ھەرگىز يانمايمەن !

راھىبلار بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشتى ۋە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي :

— ئۆزلىرى ھەقىقەتەن ساداقەتمەن پىر ئۇستاز بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلا ! — دەپ ماختاشتى . ئاندىن ئۇنى ئارام ئېلىشقا ئۈندىدى .

ئەتىسى تاڭ سەھەردە تاڭ - تاڭ ئاۋازى ياڭراپ ، ئاي تاغ كەينىگە مۆكۈندى . خورازلار چىللاپ ، قۇياش ئۇپۇق ئېتىكىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقتى . راھىبلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، چاي قايىنىتىپ ئەتىگەنلىك پەرھىز تائام تەييارلىدى . تاڭ سەنزاڭ كاساياسىنى كىيىپ ، ئىبادەتخانىنىڭ مەركىزىي زالىغا كىردى - دە ، بۇت ئالدىدا چوقۇنۇپ ، ئىلتىجا قىلدى :

«بەندەڭ شۈەن زاڭ مۇقەددەس نومنى ئەكىلىش ئۈچۈن غەربىي دىيارغا كېتىۋاتىمەن . بۇگۈن شۇنداق قەسەم بېرىمەنكى ، سەپىرىمدە يولۇققان ھەربىر ئىبادەتخانىدا كۆجە - ئىسرىق كۆيدۈرۈپ ماڭىمەن ؛ بۇتقا يولۇققاندا چوقۇنۇپ ئۆتىمەن ، قەبرىلەرنى سۈپۈرۈپ ماڭىمەن . شەپقەتلىك ئىگەمدىن شۇنى تىلەيمەنكى ، مۇقەددەس نومنى شەرقىي دىياردا كەڭ تارقىتىش ئۈچۈن ، ئالتۇن جامالىڭنى بالدۇرراق زاھىر ئەيلىگەيسەن !»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خانىسىغا قايتىپ ناشتىغا ئولتۇردى . ناشتىدىن كېيىن ئىككى ھەمراھى ئاتنى ئېگەرلەپ ، يۈك - تاقلارنى تەييار قىلدى . تاڭ سەنزاڭ تاغ ئېغىزىدىن چىقىپ راھىبلار بىلەن خوشلاشتى . ئايرىلىشقا كۆز قىيىشمىغان راھىبلار ئۇن چاقىرىمچە

ئۈزتىپ كېلىپ، كۆز چاناقلىرى نەملەنگەن ھالدا قايتىشتى. تاڭ سەنزاڭ داۋاملىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. بۇ دەل كۆز يەسلىنىڭ ئالتۇن كۈنلىرى ئىدى.

ئۇستاز ۋە شاگىرتلار بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ گۇڭجۇ ئايمىقىدىن ئۆتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن خېجۇ قورغىنىغا يېتىپ كەلدى. بۇ، بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنىڭ ئەڭ چەت چېگرىسى ئىدى. قورغاندىكى لەشكەر ۋە راھىبلار تاڭ سەنزاڭنىڭ خان غەربىي دىياردىن بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن خانزادە تەقسىر ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە فۇيۈەن ئىبادەتخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى.

كۆز كۈنلىرى بولغاچقا، خورازلار تاڭ يورۇماستىنلا چىللاشقا باشلىدى. سەپەر تەقەززالىقىدىن سەھەر تۇرۇپ كەتكەن تاڭ سەنزاڭ ئىككى ھەمراھىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئېتىغا مىنىپ، ئاي يورۇقىدا تاڭ قىراۋلىرىنى دەسسەپ سەپەرگە ئاتلىنىپ كەتتى. نەچچە ئون چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار بىر جىلغىغا يېتىپ كېلىپ، قويۇق چۆپلۈك ئارىسىدا قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قېلىشتى. ئۇلار قاياققا مېڭىش ئۈستىدە ئويلىنىپ تۇرغان شۇ ئەسنادا ئۇشتۇمتۇت تېيىلىپ بىر ئازگالغا ئات بىلەن تەڭ غۇلاپ چۈشۈپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن تاڭ سەنزاڭ بار ئاۋازى بىلەن:

— مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار! مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

شۇئان قاتتىق بوران كۆتۈرۈلۈپ، ئەللىك ـ ئاتمىشچە جىنۇ شەيتان پەيدا بولدى ـ دە، تاڭ سەنزاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھىنى ئازگالدىن سۆرەپ ئاچىقتى. قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتكەن تاڭ سەنزاڭ يەر تېگىدىن كۆز يوگۇرتۇپ، ئېگىز تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان ۋەھشىي قىياپەتلىك يالماۋۇز شاھنى كۆردى ـ دە، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپلا قويدى. ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھىنىمۇ پۇت ـ قوللىرىدا جان قالمىدى. يالماۋۇزنىڭ

«باغلا !» دېگەن بويرۇقى بىلەن تەڭ ئالۋاستىلار ئولىشىپ كېلىپ، ئۇچەيلەننى چەمبەرچاس قىلىپ باغلىدى ۋە ئۇلارنى سويۇپ يېيىشكە تەييارلاندى. دەل شۇ پەيتتە سىرتتا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ، بىرى «شىۇڭشەن تېغى پادىشاھى بىلەن قابىل بېگىم كەلدى!» دېگەن خەۋەرنى ئەكىردى. تاڭ سەنزاڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىر قاراۋاي پالۋان بىلەن بىر باداڭ قورساق باتۇرنىڭ كۆرەڭلەرچە كىرىپ كەلگىننى، بۇ ئىككىيلەننى يالماۋۇز شاھ پايپېتەك بولۇپ كۈتۈۋالغىننى كۆردى. ئۇچەيلەن سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۆز جايلىرىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

تاڭ سەنزاڭنىڭ ئىككى ھەمراھى قاتتىق باغلاقتا چىدىماي نالە - پەرياد كۆتۈردى.

— بۇ ئۇچى كىملەر بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى قاراۋاي.

— ئۆزى كېلىپ قالغانلار، — دېدى يالماۋۇز جاۋاب بېرىپ.

— ئۇنداق بولسا بىزنى مېھمان قىلمامسىز؟ — دېدى باداڭ قورساق كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىلەردىن ئايلانسۇن، سىلەردىن ئايلانسۇن! — دېدى يالماۋۇز تەكەللۇپ بىلەن.

— ھەممىسىنى بىر قېتىمدىلا تۈگىتىپ قويساق بولماس، — دېدى قاراۋاي تاغ پادىشاھى سۆز قىستۇرۇپ، — بىرنى كېيىنگە قالدۇرۇپ قويايلى.

شۇ سۆزدىن كېيىن يالماۋۇز شاھ ئەتراپىدىكىلەرگە سەنزاڭنىڭ ئىككى ھەمراھىنىڭ قارنىنى يېرىپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىشقا، تېنىنى پارچىلاپ ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. بۇيرۇق دەرھال بەجا كەلتۈرۈلدى. يالماۋۇز ئۇلارنىڭ بېشى، يۈرىكى ۋە جىگىرىنى ئىككى مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپ، پۇت - قوللىرىنى ئۆزى يېدى ۋە ئاشقان ئۇستىخان گۆشلىرىنى ئالۋاستىلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان تاڭ سەنزاڭنىڭ قورقىنىدىن جېنى چىقىپ كېتىشكە تاس قالدى. بۇ ئۇ چاڭئەندىن

چىقىپ يولۇققان تۆنجى بالا ـ قازا ئىدى .
تاڭ سەنزاڭ كىچىنى ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتكۈزدى . كۈنچىقىش تەرەپ ئاقىرىشقا باشلىغاندا ، ھېلىقى ئىككى مەخلۇق يەيدىغىنىنى يېيىشىپ بولۇپ ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە :
— مېھمان قىلغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت ، ھەممىتىڭىزنى كېيىن قايتۇرارمىز ، — دېيىشىپ ، غىپپىدە كېتىپ قالدى .
بىرئازدىن كېيىن قۇياش كۆتۈرۈلدى . گاڭگىراپ بېشى ئايلىنىپ قالغان تاڭ سەنزاڭ جان قايغۇسىدا تۇرغاندا ، بىر چال ھاسا تايانغان ھالدا كىرىپ كەلدى . ئۇ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر نېمىلەرنى دەپ دۇئا ئوقۇدى . سەنزاڭنى باغلىغان ئارغامچا بىردىن يېشىلىپ كەتتى . ئاندىن ئۇ سەنزاڭنىڭ يۈزىگە قاراپ پۈۋلىدى . تاڭ سەنزاڭ شۇئان ھوشىغا كېلىپ ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ :
— رەھمەت ئاتا ! سىلى مېنىڭ جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىلا ، — دېدى .
— قەددىلىرىنى رۇسلىسىلا ، سىلى بۇرۇن بىرەر نەرسىلىرىنى يوقىتىپ قويغانمىدىلە ؟ — دېدى چال ھۆرمەت بىلەن .
— ھەمراھلىرىمنى ئالۋاستىلار يەپ كېتىشتى . يۈك ـ تاقلىرىم ۋە ئېتىمنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتىمەن .
— ئەنە ئاۋۇ ئات بىلەن ئىككى بوغچا سىلىنىڭمۇ ؟
تاڭ سەنزاڭ چال كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ ساپمۇ ساق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، بىرئاز خاتىرجەم بولدى ۋە چالدىن :
— بوۋا ، بۇ قەيەر بولىدۇ ؟ سىلى بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىلا ؟ — دەپ سورىدى .
— بۇ قوشئاچا جىلغىسى ، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ماكانى بولىدۇ . سىلى بۇ ئازگالغا قانداق چۈشۈپ كەتتىلە ؟ — دېدى چال .
— بىز خوراز چىللاش بىلەن تەڭ خېجۇ قورغىنىدىن

چىققانىدۇق ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — بەك ئەتىگەن بولغاچقا يولدىن ئازغىنىپ قېلىپ ، مۇشۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتۇق . بىر ۋەھشىي يالماۋۇز كېلىپ مېنى ۋە ھەمراھلىرىمنى باغلاپ قويدى . ئاندىن شىيۇڭشەن تېغى پادىشاھى دەپ ئاتىلىدىغان بىر قاراۋاي بىلەن قابىل بېگىم دەپ ئاتىلىدىغان بىر باداڭ قورساق كىرىپ كەلدى . ئۇلار يالماۋۇزنى يەن سەركەردە دەپ ئاتىشىدىكەن ، ئۇلار ئۈچىسى بىرلىشىپ ئىككى ھەمراھىمنى يەپ بولۇپ ، تاڭ يورۇغاندا تارقاشتى . بەختىمگە يارىشا تەڭرىم نىجاتكار قىلىپ سىلىنى ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ .

بۇنى ئاڭلاپ چال مۇنداق دېدى :

— قابىل بەگ بولسا ياۋا ئۆكۈز ئالۋاستى ، ھېلىقى تاغ پادىشاھى دېگىنى ئېيىق ئالۋاستى . يەن سەركەردە بولسا ، يولۋاس سۈرەتلىك جىن بولىدۇ . ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى تاغ - ئورمان ئىچىدىكى جىنۇشەيتان يىرتقۇچلار . ئۇلار سىلىنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكلىرىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا ، سىلىنى يېيىشكە پېتىنالمىغان . يۈرسىلە ، ماڭا ئەگىشىپ ماڭسىلا ، سىلىگە يول باشلاپ ماڭاي .

سەنزاڭ چەكسىز مىننەتدار بولۇپ ، بوغچىسىنى ئاتقا ئارتىپ ، ئېتىنى يېتىلىگەن پېتى چالغا ئەگىشىپ ئازگالدىن چىقتى - دە ، چوڭ يولغا چۈشتى . ئاندىن ئاتنى يول بويىدىكى چۆپلۈككە باغلاپ قويۇپ ، كۆڭلىدىكى مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن چالغا بۇرۇلدى . چال بىردىنلا سەلكىن شامالغا ئايلىنىپ ، قىزىل تاجى بار بىر ئاق تۇرنىغا مىنىپ ، ئاسمان قەھرىگە ئۆرلەپ كەتتى . تاڭ سەنزاڭ كۆكتىن بىر پارچە قەغەزنىڭ لەيلەپ چۈشكەنلىكىنى كۆردى . قەغەزگە تۆت مىسرا نەزمە پۈتۈلگەنىدى .

## نەزم

*مەنكى غەربىي دىياردىن ، نامىم تارىق - چولپىنى ،*
*كەلدىم بۇڭا سەن ئۈچۈن بولۇشقا مەن نىجاتكار .*

*تەشۋىشلەنمە يولۇقساڭ قانچە مۇشكۇل ، خەۋپ ـ خەتەر ،*
*يولۇڭدا ياخشىلار بولار ھامان ساڭا يار .*

تاڭ سەنزاڭ نەزمىنى ئوقۇپ بولۇپ ، كۆككە قاراپ تاۋاپ قىلىپ :

— ئاھ ، تارىق ـ چولپان بوۋاي ، مېنى بۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن يۈزمىڭ رەھمەت ! — دېدى ـ دە ، ئېتىنى يېتىلەپ ، يالغۇز ـ يېگانە ھالدا ئېغىر قەدەم تاشلاپ يولىنى داۋاملاشتۇردى .

ئۇ جىلغا ئىچىگە ئىلگىرىلەپ كىرىپ ، يېرىم كۈنچە ماڭدى . ئەتراپتا نە ئىنسان ، نە ئۆي ـ ماكان كۆرۈنمەيتتى . بىرياقتىن قورساق ئاچسا ، بىر ياقتىن يول جاپاسى ئۇنى ھالسىزلاندۇردى . بۇ دەردنى ئاز دېگەندەك ، ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئالدىدىن ئىككى يولۋاس ھۆركىرىگەن پېتى ۋەھشىيلەرچە ئېتىلىپ چىقتى . ئۇنىڭ كەينىدىن بىرنەچچە يىلانمۇ ۋىشىلداپ كېلىۋاتاتتى . يىلان بىلەن يىرتقۇچلارنىڭ ئارىسىدا قالغان تاڭ سەنزاڭ ئامالسىز ئۆزىنى تەقدىرگە تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى . ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك ، ئۇنىڭ ئېتى ئۆزىنى قويۇۋېتىپ ، ئۇرسىمۇ ، سۆرىسىمۇ قوپماي يېتىۋالدى . بۇ ئەلەمدىن تاڭ سەنزاڭنىڭ جېنى چىققۇدەك بولۇپ ، ئەمدى ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىدى دەپ ئويلىدى ـ دە ، تۇرغان يېرىدە داڭ قېتىپلا قالدى . دەل شۇ جىددىي پەيتتە يىلانلار بىردىن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى ، يىرتقۇچلارمۇ پاتىراقشىپ قېچىشىپ ، كۆزدىن غايىب بولدى . تاڭ سەنزاڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قولىدا بىر تۆمۈر ئارا تۇتقان ، بېلىگە ئوقيا ئېسىۋالغان بىر پالۋاننىڭ تاغ قاپتىلىدىن چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ يېقىنلاپ كەلگەندە ، تاڭ سەنزاڭ يول ياقىسىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئالقىنىنى جۈپلەپ :

— باھادىر ئەزىمەت ، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالسىلا ، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالسىلا ! — دەپ ئىلتىجا قىلدى .

پالۋان يېتىپ كېلىپ ئارىسىنى يەرگە قويدى ۋە تاڭ سەنزاڭنى

يۆلەپ تۇرغۇزۇپ .

— قورقمىسىلا تەقسىر ، مەن قاراقچى ئەمەس . مۇشۇ تاغ ئىچىدىكى ئوۋچى بولىمەن . تاغ تىنچىتار پاسىبان دېگەن نامىم بار . مەن ئوزۇقلۇق ئۈچۈن بىرەر نەرسە ئوۋلاي دەپ چىققانىدىم . ئويلىمىغان يەردىن ئۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم ، — دېدى .

— پېقىر بۈيۈك تاڭ خانى تەرىپىدىن غەربىي دىيارغا بېرىپ بۇدداغا تاۋاپ قىلىش ۋە مۇقەددەس نومنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن راھىبمەن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — بۇ يەرگە كېلىشىمگە يولۋاس ۋە يىلانلار ئەتراپىمنى قورشىۋېلىپ مېڭىشقا ئامالسىز قالدىم . ئۆزلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىرىنى كۆرۈپ يىرتقۇچلار كۆزدىن يوقىلىشتى . پېقىرنىڭ ھاياتىمۇ ئامان قالدى . ئۆزلىرىگە نېمىدەپ رەھمەت ئېيتسام بولار !

— مېنىڭ ئۆي ماكانىممۇ مۇشۇ يەردە ، يىرتقۇچلارنى ئوۋلاش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىمەن . شۇڭا ، ئۇلار مېنى كۆرۈپ قالسىلا بەدەر قاچىدۇ . ئۆزلىرى تاڭ ئېلىدىن كەلگەن بولسىلا ، بىز يۇرتداش ئىكەنمىز . بۇ يەر تاڭ زېمىنىغا تەۋە ، مەنمۇ تاڭ دۆلىتىنىڭ پۇقراسى . بىز ھەم بىر دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىۋاتقان ۋەتەنداشلار ئىكەنمىز . ئۆزلىرى ئەندىشە قىلماي ماڭا ئەگىشىپ ماڭسىلا ، كۆلبەمگە بېرىپ ئاتلىرىنى ئارام ئالدۇرۇۋالسىلا . ئەتە تاڭ سەھەردە مەن سىلىنى يولغا سېلىپ قويىمەن ، — دېدى لىيۇ بوچىن .

بۇ سۆزدىن ئىنتايىن خۇشال بولغان تاڭ سەنزاڭ لىيۇ بوچىنغا رەھمەت ئېيتتى ، ئېتىنى يېتىلەپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماڭدى . ئۇلار تاغ باغرىدىن قايرىلغاندا ، بىردىن بوراننىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . لىيۇ بوچىن تاڭ سەنزاڭغا قاراپ :

— تەقسىر ، سىلى قوزغالماي مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرسىلا ، بۇ بوران تاغ مولۇنىنىڭ شەپىسى ، مەن ئۇنى ئوۋلاپ كېلىپ ، سىلىنى ئوبدان بىر تائام بىلەن مېھمان قىلاي ، — دېدى .

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭنىڭ يۈرەكلىرى پوكۇلداپ ،

قىمىر قىلالماي تۇرۇپ قالدى. ليۇ بوچىن ئارىسنى قولىغا ئېلىپ چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇدۇل تەرەپتىن چىقىپ كەلگەن بىر چىپار يولۋاس ليۇ بوچىننى كۆرۈپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىشقا تەمشەلدى.

— ۋۇي، يىرتقۇچ، قېچىپ قەيەرگە باراتتىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى ليۇ بوچىن.

قېچىشقا تەمشىلىۋاتقان يولۋاس ئۇشتۇمتۇت كەينىگە بۇرۇلۇپ، ليۇ بوچىنغا غالجىرلارچە ئېتىلدى. ليۇ بوچىن بولسا تەمكىن هالدا ئارىسنى مەهكەم تۇتۇپ، يىرتقۇچ بىلەن ئېلىشىشقا تەييارلاندى. بۇنى كۆرۈپ تاڭ سەنزاڭنىڭ پۇت - قوللىرى بوشاپ، چۆپلۈكتە ئولتۇرۇپلا قالدى. بىر هازا ئېلىشىشتىن كېيىن، يولۋاس هالسىزلىنىپ، لاسىدە بوشىشىپ قالدى. ليۇ بوچىن ئارىسنى ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇدۇللاپ، غاچچىدا سانجىدى - دە، ئىككى قولىقىدىن تۇتۇپ سۆرەپ ئەكەلدى.

— ئامەت دېگەن مانا شۇ! — دېدى چىرايىدىن غالىبلارچە جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرغان ليۇ بوچىن تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، — بۇ تاغ مولۇنى بىر كۈنلۈك ئېسىل زىياپىتىمىز بولىدۇ، تەقسىر.

— ئەزىمەت ھەقىقەتەن تاغ ئىلاھى ئىكەنلا! — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئۇنى ماختاپ.

— ئارتۇقچە تەرىپ بولدى، — دېدى ليۇ بوچىن، — بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس. ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بەخت - تەلىيىدىن، يۈرسىلە، بالدۇرراق بېرىپ، بۇ جانىۋارنى سويۇپ، سىلىنى ئوبدان بىر مېهمان قىلاي.

ئۇ بىر قولىدا ئارىسنى كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا يولۋاسنى سۆرىگەن هالدا ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. تاڭ سەنزاڭ ئېتىنى يېتىلەپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. تاغ باغرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئۆي كۆرۈندى. ليۇ بوچىن ئۆي ئالدىغا كېلىپ يولۋاسنى تاشلاپ قويۇپ:

— باللىرىم ، قېنى سىلەر ؟ — دەپ ۋارقىرىدى .
ئۆيدىن چىرايلىرى بىر ـ بىرىدىن سەت تۆت بالا يۈگۈرۈپ چىقىپ ، يولۋاسنى سۆرىگەن پېتى ئەكىرىپ كەتتى . ليۇ بوچىن ئۇلارغا تېزرەك سويۇپ پىشۇرۇپ ، مېهماننىڭ ئالدىغا ئەكېلىشنى تاپىلاپ قويغاندىن كېيىن ، تاڭ سەنزاڭنى ئۆيگە باشلىدى . تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن ، تاڭ سەنزاڭ ليۇ بوچىننىڭ مېهىر ـ شەپقەت كۆرسىتىپ هاياتىنى قۇتۇلدۇرغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى .
— يۇرتداش بولغاندىكىن بۇنچىلىك تەكەللۇپ قىلمىسىلا ، — دېدى ليۇ بوچىن چاي قويۇۋېتىپ .
شۇ ئارىدا بىر قېرى موماي بىر جۇۋان بىلەن كىرىپ ، تاڭ سەنزاڭغا سالام بەردى .
— بۇ ئانام بولىدۇ ، بۇ بولسا مېنىڭ كىچىك خوتۇنۇم ، — دېدى ليۇ بوچىن ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ .
— يۇقىرى ئۆتسىلە ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ مومايغا هۆرمەت بىلدۈرۈپ .
— تەقسىر يىراقتىن كەلگەن مېهمان ، بىز يۇقىرىغا ئۆتۈۋالساق ئەدەبسىزلىك بولىدۇ ، — دېدى موماي .
— ئانا ، — دېدى ليۇ بوچىن سۆز قىستۇرۇپ ، — بۇ ، تاڭ خانى تەرىپىدىن غەربىي دىيارغا بېرىپ ، بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن كىشى بولىدۇ . بىز جىلغىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق . بىر يۇرتلۇق بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆيگە كېلىپ ئارام ئېلىپ ، ئەتە يولغا چىقسىلا ، دەپ باشلاپ كەلدىم .
بۇنى ئاڭلاپ موماي ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە :
— ناهايىتى ئوبدان بوپتۇ . چاقىرىمەن دېسەكمۇ مۇنداق ئوبدان پەيتنى تاپقىلى بولمايدۇ . ئەتە داداڭنىڭ دەل يەتتە نەزىر كۈنى ، هەزرىتىمنى بىرئاز مالال قىلايلى . دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ بېرىپ ، ئۆگۈنلۈككە ماڭسۇن ، — دېدى .
ليۇ بوچىن يىرتقۇچلارنى ئۆلتۈرۈشتە داڭق چىقارغان تاغ

تىنچىتار ئەزىمەت پالۋان بولسىمۇ، يەنىلا ۋاپادار ئوغۇل ئىدى.
ئۇ ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاڭ سەنزاڭنى تۇتۇپ قالدى.
ئاستا ـ ئاستا گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىدى. باللار شىرە، ئورۇندۇقلىرىنى تىزىپ، تىتىلىپ پىشقان ۋە ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يولۋاس گۆشىنى جوزىغا ئاچىقتى. ليۇ بوچىن تاڭ سەنزاڭنى گۆشتىن تارتىنماي يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئارقىسىدىن باشقا تاماق كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
— ئىلتىپاتلىرىڭىزغا ھەشقاللا، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئالقانلىرىنى جۈپلەپ تۇرۇپ، — بىراق، سىلىدىن يوشۇرىدىغان گەپمۇ ئەمەس. مەن ئانامدىن تۇغۇلۇپلا راھىبلىق يولىنى تۇتقان ئادەممەن. شۇڭا، گۆش يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن ئىكەنمەن.
ليۇ بوچىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ سەل جىم بولۇۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:
— ھەزرىتىم، بىز ئەزەلدىن گۆشسىز غىزالانغان ئەمەسمىز. بامبۇك نوتىسى، مور ۋە باشقا كۆكتاتلارنى يېسەكمۇ بوغا، جەرەن، يولۋاس، يىلپىزلارنىڭ مېيى بىلەن قورۇپ يەيمىز. گۆش ـ ماي تەگمىگەن ھېچنېمە يوق. ئىككى قازىنىمىزمۇ پۈتۈنلەي مايلىشىپ كەتكەن. ئەمدى قانداق قىلدۇق، ھەزرىتىمنى چاقىرىپ قويۇپ تازىمۇ قاملاشمىغان بىر ئىش بولدى.
— باشقىچە ئويلاپ قالماي ئۆزلىرى يەۋەرسىلە، — دېدى تاڭ سەنزاڭ، — مەن تۆت ـ بەش كۈن تاماق يېمىسەممۇ چىدىيالايمەن. لېكىن پەرھىزنى بۇزسام زادى بولمايدۇ.
— ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسىلە قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ليۇ بوچىن دەرھال.
— ھەزرىتىمگە كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەۋەرمىگىن، — دېدى لىيۇ بوچىنىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ رەنجىگەن قىياپەتتە، — ھەزرىتىمنى ئۆزۈم گۆشسىز تائام بىلەن مېھمان قىلىمەن.

— گۆشسىز نەرسىنى قەيەردىن تاپسىز ؟
— مېنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن ، ئۆزۈم ئامال قىلىمەن .
شۇنىڭدىن كېيىن موماي كېلىننى چاقىرىپ كىچىك قازاننى ئوچاقتىن چۇشۇرۇشكە بۇيرۇدى . كېلىنى مومايىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قازانغا ئوت قويۇپ مايلىرىنى كۆيدۇرۇپ ، قايتا - قايتا يۇغاندىن كېيىن يەنە ئوچاققا ئاستى . بىر قېتىم سۇ قايىنىتىپ تۆكۈۋەتتى . ئاندىن قارىياغاچ يوپۇرمىقى تاشلاپ چاي شورپىسى قايناتتى . تېرىق بىلەن ئاش قىلدى . ئاخىرىدا ئىككى تەخسە گۆشسىز قورۇما تەييارلاپ شىرەگە ئاچىقتى .
— ئېغىز تەگسىلە ، — دېدى موماي تاڭ سەنزاڭغا قاراپ ، — بۇ كېلىنىم بىلەن ئىككىمىز تەييارلىغان پاك تائاملار .
تاڭ سەنزاڭ پەسكە چۈشۈپ مىننەتدارلىق بىلدۇرگەندىن كېيىن ، ئورنىغا چىقىپ ئولتۇردى .
تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ، قاچا - قۇچىلار يىغىشتۇرۇلدى . ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى . لىيۇ بوچىن تاڭ سەنزاڭنى ئايلاندۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ، ئارقا هويلىغا ئاچىقتى . ئۇلار تارغىنە بىر چىغىر يولنى بويلاپ مېڭىپ ئۈستى ئوت - چۆپ بىلەن يېپىلغان بىر هۇجرىغا كىردى . هۇجرىنىڭ تۆت تېمىغا ئوقيا ، ساداقلار ئېسىلغان بولۇپ ، توغرىسىغا قويۇلغان لىمغا قان تېمىپ تۇرغان ئىككى دانە يولۋاس تېرىسى ئارتىقلىق تۇراتتى . تام تۈۋىگە بىرمۇنچە نەيزە - قىلىچ ، كالتەكلەر تىكلەپ قويۇلغانىدى . هۇجرىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئىككى ئورۇندۇق تۇراتتى . لىيۇ بوچىن تاڭ سەنزاڭنى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . تاڭ سەنزاڭ ۋەھشىيلىك يېغىپ تۇرىدىغان بۇ هۇجرىدا تۇرۇشقا پېتىنالماي كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى .
ئۇلار كەينىگە قايتىپ چوڭ بىر باغقا كىردى . باغدىكى باراقسان بولۇپ ئۆسكەن دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى . كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگارەڭ گۈللەر هۆپپىدە ئېچىلغانىدى . لىيۇ بوچىن بىرلا ئىسقىرتىۋىدى ، تولۇپ سەمرىگەن ئون نەچچە بۇغا

بىلەن يوغان بىر سېرىق بۆكەن دوۋپۇرلەپ چىقىپ ، ئىككىسىنىڭ ئەتراپىدا ئەركىلىشىپ ئايلىنىشقا باشلىدى .

— بۇ بۆكەن ، بۇغىلارنى ئۆزىڭىز بېقىپ كۆندۈرگەنمۇ ؟ — دەپ سورىدى تاڭ سەنزاڭ .

ليۇ بوچىن جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— ئۆزلىرىگە ئوخشاش چاڭئەن شەھىرىدىن بولغان پۇللۇق كىشىلەر مال - مۈلۈك توپلايدۇ ، تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئاشلىق توپلايدۇ . بىز ئوۋچىلار بولساق مانا مۇشۇنداق مال - ۋاران يىغىدىكەنمىز .

قاراڭغۇ چۈشتى . ئۇلار تاغدىن - باغدىن پاراڭلاشقاچ خانىسىغا قايتىپ كىرىپ ، يېتىپ قالدى .

ئەتىسى بۇ ئائىلىدىكىلەر تاڭ سەھەردىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، بىرلىكتە پەرھىز تائام تەييارلىدى . ئاندىن تاڭ سەنزاڭدىن دۇئا - تەكبىر قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى . تاڭ سەنزاڭ ليۇ بوچىن بىلەن بىرگە ئائىلە تاۋابخانىسىدا كۈجە - ئىسرىق يېقىپ ، مەرھۇمنىڭ روھىغا تاۋاپ قىلدى ۋە تاك - تاك چېلىپ ئولتۇرۇپ ، ئالدى بىلەن لەۋز پاكلىقى ھەققىدىكى ئايەتلەرنى ۋە جىسمانىي ، روھىي پاكلىق ھەققىدىكى ئەپسۇنلارنى ئوقۇدى . ئاخىردا بالا - قازادىن ساقلىنىش سۈرىلىرىنى قىرائەت قىلدى . قىرائەتتىن كېيىن ، ليۇ بوچىن تاڭ سەنزاڭدىن ئۆلۈم ھەققىدىكى ئايەتلەرنى يېزىپ بېرىشنى ۋە ۋاجىرا ئايەتلىرىنى ، ئاۋالوكتسۋارا ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى . تاڭ سەنزاڭ بۇ تەلەپلەرنى بىرمۇ بىر بەجا كەلتۈردى . قىرائەت تۈگەپ چۈشلۈك پەرھىز تائامدىن كېيىن يەنە بىرقانچە نومدىن ئايەت ئوقۇلدى . «توز نومى» ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشتى . دۇئا - تىلاۋەت ئىشلىرى ئاخىرلىشىپ ، ھەممەيلەن يېتىپ قېلىشتى .

ئەلقىسسە ، ليۇ بوچىننىڭ دادىسىنىڭ روھىي جەھەننەمدىن چىقىپ ، بۇ كېچە ئۆيدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننىڭ چۈشىگە

كىرىپ مۇنداق دېدى :

«مەن جەھەننەمدىكى دەرد ـ كۈلپەتلەردىن خالاس بولالماي ، يورۇق ئالەمگە قايتالمىغانىدىم . بەختىمگە يارىشا ئەۋلىيا راھىبنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەتلىرى گۇناھىمنى كۆتۈرۈۋەتتى . مۆھتەرەم ھەزرىتىم مەن ئۈچۈن جان تىلەپ بارغانىكەن . ياماراجا شاھلىرى ئەلچىسىگە مېنى بۇ پاراغەتلىك ئالەمگە ئاچىقىپ قويۇشنى بۇيرۇدى . سىلەر ھەزرىتىمگە ئۇبدان رەھمەت ئېيتىپ ياخشى كۈتۈۋېلىڭلار . مەن كەتتىم .»

ئۇلار چۈشلىرىدىن ئويغانغاندا تاڭ يورۇغانىدى .

— دادىسى ، — دېدى لىۋ بوچىننىڭ خوتۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ ، — كېچىدىن چۈشۈمدە دادىمىز ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ . ئۇ ، جەھەننەمدە دەرد ـ كۈلپەتلەر ئىچىدە كۆپ يىللاردىن بېرى تىرىلەلمەي يۈرگەنىدىم . بۈگۈن بەختىمگە يارىشا ئەۋلىيا راھىبنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەتلىرى گۇناھىمدىن خالاس قىلدى . شۇڭا ، ياماراجا شاھلىرى ئەلچىسىنى بۇيرۇپ ، مېنى پاراغەتلىك ئالەمگە ئاچىقىپ قويدى . ھەزرىتىم مەن ئۈچۈن جان تىلەپ بارغانىكەن ، ئۇنىڭغا كۆپرەك رەھمەت ئېيتىپ ، ئوبدان كۈتۈۋېلىڭلار ، دەپلا كېتىپ قالدى . چاقىرساممۇ ئاڭلىمىدى . تۇتۇپمۇ قالالمىدىم ، ئويغانسام چۈشۈم ئىكەن .

— مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا بىر چۈش كۆرۈپتىمەن . بۇنى بېرىپ ئانامغا دەپ باقايلى ، — دېدى لىۋ بوچىن .

ئۇلار شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا موماينىڭ :

— بوچىن ، بۇ ياققا كىرگىنە ، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى .

ئىككىسى موماينىڭ قېشىغا كىردى . موماي كارىۋاتتا ئولتۇراتتى .

— ئوغلۇم ، — دېدى ئۇ سۆز باشلاپ ، — بۈگۈن كېچە ناھايىتى ياخشى بىر چۈش كۆرۈپتىمەن . داداڭلار ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ . ئۇ ، ھەزرىتىمنىڭ شاپائىتى بىلەن گۇناھلىرىم يۇيۇلۇپ ،

بۇ ئالەمگە قايتىپ چىقتىم ، دېگۈدەك .

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە :

— بىزمۇ سىزگە ئوخشاش چۈش كۆرگەندۇق . سىزگە ئېيتايلى دەپ تۇرۇشىمىزغا ، بىزنى چاقىرىپ قالدىڭىز ، — دېيىشتى .

ئاندىن ئۆيدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننى تۇرغۇزۇپ ، مىننەتدارلىق چېيى بەرگەندىن كېيىن ، تاڭ سەنزاڭنىڭ ئېتىنى توقۇپ يۈك ـ تاقلىرىنى تەييار قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :

— ئاتىمىزنى كۆلپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ ، ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈپ قويغانلىرى ئۈچۈن كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ! سىلىگە بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلساقمۇ ، شەپقەتلىرىنى قايتۇرالمايمىز ، — دېيىشتى .

— بۇنچىلىك رەھمەت ئېيتىشقا ئەرزىمەيدۇ . مېنىڭ قىلغىنىم ھېچقانچە ئىش ئەمەس ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

ليۇ بوچىن ئۈچەيلەننىڭ كۆرگەن چۈشلىرىنى تاڭ سەنزاڭغا بىرقۇر سۆزلەپ بەردى . تاڭ سەنزاڭ بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى . ئۇلار تاڭ سەنزاڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ، ئوزۇقلۇق ۋە ئىككى سەر كۈمۈش يوللۇق تۇتتى . تاڭ سەنزاڭ رەھمەت ئېيتىپ پۇلنى ئېلىشنى رەت قىلدى ۋە :

— ماڭا رەھمەت ئېيتىمەن دېسىڭىز ، مېھىر ـ شەپقىتىڭىزنى كۆرسىتىپ مېنى مەلۇم ئارىلىققىچە ئۇزىتىپ بارسىڭىزلا كۇپايە ، — دېدى .

ليۇ بوچىنمۇ ، ئامالسىز بۇنىڭغا ئامالسىز قالدى ۋە دەرھال ئوزۇق ـ تۈلۈك تەييارلىتىپ ، ليۇ بوچىنغا تاڭ سەنزاڭنى يىراقراق ئۇزىتىپ قويۇشنى تاپىلىدى . تاڭ سەنزاڭ بۇنىڭدىن قاتتىق خۇشال بولدى . ليۇ بوچىن ئانىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ، ئائىلىدىكى ئۈچ خىزمەتكار بالىنى ھەمراھ قىلىپ ، ئوۋ قوراللىنى ئۆشنىسىگە ئېسىپ ، تاڭ سەنزاڭ بىلەن بىرگە يولغا چىقتى . تاغۇدالانىڭ

گۈزەل مەنزىرىسى ئۇلارنىڭ مەيلىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتاتتى.

ئۇلار يېرىم كۈنچە يول يۈرگەندىن كېيىن، چوققىسى ئاپئاق بۇلۇتلارغا تاقاشقان ھەيۋەتلىك بىر تىك تاغقا دۇچ كەلدى. تاڭ سەنزاڭمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يېتىپ كەلدى. ليۇ بوچىن بۇ تاغقا خۇددى تۇز يولدا ماڭغاندەكلا چەبدەسلىك بىلەن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. تاغنىڭ قاپ بېلىگە كەلگەندىن كېيىن، ليۇ بوچىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

— ھەزرىتىم، ئەمدى ئۆزلىرى مېڭىۋەرسىلە. بىز مۇشۇ يەردە خوشلىشايلى، — دېدى.

تاڭ سەنزاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاتتىن ئىرغىپ چۈشۈپ:

— سىزگە مالاللىق يەتسىمۇ يەنە بىرئاز ھەمراھ بولغان بولسىڭىز، تېخىمۇ خۇشال بولغان بولاتتىم، — دېدى.

— سىلى بىلمەيلا، ھەزرىتىم، — دېدى ليۇ بوچىن، — بۇ پاسىل تاغ[1] دەپ ئاتىلىدۇ. كۈنچىقىش تەرىپى بۈيۈك تاڭ ئېلىمىزگە مەنسۇپ. كۈنپېتىش تەرىپى بولسا تاتارلارغا تەۋە. ئۇ تەرەپتىكى بۆرە، يولۋاس يىرتقۇچلار ماڭا بويسۇنمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن چېگرادىنمۇ ئۆتەلمەيمەن، شۇڭا ئۆزلىرى مېڭىۋەرسىلە.

تاڭ سەنزاڭنى قورقۇنچ باستى. ئۇ ليۇ بوچىنغا ئېسىلىپ ئەلەم بىلەن ھىجران ياشلىرىنى تۆكتى. دەل شۇ ئەسنادا تاغ ئېتىكىدىن بىرىنىڭ: «ئۇستازىم، بۇ ياققا كېلىڭ! ئۇستازىم، بۇياققا كېلىڭ!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. تاڭ سەنزاڭ قورققىنىدىن تۇرغان يېرىدە بۇتتەك قېتىپلا قالدى. ليۇ بوچىنمۇ قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتى. ۋارقىرىغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

---

[1] لياڭجېشەن — پاسىل تاغ دېگەن مەنىدە.

# ئون تۆتىنچى باب

## *سۇن ۋۇكۇڭنىڭ توغرا يولغا قايتقانلىقى ئالتە ئوغرىنىڭ ئۇجۇقتۇرۇلغانلىقى*

ئەلقىسسە ، ليۇ بوچىن بىلەن تاڭ سەنزاڭ ئالاقزادە بولۇپ تۇرغان شۇ ئەسنادا «ئۇستازىم ، بۇ ياققا كېلىڭ !» دېگەن ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى .

— بۇ ۋارقىراۋاتقىنى چوقۇم تاغ باغرىدىكى تاش ساندۇقتا سولاپ قويۇلغان ھېلىقى قېرى مايمۇن بولۇشى مۇمكىن ، — دېدى ليۇ بوچىننىڭ باللىرى .

— شۇ ، جەزمەن شۇ ! — دېدى ليۇ بوچىن .

— قانداق قېرى مايمۇن ئۇ ؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ .

ليۇ بوچىن جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— بۇ تاغ ئەسلىي بەش ئاناسىر تېغى دەپ ئاتىلاتتى . بۈيۈك تاڭ خانىمىز غەربكە يۈرۈش قىلىپ ، دۆلەتنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن پاسىل تاغ دەپ ئۆزگەرتىلگەن . قېرىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، ۋاڭ ماڭ خەن سۇلالىسىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ۋاقىتتا ، ئەرشتىن بۇ تاغ چۈشكەن ئىمىش ، ئۇنىڭ ئاستىغا بىر ئىلاھىي مايمۇن باستۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ ، تاماق يېمەيمىش ، قەھرىتان قىش ۋە تومۇز ئىسسىقىدىمۇ قورقماس ئىمىش . زېمىن مۇئەككىلى ئۇنى نازارەت قىلىپ ، قورسىقى ئاچسا ، ئۇنىڭغا تۆمۈر كومۇلاچ يېگۈزەر ئىمىش ، ئۇسسىسا مىس شەربىتى ئىچكۈزەر ئىمىش ، تاكى ھازىرغىچە ياكى سوغۇقتىن ، يا ئاچلىقتىن ئۆلمەپتۇ ئىمىش . ۋارقىراۋاتقىنى جەزمەن شۇ . سىلى ئەندىشە قىلمىسىلا ھەزرىتىم . بىز تاغدىن چۈشۈپ قاراپ باقايلى .

تاڭ سەنزاڭ ئامالسىز ئېتىنى يېتىلەپ ئۇلار بىلەن بىرگە تاغدىن چۈشتى . دېگەندەك ، بىر چاقىرىم يول يۈرمەستىنلا تاغ باغرىدىكى تاش ساندۇق ئىچىدە بىر مايمۇن كۆرۈندى . ئۇنىڭ بېشى بىلەن قولى سىرتقا چىقىقلىق ئىدى . ئادەم كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مايمۇن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ يەنە ۋارقىرىدى :

— ئۇستازىم ، ئەجەبمۇ كېچىكىپ كەلدىڭىزغۇ ؟ بوپتۇ ، ھېلىمۇ ياخشى كەپتىلا . سىلى مېنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىرىپ قويسىلا ، مەن سىلىنى غەرب دىيارىغا بېرىشتا مۇھاپىزەت قىلىمەن .

تاڭ سەنزاڭ يېقىن بېرىپ ، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى . ئۇ شۇنداق قىياپەتتە ئىدىكى :

*تومشۇقى ئۇچلۇق ، ئېڭەكسىز يۈزى ،*
*ئالتۇن نۇر چېچىپ يالتىرار كۆزى .*
*ئۈسكەن بېشىغا ئوت - چۆپ ۋە چىقان ،*
*بىلو دەرىخى قۇلاقتىن چىققان .*
*چېكىسىدە كۆپ مويدىنمۇ گىياھ ،*
*ئۇزۇنچاق چۆپلەر ساقىلى گويا .*
*پېسىدەك قاشسىز ، بۇرنى ھەم پاناق ،*
*ئۆزى ئاۋارە شۇ قەدەر ئاۋاق .*
*بارماقلىرى توم ، ئالقىنى ئاندىن ،*
*كىرلىشىپ كەتكەن يۈزلىرى چاڭدىن .*
*شۇندىمۇ خۇشال ئويىنار كۆزلىرى ،*
*خىرقىراپ چىقار قىلغان سۆزلىرى .*
*كۆرۈنسىمۇ گەر ئەپتى بەك چاققان ،*
*بىراق ئۇ قىمىر قىلالماي ياتقان .*
*ئۇ دەل بەش يۈز يىل بۇرۇنقى ئەزەم ،*
*تارقار بېشىدىن ئەمدى دەرد - ئەلەم .*

لىيۇ بوچىن يۈرەكلىك ھالدا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ،

چېكىسىدىكى ۋە ئېڭەكلىرىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى يۇلۇپ تاشلاپ :
— نېمە گېپىڭ بار ئىدى ، قېنى ئېيتقىن ! — دېدى .
— مېنىڭ باشقا گېپىم يوق ، ئاۋۇ ئۇستاز بۇ ياققا كەلسە سورايدىغان گېپىم بار ئىدى ، — دېدى مايمۇن .
— مەندىن نېمە ئىشنى سورىماقچى ئىدىڭ ؟ — تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى .
— سىلى شەرقىي دىيار پادىشاھى ئەۋەتكەن غەربىي دىياردىن بۇددا نومىنى ئەكېلىدىغان كىشى بولامدىلا ؟
— شۇنداق ، سېنىڭ نېمە ئىشىڭ بار ئىدى ؟
— مەن بەش يۈز يىل ئىلگىرى ئەرشنى مالىمان قىلغان پەلەك تەخدىشى ئەۋلىيا ئەزەم بولىمەن . تەڭرىنى ئالدىغان گۇناھىم ئۈچۈن ، تاتھاگاتو مېنى بۇ يەرگە باستۇرۇپ قويغان . ئۆتكەندە ئاۋالوكتىسۋارا بۇدساتۋا بۇددانىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بۇددا نومىنى ئەكېلىدىغان ئادەم ئىزدەپ شەرقىي دىيارغا كېتىۋاتقاندا ، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشنى ئېيتسام ، ئۇ : «يامان نىيىتىڭدىن يېنىپ ، بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلغىن ھەمدە بۇددا نومىنى ئەكەلگۈچىنى پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن قوغداپ ، غەربىي دىيارغا بېرىپ ساكيامۇنىغا تاۋاپ قىلغىن . ئىش تاماملانغاندىن كېيىن ، چوقۇم ياخشى كۈنگە ئېرىشىسەن» دېگەنىدى . شۇنىڭدىن بېرى كېچە ـ كۈندۈز كۆز يۇمماي ، سىلىنىڭ كېلىشلىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم . مەن سىلىگە شاگىرت بولۇپ ، بۇددا نومىنى ئەكېلىش يولىدا سىلىنى قوغداشقا ۋەدە بېرىمەن .
تاڭ سەنزاڭ مايمۇننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە :
— سېنىڭ نىيىتىڭ تۈزۈك ئىكەن ھەم بۇدساتۋادىن تەربىيە ئېلىپ ، ساكيامۇنىغا چوقۇنۇشنى خالايدىغان بوپسەن . بىراق ، مېنىڭ قولۇمدا ياكى پالتا ، ياكى مىتىن بولمىسا ، سېنى قانداق قۇتۇلدۇرىمەن ؟ — دېدى .
— بۇنىڭغا پالتا ئىشلىتىش ھاجەتسىز ، — دېدى ھېلىقى

مايمۇن ، — سىلى مېنى قۇتۇلدۇرۇشقا ماقۇل بولسىلا ، ئۆزۈم ئامال قىلىپ چىقىمەن .
— مەن سىنى قۇتۇلدۇرمىسام ، سەن قانداق چىقالايسەن ؟
— مانا بۇ تاغنىڭ چوققىسىدا تاتھاگاتو چاپلاپ قويغان زەر خەتلىك باغاق بار . سىلى چىقىپ بۇ باغاقنى ئېلىپ تاشلىسىلا ، مەن چىقىپ كېتەلەيمەن .
تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولۇپ ، ليۇ بوچىنگە بۇرۇلۇپ مۇنداق دېدى :
— بوچىن ، يۇرۇڭ تاغقا بىللە چىقايلى .
— ئۇنىڭ دېگەنلىرى راستمىدۇ ؟ — سورىدى ليۇ بوچىن .
— راست ، قىلچە يالغان يېرى يوق ! — دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى مايمۇن .
ليۇ بوچىن شۇندىلا بالىلارغا ئاتنى تۇتۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ ، ئۆزى تاڭ سەنزاڭنى يۆلەپ تاغ ئۈستىگە قاراپ ماڭدى . ئۇلار مىڭبىر مۇشەققەتتە تاغ چوققىسىغا يامىشىپ چىقتى . دېگەندەك ، تارام - تارام ئالتۇن نۇرلار ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇردى . قارىغۇدەك بولسا ، يوغان بىر تۆت چاسا تاشقا «ھەي ، ما ، نى ، با ، مى ، ھىم» دېگەن ئالتە زەر خەت يېزىلغان باغاق چاپلاقلىق تۇراتتى . تاڭ سەنزاڭ تاش ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، خەتكە تىكىلىپ تۇرۇپ بىرنەچچە قېتىم سەجدە قىلغاندىن كېيىن ، مەغرىبكە يۈزلىنىپ تۇرۇپ :
«بەندىڭىز بۇددا پەرمانىغا بىنائەن مۇقەددەس نومنى ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقىنىمدا بۇ شاگىرتقا يولۇقتۇم ، ئۇشبۇ خەتلەرنى ئېلىپ تاشلاپ ، ئىلاھىي مايمۇننى ئازاد قىلىپ ، ئۇنى ماڭا ھەمراھ قىلغايسىز . بۇ شاگىرتنىڭ ياردىمى بولمىسا سەپىرىمدە ۋەھشىي مەخلۇقلار مېنى ئازغاشتۇرۇپ ، مۇقەددەس ئىشىمنى ھالاك قىلىدۇ . ئاھ ، ئىگەم ، ماڭا ئاسانلىق بەرگەيسىز» دەپ ئىلتىجا قىلدى ۋە ئارقا - ئارقىدىن باش ئۇرۇپ سەجدە قىلدى .
شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ تاشقا يېقىنلاپ بېرىپ ، ھېلىقى زەر

خەتلەر يېزىلغان باغاقچىنى يېنىككىنە يىرتىۋالدى . ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان بىر خۇشبۇي شامال «پىچەت باغاق»نى ئۇنىڭ قولىدىن ھاۋاغا ئۇچۇرۇپ چىقىپ كەتتى - دە ،ئارقىدىنلا :

— مەن ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ نازارەتچىسى بولىمەن . بۈگۈن ئۇنىڭ كۆلپەتلىرى پۈتتى . پىچەتنى ئېلىپ تاتھاگاتونىڭ قېشىغا بارىمەن ، — دېگەن سادا ئاڭلاندى .

تاڭ سەنزاڭ بىلەن لىۇ بوچىن قورقىنىدىن ئاسمانغا قاراپ تاۋاپ قىلىشتى . ئاندىن تاغدىن چۈشۈپ تاش ساندۇق ئالدىغا كەلدى ۋە ھېلىقى مايمۇنغا قاراپ :

— پىچەت قەغەزنى ئېلىۋەتتۇق ، ئەمدى چىقساڭ بولىدۇ ، — دېدى .

ھېلىقى مايمۇن خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا سىغماي :

— ئۇستازىم ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئالسىلا . مەن چىققاندا سىلىنى چۆچۈتۈۋەتمەي يەنە ، — دېدى .

لىۇ بوچىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، تاڭ سەنزاڭ بىلەن ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كۈنچىقىش تەرەپكە يۈرۈلدى . ئۇلار ئالتە - يەتتە چاقىرىمچە ماڭغاندىن كېيىن مايمۇن يەنە ۋارقىرىدى :

— مېڭىڭلار ، يەنە بىرئاز مېڭىڭلار !

سەنزاڭلار يەنە بىرمۇنچە مېڭىپ تاغدىن چۈشۈشى بىلەن تەڭ دەھشەتلىك گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ ، يەرلەر يېرىلىپ ، تاغلار كۇكۇم - تالقان بولدى . ھەممەيلەن قورقىنىدىن داڭ قېتىپلا قالدى . قاچاندىدۇر ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، يالىڭاچ ھالدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان مايمۇن :

— ئۇستازىم ، مانا مەن چىقىپ بولدۇم ! — دېدى - دە ، ئۇنىڭغا تۆت قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، لىۇ بوچىنغا ئېگىلىپ سالام بېرىپ ، — ئاغا ئۇستازىمنى ئۇزىتىپ كەلگەنلىكىڭىزگە كۆپ رەھمەت ، يۈزۈمدىكى «ساقال»لارنى چۈشۈرۈپ قويغىنىڭىزغىمۇ رەھمەت ! — دېدى .

ئاندىن يۈك - تاقلارنى يىغىشتۇرۇپ ، ئاتقا ئارتتى . ئات ئۇنى

كۆرۈشى بىلەنلا بەللىرى بوشىشىپ، پاچاقلىرى ئېگىلىپ، لاغىلداپ تىترەپ ئۆرە تۇرالماي قالدى. چۈنكى بۇ مايمۇن ئەرشتە مىراخور بولۇپ، پەلەك تۇلپارلىرىنى بېقىپ باققان بولغاچقا، قائىدىلەرگە پىششىق ئىدى. شۇڭا، ئادەتتىكى ئاتلار ئۇنى كۆرسە قورقاتتى.

تاڭ سەنزاڭ ئۇنى سىنچىلاپ كۆزىتىپ، ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ھەم ساكيامۇنىنىڭ ئەقىدىچىسى بولالايدىغانلىقىنى پەملىگەندىن كېيىن:

— شاگىرتىم، ئىسمىڭ نېمە بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— فامىلەم سۈن بولىدۇ، — دېدى مايمۇن.

— سېنى چاقىرىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بىر دىنىي ئىسىم قويۇپ قويسام قانداق؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ.

— ھىممەتلىرىگە ھەشقاللا، ئۇستازىم، بۇرۇن ماڭا سۈن ۋۇكۇڭ دېگەن دىنىي ئىسىم قويۇلۇپ بولغان.

— بۇ ئىسىم مەزھىپىمىزگە تولىمۇ باب كېلىدىكەن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ بۇ قىياپىتىڭ كىچىك دېۋانە شەيخلەرگە تولىمۇ ئوخشايدىكەن. شۇڭا، ساڭا يەنە شىگجي[1] دېگەن ئىسىمنى قويۇپ قويسام قانداق دەيسەن؟

— ماقۇل، ناھايىتى ئوبدان! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ئىسمى سۈن شىگجي دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

سۈن شىگجىنىڭ پۈتۈن نىيىتى بىلەن سەپەرگە تەرەددۇتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن لىۇ بوچىن تاڭ سەنزاڭغا بۇرۇلۇپ ئېگىلىپ سالام قىلغاندىن كېيىن:

— ھەزرىتىم، سىلى ئوبدانلا بىر شاگىرت تېپىۋالدىلا، بۇ ناھايىتىمۇ ياخشى ئىش بولدى. بۇ كىشى سىلىگە راستىنلا ھەمراھ

---

[1] بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىكى چاكار ياكى چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىشنى خالىماي قېچىپ چىققان شەيخلەر بۇددا قائىدىسىدە شۇنداق ئاتىلىدۇ. دەرۋىش دېگەننىمۇ بىقىن كېلىدۇ.

بولىدىغاندەك قىلىدۇ ، ئەمدى مەن قايتىپ قالاي ، — دېدى .
تاڭ سەنزاڭمۇ ئېگىلىپ ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن :
— كۆپ يول ماڭغۇزۇپ قويدۇم ، رەھمەت سىزگە . قايتقاندىن كېيىن ئانىڭىزغا سالام ئېيتىڭ ، ھۇزۇرىڭىزدا زىيادە كۆتۈۋالغانلىقىڭىزنى قايتقاندا قايتۇرارمەن ، — دېدى .
ليۇ بوچىن ئۇنىڭغا سالام قايتۇرۇپ خوشلاشتى .

ئەلقىسسە ، سۇن شىڭجې تاڭ سەنزاڭنى ئاتقا مىندۈرۈپ ، ئۆزى بوغچىسىنى يۈدۈپ ، ئىگىنىسىز ھالدا ئىرغاڭلاپ يولغا راۋان بولدى . پاسىل تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۇشتۇمتۇت بىر يولۋاس ھۆركىرەپ ئېتىلىپ چىقتى . ئات ئۇستىدە كېتىۋاتقان تاڭ سەنزاڭ قورقىنىدىن ھودۇقۇپ كەتتى . يولۋاسنى كۆرۈپ خۇشال بولغان سۇن شىڭجې :
— ئۇستازىم ، ئەندىشە قىلمىسىلا ، ئۇ ماڭا كىيىم ئەكەپتۇ !— دېدى ـ دە ، بوغچىسىنى يەرگە قويۇپ ، قۇلىقىدىن بىر يىڭنىنى چىقىرىپ ، شامالغا قارىتىپ پىرقىراتتى . يىڭنە بىردىنلا پىيالىنىڭ ئاغزىدەك توملۇقتىكى بىر تۆمۈر گۈرزىگە ئايلاندى .
سۇن ۋۇكوڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا :
— بۇ گۆھەرنى قولغا ئېلىپ باقمىغىلى بەش يۈز يىل بوپتۇ . بۈگۈن بۇنىڭ كۈچى بىلەن بىرقۇر كىيىمگە ئىگە بولىدىغان بولدۇم ، — دېدى ـ دە ، «ھوي ، ئېپلاس ! قېنى قېچىپ قەيەرگە باراتتىڭ ! » دېگىنىچە ، يولۋاسنىڭ ئالدىغا چەبدەس قەدەم تاشلاپ ئېتىلىپ باردى .
ھېلىقى يولۋاس بولسا يەر بېغىرلاپ ياتقىنىچە قىمىر قىلالىشقىمۇ پېتىنالماي تۇرۇپ قالدى . زەرب بىلەن ئۇرۇلغان گۈرزىدىن يولۋاسنىڭ مېڭىسى شالاقىدە چاچراپ چىقتى . چىشلىرى ئۇنچە ـ مارجان چېچىلغاندەك تۆكۈلۈپ چۈشتى .
— يا ھەزرەت ! ليۇ بوچىن ئەزىمەت ئالدىنقى كۈنى چىپار

يولۋاس بىلەن خېلى ئۇزۇن ئېلىشىپتۇ، سۇن ۋۇكۇڭ بولسا ھېچقانچە كۈچىمەستىنلا بىرلا گۈرزە ئۇرۇپ يولۋاسنىڭ ئەبجەقىنى چىقىرىۋەتتىيا. غوجىسىنىڭ غوجىسى بار، دېگەن شۇ ئىكەن - دە! — دېدى قورققىنىدىن ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشكەن تاڭ سەنزاڭ ھەيران بولۇپ.

سۇن ۋۇكۇڭ يولۋاسنى سۆرەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇستازىم، سەل ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، مەن بۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ كىيىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن يولغا چىقايلى.

— ئۇنىڭ قايسى كىيىمىنى دەيسەن؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ.

— مېنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، بۇنى ئۆزۈم جۆندەيمەن.

سۇن ۋۇكۇڭ شۇنداق دېدى - دە، بىر تال موينى يۇلۇۋېلىپ، سۈپكۈچ قىلىپ تۇرۇپ «ئۆزگەر!» دەپ توۋلىدى. موي مۇڭگۈز دەستىلىك پىچاققا ئايلاندى. سۇن ۋۇكۇڭ يولۋاسنىڭ تېرىسىنى چاققانلىق بىلەن سويۇۋېلىپ، پۇت ۋە باش تەرەپلىرىنى كېسىپ تاشلاپ، تۆت چاسا قىلدى.

— سەل چوڭ بولۇپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ تېرىنى غولاچلاپ كۆرۈپ، — بۇنى ئىككى پارچە قىلسام بولغۇدەك.

ئۇ تېرىنى پىچاق بىلەن ئىككى پارچە قىلىپ تىلدى. بىر پارچىسىنى قاتلاپ ئېلىپ قويۇپ، بىرىنى بېلىگە تارتىۋالدى. ئاندىن يول ياقىسىدىكى چىغىرتماقتىن بەلباغ ئېشىپ، تېرىنىڭ ئۈستىدىن مەھكەم قىلىپ باغلىدى ۋە تاڭ سەنزاڭغا قاراپ:

— ئۇستازىم، قېنى ئەمدى ماڭايلى. بىرەر ئۆي بار يەرگە بارغاندا يىپ - يىڭنە سورىۋېلىپ، تىكىۋالساملا بولىدۇ، — دېدى.

ئۇ ئالىلقانداق بىر ئايەتلەرنى ئوقۇپ، گۈرزىسىنى يىڭنىدەك قىلىپ، قۇلىقىغا سېلىۋالدى ۋە بوغچىسىنى ئېلىپ، ئۇستازىنى ئاتقا مىندۇردى.

ئىككىلەن يول يۈرگەچ پاراڭدىشىپ، كۈننىڭ ئولتۇرغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى.

— يەنە بىرئاز ماڭساق قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكۈدەك، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ. — ئاۋۇ تەرەپتىكى ئورمانلىقتا ئۆي باردەك قىلىدۇ. بىز بالدۇرراق بېرىپ بىر قونالغۇ جاي تېپىۋالايلى.

تاڭ سەنزاڭ ئۆي كۆرۈنگەن تەرەپكە ئېتىنى دېۋىتتى - دە، قورۇق ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. سۈن ۋۇكۇڭ بوغچىنى تاشلاپ قويۇپ ئىشىكنى قاقتى، بىر چال ئىشىكنى غىچىرلىتىپ ئېچىپ چىقىپ، سۈن ۋۇكۇڭنىڭ سەت چىرايىنى كۆرۈپلا قورقىنىدىن پۇت - قوللىرى بوشىشىپ: «ئالۋاستى كەلدى، ئالۋاستى كەلدى!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. تاڭ سەنزاڭ شۇئان ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— ئاقساقال، قورقۇپ كەتمىسىلە، ئۇ مېنىڭ شاگىرتىم بولىدۇ، ئالۋاستى ئەمەس، — دېدى.

چال بېشىنى كۆتۈرۈپ تاڭ سەنزاڭنىڭ مۇلايىم چىرايىنى كۆرۈپ بىرئاز خاتىرجەم بولدى ۋە:

— سىلى قايسى ئىبادەتخانىدىن كەلگەن شەيخ بولىدىلا؟ نېمىشقا بۇنداق سۆرۈن تەلەت نېمىنى ئۆيۈمگە باشلاپ كېلىدىلا؟ — دېدى.

— پېقىر تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبىمەن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ، — ساكيامۇنىغا تاۋاپ قىلىپ، بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن غەربىي دىيارغا كېتىۋاتىمەن. قونالغۇغا يېتىپ بارغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. بىرەر كېچە قونۇۋالايلى، دەپ كېلىپ قالدۇق. ئەتە تاڭ سەھەردىلا يۈرۈپ كېتىمىز. ياردەملىرىنى ئايىمىسىلا ئىكەن.

— سىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئادىمى بولغان بىلەن ئاۋۇ بەتبەشىرە تاڭ ئادىمى ئەمەس - دە!

بۇنى ئاڭلاپ سۈن ۋۇكۇڭ ئاچچىقىدا ۋارقىراپ كەتتى:

— ھەي بەچچىغەر قېرى، تاڭ ئادىمى مېنىڭ ئۇستازىم

بولىدۇ ، مەن ئۇنىڭ شاگىرتى ، مەن تاڭ ئادىمىمۇ ، پاك ئادىمىمۇ ئەمەس ، پەلەك تەگدىشى ئەۋلىيا ئەزەم بولىمەن . بۇ يەردە مېنى تونۇيدىغانلارمۇ بار . مەن بۇرۇن سېنى كۆرگەنىدىم !

— سەن مېنى قەيەردە كۆرگەنىدىڭ ؟

— سەن كىچىك چاغلىرىڭدا مېنىڭ ئەتراپىمدىن ئۆتۈپ كەسلەپ ، يۈزلىرىمدىن كۆكتات تېرىپ كېتەتتىڭ ئەمەسمۇ ؟

— جۆيلۈۋاتامسەن نېمە ؟ سەن قەيەرلىك ؟ مەن تېخى سېنىڭ قېشىڭغا بېرىپ ئۆتۈپ كېسىپ ، كۆكتات تېرىپ كەپتىمەنما ؟

— سەن جۆيلۈۋاتىسەن قېرى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — سېنىڭ ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئوخشايدۇ ، مەن پاسىل تاغدىكى تاش ساندۇق ئىچىدە تۇرغان ئەۋلىيا ئەزەم بولىمەن . كۆزۈڭنى يوغانراق ئېچىپ قارا !

ئاقساقال بىرئاز ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ مۇنداق دېدى :

— ھە ، راست ، شۇنىڭغا بىرئاز ئوخشىشىپ تۇرىسەن . بىراق ، سەن ئۇ يەردىن قانداق قۇتۇلۇپ چىقىۋالدىڭ ؟

سۇن ۋۇكۇڭ بۇددساتۋانىڭ ئۇنى ياخشىلىققا دالالەت قىلغانلىقى ، تاڭ سەنزاڭنىڭ بۈگۈن يېتىپ كېلىپ پېچەت باغاقنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى . ئاقساقال بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى - دە ، تاڭ سەنزاڭنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ ، خوتۇن — بالىلىرىنى چاقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى ۋە باياتىنقى ئىشلارنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى . ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرى بۇنى ئاڭلاپ ، ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە دەرھال چاي كەلتۈردى .

ئاقساقال زېرەك كىشى بولغاچقا ، بالىلىرىغا پەرھىز تائام تەييارلاشنى بۇيرۇدى . تائامدىن كېيىن سۇن ۋۇكۇڭ بوۋايدىن :

— سىلى قايسى جەمەتتىن بولىدىلىكىن ؟ — دەپ سورىدى .

— چېن جەمەتتىن بولىمەن ، — دېدى ئاقساقال جاۋاب بېرىپ .

بۇنى ئاڭلىغان تاڭ سەنزاڭ دەرھال پەگاھقا چۈشۈپ قول

قوشتۇرغان ھالدا :

— بوۋا ، بىز بىر جەمەت ئىكەنمىز ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ھەيران بولۇپ :

— ئۇستازىم ، سىلىنىڭ فامىلىلىرى تاڭ ئەمەسمىدى ؟ قانداق قىلىپ بۇلار بىلەن بىر جەمەت بولۇپ قالدىلا ؟ — دېدى .

— مەن ئەسلىي چېن جەمەتىدىن ، دىنىي نامىم چېن شۈەنجۇاڭ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەيزۇڭ خان مېنى ئۆزىگە ئىنى تۇتۇپ ، ئىسمىڭ سەنزاڭ بولسۇن ، فامىلەڭ تاڭ بولسۇن دېگەنلىكى ئۈچۈن ، تاڭ سېڭ[1] دەپ ئاتىلىپ قالغانمەن .

ئاقساقال ئۆزىنىڭ تاڭ سەنزاڭ بىلەن بىر جەمەت ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى .

— لاۋچېن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئاقساقالغا قاراپ ، — سىلىنى يەنە ئاۋارە قىلغۇدەكمىز . مەن يۇيۇنمىغىلى بەش يۈز يىل بولۇپ قاپتۇ . بىرئاز ئوتۇن تېرىپ كېلىپ سۇ ئىسسىتىپ بەرسىلە ، ئۇستازىم بىلەن ئىككىمىز بىر يۇيۇنۇۋالساق ، سىلىدىن تولىمۇ مىننەتدار بولاتتۇق .

ئاقساقال ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە تەڭنىدە ئىسسىق سۇ كەلتۈردى ۋە چىراغنى تۇتاشتۇردى . ئۇستاز بىلەن شاگىرت يۇيۇنۇپ بولۇپ چىراغ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى .

— لاۋچېن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — سىلىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم ، يىپ - يىڭنىلىرى بولسا بېرىپ تۇرسىلا .

ئاقساقال «بولىدۇ ، بولىدۇ» دېگىنىچە ئايالىغا يىپ - يىڭنە ئاچىقتۇرۇپ ، سۇن ۋۇكۇڭغا سۇندى . ھەرنېمە دېگەن بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ ئار - نومۇسنى بىلەتتى . ئۇ ، ئۇستازىنىڭ يۇيۇنغاندا ئالماشتۇرۇپ تاشلاپ قويغان ئاق يەكتىكىنى ئېلىپ ، يېپىنىۋالدى - دە ، يولۋاس تېرىسىنى سېلىپ ، ئىككى ئۇچىنى يۆمەپ تۇتاشتۇرۇپ ، بېلىگىچە تارتىپ كىيىۋالدى . ئاندىن

---

[1] تاڭ سېڭ — تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبى .

بەلبېغىنى باغلاپ ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كەلدى :

— مۇشۇنداق ياسىنىۋالسام تونۇگۇنكىدىن تۈزۈكرەك كۆرۈنىدىغاندىمەن ؟

— ياخشى ، ياخشى ، مانا ئەمدى سۇن شىگجېغا ئوخشىدىڭ ، ـ دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — ئەگەر كونا كۆرمىسەڭ يەكتەكنى سەن كىيىۋەرگىن .

— ھەشقاللا ، ھەشقاللا ؟ — دەپ ۋارقىرىدى سۇن ۋۇكۇڭ خۇشال بولۇپ ۋە بىرئاز ئوت ـ چۆپ يۇلۇپ ئەكېلىپ ئاتقا تاشلاپ بەردى . ئىشلار پۈتكەندىن كېيىن ھەممەيلەن تېگىشلىك جايلىرىغا بېرىپ يېتىپ قالدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئەتىسى سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۇستازىنى يولغا ئالدىراتتى . تاڭ سەنزاڭ كىيىنگەچ ئۇنى كودە ـ كۆرپە ۋە بوغچىلارنى يىغىشتۇرۇشقا بۇيرۇدى . خوشلىشىش ئالدىدا ئاقساقال يەنە ناشتىلىق ھازىرلىدى . ناشتىدىن كېيىن ، تاڭ سەنزاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتقا مىندى ـ دە ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ باشچىلىقىدا يولغا راۋان بولدى .

ئۇلار تويغۇدەك تاماق يېمەي ، قانغۇدەك سۇ ئىچمەي ، كېچىسى قونۇپ ، كۈندۈزى يول يۈرۈپ سەپەرنى داۋاملاشتۇردى . قىش كىرىشكە باشلىدى . بىر كۈنى يولدا كېتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت ئىسقىرتقان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قوللىرىغا قىلىچ ، خەنجەر ۋە ئوقيا ئېلىۋالغان ئالتە ئادەم ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ :

— ھەي شەيخ ! قەيەرگە ماڭدىڭ ؟ جېنىم ئامان قالسۇن دېسەڭ ، ياۋاشلىق بىلەن ئېتىڭنى ۋە بوغچىلىرىڭنى بىزگە تاپشۇر ! — دەپ ۋارقىرىدى .

تاڭ سەنزاڭ قورققىنىدىن ئۆزىنى يوقىتىپلا قويدى ۋە ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ، زۇۋان سۈرەلمەي قالدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ مۇنداق دېدى :

— خاتىرجەم بولسىلا ئۇستازىم ، قورققۇدەك ھېچ ئىش يوق .

بولارنىڭ ھەممىسى بىزگە كىيىم ـ كېچەك ۋە يول خىراجىتى ئەكەلگەنلەر .

— قولىقىڭ گاس بولۇپ قالدىمۇ ۋۇكوڭ ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — ئۇلار بىزگە ئات ۋە يۈك ـ تاقلىرىڭنى تاپشۇر دەۋاتسا ، سەن تېخى ئۇلاردىن كىيىم ـ كېچەك ۋە خىراجەت ئالىمەن دەۋاتىسەنا ؟

— سىلى نەرسە ـ كېرەكلەر بىلەن ئاتقا قاراپ تۇرسىلا ، مەن ئۇلار بىلەن بىر مەيدان ئېلىشىپ كۆرەي . كىمنى كىم جۆندەيدىكىن قېنى ! — دېدى سۇن ۋۇكوڭ .

— ھېچ يەردە ياخاق تاشقا تەڭ كېلەلىگەن ئەمەس ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئەندىشە قىلىپ ، — ئۇلار ئالتە پالۋان تۇرسا ، سەن مۇشۇ ۋىجىك بەستىڭ بىلەن ئۇلارغا قانداقمۇ تاقابىل تۇرالايسەن ؟

سۇن ۋۇكوڭ تاڭ سەنزاڭنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي ، يۈرەكلىك ھالدا ئالتەيلەننىڭ ئالدىغا بېرىپ ، قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئەدەب بىلەن مۇنداق دېدى :

— سىلەر نېمە سەۋەبتىن بىزنىڭ يولىمىزنى توسۇيسىلەر ؟

— سەن بىلمەي قاپسەن . بىز بۇلاڭچىلىق بىلەن جاھان سوراۋاتقانلار ، ياۋاشلىق بىلەن نەرسىلىرىڭنى تاپشۇرساڭ يولۇڭ ئوچۇق ، ئەگەر ياقلا دەيدىكەنسەن ، چايناپ يۇركۇپ تاشلايمىز ، — دېدى ھېلىقى ئادەملەردىن بىرى .

— مەنمۇ جاھان سورىغان ئادەممەن ، — دېدى سۇن ۋۇكوڭ ، — نەچچە يىللاردىن بېرى بۇ تاغنىڭ غوجىسى بولۇپ تۇرۇپ ، ئەجەب سىلەرنىڭ ناملارنى ئاڭلىماپتىكەنمەنغۇ ؟

— بىلمىگەن بولساڭ بىز ساڭا بىلدۈرۈپ قويايلى ، — دېدى ئۇلار ، — بىرىمىزنىڭ نامى شادىيانە كۆز ، بىرىمىزنىڭ نامى دەرغەزەپ قۇلاق ، بىرىمىزنىڭ نامى ئىشقىۋاز بۇرۇن ، بىرىمىزنىڭ نامى شېرىن تەمە تىل ، بىرىمىزنىڭ نامى خىيال مەستانىسى ، بىرىمىزنىڭ نامى دىشۋار قامەت بولىدۇ .

بۇنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكوڭ قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى ۋە مۇنداق

دېدى :

— ئەسلىدە سىلەر ئالتە ئۆلۈمتۈك ئوغرى ئىكەنسىلەر ـ دە ! شۇڭا سىلەر غوجىكاڭلارنى تونۇماي يول توسۇپسىلەر . ھېلىقى بۆلاپ كەلگەن ياقۇتنى چىقىرىڭلار . مەن سىلەرگە يەتتە پارچە قىلىپ بۆلۈپ بېرەي . ئامان ـ ئېسەن كېتىۋېلىڭلار !

ھېلىقى ئوغرى بۇنى ئاڭلاپ :

— ھەي ئۆكتەم شەيخ ! قولغا چىققۇدەك بىر نېمەڭ بولمىسىمۇ ، تېخى بىز بىلەن تەڭ ئولجا ئۆلۈشمەكچى بولۇۋاتامسەن ؟ — دەپ ۋارقىراشقىنىچە ، قىلىچلىرىنى تەڭلەپ ئېتىلىپ كەلدى ـ دە ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بېشىغا ھەدەپ چېپىشقا باشلىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىمىر قىلماي تىك تۇردى .

— ۋاي ـ ۋۇي ، بۇ شەيخنىڭ بېشى ئەجەب قاتتىقكىنا ! — دېيىشتى ئوغرىلار يەتمىش ـ سەكسەننى چاپقاندىن كېيىن .

— سىلەرنىمۇ كۆرۈپ قويدۇم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — مېنى ئۇرۇپ قولۇڭلارمۇ تالغاندۇ ، ئەمدى مەن يىڭنەمنى چىقىرىپ بىر ئويۇن قىلىپ بېرەي .

بۇلاڭچىلار ھەيران بولۇشۇپ :

— بۇ راھىبچە كىيىنىۋالغان تېۋىپمۇ نېمە ؟ بىز كېسەل بولمىساق ، ئەجەب يىڭنىنىڭ گېپىنى قىلىدۇيا ؟ — دېيىشىپ قالدى .

سۇن ۋۇكۇڭ قۇلىقىدىن يىڭنىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ، شامالدا بىرلا پىرقىرىتىپ ، پىيالىنىڭ ئاغزىدەك توملۇقتا قىلدى ـ دە ، ئۇنى قولىدا پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ :

— قېچىشماڭلار ، مەنمۇ بىرەر كالتەك ئۇرۇپ باقاي ! — دېدى .

ئوغرىلار شۇ ھامان پاتراقشىپ تەرەپ ـ تەرەپكە تەڭ قېچىشتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىرمۇ بىر قوغلاپ

يېتىپ ، ھەممىسىنى جېنىدىن جۇدا قىلدى . كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ يانچۇقلىرىدىكى ئاقچىلىرىنى قۇرۇقداپ ئېلىۋالدى . ئاندىن ھىجايغان ھالدا قايتىپ كېلىپ :

— ماڭايلى ئۇستازىم ، بۇلاڭچىلارنى ماكانىغا يولغا سېلىۋەتتىم ، — دېدى .

— سەن زادى بالا تېرىيدىغان نېمە ئىكەنسەن ! — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — ئۇلار بۇلاڭچى بولسىمۇ ، قازىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئۆلۈمگە تارتىلمايدۇ ، سەن بىر ئامال قىلىپ ، ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭلا بولاتتى . مانا ئەمدى ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ . باشقىلارغا بىھۇدە زەخمەت يەتكۈزگەنلەر قانداقمۇ راھىب بولالايدۇ ؟

— مەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم ، ئۇلار سىلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ئەمەسمۇ ئۇستازىم ؟

— مەن سەپەر ئۈستىدىكى ئادەم ، ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ ، قاتىللىققا قولۇم بارمايدۇ . مەن ئۆلگەن بولسام بىر ئادەم ئۆلەتتىم . سەن بولساڭ ئالتە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ . بۇ تولىمۇ يولسىزلىق بولدى . بۇ ئىش ئەگەر ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىنسا ، داداڭ پادىشاھ بولغان تەقدىردىمۇ گېپىڭ ئاقمايدۇ - دە !

— ئۇستازىم ، سىلىگە ئوچۇقىنى ئېيتسام ، بەش يۈز يىل ئىلگىرى گۈلشەن تېغىدا دەۋران سۈرگەن چېغىمدا ئۆلتۈرگەن ئادىمىمنىڭ ھېسابى يوق . ئەگەر ئىش سىلى دېگەنلىرىدەك بولىدىغان بولسا ، مەن پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەممۇ بولالمايتتىم .

— سەن ئۆزبېشىمچىلىق قىلىپ ، ئالەمنى مالەم قىلىپ ، تەڭرىنى ئالداپ يۈرگەنلىكىڭ ئۈچۈنلا ، بەش يۈز يىللىق كۈلپەتكە دۇچار بولدۇڭ . ئەمدى ساكيامۇنى يولىنى تۇتقاندا يەنە بۇرۇنقىدەك قاتىللىق قىلىپ ، كىشىلەرگە زەخمەت يەتكۈزىدىكەنسەن ، غەربىي دىيارغا بېرىشتىن قۇرۇق قالىسەن ، راھىبمۇ بولالمايسەن . ھەي ۋەھشىيلىك ، ھەي ۋەھشىيلىك !

سوْن ۋوْكوْڭ ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ئاچچىقىنى كۆتۈرمەيتتى . شۇڭا ئۇ تاڭ سەنزاڭنىڭ غودۇڭشۇپىرىشىگە چىداپ تۇرالماي دەرغەزەپ بىلەن :

— مېنى راھىب بولالمايسەن ، غەربىي دىيارغا بارالمايسەن ، دەپ بۇنداق كايىپ كېتىدىغان ئىشلىرى بولسا ، بولدى مەن بارمايلا قوي‌دۇم ! — دېدى - دە ، تاڭ سەنزاڭنىڭ توسۇۋالغىنىغا ئۇنىماي ، شۇ ئاچچىقىدا شەرققە بۇرۇلدى - دە كۆزدىن غايىب بولدى . ئۆزى يالغۇز - يېگانە قالغان تاڭ سەنزاڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ :

«ھەي غەرەز ئۇقمايدىغان بەچچىغەر ! ئىككى ئېغىز سۆزلەپ قويغىنىمغىمۇ يامانلاپ كېتەمدىغان ؟ خەير ، ئەسلىي مەن ئۇنى شاگىرت قىلىپ ئەگەشتۈرۈۋالمىسام بولار ئىكەن . ئەمدى ئۇنى ئىزدەپمۇ تاپالمايمەن ، چاقىرىپمۇ ئەكېلەلمەيمەن . مەيلى كەتسە كېتىۋەرسۇن !» دېدى ھەسرەت بىلەن .

ئاندىن يۈك - تاقلىرىنى ئاتقا ئارتىپ ، بىر قولىغا قەلەي ھاسىسىنى ئېلىپ ، بىر قولىدا ئاتنىڭ تىزگىنىدىن سۆرىگەن ھالدا غېرىبانە قەدەم تاشلاپ ، غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىدى . بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئالدى تەرەپتىكى تاغ يولىدىن بىر موماي چىقىپ كەلدى . ئۇنىڭ قولىدا مەشۇتتىن توقۇلغان بىر تون ، تونىنىڭ ئۇستىدە گۈل كەشتىلەنگەن بىر باش كىيىمى بار ئىدى . تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ يېقىنلاپ كەلگىنىنى كۆرۈپ ، دەرھال ئېتىنى چەتكە تارتىپ يول بوشاتتى . موماي ئۇنىڭدىن :

— تەقسىر ، ئۆزلىرى قەيەردىن كەلدىلە ؟ ئەجەب بۇ يەردە يالغۇز ، يېگانە قاپتىلىغۇ ؟ — دەپ سورىدى .

تاڭ سەنزاڭ جاۋاب بېرىپ :

— مەن شەرقىي دىيار پادىشاھىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن غەربىي دىيارغا ساكيامۇنىغا تاۋاپ قىلىپ ، بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن ، — دېدى .

موماي يەنە سورىدى :

— غەربتىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى بىر يۈز سەكسەن مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ھىندىستان دېگەن دۆلەتتە تۇرسا ، سىلى بىرەر ھەمراھ ياكى شاگىرت ئېلىۋالماي بۇنداق يالغۇز ماڭسىلا قانداق يېتىپ بارىدىلا ؟

— ئالدىنقى كۈنى بىر شاگىرت ئېلىۋالغانىدىم . ئۇ ناھايىتى تەرسا ۋە قوپال بولغاچقا ، ئىككى ئېغىز نەسىھەتىمگە چىدىماي رەنجىپ كېتىپ قالدى .

— قولۇمدىكى بۇ تون بىلەن زەر جىيەكلىك باش كىيىمى ئەسلىي ئوغلۇمنىڭ كىيىملىرى ئىدى . ئۇ ئاران ئۈچ كۈنلا شەيخ بولۇپ ، بەختكە قارشى قازا تاپتى . مانا ھازىر ئىبادەتخانىغا بېرىپ ھازا قىلىپ ، ئۇنىڭ ئۇستازى بىلەن خوشلىشىپ قايتىشىم . بۇ كىيىملەرنى خاتىرە ئۈچۈن ئېلىۋالغانىدىم ، سىلىنىڭ شاگىرتلىرى بولسا ، بۇ تون بىلەن باش كىيىمنى سەدىقە قىلىۋېتەي .

— ئىلتىپاتلىرىغا كۆپ رەھمەت موما ، شاگىرتىم كېتىپ قالغاندىكىن ئالمىساممۇ بولار .

— ئۇ قاياققا كەتكەندى ؟

— مەن ئۇنىڭ شەرق تەرەپكە غۇرقىراپ كەتكەنلىكىنىلا بىلىمەن .

— شەرق تەرەپكە ئازراق ماڭسىلا ، مېنىڭ ئۆيۈم بار يەرگە بارىدۇ . ئۇ چوقۇم شۇ تەرەپكە كەتكەن بولۇشى مۇمكىن . مەن «ئەمىنلىك ئايىتى» ياكى «چەمبىرەك ئەپسۇنى» دەيدىغان بىر ئەپسۇننى بىلىمەن ، سىلى ئۇنى ئۆگىنىپ ، ئېسىلىرىدە چىڭ تۇتۇۋالسىلا ، بىرەر كىشىگىمۇ تىنىپ سالمىسىلا ، مەن ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ ، سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا ئەۋەتىۋېتەي . سىلى بۇ تون بىلەن باش كىيىمنى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويسىلا ، مۇبادا سۆزلىرىگە كىرمىگۈدەك بولسا ، ئەپسۇننى ئۈن چىقارماي ئوقۇسىلا ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قاتىللىقمۇ قىلالمايدۇ ، قېچىپمۇ كېتەلمەيدۇ .

تاڭ سەنزاڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، باش ئېگىپ مىننەتدارلىق

بىلدۈردى . ھېلىقى موماي ئالتۇن نۇرغا ئايلىنىپ ، شەرق تەرەپكە ئۇزاپ كەتتى . تاڭ سەنزاڭ شۇندىلا ئۇنىڭ ئاۋالوكستۋارا بودساتۋا ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، ئالمان - تالمان يەرگە توپا دۈۋىلەپ كۆجە - ئىسرىق كۆيدۈرۈپ ، شەرق تەرەپكە تېۋىنىپ ، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن تاۋاپ قىلدى ، ئاندىن كىيىملىرىنى ئېلىپ ، بوغچىسىغا چىگدى ۋە يول ياقىسىدا ئولتۇرۇپ ، ئۇ ئېيتىپ بەرگەن ئەپسۇننى يادلاشقا كىرىشتى . قايتا - قايتا يادلاپ پىششىق بىلىۋالغاندىن كېيىن ، ئېسىدە چوڭ تۇتۇۋالدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن .

ئەمدى گەپنى سۈن ۋۇكۇڭدىن ئاڭلايلى : ئۇ تاڭ سەنزاڭ بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ، بىر موللاق ئېتىپ بۇلۇت ئۈستىگە چىقىپ ، شەرقىي دېڭىز ئۈستىگە يېتىپ كەلدى ۋە بۇلۇتنى پەسلىتىپ ، دېڭىز تەكتىدىكى بىللۇر ئوردىسى ئالدىغا باردى . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سۇ مۇئەككىلى چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى . ئۇلار ئوردىغا كىرىپ سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن ، سۇ مۇئەككىلى سورىدى :

— ئەۋلىيا ئەزەمنى يېقىندا كۈلپەتتىن ئازاد بوپتۇ ، دەپ ئاڭلىدۇق ، مۇبارەك بولسۇن ! ئەمدى تاغۇدەرىيالىرىنى قايتا رەتكە سېلىپ ، غار - ماكانلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەي دەمدىلا قانداق ؟

— بۇنداق ئويۇمۇ يوق ئەمەس ، شۇغىنىسى ، ھازىر راھىب بولۇپ قالدىم ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— نېمە ، راھىب بولدۇم ، دەمدىلا ؟

— بەختكە يارىشا ، جەنۇبىي دېڭىزدىكى بودساتۋا ماڭا نەسىھەت قىلىپ ، توغرا يولغا باشلىدى . مېنى غەربىي دىيارغا بېرىپ ، ساكيامۇنىغا تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ماڭغان شەرقىي دىيارلىق تاڭ سەنزاڭ دېگەن كىشىگە قوشۇپ قويدى . ئۇ ماڭا بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئۆگىتىپ ، شىڭجې دەپ ئىسىم قويۇپ قويدى .

— بۇلار ھەممىسى مۇبارەكلەشكە ئەرزىيدىغان ئىشلار ئىكەن .

مۇبارەك بولسۇن! مانا ئەمدى سىلىنى ھەقىقىي تۇزلىسىپ، توغرا يولغا ماڭدى، دېسە بولغۇدەك. بىراق، شۇنداق بولغانىكەن، نېمىشقا غەربكە ماڭماي، بۇ ياققا قايتىپ كەلدىلە؟

— تاڭ سەنزاڭ راستىنلا ئادەم تونۇمايدىغان نېمىكەن. يولىمىزنى توسۇۋالغان بىرقانچە بۆلاڭچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشۇيدىم، ئاغزى بېسىقماي كاپىشىپ، مېنى تولىمۇ ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئويلاپ بېقىڭا، مەن باشقىلارنىڭ ئاچچىقىنى كۆتۈرىدىغان ئادەممۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆز ماكانىمغا قايتىپ كېتەي دېگەن يەرگە كەلدىم. يولدىن ئۆتكۆچە، سىلى بىلەن كۆرۈشۈپ، چاي ئىچىپ كېتەي دەپ كىرىشىم.

— سىلىنى كۈتۈشكە بىز تەييار! — دېدى سۇ مۇئەككىلى.

شۇئان سۇ مۇئەككىلىنىڭ بالا - چاقىلىرى ئىسسىق چايدىن دەملەپ ئاچىقتى.

سۈن ۋۇكۇڭ چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، تامدىكى «كۆۋرۈكتىن كەش چۈشۈپ كەتتى» دېگەن رەسىمنى كۆردى.

— بۇ قانداق رەسىم بولدى؟ — سورىدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— بۇ، «كۆۋرۈك ئاستىدىن ئۈچ قېتىم كەش تېرىپ چىقىش» دېگەن رەسىم بولىدۇ، — دېدى سۇ مۇئەككىلى.

— بۇ رەسىمگە نېمە ئۈچۈن ئۈچ قېتىم كەش تېرىپ چىقىش دېگەن نام قويۇلغان؟

— بۇ ئەۋلىيا خۇاڭ شىگۇڭ بولىدۇ، بۇ شۇنىڭ شاگىرتى جاڭ لياڭ بولىدۇ، — دېدى سۇ مۇئەككىلى رەسىمدىكىلەرنى كۆرسىتىپ، — خۇاڭ شىگۇڭ كۆۋرۈك ئۈستىدە ئولتۇرغاندا ئۇنىڭ كەشى ئۈشتۇمتۇت پەسكە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇ جاڭ لياڭنى ئاچىقىپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. جاڭ لياڭ كەشنى ئاچىققاندىن كېيىن، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇستازىغا بېرىدۇ. بۇ ئىش ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىمۇ جاڭ لياڭدا قىلچە رەنجىش، زېرىكىش ئىپادىسى كۆرۈنمەيدۇ. خۇاڭ شىگۇڭ ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنى

ياقتۇرۇپ قىلىپ ، كېچىلىرى ئۇنىڭغا ساماۋى كىتابلاردىن دەرس ئۆتىدۇ . كېيىن ئۇ بىر قېتىملىق ئىلىشىشتا غەلىبە قىلىپ داڭق چىقىرىدۇ . جاھان تىنچلانغاندىن كېيىن ئەمىلىنى تاشلاپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە قىزىل قارىغايلىقتىن چىقىپ ، ئەۋلىيالىق يولىغا ماڭىدۇ . ئەۋلىيا ئەزەم ، ئەگەر سىلى تاڭ سىڭنى جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن قوغدىمىسىلا ، پەند ـ نەسىھەتنى ئاڭلىمىسىلا ، هامان مەخلۇق قىياپىتىدە قېلىۋېرىدىلا ، كامالەتكە يېتەلمەيدىلا .

سۈن ۋۇكۇڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خېلى ئۇزاققىچە لام ـ جىم دېمەي تۇرۇپ قالدى .

— ئەۋلىيا ئەزەم ، — دېدى سۇ مۇئەككىلى يەنە ، — ئۆزلىرى كەسكىن قارارغا كەلسىلە ، ئەركىن يورۇشنىلا كۆزلەپ ، ئىستىقباللىرىغا ئولتۇرۇپ قالمىسىلا يەنە .

— بولدى ، سۆزلىمەيلا قويسىلا ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — مەن يەنە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن باراي .

سۇ مۇئەككىلى بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە :

— ئۇنداق يېرى بولسا ، سىلىنى كاشىلا قىلماي ، بالدۇراق بېرىپ مېھىر ـ شەپقەتلىرىنى كۆرسەتسىلە . ئۇستازلىرى بەك ئۇزاق ساقلاپ قالمىسۇن ، — دېدى .

سۇ مۇئەككىلىنىڭ ئالدىرىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۈن ۋۇكۇڭ سۇ ئوردىسىدىن چىقىپ ، بۇلۇت ئۈستىگە ئولتۇردى ـ دە ، سۇ مۇئەككىلى بىلەن خوشلاشتى .

ئۇ كېتىۋاتقاندا جەنۇبىي دېڭىزدىكى بودساتۋا ئۇچراپ قالدى .

— هەي سۈن ۋۇكۇڭ ، — دېدى بودساتۋا ، — سەن نېمىشقا نەسىھەت ئاڭلىمايدىغان بولۇۋالدىڭ ، تاڭ سىڭنى قوغدىماي بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرسەن ؟

ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغان سۈن ۋۇكۇڭ ، بۇلۇت ئۈستىدە تۇرۇپلا سالام بەردى ۋە :

— دېگەنلىرىدەك بولدى بودساتۋا ، راستىنلا بىر تاڭ راهىبى كېلىپ پېچەتنى ئېلىۋېتىپ ، مېنى قۇتۇلدۇردى هەم ئۆزىگە

شاگىرت قىلىۋالدى . بىراق ئۇ مېنى قارام ئىكەنسەن دەپ ئەيىبلىۋىدى ، ئازراق يامانلاپ قويدۇم . مانا ئەمدى يەنە ئۇنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىمەن ، — دېدى .

— ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي تېزرەك بارغىن ! — دېدى بۇدساتۋا . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۆز يوللىرىغا راۋان بولدى .

سۇن ۋۇكۇڭ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تاڭ سەنزاڭنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى . تاڭ سەنزاڭ يول بويىدا مۈگىلىنىپ ئولتۇراتتى .

— ئۇستازىم ، — دېدى ئۇ تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — سەپەرنى داۋاملاشتۇرماي بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قاپتىلىغۇ ؟

تاڭ سەنزاڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە :

— قەيەرلەرگە بېرىپ كەلدىڭ . مەن سېنى ساقلاپ ھېچ يەرگە قوزغىلالماي ئولتۇردۇم ، — دېدى .

— مەن شەرقىي دېڭىزدىكى سۇ مۈئەككىلىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ چاي ئىچىپ كەلدىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— راھىب بولغان ئادەم يالغان ئېيتمايدىغان ، شاگىرتىم سەن كەتكىلى بىر ئاش پىشىم بولماي تۇرۇپ ، سۇ مۈئەككىلىنىڭ ھۇزۇرىدا چاي ئىچىپ كەلدىم دەيسىنا ؟

— سىلىگە ئوچۇقىنى ئېيتاي ئۇستازىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — مەن مۈئەللەق بۇلۇت ئۈستىدە پەرۋاز قىلىشنى بىلىمەن . بىرلا موللاق ئاتسام ، بىر يۈز سەككىز مىڭ چاقىرىم يۈرەلەيمەن . شۇڭا تېز بېرىپ ، تېز كېلىشىم .

— گېپىم ئازراق ئېغىر كېتىۋىدى مەندىن رەنجىدىڭ ، ئاچچىقىڭنى يامان قىلىپ مېنى تاشلاپ كەتتىڭ . سېنىڭ كارامىتىڭ بولغاچقا ، چاي بولسىمۇ تېپىپ ئىچەلەيدىكەنسەن . مەن ھېچ يەرگە بارالماي ئاچ قالسام ئىچىڭمۇ ئاغرىمايدۇ ! — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۇستازىم ، ئەگەر قورساقلىرى ئاچقان بولسا ، سىلىگە ئازراق سەدىقە غىزا تىلەپ ئەكېلىپ بېرەي .

— تىلەشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى تاڭ سەنزاڭ، — بوغچىغا چىگىلگەن ئازراق قازان قوتۇرمىچى بار. ئۇنى ليۇ بوچىننىڭ ئانىسى يوللۇق تۇتقانىدى. سەن كوزىنى ئېلىپ بىرئاز سۇ تېپىپ كەلگىن. قورساقنى توقلىۋېلىپ ئاندىن يولغا چىقايلى.

سۈن ۋۇكۇڭ بوغچىنى يېشىپ، يۆگەپ قويۇلغان بىرنەچچە قازان قوتۇرمىچنى ئۇستازىغا ئەكېلىپ بەردى ۋە بوغچىدىكى مەشۇت تون بىلەن زەر جىيەكلىك باش كىيىمنى كۆرۈپ:

— بۇ كىيىملەرنى شەرقىي دىياردىن ئەكەلگەنمىدىلە؟ — دەپ سورىدى.

— كىچىك ۋاقتىمدا كىيگەن كىيىملىرىم ئىدى، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— جېنىم ئۇستازىم، ئۇنى ماڭا بېرىۋەتسىلە قانداق؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— تازا توغرا كەلمەي قالارمىكىن؟ بوپتۇ، كىيگۈڭ كەلسە كىيىۋەرگىن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

سۈن ۋۇكۇڭ كونا توننى سېلىپ تاشلاپ، مەشۇت توننى كىيىۋالدى. بۇ تون ئۇنىڭغا خۇددى تەگلەپ پىچقاندەك خوپ كەلدى. ئاندىن ئۇ ھېلىقى بۆكنى ئېلىپ كىيدى. تاڭ سەنزاڭ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ بۆكنى كىيگەنلىكىنى كۆرۈپ، نان يېيىشتىن توختاپ، ئىچىدە ھېلىقى ئەپسۇننى ئوقۇدى. سۈن ۋۇكۇڭ: «ۋاي بېشىم، ۋاي بېشىم!» دېگىنىچە ۋارقىراپ كەتتى. تاڭ سەنزاڭ ئەپسۇننى ئارقا ـ ئارقىدىن بىرقانچە قېتىم ئوقۇدى. سۈن ۋۇكۇڭ ئاغرىققا چىدىماي يەردە دومىلاپ، نالە ـ پەرياد كۆتۈردى ۋە بۆكنى بىرقانچە يېرىدىن تارتىپ يىرتىۋەتتى. تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ بۆكتىكى ئالتۇن چەمبەرنى ئۈزۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەپسۇننى ئوقۇشتىن توختىدى. سۈن ۋۇكۇڭنىڭ باش ئاغرىقىمۇ توختىدى. ئۇ بېشىنى سىلاپ كۆرۈپ، زەر يىپقا ئوخشاش بىرنىمىنىڭ سىمدەك چىڭىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئېلىۋېتەلمىدى. چەمبەر ئۇنىڭ بېشىغا پېتىپ ئورنىشىپ

كەتكەندى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىقىدىن يىڭنىسىنى چىقىرىپ ، چەمبەرنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ ، بار كۈچى بىلەن قايرىشقا باشلىدى . تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ ئۇزۇۋېتىشىدىن قورقۇپ يەنە ئەپسۇننى ئوقۇشقا باشلىدى . سۇن ۋۇكۇڭ يېرىخۇندەك پىرقىراپ تېخىمۇ قىينىلىپ كەتتى . ئۇنىڭ بەدەنلىرى سىرقىراپ ، يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ ، كۆزلىرى پولتىيىپ چىقتى . تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئىچى ئاغرىپ ، ئەپسۇننى ئوقۇشنى توختاتتى . سۇن ۋۇكۇڭنىڭ باش ئاغرىقىمۇ توختىدى .

— ئۇستازىم ، ئەسلىي سىلى ئەپسۇن ئوقۇپ بېشىمنى ئاغرىتقان ئىكەنلا ـ دە ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

تاڭ سەنزاڭ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— مەن چەمبىرەك ئەپسۇننى ئوقۇدۇم . ساڭا ئوقۇغىنىم يوق .

— ئۇنداق بولسا يەنە بىر ئوقۇپ باقسىلا قېنى .

تاڭ سەنزاڭ راستتىنلا ئوقۇشقا باشلىدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئاغرىققا چىدىماي :

— بولدى ئوقۇمايلا قويسىلا ! ئوقۇسىلا مېنىڭ بېشىم ئاغرىپ كېتىدىكەن . ۋاي ، ۋاي تووۋا ، قانداق گەپ بولۇپ كەتتى بۇ ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى .

— بۇنىڭدىن كېيىن گېپىمنى ئاڭلامسەن ، يوق ؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئاڭلايمەن .

— يەنە ئۆكتەملىك قىلامسەن ؟

— ياق ، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن !

سۇن ۋۇكۇڭ ئاغزىدا ماقۇل دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە نازارى بولۇپ ، قولىدىكى يىڭنىنى بىرلا پىرقىرىتىپ چوڭايتىپ ، تاڭ سەنزاڭنى ئۇرۇشقا تەمشەلدى . تاڭ سەنزاڭ قورققىنىدىن ئەپسۇننى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ مەرتەم ئوقۇۋەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ يەرگە تىك

مــوللاق چۇشۇپ، قولىدىكى گۈرزىسىمۇ چۇشۇپ كەتتى. قولى لاكاسلاپ كارغا كەلمەي قالدى ۋە:
— بولدى، چۇشەندىم ئۇستازىم! ئەمدى ئوقۇمىسىلا، ئەمدى ئوقۇمىسىلا! — دەپ يىلىندى.
— سەن تېخى نىيىتىڭنى يامان قىلىپ ماڭا قول سالماقچى بولۇۋاتامسەن؟ — سۈن ۋۇكۇڭغا ئەيىب نەزەرى بىلەن تىكىلدى تاڭ سەنزاڭ.
— سىــلىگە قول تەگكۈزۈشكە ھەددىم ئەمەس ئۇستازىم، ئېيتسىلا، ئۇ سېھىرگەرلىكنى سىلىگە كىم ئۆگىتىپ قويدى؟
— باياتىن بىر موماي ئۆگىتىپ قويدى.
— بولدى، دېمەيلا قويسىلا، بۇ موماي چوقۇم ئاۋالوكتىسۋارا بۇدساتۋانىڭ ئۆزى. ئۇ نېمە ئۈچۈن ماڭا قىلتاق قۇرۇپ يۈرىدىكىنا؟ خەپ، جەنۇبىي دېڭىزغا بېرىپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى تازا بىر بەرمىسەم...
— بۇ سېھىرنى ئۇ ماڭا ئۆگىتىپ قويغاندىكىن ئۇمۇ ئەلۋەتتە بىلىدۇ - دە، — دېدى تاڭ سەنزاڭ، — سەن ئۇنى ئىزدەپ بارساڭ، ئۇ ئوقۇپ سېنى ئۆلتۈرۈپ قويامدۇ؟
سۈن ۋۇكۇڭ ئۇستازىنىڭ دېگەنلىرىنى توغرا تېپىپ، نىيىتىدىن ياندى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:
— ئۇستازىم، بۇ ئۇنىڭ مېنى سىلىگە ھەمراھ بولۇپ غەربكە بارغۇزۇش ئۈچۈن تاپقان ئامالى. بولدى، ئەمدى مەنمۇ ئۇنىڭغا چېقىلماي، سىلىمۇ نۆۋەتتە كەلسە ئوقۇۋەرسىلە. مەنمۇ سىلىگە ھەمراھ بولۇپ، كەينىمگە قايتماسلىققا ۋەدە بېرىمەن، — دېدى.
— ئۇنداق بولسا مېنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈرۈپ قوي، بىز ماڭايلى، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.
شۇنىڭ بىلەن سۈن ۋۇكۇڭ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، قايتا روھلاندى ۋە مەشۇت تونىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئاتنى ئېگەرلەپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، غەربكە قاراپ راۋان بولدى. ئەمدىكى پاراڭلارنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئون بەشىنچى باب

## *شىپەنشەن تېغىدا مالائىكىلەرنىڭ ھىمات بولغانلىقى*
## *بۆركۈت جىلغىسىدا سەنزاڭنىڭ ئىسىل ئاتقا ئىگە بولغانلىقى*

ئەلقىسسە ، تاڭ سەنزاڭ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ھەمراھلىقىدا غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ ، تالاي كۈنلەر يول يۈردى . قەھرىتان قىش كۈنلىرى يېتىپ كەلدى . يوللار مۇزلاپ ، ئاچچىق سوغۇق شامال ئالدى تەرەپتىن سوقۇشقا باشلىدى . قاتمۇقات تىك چوققىلار بىلەن ئورالغان تاغ ، خەتەرلىك تاغ يوللىرى ۋە قەدەمدە بىر دۆچ كېلىدىغان ھاڭ ـ قىيالار ئۇلارنىڭ سەپىرىنى قىيىنلاشتۇرغانىدى . ئات ئۈستىدە كېتىۋاتقان تاڭ سەنزاڭ ئۇشتۇمتۇت سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە :

— ۋۇكۇڭ ، بىر يەردە سۇ شارقىراۋاتىدىغۇ ؟ — دەپ سورىدى كەينىگە بۇرۇلۇپ .

— يادىمدا قېلىشىچە ، بۇ يەر شىپەنشەن تېغى بۆركۈت جىلغىسى دەپ ئاتىلىدۇ . شارقىراۋاتقىنى چوقۇم جىلغىدىكى سۇ بولسا كېرەك ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ جاۋاب بېرىپ .

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇلار جىلغىغا كىرىپ كەلدى . تاڭ سەنزاڭ ئاتنى توختىتىپ جىلغىغا قاراپ تۇرۇشىغا ، جىلغىدا ئېقىۋاتقان سۇ ئۇشتۇمتۇت گۈلدۈرلەپ ، بىر ئەجدىھا كۆتۈرۈلۈپ چىقتى ـ دە ، قىرغاققا يامىشىپ چىقىپ ، تاڭ سەنزاڭغا قاراپ ئېتىلدى . سۈن ۋۇكۇڭ قولىدىكى بوغچىنى ئالمان ـ تالمان يەرگە تاشلاپ قويۇپ ، ئۇستازىنى ئاتتىن يۇلۇۋالدى ـ دە ، كەينىگە بۇرۇلۇپ بەدەر قاچتى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتەلمىگەن

ئەجدىھا ئاق ئاتنى ئىگىرى بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋېلىپ، جىلغىغا قايتىپ كىرىپ كەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سەنزاڭنى بىر دۆڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، قايتىپ كېلىپ قارىسا ئات يوق تۇراتتى. ئۇ قېپقالغان بوغچىنى ئېلىپ تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى ۋە:

— ئۇستازىم، ھېلىقى ئىپلاس ئەجدىھانىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئېتىمىزنىمۇ بىر يەرگە ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋېتىپتۇ، — دېدى.

— ئاتنى ئىزدەشتۇرۇپ تاپقىلى بولارمۇ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ سۇن ۋۇكۇڭغا قاراپ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن چوقۇم تېپىپ كېلىمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ۋە بىرلا پىرقىراپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپ، يالقۇنلۇق كۆزلىرى بىلەن ئەتراپنى كۆزەتتى. ئات ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى. ئۇ بۇلۇت بىلەن يەرگە پەسلەپ چۈشۈپ:

— ئات ھېچ يەردە كۆرۈنمەيدۇ، ئۇستازىم. ئۇنى چوقۇم ئەجدىھا يەپ كەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى.

— شاگىرتىم، ئۇ بىرنېمىنىڭ ئاتنى ئېگىرى بىلەن قوشۇپ يەپ كەتكۇدەك شۇنچە چوڭ ئاغزى بارمۇ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ، — ئات ئۈركۈپ تاغ ئىچىدىكى ئويمانلاردا قېچىپ يۈرگەن بولمىسۇن يەنە، بىرىپ يەنە بىر ئىزدەپ باقسىن.

— سىلى تېخى مېنىڭ كارامىتىمنى بىلمەيدىلا ئۇستازىم. مېنىڭ كۆزۈم كۈندۈزلىرى مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى جىمى ياخشى - يامان ئىشلارنى ۋە ھەتتا يىڭناغۇچنىڭ پىلدىرلاۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرەلەيدىغان تۇرسا، يوغانلا بىر ئاتنى كۆرمەي قالارمەنمۇ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئەگەر ئۇ ئاتنى راستتىنلا يەپ كەتكەن بولسا، مەن سەپەرنى قانداق داۋاملاشتۇرىمەن؟ بۇ تاغۇدەريالارنى قانداقمۇ بېسىپ بولىمەن؟

تاڭ سەنزاڭ سۆزلەۋاتقاندا كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياشلار تۆكۈلۈپ چۈشتى . سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇشقا تاقەت قىلالماي ، ئاچچىقىدا ۋارقىرىۋەتتى :

— نېمانچە زەئىپلىك قىلىدىلا ، ئۇستازىم ! سىلى مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرسىلا . مەن ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ ، ئېتىمىزنى قايتۇرۇپ كېلەي !

— ئۇنى قەيەرلەرگە بېرىپ ئىزدەيسەن ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ يېڭىدىن تارتىپ تۇرۇپ ، — ئۇ بىر يەرلەرگە مۆكۈنۈۋالغان بولسا ، چىقىپ مېنىمۇ يەپ كەتسە ، ئاتتىنىمۇ ، ئادەمدىنمۇ ئايرىلىپ ، ھەممە ئىش تۈگەشمەمدۇ ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى ۋە دەرغەزەپ بىلەن ۋارقىراپ :

— سىلى بەكلا يارىماس ئادەم ئىكەنلا ! ئاتقا مىنىمەن دەيدىلايۇ ، يەنە مېنى بېرىشقا قويمايدىلا ، ئۇنداق بولسا كۆدە ـ كۆرپىلىرىنى قوچاقلاپ قېرىغۇچە مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇۋەرسىلە ! — دېدى .

دەل شۇ ئەسنادا ئاسماندا بىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى :

— ئاچچىقىڭىزنى يامان قىلماڭ ئەۋلىيا ئەزەم ، شاھزادە تاڭ سېڭ ، سىلىمۇ كۆز يېشى قىلمىسىلا ، بىز ئاۋالوكتىسۋارا بودساتۋا ئەۋەتكەن مالائىكىلەر بولىمىز ، سىلەرنى مەخپىي قوغداپ مېڭىش ئۈچۈن كەلدۇق .

تاڭ سەنزاڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، ئالمان ـ تالمان تىز چۆكۈپ سەجدە قىلدى .

— سىلەر كىم بولىسىلەر ؟ ئىسمىڭلارنى مەلۇم قىلىڭلار ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

مالائىكىلەر جاۋاب بېرىپ :

— بىز ئالتە كوتۋال ، ئالتە چىغىناق ، بەش جەمەت ساتىيالىرى ، تۆت ئەمىر ۋە ئون سەككىز ساماھاراما بولىمىز .

سىلەرنى نۆۋەتلىشىپ قوغداش ئۈچۈن كەلـدۇق . بۇيـرۇقۇڭلارغا تەييارمىز ، — دېدى .

— ئۇنداق بولسا نۆۋەتچى ئەمەسلەر قايتىڭلار ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — ئالتە كۇتۋال سەركەردە ، ئەمىرلەر ۋە ساتيالار قېلىپ ئۇستازىمنى قوغداڭلار . مەن جىلغىدىكى ئەجدىھانى تېپىپ ، ئاتنى قايتۇرۇپ كېلەي !

سۇن ۋۇكـۇڭنىـڭ بـۇيـرۇقـى بويىچە نۆۋەتچى بولمىغان مالائىكىلەر قايتىپ كەتتى . تاڭ سەنزاڭ شۇندىلا خاتىرجەم بولۇپ ، قىيا ئۇستىگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە سۇن ۋۇكۇڭغا بىرتالاي نەسىھەت قىلدى .

— خاتىرجەم بولسىلا ئۇستازىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ۋە شۇ هامان جىلغا بويىغا كېلىپ ۋارقىرىدى :

— هــەي ، ئۆلۈمتۈك خۇمسا ! تېزرەك ئېتىمنى قايتۇرۇپ بەر !

هـېلـىقى ئەجدىها تاڭ سەنزاڭنىڭ ئېتىنى يەپ كەتكەندىن كېيىن ، جىلغىنىڭ تېگىگە چۆكۈپ ، بەهۇزۇر كۆشەپ ياتاتتى . ئۇ بــىـرىنىـڭ ئـاتـنى سوراپ تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، غەزىپىنى بـاسالـمـاي ، سـۇ تـەكـتـىـدىن شۇڭغۇپ چىقىپ ، كۆرەڭلەرچە ۋارقىرىدى :

— بۇ يەرگە كېلىپ ماڭا تىل تەگكۈزۈۋاتقان كىمسەن !

سۇن ۋۇكـۇڭ ئۇنـى كـۆرۈپلا «ئېـتىـمـنى تېـز قايـتۇرۇپ بـەر !» دەپ ۋارقـىرىغىنىچە ، گۇرزىسىنى پىرقىرىتىپ ، ئۇنىڭ بېشىغا قارىتىپ ئۇردى . ئەجدىها پۇت - قوللىرىنى ئىشقا سېلىپ گــۇرزىنـى تـوسۇدى ، جىلغا بويىدا قاتتىق ئېلىشىش باشلىنىپ كــەتتى . ئۇلار بىر - بىرىنى سۇرۇپ قوغلاپ ، بىرقانچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن ، ئەجدىهانىڭ پۇت - قوللىرى بوشىشىپ ، سۇن ۋۇكۇڭغا تاقابىل تۇرالماي قالدى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپلا جىلغىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپ ، قايتا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى هەرقانچە تىللىسىمۇ ئاڭلىمىغانغا سېلىۋالدى .

سۇن ۋۇكۇڭ جىلغا بويىغا كېلىپ دەريا ـ دېڭىزلارنى قوچۇيدىغان كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ، بۇركۇت جىلغىسىنىڭ سۈيىنى ھە دېگەندىلا ئۆركەشلىتىپ، دەھشەتلىك تاشقىن پەيدا قىلدى. ئېقىن تېگىدىكى ئەجدىھا بۇ خورلۇقتا چىداپ ياتالماي، تىت ـ تىت بولۇپ، چىشىنى غۇچۇرلاتقان پېتى سەكرەپ چىقتى ـ دە:

— مېنى بۇنچە ئاتىي تاپقىلى قەيەردىن كەلگەن چۈپرەندە ئالۋاستىسەن؟ — دەپ تىللاپ كەتتى.

— جىنىم ئامان قالسۇن دېسەڭ، ئېتىمنى قايتۇرۇپ بەر! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا قاراپ.

— قايتۇرمىسام قانداق قىلاتتىڭ؟

— قايتۇرمىساڭ كالتەكمنى كۆرۈپ قوي، يېگەن ئاتنى بۇرنىڭدىن بۇلاق قىلىپ چىقىرىمەن!

ئۇلار يەنە قىيا ئۈستىدە تۇتۇشۇپ كەتتى. بىرقانچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن ئەجدىھا تەڭ كېلەلمەي، بىرلا سىلكىنىپ، يىلانغا ئۆزگىرىۋالدى ـ دە، چۆپلۈك ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى.

سۇن ۋۇكۇڭ گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ قوغلاپ كېلىپ، چۆپلۈكنى ھەرقانچە ئاختۇرۇپمۇ يىلاننى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئايەتنى ئوقۇپ، ئۇ يەردىكى زېمىن مۇئەككىلى بىلەن تاغ ئىلاھىنى چاقىرتتى.

— خىزمەتلىرىگە تەييارمىز! — دېدى ھەش ـ پەش دېگۈچە پەيدا بولغان زېمىن مۇئەككىلى بىلەن تاغ ئىلاھى ئۇنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ ئولتۇرۇپ.

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارغا قاراپ:

— ئوشۇقۇڭلارنى چىقىرىڭلار، ئاۋۋال بەش كالتەكتىن ئۇرۇپ ئاچچىقىمنى بىر چىقىرىۋالاي، — دېدى.

ئۇ ئىككىسى يېلىنغان قىياپەتتە مۇنداق دېدى:

— ئەۋلىيا ئەزەم، ماقۇل كۆرسىلە ئۆزلىرىگە كىچىككىنە

ئەرزىمىز بار ئىدى .
— ھە ، نېمىدېمەكچى ئىدىڭلار ؟
— ئەۋلىيا ئەزەم ئۇزاق يىللاردىن بېرى قاماقتا بولغاچقا ، قاچان كېلىدىغانلىقلىرىدىن خەۋەر تاپالماي ئالدىلىرىغا چىقالماي قاپتۇق . بۇ گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغايلا .
— ئۇنداق بولسا سىلەرنى دەررىدىن كەچۈرۈم قىلاي . ئېيتىڭلارچۇ ، ھېلىقى شۇم ئەجدىھا بۇركۇت جىلغىسىغا قانداق پەيدا بولۇپ قالدى ؟ ئۇ نېمىشقا ئۇستازىمىنىڭ ئاق ئېتىنى بۇلاپ يەپ كېتىدۇ ؟
— شۇنداقمۇ ئىش بولدىمۇ ؟ — دېدى زېمىن مۇئەككىلى بىلەن تاغ ئىلاھى ، — بۇ جىلغىدا ئەزەلدىن بۇنداق غەلىتە ئىشلار بولۇپ باققان ئەمەس ئىدى . پەقەت سۈيى سۈزۈك ھەم كەڭ بولغاچقا ، قاغايۇ سېغىزخانلار ئۇچۇپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى . چۈنكى ، ئۇلار سۇدىن ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ ، بۇ بىزنىڭ ھەمراھلىرىمىز ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ ، سۇغا ئۆزىنى ئېتىپ چۆكۈپ كېتەتتى . شۇڭا ، بۇ يەر بۇركۇت جىلغىسى دەپ ئاتىلىپ قالغان . ئالدىنقى يىلى ئاۋالوكتسۋارا بۇدساتۋا بۇددا نومىنى ئەكېلىدىغان ئادەم ئىزدەپ كېتىۋېتىپ ، بىر ئەجدىھانى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ھەم ئۇنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويۇپ ، بۇددا نومىنى ئەكېلىشكە بارىدىغان كىشىنى ساقلاپ تۇرۇشقا ، نامەھرەم بولىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىققا تاپىلاپ كەتكەنىدى . بۇگۇن ئۇ كاساپەتنىڭ بېشى ئايلىنىپ قالدىمۇ ، نېمە ، ئۆزلىرىگە چېقىلىپ قويۇپتۇ .
— دەسلەپتە ئۇ مەن بىلەن بىر قەپەس ئېلىشتى ، ئىككىنچى قېتىم ئۇنى ھەرقانچە تىللاپمۇ چىقىرالمىدىم ، ئاخىر كارامىتىمنى ئىشلىتىپ ، جىلغىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋىدىم ، سەكرەپ چىقىپ يەنە تىركىشىپ باقتى . كالتىكىم ئېغىر كەلگەن چېغى ، ئۇ بەل قويۇۋېتىپ ، يىلانغا ئايلىنىپ چۆپلۈككە مۆكۈۋالدى . ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ قارىسىممۇ تاپالمىدىم .
— سىلى بىلمەيلا ئەۋلىيا ئەزەم ، — دېدى زېمىن

مۇئەككىلى ، — بۇ جىلغىدا بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كېتىدىغان كۆرمىگىلىغان كامارلار بار . مانا بۇ يەردىمۇ كامار باردەك قىلىدۇ . ئۇ چوقۇم مۇشۇ يەرگە كىرىپ كەتتى . سىلى ئاچچىقلىنىپ قالمىسىلا ، ئۇنى مۇشۇ يەردىن تاپىمىز . ئەگەر ئۇنى تۇتماقچى بولساق ، بۇدساتۋانى تاپساقلا ئۆزلۈكىدىن قولغا چۈشىدۇ .

سۇن ۋۇكۇڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تاغ ئىلاھى بىلەن زېمىن مۇئەككىلىنى تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا باشلاپ ئەكېلىپ كۆرۈشتۈردى ۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى .

— سەن بۇدساتۋانى چاقىرىشقا بارساڭ قاچان كېلىسەن ؟ مەن ئاچلىق بىلەن سوغۇققا قانداق چىدايمەن ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ ئاسماندىن ئالتۇن باشلىق ساتيانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ئەۋلىيا ئەزەم ، ئاۋارە بولماڭ ! بۇدساتۋانى ئۆزۈم چاقىرىپ كېلىمەن !

— يارايسەن ، يارايسەن ! تېز بول ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ خۇشال بولغان ھالدا ئىجازەت بېرىپ .

ساتيا بۇلۇت ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ ، جەنۇبىي دېڭىز تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى . سۇن ۋۇكۇڭ تاغ ئىلاھى بىلەن زېمىن مۇئەككىلىگە ئۇستازىنى قوغداشنى تاپىلاپ قويۇپ ، نۆۋەتچى ئەمىرنى يېمەكلىك تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى . ئۆزى بولسا جىلغىنى بويلاپ چارلاپ كېتىپ قالدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن .

ئەمدى گەپنى ئالتۇن باشلىق ساتيادىن ئاڭلايمىز . ئۇ بۇلۇتنى چاپتۇرۇپ جەنۇبىي دېڭىزغا يېتىپ كەلدى ـ دە ، ئۇدۇل جاشەن تېغىدىكى قارا بامبۇكزارلىققا چۈشۈپ ، بۇدساتۋا بىلەن كۆرۈشتى .

— سەن نېمىشقا كەلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى بۇدساتۋا ئۇنىڭدىن .

ساتيا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— تاڭ سەنزاڭ شىپەنشەن تېغىنىڭ بۇركۈت جىلغىسىدا ئېتىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ . ئەۋلىيا ئەزەم سۈن ۋۇكۇڭ نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ . شۇ جايدىكى زېمىن مۇئەككىلى سىلى جىلغىغا تاشلاپ كەتكەن ئەجدىھانىڭ ئاتنى يەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ . شۇڭا ، ئەۋلىيا ئەزەم سەن بېرىپ بودساتۋاغا ئېيتقىن ، ئەجدىھانى تۇتۇپ ئېتىمىزنى ئېلىپ بەرسۇن ، دەپ مېنى ئەۋەتتى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بودساتۋانىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ۋە :

— بۇ ئەبلەخ ئەسلىدە غەربىي دېڭىزدىكى ئاۋ رۇننىڭ ئوغلى ئىدى . ئۇ ئوردىدىكى مەرۋايىتلارنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ، دادىسى ئۇنى ۋاپاسىزلىق قىلدىڭ ، دەپ ئۆلۈمگە بۇيرۇغانىكەن . مەن يۈرۈن سۇلتان بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇنى تاڭ سەنزاڭغا ھەمراھ قىلىش ئۈچۈن تىلىۋالغانىدىم . ئەمدى كېلىپ ئۇ تاڭ سەنزاڭنىڭ ئېتىنى يەۋالغۇدەك بوپتىمۇ ؟ خەپ ، مەن ئۆزۈم بېرىپ ئۇنى بىر كۆرۈپ باقاي ! — دېدى ـ دە ، مېھراب سۇپىسىدىن چۈشۈپ ، غاردىن چىقتى . ئاندىن قۇت ـ سائادەت نۇرىغا ئولتۇرۇپ ، جەنۇبىي دېڭىزدىن ئۆتتى . بىرئازدىن كېيىن شىپەنشەن تېغى ئۈستىگە يېتىپ كېلىپ ، بۇلۇتنى توختىتىپ ، تۆۋەنگە نەزەر سالدى . سۈن ۋۇكۇڭ جىلغا بويىدا تۇرۇپ ، بىرنى ھەدەپ تىللاۋاتاتتى . بودساتۋا ئۇنى چاقىرىش ئۈچۈن ساتيانى چۈشۈردى . سۈن ۋۇكۇڭ بودساتۋانىڭ چاقىرتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، چاققانلىق بىلەن بۇلۇتقا چىقىپ ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى ۋە بودساتۋانىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ھەي شاپائەتلىك ئىگەم ، سىلى نېمىشقا ھىيلە ئىشلىتىپ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىپ يۈرىدىلا ؟ — دېدى .

— ھەي ئەقىل تاپمىغان قارام مايمۇن ! مەن مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن بۇددا نومىنى ئەكېلىدىغان بۇ ئادەمنى تېپىپ ، سېنى قۇتقۇلدۇرسام ، رەھمەت ئېيتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن ، ماڭا يەنە

ئۆكتەملىك قىلىپ يۈرسەنغۇ ! — دېدى بۇدساتۋا .
— ھە ، مېنى ئۇبدان قوتولدۇرۇپ قويدىلا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — كۆلپەتتىن ئازاد قىلغاندىكىن ئەركىن - ئازادە ئويناشقا يول قويسىلا بولماسمىدى ؟ ئالدىنقى كۈنى دېڭىزدا ئۇچراپ كۆڭلۇمگە تېگىدىغان بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلىۋالدىلا ھەمدە پۈتۈن نىيەت ، پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن تاڭ سېڭغا ھەمكارلاشقىن دەپ تەربىيە قىلدىلا ، بۇنىڭغا ھەشقاللا . بىراق نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھېلىقى بۆكنى بېرىپ ماڭا زۇلۇم سالدىلا ؟ ئۇ چەمبەرلىك بۆكنى بېشىمغا كىيگۈزدىلا ، ھەزرىتىمگە ئەپسۇننى ئۆگىتىپ قويدىلا ، ئۇ بولۇشىچە ئوقۇپ ، بېشىمدىن تۇتۇن چىقىرىۋەتتى . بۇ ماڭا زىيانكەشلىك قىلغانلىق بولماي نېمە ؟
— ھەي مايمۇنەك ، سەن تەربىيىگە پىسەنت قىلماي بالا تېرىپلا يۈرسەڭ ، مۇشۇنداق باشقۇرماي بولامدۇ ؟ بولمىسا سەن ئاسمانغا مۇشت ئېتىپ ، نى - نى ئىشلارنى قىلاتتىڭ تېخى . ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئىش چىقىرىپ قويساڭ ساڭا كىم ئىگە بولىدۇ ؟
— بوپتۇ ، بۇمۇ مېنىڭ ئۆز شورۇم بولسۇن ، لېكىن سىلى نېمىشقا ھېلىقى گۇناھكار ئەجدىھانى بۇ يەرگە قويۇپ بېرىپ ، ئۇنىڭغا يانتاياق بولدىلا ؟ ئۇنىڭ ئۇستازىمنىڭ ئېتىنى يەپ كېتىشىگە قاراپ تۇرىدىلا ؟
— ئۇ ئەجدىھانى مەن يۇرۇن سۇلتاندىن تىلىۋېلىپ ، بۇددا نومىنى ئەكېلىدىغان كىشىگە ھەمراھ قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە قويۇپ قويغان . ئويلاپ باقە ، شەرقتىن ئەكەلگەن ئاشۇ ئات شۇنچە ئۇزۇن ، جاپالىق يولغا چىدامدۇ ؟ ئۇنىڭ بىلەن لىڭشەن تېغىدىكى بۇددا ھۇزۇرىغا قانداق يېتىپ بارىسىلەر ؟ ئۇنىڭ ئورنىدا مۇشۇ ئەجدىھا ئات بولمىسا بولمايدۇ .
— پېقىرنى كۆرسىلا قورقۇپ مۆكۈۋېلىپ چىقالمايدىغان بۇ جانىۋار نېمىگە يارايتتى ؟
بۇ چاغدا بۇدساتۋا ساتىيانى چاقىرىپ :
— سەن جىلغا بويىغا بېرىپ «سۇ مۇئەككىلى ئاۋ رۇننىڭ

ئۇچىنچى ۋەلىئەھدى ، بۇ ياققا چىققىن ، جەنۇبىي دېڭىزدىكى بۇدساتۋا كەلدى !» دەپ ۋارقىرىغىن ، ئۇ جەزمەن چىقىدۇ ، — دېدى .

ساتيا جىلغا بويىغا كېلىپ ، ئىككى قېتىم چاقىردى . ئېقىن قاتتىق داۋالغۇپ ، ھېلىقى ئەجدىھا سەكرەپ چىقتى - دە ، ئادەم قىياپىتىگە كىرىپ بولۇت ئۈستىگە چىقتى ۋە بۇدساتۋانىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپ :

— ھاياتىمنى قۇتۇلدۇرغان شەپقەتلىرى يۈزىسىدىن بۇ يەردە ئۇزاق كۈتتۇم . لېكىن ، بۇددا نومىنى ئەكەلگۈچىنى ئۇچرىتالمىدىم ، — دېدى .

بۇدساتۋا سۈن ۋۇكۇڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— مانا بۇ بۇددا نومىنى ئەكېلىدىغان كىشىنىڭ چوڭ شاگىرتى بولىدۇ .

— بۇدساتۋا ، بۇ مېنىڭ رەقىبىم بولىدۇ ، — دېدى ئەجدىھا سۈن ۋۇكۇڭغا ھومىيىپ قاراپ قويۇپ ، — تۈنۈگۈن قورسىقىم بەك ئېچىپ كېتىپ ، ئۇنىڭ ئېتىنى يەپ قويدۇم ، بۇ ئانچە - مۇنچە كۈچى بار نېمە ئىكەن . مېنى خېلى ھالسىرىتىپ قويدى . ئۇنىڭدىن قېچىپ جىلغا تېگىگە كىرىۋالدىم . تىللىسىمۇ چىقىشقا پېتىنالمىدىم . لېكىن ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇددا نومىنى ئەكېلىش توغرىسىدا بىرەر ئېغىز گەپمۇ چىقمىدى .

— سەن مېنىڭ نامۇ شەرىپىمنى سورىمساڭ ، مەن نېمىشقا ئېيتاتتىم ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

ئەجدىھا بۇنىڭغا جاۋابەن :

— مەن سېنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىڭنى سورىسام ، سەن ، قەيەردىن كېلىشىم بىلەن نېمە كارىڭ ، ئېتىمنى قايتۇرۇپ بەرسەڭلا بولىدى ، دەپ جېدەل قىلمىدىڭمۇ ! «تاڭ» دېگەن سۆزنى تىلىڭغا ئېلىپمۇ قويمىدىڭغۇ ؟ — دېدى .

بۇ چاغدا بۇدساتۋا ئارىغا چۈشۈپ مۇنداق دېدى :

— بۇ مايمۇننىڭ ھالى چوڭ ، باشقىلارغا خوش - خوش

قىلىشنى بىلمەيدۇ . بۇگۈن ھەرھالدا ئالدىمغا ئەدەب بىلەن بىرىپتۇ . سەن ئۇنىڭدىن سورىغان ۋاقتىڭدا بۇددا نومىنىڭ كېپىنى چىقىرىپ قويغان بولساڭ ، بۇنچە كۆپ ئاۋارىچىلىق بولمايتتى .

بۇ سۆزدىن سۇن ۋۇكۇڭ ئىنتايىن خۇشال بولدى . بۇدساتۋا ئەجدىھانىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنىڭ چوققىسىدىكى مەرۋايىتنى ئېلىپ تاشلىدى . ئاندىن قولىدىكى مەجنۇنتال چىۋىقنى شەبنەم سۈيىگە چىلاپ ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا سەپتى ـ دە ، «ئۆزگەر !» دەپ ئىشلىتىجا قىلدى . ھېلىقى ئەجدىھا بىردىنلا ئاق ئاتقا ئايلاندى . بۇدساتۋا ئۇنىڭغا شۇلارنى جېكىلەپ ئېيتتىكى :

— سەن بۇلارغا پۈتۈن نىيىتىڭ بىلەن خىزمەت قىلىسەن . ئىش تامام بولغاندىن كېيىن ، ساڭا ئادەتتىكى ئەجدىھالاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئالتۇن قامەت ۋە كامالەت ئاتا قىلىمەن .

ئەجدىھا ئىتائەتمەنلىك بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈردى . بۇدساتۋا سۇن ۋۇكۇڭغا ئۇنى تاڭ سەنزاڭ بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى تاپىلاپ قويۇپ ، ئۆزىنىڭ كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ دەرھال بۇدساتۋانى تۇتۇۋېلىپ مۇنداق دېدى :

— مەن بارمايمەن ، يول شۇنچە خەتەرلىك تۇرسا ، بۇ قورقۇنچاق راھىبنى يۆلەشتۈرۈپ ، غەربىي دىيارغا قاچان يېتىپ بارىمىز ؟ بۇنداق قەدەمدە بىر پېشكەلچىلىككە دۇچ كېلىۋەرسەك جېنىممۇ ئۇيراپ تۈگىگۈدەك . ئۇ چاغدا خىزمەت كۆرسىتىش دېگەندىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ دەمدىلا ؟ بولدى قويسىلا ، مەن بارمايلا قوياي !

— سەن بۇرۇن ئادەمىيلىك يولىغا ماڭمىغان چاغدىمۇ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشنى جان ـ دىلىڭ بىلەن راۋا كۆرگەنىدىڭ ، — دېدى بۇدساتۋا ، — ئەجەبا بۈگۈن كۈلپەتتىن قۇتۇلۇپ چىقىپلا ھورۇن ، ھىيلىگەر بولۇۋاپسەنا ؟ مۇبادا بالا ـ قازاغا يولۇقساڭ ، ئۆزۈم بېرىپ سېنى قۇتۇلدۇرىمەن . بېرى كەل ، مەن ساڭا يەنە بىر ماھارەت ئۆگىتىپ قوياي .

بۇدساتۋا مەجنۇنتال يوپۇرمىقىدىن ئۈچ تال ئۈزۈۋېلىپ ، سۇن

ۋوكۇڭنىڭ ئارقا مېڭىسىگە قويدى ـ دە ، «ئۆزگەر !» دەپ ئىلتىجا قىلدى . ئۇچ تال يوپۇرماق ئۇچ تال نىجاتلىق مويى بولۇپ ئۆزگەردى .

— بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بۇنىڭ بىلەن ھەر خىل ئۆزگىرەلەيسەن ، ئۇ سېنى بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرىدۇ ، — دېدى بۇدساتۋا چۈشەندۈرۈپ .

سۈن ۋۇكۇڭ بۇ ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شاپائەتلىك بۇدساتۋاغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى . بۇدساتۋا سەلكىن شامالدەك قىيغىتىپ ، رەڭدار تۇماندەك لەيلەپ ، پۇتو تېغىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

سۈن ۋۇكۇڭ شۇندىلا بۇلۇت بىلەن يەرگە پەسلەپ ، ئەجدىھا ئاتنىڭ يايلىسىدىن چىڭ تۇتقان پېتى تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە :

— ئۇستازىم ، ئات تېپىلدى ، — دېدى .

بۇنى كۆرۈپ تاڭ سەنزاڭنىڭ گۈلقەقلىرى ئېچىلىپ كەتتى ۋە :

— شاگىرتىم ، بۇ ئات ئىلگىرىكىدىن تېمەنرەك تۇرامدۇ ـ نېمە؟ بۇنى قەيەردىن تېپىپ كەلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۇستازىم ، سىلى تېخى چۈش كۆرۈۋاتىدىلا ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — باياتىن ئالتۇن باش ساتيا بۇدساتۋانى چاقىرىپ كەلدى . ئۇ جىلغىدىكى ئەجدىھانى بىزنىڭ ئاق ئېتىمىزغا ئۆزگەرتىپ بەردى . ئېگىرى بولمىسىمۇ رەڭگىرويى ئوخشىشىدۇ . ئۇنى مەن ئۆزۈم سۆرەپ ئەكەلدىم .

— بۇدساتۋا قېنى ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ ھەيران بولۇپ ، — مەن بېرىپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئوقۇپ قوياي .

— سەۋر قىلسىلا ، بۇدساتۋا ھازىر جەنۇبىي دېڭىزغا كېتىپ بولدى ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

تاڭ سەنزاڭ توپىغا شام سانجىپ كۆيدۈرۈپ ، جەنۇبقا تېۋىنىپ

تاۋاپ قىلدى . تاۋاپتىن كېيىن نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ، يولغا چىقىشقا تەييار بولدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇستازىنى ئاتقا مىنىۋېلىشقا ئۈندىدى .

— ئېگىرى يوق ئاتنى قانداق مىنگىلى بولىدۇ ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — كېمە تېپىپ جىلغىدىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن ئاندىن بىرنېمە قىلارمىز .

— ھېچنېمىدىن خەۋەرلىرى يوقتەكلا سۆزلەيدىكەنلا ئۇستازىم ، بۇ تاغ ، بۇ دالادىن كېمىنى قەيەردىن تاپىمىز ؟ بۇ ئات بۇ يەردە ئۇزاق ۋاقىت تۇرغان . جىلغىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدۇ . ئۇنى كېمە ئورنىدا مىنىپ ئۆتسىلىرىمۇ بولىۋېرىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

تاڭ سەنزاڭ ئامالسىز ماقۇل بولۇپ ، ئاتقا مىندى . سۇن ۋۇكۇڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ جىلغا بويىغا كەلدى . دەل شۇ چاغدا يۇقىرى ئېقىندىن بىر بېلىقچى بوۋاي كونا بىر سالنى ھەيدەپ كەلدى . سۇن ۋۇكۇڭ قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنى چاقىردى :

— ھەي بېلىقچى ، بۇ ياققا كەل ! بىز بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن شەرقىي دىياردىن كەلدۇق . ئۇستازىم بۇ يەردە توسۇلۇپ قالدى . سەن ئۇنى ئۆتكۈزۈپ قويغىن !

بۇنى ئاڭلاپ بېلىقچى دەرھال قىرغاققا يېقىنلاشتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇستازىنى يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈردى . تاڭ سەنزاڭ سالغا چىقىپ ، ئاتنى ۋە نەرسە - كېرەكلىرىنى سالغا جايلاشتۇردى . بېلىقچى سالنى ئۈچقاندەك ھەيدەپ ، ھەش - پەش دېگۈچە بۈركۈت جىلغىسىدىن ئۆتۈپ ، غەربىي قىرغاققا كېلىپ توختىدى . تاڭ سەنزاڭ سۇن ۋۇكۇڭغا بوغچىنى يېشىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرىدىن بىرنەچچىنى بېرىشكە بۇيرۇدى .

بېلىقچى سالنى قوزغاپ «ماڭا پۇل كېرەك ئەمەس» دېگىنىچە ، دولقۇنلار ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى . تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭدىن چەكسىز مىننەتدار بولۇپ ، ئالقىنىنى جۈپلەپ ، ھۆرمەت بىلدۈردى .

— بولدى ، ئۇنچىلىك ئېھتىرام بىلدۈرۈپ كەتمىسىلە ، ئۇستازىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — سىلى تېخى ئۇنى تونۇمايدىلىغۇ دەيمەن . ئۇ مۇشۇ جىلغىدىكى سۇ مۇئەككىلى بولىدۇ . ئۇ ئالدىمىزغا ئۆزى كەلمىگەن بولسا ، ئەدىبىنى بەرمەكچى ئىدىم . بۇگۈن تاياق يېمىگىنىگە خۇش بولماي ، پۇل ئالاتتىمۇ تېخى ؟

تاڭ سەنزاڭ بۇنىڭغا بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي ، ئاتقا مىندى ـ دە ، سۇن ۋۇكۇڭغا ئەگىشىپ ، چوڭ يولنى بويلاپ غەربكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى . قۇياش ئاستا ـ ئاستا غەربكە پېتىپ ، گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىدى . ئات ئۈستىدە كېتىۋاتقان تاڭ سەنزاڭ يول ياقىسىغا جايلاشقان بىر قورۇقنى كۆرۈپ سۇن ۋۇكۇڭغا :

— ۋۇكۇڭ ، ئالدىمىزدا ئۆي كۆرۈنىدۇ ، كېچىچە قونۇپ ئەتە ماڭساق قانداق دەيسەن ؟ — دېدى .

— ئۇستازىم ، ئۇ ئادەم ئولتۇرىدىغان قورۇق ئەمەس ئىكەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇ تەرەپنى بىر كۆزەتكەندىن كېيىن .

— نېمە سەۋەبتىن ئۇنداق دەيسەن ؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ .

سۇن ۋۇكۇڭ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— ئادەم ئولتۇرىدىغان ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئۇنداق بىلىق دۈمبىسى شەكلىدە بولمايدۇ . ئۇ چوقۇم بۇتخانا بولۇشى مۇمكىن .

ئۇلار پاراڭ بىلەن دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ قالدى . تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن چۈشۈپ ، دەرۋازا ئۈستىدىكى «نەزىر ـ چىراغ بۇتخانىسى» دېگەن خەتنى كۆردى ـ دە ، دەرۋازىنى ئىتتىرىپ كىردى . قورۇغا كىرىشى بىلەن بوينىغا تەسۋى ئېسىۋالغان بىر بوۋاي ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، ئالقىنىنى جۈپلەپ تۇرۇپ ، ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى . تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭغا ئالمان ـ تالمان سالام قايتۇرۇپ ، سارايغا كىردى ـ دە ، مۇقەددەس بۇتقا تاۋاپ قىلدى . بوۋايدىن خىزمەتكار بالىنى چاي كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى . چايدىن كېيىن تاڭ سەنزاڭ بوۋايدىن :

— نېمە ئۈچۈن بۇ يەرنى «نەزىر - چىراغ بۇتخانىسى» دەپ ئاتايسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ يەر ئەسلىدە غەربىي فەنخاب[1] دۆلىتىنىڭ چېگرىسى ئىدى، — دېدى بوۋاي جاۋاب بېرىپ، — بۇتخانا ئارقىسىدا ئولتۇرىدىغان بىر كىشى بار بولۇپ، تەقۋادارلىق يۈزىسىدىن بۇ بۇتخانىنى سالدۇرغان. بۇ ھەم زېمىن مۇئەككىلىنىڭ تۇرىدىغان جايى بولغان. شۇڭا، ھەر يىلى ئەتىيازلىق تېرىم، يازلىق ئورما، كۈزلۈك يىغىم، قىشلىق ئامبارغا سۇ كىرگۈزۈش مەزگىللىرىدە كىشىلەر مېۋە - چېۋىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، مەمۇرچىلىق، توقچىلىق ۋە يۇرتنىڭ باياشاتلىقى ئۈچۈن نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزىدۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان تاڭ سەنزاڭ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ ماختاپ كەتتى ۋە:

— «جاھان كەزسەڭ كۆزۈڭ ئېچىلار» دېگەن شۇ - دە! بىزنىڭ ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قولىدىن ھەرگىز بۇنداق ياخشىلىق كەلمەيدۇ، — دېدى.

— ئۆزلىرىنىڭ يۇرتى قەيەردە بولىدىكىن؟ — سورىدى بوۋاي.

— پېقىر شەرقىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ دۆلىتىدىن بولىمەن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ جاۋاب بېرىپ، — خاننىڭ ئەمرىگە بىنائەن غەربىي دىيارغا بېرىپ بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن. مۇبارەك قورۇقلىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. شۇڭا، بىرەر كېچە قونۇپ، ئەتە تاڭ ئاتقاندا يولغا چىقايلى دەپ كىرىپ قالدۇق.

بۇنى ئاڭلاپ بوۋاي ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە ئالدىغا چىقالمىغان گۇناھى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىپ، خىزمەتكار بالىنى تاماق كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن تاڭ سەنزاڭ بوۋايغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

---

[1] قەدىمكى زاماندا خەنزۇلار غەربتىكى مىللەتلەرنى شۇنداق دەپ ئاتىۋالغانىكەن.

سوْن ۋوْكوْك كوْزىنى ئوْ ياق ـ بوْ ياققا يوْگوْرتوْپ ، لەمپە ئاستىغا كىيىم يېيىش ئۇچۇن تارتىپ قويغان بىر ئارغامچىنى كوْردى ـ دە ، بىرىپ ئۇنى ئۇزۇۋېلىپ ، ئاتنى چوْشەپ قويدى . چال كوْلوْپ كېتىپ :
— بوْ ئاتنى قەيەردىن ئوغرىلاپ كەلدىڭلار ؟ — دەپ سورىدى .
— هەي قېرى ، نېمە ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلوْپ بىهوْرمەتلىك قىلىسەن ، — دېدى سوْن ۋوْكوْك قاتتىق غەزەپكە كېلىپ ، — بىز بوْددانى زىيارەت قىلىش ئۇچۇن ماڭغان ئەۋلىيا راهىبلار توْرۇقلۇق ئوغرىلىق قىلىمىزمۇ ؟
بوْۋاي يەنە كوْلوْپ توْرۇپ موْنداق دېدى :
— ئوغرىلىمىغان بولساڭ بوْنىڭ ئېگەر ۋە چۇلۋۇرى قېنى ؟ يەنە كېلىپ مېنىڭ كىيىم يايىدىغان تانامنى ئۇزۇپ يوْرسەنا ؟
تاڭ سەنزاڭ دەرهال ئۆزرىخاهلىق ئېيتىپ موْنداق دېدى :
— سەن زادى قەيەرگىلا بارساڭ تەنتەكلىك قىلىپ يۇرسەن . ئاتنى چوْشىمەكچى بولساڭ ، ئارغامچا سورىماي ، نېمىشقا بوْ كىشىنىڭ تانىسىنى ئۇزۇۋېتىسەن ؟ تەقسىر ، سىلىمۇ ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا . ئوچۇقىنى ئېيتسام بوْ ئاتنى ئوغرىلىغانمۇ ئەمەس . شەرقىي دىياردىن مىنىپ كەلگەن ئېتىمنىڭ ئېگەر ـ جابدۇقلىرى هەممىسى تەل ئىدى . توْنوْگوْن بوْركوْت جىلغىسىغا كەلگەندە جىلغىدىن بىر ئەجدىها چىقىپ ، ئېتىمنى ئېگەر ـ جابدۇقلىرى بىلەن قوشوْپ يەپ كەتتى . هېلىمۇ ياخشى شاگىرتىمنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان بولغاچقا ، ئاۋالوكتىسۋارا بوْدساتۋانى چاقىرىپ كەلدى . ئوْ هېلىقى ئەجدىهانى توْتوْپ ، بوْرۇن مەن مىنگەن ئاق ئاتقا ئۆزگەرتىپ بەردى . بوْگوْن جىلغىدىن ئۆتوْپ موْبارەك هوْزۇرلىرىغا يېتىپ كەلگوْچە ، تېخى ئېگەر ـ جابدۇق ئېلىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق .
— كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا ئۇستاز ، مەن چاقچاق قىلىپ قويدۇم ، — دېدى بوْۋاي ، — مەندە بىر يوْرۇش ئېگەر ـ جابدۇق بار . ئوْ مېنىڭ ئادەتتىكى ئەتىۋارلىق نەرسەم . ئەتە ئۇنى ئەكېلىپ

سىلىگە سوۋغا قىلاي . ئاددىي كۆرمەي قوبۇل قىلارلا .
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، تاڭ سەنزاڭ بوۋايغا ئارقا ـ ئارقىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى . خىزمەتكار بالا كەچلىك تاماق ئەكىردى . تاماقتىن كېيىن ھەممەيلەن ئورۇن سېلىپ يېتىپ قالدى .
ئەتىسى ئەتىگەندە بوۋاي ئېگەر بىلەن چۇلۋۇرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ، پەگاھدا قويۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :
— ئۇستاز ، بۇ ئېگەر ـ جابدۇق سىلىگە تەئەللۇق بولسۇن !
تاڭ سەنزاڭ ئۇنى خۇشال ھالدا قوبۇل قىلدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئاتنى ئېگەرلىدى . ئېگەر ئاتقا شۇ قەدەر باب كەلدىكى ، تاڭ سەنزاڭ خۇشاللىقىدىن بوۋايغا ئارقا ـ ئارقىدىن رەھمەت ئېيتتى . بوۋاي يېڭىدىن يەنە بىر قامچىنى چىقىرىپ تاڭ سەنزاڭغا سۇندى . قامچا يولۋاس سىڭىرىدىن ئۆرۈلگەن بولۇپ ، بىر غېرىچچە كېلىدىغان دەستىسى سېرىن ياغىچىدىن ياسالغانىدى .
— ئەۋلىيا راھىب ، — دېدى بوۋاي ئۇنى تاڭ سەنزاڭنىڭ قولىغا بېرىپ ، — مەندە يەنە بىر ئاز مەشۇتمۇ بار ، ئۇنىمۇ سىلىگە سوۋغا قىلاي .
تاڭ سەنزاڭ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ بۇ نەرسىلەرنى قولىغا ئالدى ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ :
— ھەممەتلىرىگە ھەشقاللا ، ھىممەتلىرىگە ھەشقاللا ! — دېدى .
تاڭ سەنزاڭ بىر ئىشنى سورىماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى ، چال تۇرغان ئورنىدا كۆرۈنمىدى . بۇتخانىنىڭ ئورنىمۇ قۇپقۇرۇق تۇزلەڭلىككە ئايلىنىپ قالغانىدى . شۇ ئەسنادا ئاسماندىن :
— ئەۋلىيا راھىب ، كەچۈرگەيلا ! مەن لوجاشەن تېغىدىكى تاغ ئىلاھى بىلەن زېمىن مۇئەككىلى بولىمەن . بۇدساتۋانىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە سىلەرگە جابدۇق ئەكەلگەنىدىم . ياخشى كۈتۈۋالمىغان بولساممۇ يولۇڭلارنى تېزلەتكەيسىلەر ، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى .
تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن ئالمان ـ تالمان سەكرەپ چۈشۈپ ، ئاسمانغا قاراپ تاۋاپ قىلدى ۋە :

— مۇبارەك جامالىلىرىنى پەرق ئېتەلمىگەن گۇناھىمنى كەچۈرگەيلا ، ئەۋلىيايىم ، بۇدساتۋاغا سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويسىلا ! — دېگىنىچە ھە دەپ سەجدە قىلىشقا باشلىدى .
بىر چەتتە قاراپ تۇرغان سۈن ۋۇكۇڭ كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختىتىۋېلىپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنى نوقۇپ تۇرۇپ :
— بولدى ، ئورنىلىرىدىن تۇرسىلا ئۇستازىم ، ئۇ يىراقلاپ كېتىپ قالدى . دۇئايىلىرىنىمۇ ئاڭلىيالمايدۇ . سەجدە قىلغانلىرىنىمۇ كۆرمەيدۇ ، بىكاردىن ـ بىكار ئاۋارە بولمىسىلا ، — دېدى .
— ھەي شاگىرتىم ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — مەن شۇنچە تاۋاپ قىلىپ كەتسەم ، سەن بىرەر قېتىممۇ باش ئېگىپ قويمىدىڭ ، ئەكسىچە چەتتە قاراپ تۇرۇپ مېنى مازاق قىلدىڭ . بۇ زادى نېمە قىلغىنىڭ ؟
سۈن ۋۇكۇڭ مۇنداق دېدى :
— سىلى بىلمەيدىلا ئۇستازىم ، ئەسلىدە بۇنداق سولتەكلەرنىڭ ئەدىپىنى تازا بېرىپ قويسام بولاتتى . بۇدساتۋانىڭ يۈزىنى قىلىپ ئاياپ قويدۇم . مەن تېخى ئۇنىڭغا باش قوياتتىممۇ ؟ مەن ئەزەلدىن ئۆزۈمنى ئەركەك دەپ ھېسابلاپ كېلىۋاتىمەن . باشقىلارغا باش ئۇرۇشنى بىلمەيمەن . ھەتتا يۇرۇن سۇلتان ، ئەۋلىيا پېشۋاسى بولسىمۇ ، ئاددىيلا سالام بېرىپ قويىمەن .
— ھەي ، ئادەم بولمايدىغان ، قۇرۇق گەپنى قويۇپ تېزرەك يولۇڭغا ماڭ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ۋە ئۆزىمۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولغا راۋان بولدى .
ئۇلار بۇ سەپىرىدە لولو ۋە يولۋاسۇيىلىپىزلارغا يولۇققان بولسىمۇ ، لېكىن ئىككى ئاي خاتىرجەم يول يۈردى . كۆنلەر ئۆچقاندەك تېز ئۆتۈپ باھار كۈنلىرى يېتىپ كەلدى . تاغلار يېشىل كىمخاپ يېپىنىپ ، دەل ـ دەرەخ ۋە ئوت ـ گىياھلار بىخ چىقىرىشقا باشلىدى . ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئىللىق قۇياش نۇرى ئاستىدا سەپىرىنى خۇشال ـ خۇرام داۋام قىلدى . قۇياش غەربىي تاغقا باش

قويۇپ ، كەچ كىرەي دەپ قالغانىدى . تاڭ سەنزاڭ كېتىۋېتىپ بىردىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى ۋە ساي ئىچىدىكى سانجاق - سانجاق ئۆي - راۋاقلارنى كۆرۈپ :

— ۋۇكۇڭ ، ئالدىمىزدا كۆرۈنگىنى قايسى يەردۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۇ ساراي ئەمەس ئىبادەتخانىدەك قىلىدۇ ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ بوينىنى سوزۇپ قاراپ ، — بىز شۇ يەرگە بېرىپ قونۇپ قالايلى .

تاڭ سەنزاڭ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى ۋە ئاتنى شۇ ياققا قاراپ دېۋەتتى . بۇ يەرنىڭ زادى قەيەر ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# ئون ئالتىنچى باب

## *ئاۋالوكتىسۋارا خانىقاسىدىكى راھىبنىڭ ئىبسىل گۆھەرنىڭ پېيىگە چۈشكەنلىكى قاراقويۇن تېغىدىكى ئالۋاستىنىڭ كاسايانى ئوغرىلاپ قاچقانلىقى*

ئەلقىسسە ، تاڭ سەنزاڭ بىلەن سۈن ۋۇكۇڭ ئاتنى قامچىلاپ ، بىر تاش دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى . دېگەندەك بۇ يەر بىر ئىبادەتخانا ئىدى . قەۋەت - قەۋەت ئېگىز راۋاقلار ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن پېشايۋانلار ئىنتايىن ھەشەمەتلىك كۆرۈنەتتى . تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن چۈشتى ، سۈن ۋۇكۇڭ يۈك - تاقلارنى يەرگە قويدى . ئۇلار دەرۋازىدىن كىرەي دەپ تۇرۇشىغا ئىچكىرىدىن بىر راھىب چىقتى . تاڭ سەنزاڭ دەرۋازا ئالدىدا تىك تۇرۇپ ئۇنىڭدىن تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى . راھىب ئەدەب بىلەن سالام قايتۇرغاندىن كېيىن سورىدى :

— قەيەردىن كېلىشتىڭلە ؟ قېنى مەرھەمەت ، خانىغا كىرىپ بىر يۇتۇم چاي ئىچىشسىلە .

— بىز شەرقىي دىيار خانىنىڭ ئەلچىلىرى بولىمىز ، گۆھەر نېشىن ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ ساكيامۇنىغا تاۋاپ قىلىش ۋە بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز . بۇ يەرگە كەلگىنىمىزدە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى . بىر كېچە قونۇۋالايلى دەپ كىرىپ قالدۇق ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— مەرھەمەت قىلسىلا ! — دېدى ھېلىقى راھىب تەكەللۇپ بىلەن .

تاڭ سەنزاڭ شۇندىلا سۈن ۋۇكۇڭنى چاقىرىپ ، ئاتنى يېتىلەپ

ئېچكىرىگە كىردى . ھېلىقى راھىب سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپ سەل قورققاندەك بولدى ۋە :
— ئاۋۇ ئاتنى يېتىلەپ كېلىۋاتقىنى قانداق مەخلۇق ئۇ ؟ دەپ سورىدى .
— ئۇ مېنىڭ شاگىرتىم بولىدۇ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ جاۋاب بېرىپ .
— توۋا ، — دېدى ھېلىقى شەيخ بارمىقىنى چىشلەپ ، — ئاشۇ ئەرۋاھتەك سەت نېمىنى شاگىرت قىلىۋالغانلىرىغا ھەيرانمەن .
— سىلى بىلمەيدىلا ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ جاۋابەن ، — ئۇ سەت بولغىنى بىلەن ، لېكىن ماڭا ناھايىتى ئوبدان ئەسقاتىدۇ .
راھىب بىرنېمە دېيەلمەي تاڭ سەنزاڭ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭنى ئەگەشتۈرۈپ دەرۋازىدىن كىردى . دەرۋازىغا ئۇدۇل قىلىپ سېلىنغان ئىبادەتخانىنىڭ ئۇستىگە «ئاۋالوكتىسۋارا خانىقاسى» دېگەن خەت يېزىلغانىدى . تاڭ سەنزاڭ بۇنى كۆرۈپلا ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە :
— شاگىرتىم ، بودساتۋانىڭ شاپائىتىگە رەھمەت ئېيتىدىغان پۇرسەت تاپالماي يۈرەتتىم . بۈگۈن ئۇنىڭ خانىقاسىغا كېلىپ خۇددى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەندەك بولدۇم ، رەھمەت ئېيتىشىڭمۇ ناھايىتى ياخشى پەيتى كەپتۇ ، — دېدى .
راھىب بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرھال بىر شاگىرتىنى چاقىرىپ ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقۇزدى ۋە تاڭ سەنزاڭنى تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇدى .
سۇن ۋۇكۇڭ ئاتنى باغلاپ ، يۈك - تاقلارنى تاشلاپ قويۇپ ، تاڭ سەنزاڭنىڭ كەينىدىن ئىبادەتخانىغا كىردى . تاڭ سەنزاڭ يەرگە چاپلاشقۇدەك بولۇپ دۈم يېتىپ ، بۇتقا سەجدە قىلدى . ھېلىقى راھىب بېرىپ دۇمباقنى چالدى . سۇن ۋۇكۇڭمۇ ئۇنى دوراپ قولىغا كالتەك ئالدى - دە ، داڭنى ئۇرۇشقا باشلىدى . تاڭ سەنزاڭ بولسا سۇپىدا يۈكۈنگەن پېتى پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن دۇئا - تىلاۋەت قىلدى . دۇئا - تىلاۋەت تۈگەپ ، راھىب دۇمباقنى

چېلىشتىن توختىدى . سوْن ۋوْكوْڭ بولسا ھېچنېمىنى ئوْقمىغان قىياپەتتە داڭنى بولوْشچە چېلىۋەردى .

— دوْئا ـ تىلاۋەت توْگىدى ، داڭنى يەنە چېلىۋېرىدىلىغوْ ؟ — دېدى راھىب سوْن ۋوْكوْڭغا قاراپ .

سوْن ۋوْكوْڭ شوْندىلا داڭنى چېلىشتىن توختاپ :

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ ، «بىر كوْن شەيخ بولساڭ ، بىر كوْن داڭ ئوْر» دېگەن شوْ ! — دېدى كوْلوْپ توْروْپ .

داڭ ئـاۋازىنى ئاڭلىغان ئىبادەتخانىدىكى جىمى راھىبلار ۋە راھىب كالانلار بىردەك يوْگوْروْشوْپ چىقىپ :

— داڭنى كەلسە ـ كەلمەس چېلىۋېرىدىغان قەيەردىن كەلگەن ياۋايى نېمە بوْ ؟ — دېيىشىپ كەتتى .

سوْن ۋوْكوْڭ ئوتتوْرىغا سەكرەپ چوْشوْپ ، گېلىنى تازا بىر قىرىۋەتكەندىن كېيىن :

— داڭنى مانا مەن سوْن بوۋاڭ چېلىپ ئوينىدىم ، نېمە گېپىڭ بار ؟ — دېدى .

ئوْنى كوْرگەن راھىبلار :

— ۋاي ، گـوْلـدوْرمـامـا بـوۋا[1] ، ئـوْزلـىرىـمـىدىلە ؟ — دېيىشكىنىچە ئوْنىڭ ئايىغىغا باش قويوْشتى .

— گوْلدوْرماما بوۋاڭلار مېنىڭ چەۋرەم بولىدوْ ، — دېدى سوْن ۋوْكوْڭ ، — قوپوْڭلار ، قوپوْڭلار ، نېمىگە قورقىسىلەر ؟ بىز شەرقىي دىياردىكى بوْيوْك تاڭ دوْلىتىدىن كەلگەن راھىبلار .

بوْ گەپنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولغان راھىبلار تاڭ سەنزاڭغا تاۋاپ ـ تەزىم بەجا كەلتوْردى . ئارىدىن غوجىدار راھىب چىقىپ تەكەللوْپ بىلەن :

— غوجىلىرىم ، ئارقىدىكى خانە كالانغا چىقىپ ، چايغا ئېغىز تېگىشسىلە ، — دېدى .

راھىبلار ئاتنى يېشىپ ، يوْك ـ تاقلارنى كوْتوْروْۋالدى . ئوْلار مەركىزىي ئىبادەتخانىدىن قايرىلىپ ئوْتوْپ ، ئارقىدىكى خاناكالانغا

---

[1] گوْلدوْرماما مالائىكىسى دېمەكچى .

كەلدى ۋە ئۆزلىرىگە تېگىشلىك جايدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇشتى .

غوجىدار راھىب چايدىن كېيىن پەرھىز تائام كەلتۈردى . قاراڭغۇ چۈشۈشكە تېخى خېلى ۋاقىت بار ئىدى . تاڭ سەنزاڭ تائامدىن كېيىن دۇئا قىلىپ تۇرۇشىغا ، ئىككى بالا بىر قېرى راھىبنى يۆلەشتۈرۈپ ئاچىقتى .

— پىر ئاتىمىز كەلدى ، — دېيىشتى شەيخلەر .

تاڭ سەنزاڭ دەرھال ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بېگىم !

قېرى راھىب سالامغا جاۋاب قايتۇرۇپ ، ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن :

— باياتىن بالىلار كىرىپ ، شەرقىي دىياردىكى تاڭ سۇلالىسىدىن ئۆزلىرىنى كەپتۇ ، دېۋىدى ، كۆرۈشەي دەپ چىقتىم ، — دېدى .

— مۇبارەك ھۇزۇرلىرىدا بۇنچىلىك كۆتۈۋېلىشقا ئېرىشەرمىز دەپ ئويلىمىغان ئىكەنمىز ، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— يوقسۇ ، يوقسۇ ، — دېدى قېرى راھىب ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — ئۆزلىرى شەرقىي دىياردىن قانچىلىك يول بېسىپ كەلدىلىكىن ؟ — دەپ سورىدى .

— چاڭئەن چېگرىسىدىن چىقىپ ئون مىڭ چاقىرىمچە مېڭىپتىمەن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ جاۋاب بېرىپ ، — پاسىل تاغدا بىر شاگىرت تېپىۋالدىم . فەنخاب دۆلىتىدىن چىقىپ ئىككى ئاي ئىچىدە بەش مىڭ چاقىرىمچە يول يۈرۈپ ، مۇشۇ يەرگە يېتىپ كەلدىم .

— تولىمۇ ئۇزۇن سەپەر بوپتۇ بۇ ، — دېدى قېرى راھىب ، — پېقىر ئۆمرۈمنى بىكار ئۆتكۈزدۈم ، ئىشىكتىن چىققىنىمنى بىلمەيمەن . «قۇدۇق ئىچىدە تۇرۇپ جاھان مۇشۇ دەيدۇ» دېگەن گەپ ماڭا ئېيتىلغاندەك ، تولىمۇ خىجىل بولىمەن .

— قانچە ياشقا كىرگەنلا؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ .
— ئىككى يۈز يەتمىش ياشقا كىرىپتىمەن ، — دېدى بوۋاي .
— بۇ مېنىڭ ئاران ئون مىڭىنچى ئەۋلاد نەۋرەم ئىكەنغۇ؟
— دېدى سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ .
تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭغا بىر ھومىيىپ قويۇپ :
— بىھۆرمەتلىك قىلىپ ، چوڭلارغا تىل تەگكۈزمە ، — دېدى .
— بېگىم ، ئۆزلىرى قانچە ياشقا كىرگەنلا؟ — سورىدى قېرى راھىب سۇن ۋۇكۇڭدىن .
— دېيىشكە ئاغزىم بارمايدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
قېرى راھىب بۇ سۆزنىڭ چاقچاق ئىكەنلىكى ياكى راستلىقىنى بىلەلمەي ، چاي ئەكېلىشنى بۇيرۇدى . بىر بالا تۇشتىن ياسالغان چۆگۈنىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، ئۈچ ھېجىرغا چاي توشقۇزدى . چاينىڭ خۇشبۇي پۇرىقى گۇپۇلدەپ دىماغقا ئۇرۇلدى . تاڭ سەنزاڭ ھېجىرنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ :
— ھەقىقەتەن ئېسىل نەرسە ئىكەن بۇ ، ئېسىل ھېجىرغا ئېسىل چاي تېخىمۇ يارىشىپتۇ ، — دېدى .
— بۇ بىر نېمىنىڭ ماختىغۇدەك نېمىسى بار دەيلا ، — دېدى قېرى راھىب ، — بېگىم چوڭ يەردىن كەلدىلە ، ئېسىل گۆھەرلىرى بولسا پېقىرنىڭ زىيارىتىگە ئىلتىپات قىلمامىلا؟
— تولىمۇ بىچارىمىز ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — بىزنىڭ شەرقىي دىياردا گۆھەر دېگۇدەك نېمە بولاتتى؟ بولسىمۇ بۇ ئۇزۇن يولدا ئېلىپ يۈرگىلى بولمايدۇ دېسىلە .
بىر چەتتە قاراپ تۇرغان سۇن ۋۇكۇڭ دەرھال گەپكە ئارىلىشىپ :
— ئۇستازىم ، ئالدىنقى كۈنى بوغچىغا يۆگەكلىك بىر كاسايانى كۆرگەنىدىم . ئاشۇمۇ بىر گۆھەر ئەمەسمۇ؟ ئېلىپ كۆرسەتسىلا ، دېدى .
تاڭ سەنزاڭ شۇئان سۇن ۋۇكۇڭنى بىر ياققا تارتىپ پەس ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى :

— شاگىرتىم ، كىشى بىلەن بايلىقتا بەسلىشىشكە ھەرگىزمۇ بولمايدۇ . بىز جېنىمىزنى ئالتقىنىمىزغا ئېلىپ يولغا چىققانلار ، ئازراقمۇ سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيلى .

— كاسايانى كۆرگەننىڭ نېمە يامىنى؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— مېنى چۈشەنمەيسەن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — ئاتا - بوۋىلىرىمىز «كۆرسەتمىگىن تويماسقا ئەتىۋارلىق نەرسەڭنى» دەپ ئېيتقان . كۆرۈپ قالدى ، كۆيۈپ قالدى ، دېگەن گەپ ، كۆيۈپ قالدىمۇ؟ بولدى ، يېپىشقىنى شۇ ! ئۆزۈڭمۇ بالا - قازادىن قورقۇپ تۇرسەن ، شۇڭا تىلەپ تېپىۋالما . بولمىسا جېنىڭدىنمۇ قۇرۇق قالىسەن . بۇ ئىشقا سەل قاراشقا بولمايدۇ .

— خاتىرجەم بولسىلا ، ھەممىسىگە ئۆزۈم ئىگە !

سۈن ۋۇكۇڭ نەسىھەت قىلغانغا ئۇنىماي ، ئالمان - تالمان يۈگۈرۈپ چىقىپ ، بوغچىنى ئەكىردى . ئۇ بوغچىنى يېشىپ كاسايانى چىقىرىشى بىلەن تەڭ ئۆي ئىچىنى جۇلالىق ئالتۇن نۇر قاپلاپ كەتتى . بۇنى كۆرگەن شەيخلەر ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي كاسايانى تەرىپلىشىپ كەتتى .

بۇ ئېسىل گۆھەرنى كۆرگەن قېرى راھىبنىڭ كۆڭلىگە جىن كىردى - دە ، تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ياش تۆككەن ھالدا :

— مەن ھەقىقەتەن بىتەلەي ئىكەنمەن ! — دېدى .

— شەيخىم ، گەپلىرى بولسا دەۋەرسىلە ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ .

قېرى راھىب دېدىكى :

— بېگىم ، باياتىن گۆھەرنى ئاچقان ۋاقىتتا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان بولغاچقا ، كۆزلىرىم تورلىشىپ ئېنىق كۆرەلمەي قالدىم . بۇ تەلەيسىزلىكىم بولماي نېمە؟

— ئۇنداق بولسا چىراغنى ئەكېلىپ ئېنىقراق كۆرۈۋالسىلا ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

قىرى راھىب يەنە گەپ يورغىلىتىپ :
— بېگىم ، گۆھەرلىرىنىڭ ئۆزى پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇرىدىكەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، يەنە چىراغنى ياقساق كۆزنى چېقىپ ئوبدان كۆرگىلى بولماي قالارمىكىن ، — دېدى .
— قانداق كۆرسىلە ياخشى بولاتتى ؟ — سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— بېگىم ، ئەگەر ماڭا ئىشەنسىلە ، ئارقىدىكى ئۆيگە ئاچىقىپ كېچىچە قانغۇدەك كۆرۈۋالسام ، ئەتە يولغا چىققان چاغلىرىدا قايتۇرۇپ بەرسەم قانداق دەيدىلا ؟ — دېدى قىرى راھىب .
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتكەن تاڭ سەنزاڭ سۇن ۋۇكۇڭغا تاپا - تەنە قىلىشقا باشلىدى .
— ھەممە ئىشنى تاپقان سەن ، ھەي بىغەرەز !
— ئۇنىڭ نېمىسىدىن قورقاتتىلە ؟ كۆرمەن دېسە ئەكېلىپ بېرەي ، كۆرۈۋەرسۇن . ئەندىشە قىلىدىغان يەرلىرى بولسا ، مانا مەن ئىگە بولىمەن .
سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سەنزاڭنىڭ توسۇشىغا ئۇنىماي ، كاسايانى قىرى راھىبنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە :
— مانا ، خالىغانچە كۆرۈۋالسىلا ، ئەتە ئەتىگەندە قولۇمغا ساق قايتۇرۇپ بەرسىلىلا بولىدۇ ، — دېدى .
خۇشاللىقىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن قىرى راھىب ئىككى بالىنى چاقىرىپ ، كاسايانى ئەكىرىپ كېتىشكە بۇيرۇدى . ئاندىن باشقا راھىبلارغا ئېتىكاپخانىنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ ، تاڭ سەنزاڭ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭغا بىردىن بامبۇك كارىۋات ئاچىقىپ قويۇپ بېرىشنى تاپىلىدى ۋە ئەتىگەنلىك ناشتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . تاڭ سەنزاڭ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ ئىشىكنى تاقاپ يېتىپ قالدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن .

ھېلىقى قىرى راھىب كاسايانى ئالداپ قولىغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن ، ئارقىدىكى ئۆيدە چىراغنى يورۇتۇپ قويۇپ ، ئۇنىڭغا

تىكىلگىنىچە ئەلەم بىلەن يىغلاپ كەتتى . ئىبادەتخانىدىكى راھىبلار بۇنىڭدىن چۆچۈپ ئۇخلاشقا پېتىنالمىدى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن شاگىرتىدىن ئىككىسى كىرىپ :

— نېمىگە يىغلايدىلا ؟ — ئۇستاز ئاتا ، — دەپ سورىدى .

— مەن ئۆزۈمنىڭ شور پېشانىلىقىمدىن يىغلايمەن ، قاراڭلار ، بۇ تاڭ راھىبىنىڭ ئېسىل گۆھىرىنى ، — دېدى قېرى راھىب .

— بوۋا ، — دېدى شاگىرتلارنىڭ بىرى ، — سىلى ياشىنىپ قالدىلا ، ئۆزلىرىنى بۇنچە قىينىمىسىلا ، بۇ كاسايا ئالدىلىرىدا تۇرغاندىكىن ئېچىپ قانغۇچە كۆرۈۋالسىلا بولمىدىمۇ ، يەنە نېمىشقا يىغلايدىلا ؟

— بۇنى ئۇزاق كۆرەلمەيدىغانلىقىمغا يىغلايمەن ، — دېدى قېرى راھىب ، — بۇ يىل ئىككى يۈز يەتمىش ياشقا كىرىپتىمەن ، نەچچە يۈز كاسايانى ئىگە بوپتىمەن . لېكىن ، بۇنداق كاسايانى كۆرمەپتىكەنمەن . ھەي ، نېمىشقىمۇ تاڭ راھىبى بولمىغاندىمەن !

بۇ چاغدا گۇاڭ جى ئىسىملىك يەنە بىر شاگىرتى سۆز قىستۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— تاڭ سېڭ بىلەن ھېلىقى ھەمراھى سەپەر ھارغىنلىقىدا راسا ئۇخلاۋاتىدۇ . كۈچىمىز بارلاردىن بىرنەچچىمىز قولىمىزغا پىچاق ئەكىرىپ ، ئۇلارنى جايلىۋېتەيلى . جەسىتىنى ئارقا ھويلىغا كۆمۈپ قويايلى . بۇنى پەقەت ئۆزىمىزلا بىلەيلى . ئاندىن يەنە ئات ۋە يۈك - تاقلىرىنى بىر يەرگە يىغىشتۇرۇۋېتىپ ، كاسايانى ئۆز تەۋەرۈكىمىز قىلىۋالايلى . بۇ بىزگە ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس بولسۇن .

بۇنى ئاڭلاپ قېرى راھىب ئىنتايىن مەمنۇن بولدى ۋە شۇندىلا كۆز يېشىنى توختىتىپ :

— ياخشى ، ياخشى ، بۇ قالتىس پىلان بولدى ! — دېدى - دە ، پىچاق ، خەنجەرلەرنى ئىزدەشكە كىرىشتى .

يەنە بىر كىچىك راھىبنىڭ ئىسمى گۇاڭ مۇ بولۇپ گۇاڭ جىنىڭ ھەمساۋاق ئىنىسى ئىدى . بۇ چاغدا ئۇمۇ گەپكە ئارىلىشىپ

مۇنداق دېدى :

— بۇ ياخشى پىلان بولمىدى . ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال كۆزىتىپ باقايلى . ھېلىقى ئاق يۇزلۇككە قارىغاندا چۇپۇر يۇزلۇكنى جايلاش قىيىنغا چۈشىدىغاندەك قىلىدۇ . مۇبادا پىلانىمىز ئىشقا ئاشماي قالسا ، ئۆزىمىزگە بالا تېپىۋالىمىز . مېنىڭ قان چىقارماي تۇرۇپ جان ئالىدىغان بىر ئامالىم بار . سىلەر قوشۇلامسىلەركىن قانداق ؟

— خوش ، قايسى ئامالنى دەيسەن ، ئوغلۇم ؟ — دېدى قېرى راھىب .

— مېنىڭ پىلانىمچە ، — دېدى گۇاڭ مۇ ، — شەرقىي تاغدىكىلەرنى چاقىرايلى ، ئۇلار ھەربىرى بىر قۇچاقتىن ئوتۇن ئېكىلىپ ، ئىبتىكاپخانىنىڭ ئەتراپىغا دۆۋىلىسۇن . ئىشىك - تۈڭلۈكلەرنى مەھكەم دۇملەپ ، ئوت قويۇۋەتسەك ئۇلار ئىبتى بىلەن تەڭ كۆيۈپ تۈگىشىدۇ . ئەتراپتىكى يۇقىرالار كۆرسىمۇ ئۆزلىرى دىققەت قىلماي ئوت كېتىپ كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ دەيدۇ . بۇنداق قىلساق كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزىدىنمۇ قۇتۇلىمىز ، كاسايامۇ بىزنىڭ تەۋەرۇكىمىزگە ئايلىنىدۇ .

راھىبلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن «بۇ قالتىس ياخشى پىلان بولدى !» دېيىشكىنىچە ، شەرقىي تاغ تەرەپتىكى ھۇجرىدىكىلەرنى چاقىرىپ ئوتۇن ئەكېلىشكە بۇيرۇدى . ئىككى يۈزدىن ئوشۇق كىشى كېچىچە ئوتۇن توشۇپ ، ئىبتىكاپخانىنىڭ ئەتراپىنى چەمبەرچاس قورشاپ بولدى .

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلايلى . سۈن ۋۇكۇڭ چېچەن مايمۇن بولغاچقا ، ئۇخلاپ قالغان چاغدىمۇ ناھايىتى سەگەك ياتاتتى . ئۇ سىرتتا كىشىلەرنىڭ ئۇ ياق - بۇ ياققا مېڭىۋاتقانلىقىنى ، شاخ - شۇمبىلارنىڭ شاراقشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ «بۇ جىمجىت كېچىدە پايپاسلاپ يۇرگەن كىملەردۇر ؟ بىزگە قەست قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئوغرىلار بولمىسۇن يەنە !» دېگەن گۇمان بىلەن

دەسسىدە ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، ئىشىكنى ئېچىپ قاراپ باقماقچى بولۇپ ، ئۇستازىنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن قورقۇپ تۇرۇپ قالدى ، ئاندىن بىرلا سىلكىنىپ بىر ھەسەل ھەرىسىگە ئۆزگىرىپ سىرتقا چىقتى . قارىسا ، راھىبلار خانىقانىڭ ئەتراپىغا شاخ ـ شۇمبىلارنى دۆۋىلەپ ئوت قويۇشقا تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ . سۇن ۋۇكۇڭ كۆڭلىدە «ئۇستازىمنىڭ دېگىنىدەك بوپتۇ ـ دە ، ئاخىر ! بۇ قارا نىيەتلەر بىزنى قەستلەپ ، كاسايانى قولغا چۈشۈرمەكچى بولۇشۇپتۇ . ھەي ، ئۆلۈمتۈكلەر ، كالتەكنىڭ تەمىنى بىر تېتىتىپ قوياي دېسەم ، پايلىغۇچىلىكىڭ يوق . ئۆلتۈرۈۋېتەي دېسەم ، يەنە ئۇستازىمنىڭ تاپا ـ تەنىسى . خەپ ، خەپ ! ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ ، دەپ سەنلەرنى تازا بىر جايلىمىسام !» دەپ ئويلىدى ـ دە ، بىرلا موللاق ئېتىپ ، جەنۇبىي ئەرش دەرۋازىسىغا بېرىپ ، پەلەك شاھى گۇاڭ مۇدىن ئوتتىن ساقلاش يوپۇقىنى سورىۋېلىپ ، خانىقاغا قايتىپ كەلدى ۋە ئېتىكاپخانىنىڭ ئۆگزىسىگە مىنىپ ئولتۇرۇپ ، تاڭ سەنزاڭ بىلەن ئات ۋە يۈك ـ تاقلارنى يېپىپ قويدى . ئاندىن قېرى راھىب ئولتۇرغان خاناكالانىڭ ئۆگزىسىگە كېلىپ كاسايانى قوغداشقا تەييارلاندى . ھېلىقى كىشىلەر شاخ ـ شۇمبىلارغا ئوت تۇتاشتۇردى . سۇن ۋۇكۇڭ بىر ئايەتنى ئوقۇپ ، شامالغا قاراپ قاتتىق بىر نەپەس ئالغاندىن كېيىن ، تۆۋەن تەرەپكە قاراپ پۈۋلىدى . شۇئان گۇركىرەپ بوران كۆتۈرۈلۈپ ، ئوتنى ئۇلغايتىۋەتتى . كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئاۋالوكتىسۋارا خانىقاسى تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆيۈشكە باشلىدى . راھىبلار ئاللا ـ توۋا چاقىرىشىپ ساندۇق ـ پاندۇق ، شىرە ، ئورۇندۇق ۋە قازان ـ قومۇچلىرىنى سىرتقا توشۇغىلى تۇردى .

توساتتىن كۆتۈرۈلگەن بۇ ئوت تاغدىكى ئالۋاستى ، يىرتقۇچلارنى چۆچۈتۈۋەتتى . خانىقانىڭ جەنۇب تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان ئون ئىككى چاقىرىمچە يىراقلىقتا قاراقۇيۇن تېغى دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بار بولۇپ ، تاغدىكى قاراقۇيۇن غارىدا بىر ئالۋاستى ئۇخلاپ ياتاتتى . ئۇ ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ روجەكتىن

كىرىشۋاتقان يورۇقلۇقنى كۆردى ـ دە ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ دەل شىمال تەرەپتە ئوت كۆيۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ ، ئالاقزادە بولغان ھالدا :

— بۇ چوقۇم ئاۋالوكتىسۋارا خانىقاسىغا كەتكەن ئوت بولۇشى مۇمكىن . ھەي ، بۇ راھىبلار نېمانچە بىخەستەلىك قىلىدىغاندۇ ؟ مەن بېرىپ ئۆچۈرۈپ بەرمىسەم بولمىدى ئەمدى ، — دېدى ـ دە ، چاققانلىق بىلەن بۇلۇت ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ ، ئوت كۆيۈۋاتقان يەرگە يېتىپ كەلدى . ئاسمان ـ پەلەك كۆيۈۋاتقان ئوتتا ئىبتىكاپخانىنىڭ ئالدىنقى قىسمى كۆيۈپ تۈگەي دەپ قالغان بولۇپ ، ئارقىدىكى ئۆيلەرگە ئوت يېقىنمۇ كەلمىگەنىدى . بۇ خاناكالانغا كىرىپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان بوغچىدىن نۇر چاقناۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە ، دەرھال ئۇنى ئاچتى . ئىچىدىن بۇددىستلارنىڭ ئەتىۋارلىق گۆھىرى بولغان كىمخاب كاسايا چىقتى . شۇ ئەسنادا ئۇ ئوت ئۆچۈرۈشنىمۇ ئۇنتۇپ ، كاسايانى ئالدى ـ دە ، ئالتوپىلاڭدىن پايدىلىنىپ ، غارغا قاراپ تىكىۋەتتى .

ئوت تاڭ سۈزۈلگىچە كۆيۈپ ، ئاران ئۆچتى . يالىڭاچلىنىپ قالغان راھىبلار نالە ـ پەرياد قىلىشقان ھالدا كۈلگە ئايلانغان خارابىلىقتىن ئالتۇن ـ كۈمۈش پارچىلىرىنى تېرىشتۈرۈپ يۈرەتتى . بەزىلىرى تام تۈۋىلىرىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى . بەزىلىرى تۇغما قىياپەتتە بولسىمۇ ، قازان ئېسىپ تاماق قىلىشۋاتاتتى . نالە قىلىشلار ، ئۆكسۈپ يىغلاشلار ، خۇرسىنىپ چۇقان سېلىشلار ئەتراپنى بىر ئالغانىدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن .

ئەمدى گەپنى سۈن ۋۇكۇڭدىن ئاڭلايلى . ئۇ ئوتتىن ساقلاش يوپۇقىنى ئېلىپ ، بىرلا موللاق ئېتىپ جەنۇبىي ئەرش دەرۋازىسىغا چىقتى ـ دە ، ئۇنى پەلەك شاھى گۇاڭ مۇغا قايتۇرۇپ بېرىپ ، بۇلۇت بىلەن خانىقاغا يېنىپ چۈشتى ۋە ھەسەل ھەرىسىگە ئۆزگىرىپ ئىبتىكاپخانىغا كىردى . ئۇ ئەسلىي قىياپىتىگە قايتىپ قارىسا ، ئۇستازى تېخى بىر تاتلىق ئۇخلاۋېتىپتۇ .

— ئۇستازىم، تاڭ يورۇدى، ئورنىلىرىدىن تۇرسىلا! — دەپ چاقىردى سۇن ۋۇكۇڭ.

تاڭ سەنزاڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، ئىشىكنى ئېچىپ ھويلىغا چىقتى ۋە ھويلا تاملىرىنىڭ ئۆرۈلۈپ، راۋاق، ئىبادەتخانىنىڭ غايىب بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولغان ھالدا:

— قېنى بۇ ئىبادەتخانا؟ ھويلا تاملىرىغا نېمە بولدى؟— دەپ سورىدى.

— سىلى تېخىچە چۈش كۆرۈۋاتامدىلا؟ كېچە ئوت كەتتى! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— مەن ئەجەب بىلمەي قاپتىمەنا؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئىبىتىكاپخانىنى مەن ساقلاپ قالدىم، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — قارىسام سىلى ئۇخلاۋاتقان ئىكەنلا، شۇڭا دەخلى قىلماي دەپ ئويغاتمىدىم.

— ئىبىتىكاپخانىنى ساقلاپ قېلىشقا قۇربىڭ يەتكەن ئادەم نېمىشقا باشقا ئۆيلەرگە تۇتاشقان ئوتنى ئۆچۈرۈۋالمىدىڭ؟

— سىلىگە گەپنىڭ راستىنى ئېيتاي، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ھىجىيىپ تۇرۇپ، — سىلى تۈنۈگۈن ئېيتقاندەك، ئۇلارنىڭ كاسايىغا كۆزى چۈشۈپ، بىزنى كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولۇشتى. ئەگەر مەن سېزىپ قالمىغان بولسام، بۈگۈن كۈلىمىز كۆككە سورۇلغان بولاتتى.

— كاسايا قەيەردە؟ ئۇ كۆيۈپ كەتمىگەندۇ؟

— كاسايانى مەن تېپىپ ئەكېلىپ بېرەي، ئۇستازىم، ئاندىن يولغا چىقايلى.

تاڭ سەنزاڭ ئاتنى يېتىلىدى. سۇن ۋۇكۇڭ يۈك ـ تاقنى كۆتۈردى. ئۇلار ئىبىتىكاپخانىدىن چىقىپ خاناكالان تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ھەسرەت بىلەن نالە ـ پەرياد قىلىشىۋاتقان راھىبلار تاڭ سەنزاڭ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك قورقۇپ كەتتى ۋە:

— ئەرۋاھ قىساس ئالغىلى كەلدى ! — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى .

سوْن ۋۇكوْڭ ئۇلارغا قاراپ :

— ئەرۋاھ - پەرۋاھنى قويۇپ ، دەرھال كاسايانى چىقىرىش ! — دەپ توۋلىدى .

راھىبلار بىردەك تىز پۈكۈپ باش ئۇرۇپ :

— جېنىم بوۋا ، قان قەرزىنىڭمۇ ئۆز ئىگىسى بار . بۇ ئىش بىلەن بىزنىڭ ھېچقانداق چېتىشلىقىمىز يوق . سىلەرگە قەست قىلىشنى گۇاڭ مۇ بىلەن قېرى راھىب پىلانلىغان ، بىزگە ئۇۋال قىلمىسىلا ! — دېيىشتى .

— ھىم ، — دېدى سۇن ۋۇكوْڭ ، — ئۆلمەي قالغان ھايۋانلار ! كىم سەنلەردىن قىساس ئالمەن دەپتۇ ؟ كاسايانى چىقىرىپ بەرسەڭلار بولدى . بىز يولغا چىقىدىغان ئادەم .

راھىبلار ئۆمىلىشىپ قوپۇپ ، ئەتراپنى ھەرقانچە ئاختۇرۇپمۇ كاسايانى تاپالمىدى . كاسايا يوقالغاننىڭ ئۈستىگە ، ئىبادەتخانىنىڭ كۆيۈپ تۈگەشكەنلىكىنى كۆرگەن قېرى راھىب ھەسرەت ئوتىدا ئۆرتىنىپ ، باشقا ئامال قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە ، يۈگۈرۈپ بېرىپ تامغا قاتتىق ئۈستى . بىچارىنىڭ مېڭىسى چۇل - چۇل بولۇپ يېرىلىپ ، غەرق قان ئىچىدە جان ئۈزدى .

راھىبلار داد - پەرياد كۆتۈرۈپ :

— ئۇستازىمىز ئۆلۈۋالدى ، كاسايامۇ تېپىلمىدى ، ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ — دەپ يىغلاشقا باشلىدى .

— سەنلەر تىقىشتۇرىۋېلىشتىڭمۇيا ؟ — دېدى سۇن ۋۇكوْڭ ، — بۇ ياققا چىقىش ! ھەممىڭنى تىزىملىك بويىچە بىرمۇبىر تەكشۈرىمەن .

غوجىدار راھىب باش راھىب ، دىۋانە راھىب ، مۇلازىم راھىب ۋە شاگىرت بولۇپ ئىككى يۈز ئوتتۇز ئادەمنىڭ ئىسمىلىكى چۈشۈرۈلگەن ئىككى رويخەت دەپتىرىنى سۇن ۋۇكوڭغا بەردى . سۇن ۋۇكوڭ تاڭ سەنزاڭنى يۇقىرىدىكى ئورۇندۇققا

ئۇلتۇرغۇزۇپ ، ئۆزى ئىسمىلىكنى ئوقۇپ ، ھەربىرەيلەننى ھەتتا كىيىملىرىگىچە سالدۇرۇپ قاتتىق تەكشۈردى . كاسايا تېپىلمىدى . ئۆيدىن ئاچىقىلغان ساندۇقلارمۇ پاك ـ پاكىز تەكشۈرۈلدى . كاسايادىن ھېچقانداق دېرەك بولمىدى .

قاتتىق غەزەپلەنگەن سۈن ۋۇكۇڭ خانەكالانغا كىرىپ قېرى راھىبنىڭ جەسىتىنى سۆرەپ چىقىپ ، ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپمۇ ھېچ نەرسە تاپالمىدى . ئاندىن ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن :

— سىلەرنىڭ بۇ ئەتراپتا جادۇگەرلىك قىلىدىغان ئالۋاستى بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

ئىبادەتخانا بېگى جاۋاب بېرىپ :

— سورىمىغان بولسىلا يادىمغا كەلمەس ئىكەن ، جەنۇب تەرىپىمىزدە قاراقۇيۇن تېغى دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بار . تاغدىكى قاراقۇيۇن غارىدا بىر قارا پالۋان بار . مەن دائىم ئۇنىڭغا ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىپ بېرەتتىم . شۇ بىر ئالۋاستىلا بار ئىدى . باشقىسىنى بىلمەيمەن ، — دېدى .

— ھېلىقى تاغ بۇ يەردىن قانچىلىك يىراقتا ؟ — سورىدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— يىگىرمە چاقىرىمچە كېلىدۇ . ئاۋۇ كۆرۈنگەن چوققا شۇ ! — دېدى غوجىدار راھىب .

— خاتىرجەم بولسىلا ئۇستازىم ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ تاڭ سەنزاڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ ، — ئاشۇ قارا ئالۋاستىنىڭ ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىدە قىلچە گۇمان يوق .

— يىگىرمە چاقىرىم يىراقلىقتىكى كىشىنى ئوغرىلىدى دېيىشكە قانداق ئاساسىڭ بار ؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ .

— سىلى كېچىدىكى ئوتنى كۆرمىدىلە ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلگەن ئوتنىڭ يالقۇنى ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى . يىگىرمە چاقىرىم تۇگۇل ئىككى يۈز چاقىرىم يىراقتىكىلەرمۇ ئېنىق كۆرەلەيدۇ . ئۇ چوقۇم ئوتنى كۆرۈپ ، ئوغرىلىقچە يېتىپ كەلگەندە ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ

كاسايانى سوقۇپ كەتكەن . مەن ئۇنى تېپىپ كەلمەي قويمايمەن !

شۇ سۆزدىن كېيىن سۇن ۋۇكۇڭ چاقچانلىق بىلەن بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ ، كاسايانى تېپىپ كېلىش ئۇچۇن قاراقۇيۇن تېغىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇ بارغاندىن كېيىن كاسايانىڭ ئاقمۇتىنىڭ قانداق بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قانداق قىسمەتلەرگە يولۇققانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# ئون يەتتىنچى باب

## *سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قاراقۇيۇن تېغىدا پوپاڭ كۆتۈرگەنلىكى*
## *بۇدساتۋانىڭ قارائېيىق ئالۋاستىنى بويسۇندۇرغانلىقى*

ئەلقىسسە ، سۇن ۋۇكۇڭ هاۋاغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ، بىر ـ ئىككى تولغىنىپلا هەش ـ پەش دېگۈچە قاراقۇيۇن تېغىغا يېتىپ كەلدى . ئۇ بۇلۇتنى يەرگە قوندۇرۇپ ، تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە زوق بىلەن قاراشقا باشلىدى . شۇ ئەسنادا ئوت ـ چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن بىر دۆڭنىڭ كەينىدىن كىملەرنىڭدۇر پاراڭلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ يېنىك قەدەم تاشلاپ بىر قىيا تاشنىڭ ئاستىغا كېلىپ ئۇ تەرەپنى ئوغرىلىقچە كۆزەتتى ۋە ئۈچ ئالۋاستىنىڭ چىملىقتا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى . ئوتتۇرىدىكىسى ئىنتايىن بەستلىك بولۇپ ، چىرايى قاپقارا ئىدى . ئۇنىڭ سول تەرىپىدە زاهىت قىياپەت بىرى ، ئوڭ تەرىپىدە ئاق كىيىم كىيىۋالغان موللا سۈپەت بىرى ئولتۇراتتى . ئۇلار ئاۋازلىرىنى قويۇۋېتىپ ، بىر نەرسە ئۈستىدە هەدەپ دەتالاش قىلىشىۋاتاتتى .

— ئۆگۈنلۈككە تۇغۇلغان كۈنۈم بولىدۇ ، — دېدى ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان قاراۋاي ، — ئىككىڭلار قەدەم تەشرىپ قىلارسىلەر ؟

— پادىشاهىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەشكە هەر يىلى قاتنىشىۋاتقان تۇرساق ، بۇ يىل بارمىساق سەت بولىدۇ ـ دە ! — دېدى ئاق كىيىملىك موللا .

— كېچە مەن بىر ئەتىۋارلىق گۆهەرنى قولغا چۈشۈردۈم ، — دېدى قاراۋاي ، — بۇددىستلارنىڭ كىمخاب تونى

ئىكەن ، كۆرۈنۈشىدىن خېلى ئوبدان نەرسىدەك قىلىدۇ . ئەتە تۇغۇلغان كۈنۈمدە ئۇنى كىيىپ ، كاتتا زىياپەت بېرەي ، ھەرقايسى تاغدىكى چاپارمەنلەر كېلىپ بۇددا تونىنى مۇبارەكلەشسۇن . زىياپەتنى «بۇددا تونى بەزمىسى» دەپ ئاتايلى . قانداق دەيسىلەر ؟

— ناھايىتى جايىدا گەپ بولدى ، — دېدى زاھىت قىياپەتلىكى ، — مەن ئەتە كېلىپ تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى مۇبارەكلەي ، ئۆگۈنلۈككە زىياپەت يېگىلى كېلەي !

سۈن ۋۇكۇڭ بۇددا تونى توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلاپ ، كاساپىنى دەۋاتقانلىقىنى پەملىدى ـ دە ، غەزىپىنى باسالماي ، قىيا تاش كەينىدىن سەكرەپ چىقىپ ، ئالتۇن توقىلىق گۈرزىسىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا :

— ھەي ، ئوغرى ئالۋاستىلار ! مېنىڭ كاسايىمنى ئوغرىلاپ كېلىپ ، تېخى تون بەزمىسى ئۆتكۈزمەكچىمۇ سىلەر ؟ ئۇنى ياۋاشلىقچە قايتۇرۇپ بېرىش ماڭا ! — دېدى ـ دە ، «قىمىرلاشما !» — دەپ ۋارقىرىغىنىچە ، گۈرزە بىلەن قاراۋاينىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇردى .

ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان قاراۋاي قۇيۇنغا ئايلىنىپ بەدەر تىكىۋەتتى . زاھىتمۇ بۇلۇت ئۈستىگە چىقىپ قاچتى . قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان ئاق كىيىملىك موللا «گۈپ» قىلىپ تەگكەن بىرلا گۈرزە بىلەن شۇ ھامان يىقىلىپ جان ئۈزدى . سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنى تارتىپ قارىۋىدى ، ئەسلىدە ئۇ بىر چىپار يىلان ئىكەن . سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنى ئۈزۈپ بەش ـ ئالتە پارچە قىلىپ ، چوڭقۇر جىلغىغا تاشلىۋەتتى ـ دە ، قاراۋاينى ئىزدەشكە كىرىشتى . ئۇ ئىككى چوققىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، بىر قىيانىڭ ئالدىغا كەلگەندە يەنە بىر غار كۆرۈندى .

سۈن ۋۇكۇڭ غارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، غارنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسى مەھكەم تاقاقلىق تۇراتتى . ئۇ ، دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى توغرىسىغا ئورنىتىلغان تاختايغا «قاراقۇيۇن تېغىنىڭ قاراقۇيۇن غارى» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆردى ـ دە ، گۈرزىسىنى پۇلاڭلىتىپ :

— دەرۋازىنى ئاچ ! — دەپ ۋارقىرىدى .
شۇئان بىر كىچىك ئالۋاستى دەرۋازىنى ئېچىپ چىقىپ :
— كىمسەن ؟ ئەجەب يۇرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ ، مۇقەددەس غارىمىزنىڭ ئالدىغا كەپسەنا ؟ — دەپ ھۆركىرىدى .
سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى تىللاپ :
— ھەي ، بۇرنىغا ئۆلۈم پۇرىغان ئىپلاس مىتە ! سېسىق غارىڭنى ئەجەب ئاغزىڭ كۆيمەي «مۇقەددەس غار» دەيسەنا ؟ دەرھال كىرىپ قاراۋاي ئىگەڭگە ئېيت ، ئاكاڭ قارىغاينىڭ كاساياسىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىغان بولسا ، ھەممىڭنىڭ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلايمەن ! — دېدى .
كىچىك ئالۋاستى ئالمان ـ تالمان يۈگۈرۈپ كىلىپ خەۋەر يەتكۈزدى :
— پادىشاھىي ئالەم ، بۇددا تونى بەزمىسىنى ئۆتكۈزەلمەيدىغان بولدۇق . سىرتتا بىر چۈپۈر يۈزلۈك شەيخ كاسايانى سوراپ كەپتۇ !
دۆڭنىڭ كەينىدە سۇن ۋۇكۇڭدىن ئەدىبىنى يەپ ، قېچىپ كىلىپ ، ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرغان قاراۋاي ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ «قەيەردىن كەلگەن ئۆكتەم نېمە بۇ ؟ تېخى ئىشىكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ جېدەل چىقارماقچى بوپتىمۇ ؟» دەپ ئويلىدى ـ دە ، ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ ، قارا نەيزىسىنى كۆتۈرگەن ھالدا غار ئالدىغا چىقتى .
سۇن ۋۇكۇڭ ئۇزىنى چاققانلىق بىلەن دالدىغا ئېلىپ ، قولىدىكى گۈرزىسىنى چىڭ تۇتقان ھالدا ، ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاياغ سەپسېلىپ ، ئىچىدە كۈلۈپ كەتتى ۋە «كۆمۈرچى دىۋانىدىن قىلچە پەرقى يوق نېمە ئىكەنغۇ بۇ ! ئۇ چوقۇم مۇشۇ ئەتراپتا خۇمدانچىلىق قىلىپ جان باقسا كىرەك . قارىمامدىغان ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىنىڭ قازاندەك قارىلىقىنى» دەپ ئويلىدى .
ھېلىقى ئالۋاستى بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى :
— مىنىڭ ئالدىمغا كېلىپ نوچىلىق قىلىدىغان قانداق شەيخسەن ؟

سوْن ۋوْكوْك گوْرزىسىنى كۆتۈروْپ ، ئوْنىڭ ئالدىغا يوْگوْروْپ باردى ۋە :

— قوْروْق گېپىڭنى قويوْپ ، دەرھال ئاتاڭنىڭ كاساياسىنى قايتوْروْپ بەر ! — دەپ ۋارقىرىدى .

— قايسى بوْتخانىنىڭ شەيخىسەن ؟ — دېدى ھېلىقى ئالۋاستى ، — كاساياڭنى چوْشوْروْپ قويغان يەردىن ئىزدىمەي ، نېمىشقا مېنىڭ ئالدىمغا كەلدىڭ ؟

— كاسايانى شىمال تەرەپتىكى ئاۋالوكتىسۋارا ئىبتىكاپخانىسىنىڭ خاناكالانىدا قويغانىدىم . ئىبتىكاپخانىغا ئوت كەتكەندە ، سەن مالىماندىن پايدىلىنىپ بوْلاپ كەپسەن . تېخى توْغوْلغان كوْنوْڭدە ئوْنى كىيىپ «تون بەزمىسى» ئۆتكوْزمەن دەۋاتىسەن ، بوْنىڭدىنمۇ تېنىۋالماقچىمۇ سەن ؟ جېنىم ئامان قالسوْن دېسەڭ ، دەرھال ئوْنى ماڭا قايتوْروْپ بەر !

ئالۋاستى سوْن ۋوْكوْڭنىڭ بوْ سۆزىنى ئاڭلاپ ، سوغوْق ھىجىيىپ قويدى ۋە :

— ھەي ، ناكەس ! ئەسلىي توْنوْگوْنكى ئوتنى سەن قويوْۋېتىپتىكەنسەن - دە ! سەن ھېلىقى يەردە ئالتوپىلاڭ قىلىۋاتقان چاغدا مەن كاسايانى ئەكەلدىم . قانداق ، گېپىڭ بارمۇ ؟ ئۆزۈڭ قەيەردىن كەلدىڭ ؟ قايسى ئوْروْقتىن بولىسەن ؟ — دېدى .

— چوڭ ئاتاڭنى تونوْماي قالغان بولساڭ تونوْپ قوي ، — دېدى سوْن ۋوْكوْڭ ، — مەن سوْن ئوْروْقىدىن بولىمەن ، ئىسمىم ۋوْكوْڭ شىڭجې بولىدوْ .

ئالۋاستى بوْ گەپنى ئاڭلاپ كوْلوْپ كەتتى ۋە :

— ھە ، ھېلىقى ئەرشنى قالايمىقان قىلغان مىراخور سەن بولامسەن ؟ — دېدى .

سوْن ۋوْكوْڭ كىمىكى ئۆزىنى مىراخور دەپ ئاتىسا چىداپ تۇرالمايتتى . بوْ سۆزنى ئاڭلاپ ئوْ دەرغەزەپكە كەلدى ۋە ئالۋاستىنى تىللاپ كەتتى :

— ھەي ئوغرى ئالۋاستى ، كاسايانى ئوغرىلىغانىنى ئاز دەپ ،

تېخى ئاتاڭغا تىل تەگكۈزمەكچىمۇ سەن ؟ مانا ئەمىسە ، كالتىكىمنى بىر تېتىپ باق !

ھېلىقى ئالۋاستى ئۆزىنى شاققىدە قاچۇرۇپ ، نەيزىسىنى تەڭلىگەن ھالدا ئېتىلىپ كەلدى . شۇ تۇتۇشقانچە ئۇلار ئون مەرتەم ئېلىشىپمۇ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى . كۈن چۈش بولاي دېگەندە ، قاراۋاي نەيزىسى بىلەن گۈرزىنى توسۇپ تۇرۇپ :

— سۇن شىڭجې ، جەڭنى بىرئاز توختىتايلى ، مەن تاماق يەۋېلىپ كېلىپ ، ئاندىن سەن بىلەن ئېلىشىمەن ! — دېدى - دە ، قورالىنى نىشانىسىزلا بىر پۇلاڭلىتىپ قويۇپ ، غار ئىچىگە غىپپىدە كىرىپ ، دەرۋازىسىنى تاقىۋالدى . ئاندىن ئالۋاستىلىرىنى چاقىرىپ ، زىياپەتكە تەييارلىق كۆردى ۋە ھەرقايسى تاغدىكى ئالۋاستى پادىشاھلىرىغا باغاق يازدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن .

سۇن ۋۇكۇڭ ھەرقانچە ھەپىلىشىپمۇ دەرۋازىنى ئاچالمىغاندىن كېيىن ، ئاۋالقىسىۋارا ئېتىكاپخانىسىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى . راھىبلار قېرى راھىبنى دەپنە قىلىپ بولۇپ ، تاڭ سەنزاڭنى كۈتۈش بىلەن بولدى . ئەتىگەنلىك ناشتا تۈگەپ ، چۈشلۈك تاماق ئەمدىلا شىرەگە تىزىلىۋاتقاندا ، سۇن ۋۇكۇڭ ئاسماندىن چۈشۈپ كەلدى . راھىبلار ئۇنى تەزىم - تاۋاپ بىلەن كۈتۈۋېلىپ ، خاناكالاندا ئولتۇرغان تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى .

— ۋۇكۇڭ ، قايتىپ كەلدىڭمۇ ؟ كاسايا قانداق بولدى ؟ — دەپ سورىدى تاڭ سەنزاڭ .

— كاسايانىڭ ئىز - دېرىكى تېپىلدى . ئەمدى ئۇنىڭ قايتۇرۇپ بەرمەسلىكىدىن قورقمايمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ راھىبلارنىڭ بەزىلىرى ئالقانلىرىنى جۈپلەپ ، بەزىلىرى باش ئېگىشكەن ھالدا :

— شۈكۈر ، ئامىتابا ، كاسايانىڭ ئىز - دېرىكى تېپىلىپ ، جېنىمىزمۇ ئامان قالىدىغان بولدى ، — دېيىشتى .

غوجىدار راھىب سوْن ۋۇكوْك ئوْچوْن ئايرىم گۆشسىز تاماق كەلتۈردى . سوْن ۋۇكوْك چالا ـ بۇلا غىزالىنىپلا ، بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ يەنە يۇرۇپ كەتتى . ئۇ كېتىۋېتىپ بىر كىچىك ئالۋاستىنىڭ چوڭ يولدا قولتۇقىغا نەشپۈت ياغىچىدىن ياسالغان بىر كىچىك ساندۇقنى قىستۇرۇۋالغان ھالدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە ، ساندۇقنىڭ ئىچىدە چوقۇم ئېسىل سوۋغات بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ ، ئۇچۇپ چۈشكەن پېتى ئۇنىڭ ئالدىنى توسىدى ۋە گۈرزە بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى قويدى . ھېلىقى ئەبلەخ غەرق قانغا مىلىنىپ ، شۇ ھامان جان ئۈزدى . سوْن ۋۇكوْك ساندۇقنى ئېچىپ ، ئىچىدىن بىر باغاقنى ئالدى . باغاق مۇنداق يېزىلغانىدى :

*«بۈيۈك خانىقادىكى ئالىي ھۆرمەتلىك راھىب كالانغا :*

*ھالا بۈگۈنكى كۈنگىچە ماڭا كۆرسەتكەن شەپقەتلىرى دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇردۇر . ئۆزلىرىنىڭ ھىمايىسى بولغاچقا ، ئۆزگىلەرنىڭ زىيان ـ زەخمىتىگە يولۇقماي ، ياخشى كۈن كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن . ئالدىنقى كۈن پېقىرنىڭ تەلىيى كېلىپ ، بىر بۇددا تونىغا ئىگە بولدۇم . ئۇنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت قىلىپ ، ئېسىل شاراب ـ مەئىشەتلەر بىلەن ھەربىرلىرىنى كۈتۈۋېلىشنى قارار تاپتىم . مۆھتەرەم ئەۋلىيانىڭ ئېغىر كۆرمەي ۋاقتىدا قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرىنى سورايمەن .*

*ئېھتىرام بىلەن باش ئېگىپ كەم ئەقىل ئېيىقتىن» .*

خەتنى كۆرۈپ سوْن ۋۇكوْك كۈلۈپ كەتتى ۋە ئىچىدە «ھىم ، قېرى جادى ، سەن تېخى ئالۋاستىلار بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ يۈرۈپتىكەنسەن ـ دە ! خەپ توختاپ تۇر ! مەن سېنىڭ قىياپىتىڭدە ياسىنىپ كىرىپ ، كاسايانى غاردىن ئىزدەپ كۆرەي . مۇبادا تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ ، كاسايانى ئەكېتەلىسەم ، ئىشنىڭ ئەپلەشكىنى شۇ»

دېدى ـ دە ، بىر ئەپسۇننى ئوقۇپ ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ھېلىقى قېرى راھىبنىڭ قىياپىتىگە ئۆزگەردى . ئاندىن گۇرزىسىنى يوشۇرۇپ غار ئالدىغا كەلدى ۋە :

— ئىشىكنى ئېچىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى .

كىچىك ئالۋاستىلار دەرۋازىنى ئېچىپ چىقىپ ، ئۇنى كۆرۈپلا قايتىپ كىرىپ خەۋەر يەتكۈزدى :

— پادىشاھى ئالەم ، ئالتۇن ھاۋزادىكى ھەزرىتىم كەپتۇ !

ھېلىقى ئالۋاستى ھەيران بولۇپ :

— تېخى باياتىنلا ئۇنىڭغا باغاق ئەكىتىۋىدىغۇ ؟ ھازىر ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغۇدەك بولمىسا ، ئۇ شۇنچە تېز يېتىپ كەپتىمۇ ؟ بىزنىڭ ئەلچى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشالمىغان بولسا ، سۈن شىڭجې ئۇنى كاسايانى ئېلىپ بەر دەپ ئەۋەتتىمۇيا ؟ تېز بولۇڭلار ، تونىنى بىر يەرگە تىقىپ قويۇڭلار . ئۇ كۆرۈپ قالمىسۇن يەنە ! — دېدى .

سۈن ۋۇكۇڭ بىرىنچى دەرۋازىدىن كىرىپ ، ھويلىدا ھەر خىل دەرەخلەرنىڭ باراقسان بولۇپ ئۆسكەنلىكىنى ، شاپتۇل ۋە نەشپۈتلەرنىڭ ھۆپپىدە چېچەكلىگەنلىكىنى كۆردى . بۇ يەرمۇ ئۆز ئالدىغا بىر جاھان ئىدى . ئۇ ، ئىككىنچى دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە «بۇ تاغ ئىچى جىمجىتلىق ، غەم ـ غۇسسە يوق خىلۋەتتۇر ، ئۇشبۇ ئىلاھ غارىمىز گويا ئېسىل جەننەتتۇر» دېگەن بېيىتنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆردى . ئۈچىنچى دەرۋازىدىن كىرىپ چىرايلىق نەقىشلەنگەن ۋە رەسىملەر سىزىلغان تۈۋرۈكلەرگە ، رەڭگارەڭ بېزەلگەن روجەكلەرگە زوق بىلەن قاراپ قالدى .

ھېلىقى قاراۋاي سۈن ۋۇكۇڭنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، دەرھال ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ ، پەشتاقتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە :

— قەدىناس دوستۇم ، نەچچە كۈندىن بېرى سىزنى كۆپ ئەسلىدىم ، كېلىڭ ، يۇقىرى ئۆتۈڭ ، — دېدى تەكەللۇپ كۆرسىتىپ .

سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن ،

ئولتۇرۇپ كەلتۈرۈلگەن چاينى ئىچتى. چايدىن كېيىن ئالۋاستى سۆز ئاچتى:

— قەدىناس دوستۇم، سىزنى ئەتىگە تەكلىپ قىلغانىدىم، ئەجەب بۇگۈن قەدىمىڭىز يېتىپ قاپتۇغۇ؟

— ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتىم، يولدا خۇاخەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ «بۇددا تونى بەزمىسى» بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ بېقىش تەقەززالىقى بىلەن ئالدىراپ كېلىپ قالدىم، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— خاتا چۈشىنىپ قالغان ئوخشايسىز، قەدىناس دوستۇم، — دېدى ئالۋاستى كۈلۈپ كېتىپ، — بۇ ئەسلى تاڭ سېڭنىڭ كاساياسى. ئۇ سىزنىڭ ھوزۇرىڭىزدا تۇرغاندا كۆرگەن بولغىيدىڭىز. يەنە مېنىڭ قېشىمغا ئۇنى كۆرىمەن دەپ كەلگىنىڭىز نېمىسى؟

— مەن ئۇنى تاڭ سېڭدىن سورىۋېلىپ تېخى ئېچىپ كۆرمەستىنلا سىز ئەكېلىۋاپسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي - بىساتلىرىم ئوت ئاپىتىگە ئۇچراپ ۋەيران بولدى. تاڭ سېڭنىڭ شاگىرتى قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ھەرقانچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدى، ئاخىر بۇ ئامەتنىڭ سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىر كۆرۈۋالاي دەپ كەلدىم.

شۇ ئەسنادا بىر قاراۋۇل ئالۋاستى كىرىپ:

— پادىشاھىئالەم، چاتاق بوپتۇ. باغاق ئەكەتكەن لەشكەرنى سۈن شىڭجې يولدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۆزى بولسا ئالتۇن ھاۋزادىكى ھەزرىتىمنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ، تونىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن كەپتۇ! — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

ئالۋاستى بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە «ھەزرىتىمنىڭ بۇگۈنلا ئالدىراپ كەلگەنلىكىدىن گۇمانلانغانىدىم، دېگىنىمدەك شۇ ئىكەن - دە!» دەپ ئويلىدى - دە، چاچراپ بىرىپ قورالىنى ئېلىپ، سۈن ۋۇكۇڭغا ئېتىلدى. سۈن ۋۇكۇڭ قولىقىدىن گۈرزىسىنى چىقىرىپ، ئۆز ئەسلىگە كەلدى ۋە ئالۋاستى بىلەن

ئىلىشقانچە ئالدى دەرۋازىغا كەلدى . غاردىكى ئالۋاستىلار قورقىنىدىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىشتى . بۇ ئىككىسى ئىلىشقان پېتى غار ئاغزىدىن تاغ چوققىسىغا چىقتى ، تاغ چوققىدىن بۇلۇتلار ئۈستىگە كۆتۈرۈلدى . شىددەتلىك ئىلىششتا تۇمانلار داۋالغۇپ ، بوران كۆتۈرۈلدى . قۇم - شېغىللار ۋىشىلداپ ئۇچۇشقا باشلىدى . ئۇلار ئەتىگەندىن تاكى كۇن ئولتۇرغىچە ئىلىشىپمۇ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى .

— بولدى قىل شىڭجى ، — دېدى ھېلىقى ئالۋاستى ، — بۇگۇن كەچ كىرىپ قالدى . سەن قايتىپ ئەتە ئەتىگەن كەل . شۇ چاغدا يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم بولىدۇ !

— ئوغۇل بالا بولساڭ قاچما ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — ئىلىشقان ئىكەنمىز ، راۋۇرۇس ئىلىشىمىز ، كەچ بولۇپ قالدى دەپ باھانە قىلما !

بۇ سۆز بىلەن تەڭ سۇن ۋۇكۇڭ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ، ئۇنىڭغا يامغۇردەك كالتەك ياغدۇردى . قاراۋاي بىردىن سەلكىن شامالغا ئايلىنىپ غارغا قېچىپ كىرىۋالدى ۋە تاش دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقاپ بېكىنىۋالدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئامالسىز ئاۋالوكتىسۋارا ئىبادەتخانىسىغا قايتىپ كېلىپ ، ئىبتىكاپخانىدا ئۇخلاپ قالدى . تاڭ سەنزاڭ كاساياننىڭ غېمىدە كېچىچە كۆز يۇمماي چىقتى . بىر چاغدا ئۇ روجەك تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ،ئاسمىنىڭ يورۇغانلىقىنى كۆردى - دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ ، سۇن ۋۇكۇڭنى چاقىردى :

— ۋۇكۇڭ ، تاڭ يورۇدى ، تېز بول ، كاسايانى تېپىپ كەل !

سۇن ۋۇكۇڭ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ، ناشتىلىق ئەكىرگەن شەيخلەرگە قاراپ :

— سىلەر ئۇستازىمغا ئوبدان قاراڭلار ، مەن كەتتىم ، — دېدى .

تاڭ سەنزاڭ كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئۇنى توسۇۋېلىپ :

— قەيەرگە كەتمەكچى بولۇۋاتىسەن ؟ — دەپ سورىدى .

سۈن ۋۇكۇڭ جاۋاب بېرىپ :

— بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاۋالوكتىسۋارا بودساتۋانىڭ ئويۇنىمىكىن دەيمەن . بۇ ئىبتىكاپخانا ئۇنىڭغا تەئەللۇق ، ئۇ بۇ يەردىكىلەرنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇپ ، ئالۋاستىلارنىڭ قوشنا بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇپتۇ ، مەن جەنۇبىي دېڭىزغا بېرىپ ئۇنى تېپىپ ، كاسايانى ئۆزىڭىز كېلىپ ئېلىپ بېرىڭ دەپ ئېيتىمەن ، — دېدى .

— قاچانراق قايتىپ كېلىسەن ؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ .

— كېچىكسەم كۈن چۈشتىن قايرىلغىچە ، بولمىسا سىلەر ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپ بولغۇچە ئىشنى پۈتكۈزۈپ كېلىمەن . شەيخلەر سىزنى ئوبدان كۈتسۇن ، مەن كەتتىم .

سۈن ۋۇكۇڭ شۇ سۆزدىن كېيىنلا كۆزدىن غايىب بولدى ۋە ھەش - پەش دېگۈچە جەنۇبىي دېڭىزغا يېتىپ كېلىپ ، بامبۇكزارلىققا چۈشتى . شۇئان پەرىزاتلار يېتىپ كېلىپ سورىدى :

— بودساتۋا سىزنى توغرا يولغا قايتتى دەپ ئېيتقانىدى ، سىز تاڭ سېڭغا ھەمراھ بولماي ، ئەجەب بۇ يەرگە كېلىپ قاپسىزغۇ ؟

— تاڭ سېڭغا ھەمراھ بولۇپ كېتىۋاتقىنىمدا يول ئۈستىدە بىر پېشكەللىككە يولۇقتۇم ، شۇڭا بودساتۋاغا مۇراجىئەت قىلىپ كېلىپ قالدىم ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

پەرىزاتلار غار ئالدىغا كېلىپ خەۋەر يەتكۈزدى .

بودساتۋا سۈن ۋۇكۇڭنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەردى . سۈن ۋۇكۇڭ مۇنبەر ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سالام بەجا كەلتۈردى .

— ھە ، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ ؟ — سورىدى بودساتۋا .

— يول ئۈستىدە سىزنىڭ ئىبتىكاپخانىڭىزغا چۈشكەندۇق ، سىز كىشىلەرنىڭ نەزىر - چىرىغىنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇپ ، بىر قارا ئېيىق ئالۋاستىنىڭ ئۇ يەردە قوشنا ئولتۇرۇشىغا يول قويۇپسىز . ئۇ ئۇستازىمنىڭ كاسايانى ئوغرىلاپ كەتتى . بىر نەچچە قېتىم سورىسام ئۇ قايتۇرۇپ بېرىشكە ئۇنىمىدى . شۇڭا ،

ئۇنى سىزدىن ئېلىش ئۈچۈن كەلدىم، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— نېمانچە بىمەنە گەپ قىلىسەن، مايمۇن، — دېدى بۇدساتۋا، — كاسايانى قارا ئېيىق ئالۋاستى ئوغرىلاپ كەتسە مەندىن ئالامسەن؟ ھەممىسى سېنىڭ تاپقان بالايىڭ. كاسايانى كۆز - كۆز قىلىپ، كەلسە - كەلمەس ئادەملەرگە كۆرسىتىپ يۈرسەڭ، سېخىرگەرلىك قىلىپ بوران چىقىرىپ ئوتنى ئۇلغايتىۋەتسەڭ، يەنە مەن ئەيىبلىك بولىمەنمۇ؟

سۇن ۋۇكۇڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بۇدساتۋانىڭ ھەممە ئىشنى بىلىپ يەتكەنلىكىنى پەملىدى - دە، ئالمان - تالمان تەزىم قىلىپ:

— بۇدساتۋا، گۇناھىمنى كەچۈرگەيلا، ئىش ھەقىقەتەن شۇنداق بولدى. لېكىن، شۇنىڭغا ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇكى، ھېلىقى ئالۋاستى كاسايانى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئۇنىمايۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇستازىمنىڭ يەنە ھېلىقى ئەپسۇننى ئوقۇپ، بېشىمنى ئاغرىتىۋېتىشىدىن قورقۇپ، ئۆزلىرىنى مالال قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. ئۆتۈنۈپ قالاي، شاپائەتلىرىنى كەڭ قىلىپ، ئالۋاستىدىن كاسايانى قايتۇرۇۋېلىشقا ياردەم قىلىسىلا. يولىمىزدىن قالمايلى يەنە، — دېدى.

— ئۇ ئالۋاستىمۇ ناھايىتى كارامەتلىك نەرسە، سەندىن قالغۇچىلىكى يوق، — دېدى بۇدساتۋا، — بوپتۇ، تاڭ سېڭنىڭ يۈزىنى دەپ بولسىمۇ سەن بىلەن بىرگە باراي.

سۇن ۋۇكۇڭ بۇ سۆزدىن مەمنۇن بولۇپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي تەشەككۈر بىلدۈردى. ئۇلار غاردىن چىقىپ بۇلۇتقا ئولتۇردى ۋە قاراقۇيۇن تېغىغا يېتىپ كېلىپ، غارنى ئىزدەپ ماڭدى.

ئۇلار كېتىۋاتقاندا دۆڭدىن بىر دەرۋىش ئىككى تال ئىسكىر - ناياپ سېلىنغان ئەينەك تەخسىنى كۆتۈرگەن ھالدا چۈشۈپ كەلدى - دە، سۇن ۋۇكۇڭغا سوقۇلۇپ كەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ شۇئان گۈرزىسىنى چىقىرىپ دەرۋىشنىڭ بېشىغا بىرنى قويدى. دەرۋىشنىڭ مېڭىسى چاچراپ چىقىپ، پۈتۈن ئەزايى غەرق

قانغا مىلەندى .

— يەنە ئادەم بولماپسەن ـ دە ! سەن مايمۇن ، — دېدى ھەيرانۇھەس بولغان بۇدساتۋا ، — ئۇ سېنىڭ كاساياڭنى ئوغرىلىمىسا ياكى سېنىڭ بىلەن تونۇشمىسا ھەم ئۆچ ـ ئاداۋىتىڭمۇ بولمىسا ، نېمىشقا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىسەن ؟

— سىلى ئۇنى تونۇمايدىلا ، بۇدساتۋا ، ئۇ قارا ئېيىق ئالۋاستىنىڭ ھەمشىرىكى ، تۈنۈگۈن مەن ئۇنىڭ تاغ كەينىدىكى چۆپلۈكتە ئاق كىيىملىك بىر تالىپ بىلەن قارا ئېيىق ئالۋاستىغا «ئۆگۈنلۈككە سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز بولىدۇ ھەم بۇددا تونى بەزمىسى ئۆتكۈزىسىز ، مەن چوقۇم كېلىپ سىزنى مۇبارەكلەيمەن» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالغانىدىم . ئۇنى ئۇبدانلا تونۇيمەن . بۈگۈن ئۇ چوقۇم شۇ ئالۋاستىنىڭ مەرىكىسىگە ماڭغان نېمە .

— دېگەنلىرىڭ راست بولسا ، بوپتۇ !

سۇن ۋۇكۇڭ شۇندىلا ھېلىقى دەرۋىشنى يەردىن يۇلۇۋېلىپ ، ئۇنىڭ بىر بوز بۆرە ئىكەنلىكىنى كۆردى ۋە يەردە تاشلىنىپ ياتقان تەخسىنىڭ كەينىگە «لىڭ شۈزى ياسىدى» دېگەن خەت يېزىلغانلىقىنى بايقىدى .

— مانا ، مانا ، ئامەت دېگەن شۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ خۇشال بولۇپ ، — ھەر ئىككىلەنگە ئاسان بولدى ، بۇ ئالۋاستىمۇ ئۆزىنى ـ ئۆزى مەلۇم قىلدى . ئۇ ئالۋاستىنىڭمۇ ئىشى تۈگەشتى !

— بۇ نېمىدېگىنىڭ ۋۇكۇڭ ؟

— «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دەيدىغان گەپ بار ، بۇدساتۋا . سىلى مېنىڭ دېگىنىمگە كۆنەملىكىنتاڭ ؟

— قانداق دەيسەن ؟

— بۇ تەخسىگە «لىڭ شۈزى ياسىدى» دەپ يېزىلغىنىغا قارىغاندا ، بۇ دەرۋىشنىڭ نامى چوقۇم لىڭ شۈزى بولۇشى مۇمكىن . ئەگەر ماقۇل كۆرسىلە ، سىلى ئۇنىڭ قىياپىتىگە ئۆزگەرسىلە . مەن بۇ ئىككىر ـ نايابتىن بىرنى يەپ ، يەنە ئۇنىڭغا ئۆزگىرىۋالاي . ئۇ ئەسلىدىكىدىن سەل چوڭراق بولىدۇ . سىلى بۇ ئىككى تال

ئىسكىر ـ نايانى تەخسە بىلەن كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئالۋاستىنى مۇبارەكلىسىلە ۋە چوڭراقىنى ئۇنىڭغا بەرسىلە. ئۇ يېگەندىن كېيىنلا ئۇزۇم بىلىپ ئىش كۆرىمەن. ئەگەر ئۇ تونىنى تاپشۇرۇشقا ئۇنىمىسا، ئۇنىڭ ئۇچەي ھېسسىپلىرىدىن تون توقۇپ چىقىمەن.

بۇدساتۋا ئامالسىز ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتتى ۋە بىرلا سىلكىنىپ لىڭ شۈزىنىڭ قىياپىتىگە كىردى. سۇن ۋۇكۇڭمۇ بىر تال ئىسكىر ـ ناياپ بولۇپ ئۆزگەردى. بۇدساتۋا ئۇنى تەخسىگە سالدى ـ دە، ئالۋاستى غارىنىڭ ئالدىغا كەلدى. غار ئالدىدىكى كۆزەتچى ئالۋاستىلار ئۇنى تونۇپ، «لىڭ شۈزى ھەزرىتىم كەلدى!» دېگىنىچە ئۇنى ئىچكىرىگە باشلىدى. ھېلىقى ئالۋاستىمۇ دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىپ:

— لىڭ شۈزى، مۇبارەك قەدىمىڭىز بۇ ۋەيرانە كۇلبىمىزگە يېتىپ قاپتۇغۇ؟ — دېدى.

— كەمىنىڭىز تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن بىر تال ئىسكىر ـ ناياپ ئەكەلدىم، — دېدى بۇدساتۋا جاۋاب بېرىپ.

ئۇلار تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئالۋاستى يەنە تۇنۇگۈنكى ئىشتىن ئېغىز ئاچتى. بۇدساتۋا ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئىسكىر ـ ناياپ سېلىنغان تەخسىنى چىقاردى.

— بۇ كىچىككىنە كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلغايسىز، جانابىي تەقسىر، — دېدى ئۇ چوڭراقىنى ئالۋاستىنىڭ ئالدىغا سۇرۇپ قويۇپ، — ئۆمرىڭىزنىڭ ئۇزاق بولۇشىغا تىلەكداشمەن.

ھېلىقى ئالۋاستىمۇ بۇدساتۋانىڭ ئالدىغا بىر تىلىنى سۇرۇپ قويۇپ:

— جانابىڭىزنىڭمۇ ئۆمرى ئۇزاق بولغاي! — دېدى ـ دە، ئىسكىر ـ نايانى ئاغزىغا سېلىپ يۇتۇۋەتتى.

سۇن ۋۇكۇڭ شۇئان ئۆز ئەسلىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئىچ ـ باغرىنى قوچۇشقا باشلىدى. ئالۋاستى يەرگە يىقىلىپ، ئەلەم بىلەن تولغىنىپ كەتتى. بۇدساتۋامۇ ئۆز ئەسلىگە كېلىپ، ئالۋاستىدىن

تونىي قايتۇرۇۋالدى . سۇن ۋۇكۇڭ بولسا ئاللىقاچان ئۇنىڭ بۇرنى ئارقىلىق سىرتقا چىقىۋالغانىدى . بۇدساتۋا ئالۋاستىنىڭ يەنە قالايمىقانچىلىق چىقىرىشىدىن قورقۇپ ، ئۇنىڭ بېشىغىمۇ بىر چەمبەر ئورنىتىپ قويدى . ھېلىقى ئالۋاستى ئورنىدىن تۇرۇپ ، قورالىنى دېۋەيلەپ سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن بۇدساتۋاغا ئېتىلماقچى بولدى . ئاللىقاچان ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ بولغان بۇدساتۋا ئەپسۇنىنى بولۇشچە ئوقۇدى . ھېلىقى ئالۋاستى بېشىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي ، قورالىنى تاشلىغان پېتى يەردە دومىلاپ ، ئاللا - توۋا قىلىشقا باشلىدى . ئاسماندا تۇرۇپ ئۇنىڭ دومىلاپ پۇچۇلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۇن ۋۇكۇڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق كۈلۈپ كەتتى .

— ھەي ئىپلاس ! — دېدى بۇدساتۋا ، — ئەمدى توۋا قىلامسەن - يوق ؟

— بولدى ، مەن توۋا قىلاي ، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي ، — دېدى ھېلىقى ئالۋاستى ئالمان - تالمان جاۋاب بېرىپ .

سۇن ۋۇكۇڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، ئۇنى راسا بىر ساۋاشقا تەمشىلىۋىدى ، بۇدساتۋا ئۇنى توسۇۋېلىپ :

— بولدى ، ئاچچىقىڭنى بېسىۋال ، ئۇنىڭ ماڭا تېخى لازىمى بار ، — دېدى .

— بۇنداق ئالۋاستىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەي ، ئاياپ قېلىپ نېمىگە كېرەك قىلاتتىلە ؟ — سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ماڭا تەۋە ھېلىقى لوجا تېغىنىڭ كەينىگە قارايدىغان ئادەم يوق . ئۇنى ئەكېتىپ شۇ تاغقا قاراۋۇل قىلىپ قويىمەن .

— سىلىنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا چۈمۈلىمۇ ئۆلمەيدىكەن ، باغرىلىرى ھەقىقەتەن يۇمشاق ئىكەن . مەن ئەگەر سىلى ئوقۇۋاتقان مۇشۇ ئەپسۇننى بىلىدىغان بولسام ، ئۇنىڭ كۆزىگە ھەرنېمىنى كۆرسىتەلەيتتىم . مانا ئەمدى ئۇنىڭ باھانىسىدە باشقا قارا ئېيىقلارمۇ تىرىلىپ قالىدىغان بولدى !

شۇ ئارىدا ھېلىقى ئالۋاستىمۇ ھوشىغا كېلىپ ، يەرگە تىزلانغان ھالدا يالۋۇرۇشقا باشلىدى :

— رەھـــم قىلىڭ ، ئەمدى توۋا قىلدىم ، مەن ئىستىغپار ئېيتاي !

بۇدساتۋادىن ھىدايەت نۇرى تۆكۈلۈپ ، ئۇنىڭغا ئىنساپ ئاتا قـــىلىندى . ئۇ قورالىنى ئېلىپ ، بۇدساتۋاغا ئەگىشىپ ماڭدى . شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قارا ئېيىق بارلىق يامان نىيەتلىرىدىن ياندى .

— ۋۇكۇڭ ، — دېدى بۇدساتۋا نەسىھەت قىلىپ ، — سەن قـايـتىپ كېتىپ تاڭ سېڭغا ئوبدان ھەمراھ بولغىن . بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىش تېرىپ بەرمىگىن .

— سـىلى ئاۋارە بولۇپ يىراقتىن كەلدىلە ،— دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — مېنىڭ سىلىنى ئۇزىتىپ قويۇش يولۇم بار .

— بولدى ، ئۇزاتما ! — دېدى بۇدساتۋا .

سـۇن ۋۇكۇڭ كاسايانى ئېلىپ ، تەزىم قىلىپ خوشلاشتى . بـۇدسـاتۋا قارا ئېيىقنى ئەگەشتۇرۇپ دېڭىزغا قايتتى . ئەمدىكى ئىشلارنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# ئون سەككىزىنچى باب

## *تاڭ سەنزاڭنىڭ بۇدساتۋا خانىقاسىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقى*
## *گاۋ تەقسىرنىڭ قورۇقىدا ئەۋلىيا ئەزىمەنىڭ ئالۋاستىنى قوغلىغانلىقى*

سۇن ۋۇكۇڭ بۇدساتۋا بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، يەرگە قايتىپ چۈشۈپ كاسايانى بىر دەرەخكە ئېسىپ قويدى-دە، گۈرزىسىنى كۆتۈرگەن پېتى قاراقۇيۇن غارىغا بۆسۈپ كىردى. غار ئىچىدە بىرمۇ ئالۋاستى كۆرۈنمەيتتى. چۈنكى، ئۇلار بۇدساتۋانىڭ قېرى ئالۋاستىنىڭ ئەدىبىنى بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ بەدەر تىكىۋېتىشكەنىدى. بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كەلگەن سۇن ۋۇكۇڭ غارنىڭ ھەربىر قورۇسىغا ئوتۇن دۆۋىلەپ بىراقلا ئوت ياقتى. قاراقۇيۇن غارى قىزىلقۇيۇن غارىغا ئايلاندى. سۇن ۋۇكۇڭ شۇندىلا كاسايانى ئېلىپ، بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ شىمالغا قاراپ راۋان بولدى.

تاڭ سەنزاڭ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كەلمىگەنلىكىدىن ئەنسىرەپ دىلغۇل بولۇپ ئولتۇراتتى. دەل شۇ ئەسنادا ئاسمان يۈزى شەپەق رەڭگىنى ئېلىپ، تارام-تارام نۇرلار تۆكۈلدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇشتۇمتۇت مۇنبەر ئالدىدا پەيدا بولدى.

— ئۇستازىم، كاسايانى تېپىپ كەلدىم، — دېدى ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ.

تاڭ سەنزاڭ كاسايانى قولىغا ئېلىپ خۇشال بولغان ھالدا:

— ۋۇكۇڭ، سەن ئەتىگەندە چۈشلۈك تاماقچە قايتىپ كېلىمەن دېگەنىدىڭ، ئەجەب كەچ قالدىڭغۇ؟ — دېدى.

سۇن ۋۇكۇڭ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭ دەرھال كۈجە-ئىسرىق

كۆيدۈرۈپ ، جەنۇبقا قاراپ دۇئا قىلدى ۋە :
— تونىنى ئەكېلىشۋالغاندىن كېيىن نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ ، تېزرەك يولغا چىقايلى ، — دېدى .
— ئالدىرىمىسىلا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — بۈگۈن كەچ بولۇپ قالدى ، بۇنداق چاغدا يول يۈرۈشكە بولمايدۇ . قونۇپ ئەتە ئەتىگەن ماڭايلى .
راھىبلارمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ :
— سۇن غوجىكىمىز توغرا ئېيتتىدۇ ، بىرىنچىدىن ، كەچ بولۇپ قالدى . ئىككىنچىدىن ، بىزنىڭمۇ ئازراق كۆڭلىمىز بار . بۈگۈن گۆھەر يانلىرىدا بولغاندىكىن خاتىرجەم قونسىلا ، ئەتە ئەتىگەندە يولغا سېلىپ قويايلى ، — دېيىشتى .
— توغرا ، توغرا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ تەستىقلاپ .
راھىبلار دەرھال كەچلىك غىزاغا تەييارلىدى ۋە تىنچلىق ـ ئامانلىق ئۈچۈن قەغەز كۆيدۈرۈپ ، ئاقىۋول تىلەپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى . كەچلىك ئىش شۇنىڭ بىلەن تامام بولدى .
ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار ئاتنى توقۇپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تەخ قىلىپ يولغا چىقتى . راھىبلار خېلى يىراققىچە ئۇزىتىپ كەلدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى . بۇ دەل باش باھار مەزگىلى ئىدى . ئۇلار بەش ـ ئالتە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ، بىر كۈنى كەچتە بىر كەنتكە يېقىنلاپ كەلدى .
— ۋۇكۇڭ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — ئاۋۇ تاغ باغرىدىكى ئۆيدە قونۇپ ، ئەتە ماڭساق قانداق دەيسەن ؟
— سەل تۇرۇپ تۇرسىلا ، مەن بېرىپ ئەھۋالنى كۆزىتىپ باقاي ، ئاندىن بىرنېمە دەيلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
تاڭ سەنزاڭ ئاتنى توختاتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇ تەرەپنى تەپسىلىي كۆزەتكەندىن كېيىن :
— ئاق كۆڭۈل دېھقاننىڭ ئۆيىدەك قىلىدۇ ، قونساق بولغۇدەك ، — دېدى .
تاڭ سەنزاڭ ئاتنى دېۋەتىپ كوچا ئاغزىغا يېتىپ كەلگەندە ،

بىشىغا لاتا ئورىۋالغان ، كۆك چاپان كىيىۋالغان ، كۈنلۈك تۇتۇپ ، بوپا يۈدۈۋالغان بىر بالىنىڭ روھلۇق قىياپەتتە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋېلىپ :

— ھەي بالا ، قەيەرگە ماڭدىڭ ، بۇ قەيەر بولىدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— باشقا ئادەم يوقتەك ، مەندىن سورىدىڭىزغۇ ، — دەپ غودۇڭشىدى بالا ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىپ چىقىپ كېتىشكە تىرىشىپ .

— ئاچچىقىڭ كەلمىسۇن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — باشقىلارغا ياخشىلىق قىلساڭ ، ئۆزۈڭگىمۇ ياخشىلىق يانىدۇ ، ئەگەر ماڭا بۇ جاينىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرسەڭ ، مەنمۇ سېنىڭ دەردىڭگە دەرمان بولىمەن .

ھېلىقى بالا ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىپ چىقالماي ، تىپچەكلەپ سەكرەپ كەتتى :

— ياللا ، ئۆيدىكىلەرنىڭ دەردىنى تارتىپ بولالماي يۈرسەم ، يەنە بۇ قاقباشقا تۇتۇلدۇممۇ ، نېمە ؟

بالا كۆپ تىركىشىپ ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتەلمىگەندىن كېيىن :

— بۇ ۋۇ سىزاڭ بەگلىكىنىڭ يېرى ، گاۋلاۋ كەنتى دەپ ئاتىلىدۇ . كەنتتىكى ئادەملەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى گاۋ جەمەتىدىن بولغاچقا ، شۇنداق ئاتىلىپ قالغان . ئەمدى مېنى قويۇۋېتىڭ ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ سورىدى :

— ئەپتىڭدىن قارىغاندا ، خېلى يىراق سەپەرگە چىققان ئوخشايسەن . راست گېپىڭنى قىلىپ ، قەيەرگە بارىدىغانلىقىڭ ۋە نېمە ئىش قىلماقچى بولغانلىقىڭنى ئېيتىپ بەرسەڭ ، ئاندىن قويۇۋېتىمەن .

بالا ھەممە گەپنى ئۇنىڭغا راستچىللىق بىلەن سۆزلەپ بەردى :

— مەن گاۋتەي ئائىلىسىدىن بولىمەن . ئىسمىم گاۋسەي .

بوۋامنىڭ تېخى ياتلىق قىلىنمىغان يىگىرمە ياشقا كىرگەن بىر كەنجى قىزى بار ئىدى . ئۈچ يىل ئىلگىرى بىر ئالۋاستى ئۇنى بۇلاپ كېتىپ خوتۇن قىلىۋالدى . بوۋام قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولغان بولسىمۇ ، ئالۋاستى قويۇپ بەرگىلى ئۇنىمىدى ھەمدە ئۇنى بىر ئۆيگە سولاپ قويدى . يېرىم يىل بولدى ، ئائىلىدىكىلەر بىلەنمۇ كۆرۈشتۈرمىدى ، مەن بوۋام بەرگەن بىرقانچە سەر كۈمۈشنى خەجلەپ ، ئۈچ ـ تۆت ھەزرىتىمنى تەكلىپ قىلغان بولسامۇ ، ئۇ ئالۋاستىنى بويسۇندۇرالمىدى . باياتىن ئۇ مېنى سەن ھېچ ئىشنى قاملاشتۇرالمايسەن ، دەپ تىللاپ ، يەنە بەش يامبۇنى خىراجىتىم ئۈچۈن بېرىپ ، ئىلمى كۈچلۈكرەك پىر ھەزرەت تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى . ئويلىمىغان يەردىن سىزگە يولۇقۇپ قېلىپ ، ئىككى تەرەپتىن بوزەك بولدۇم . بولدى ئەمدى ، مېنى قويۇۋېتىڭ .

— سېنىڭ بۇ ئىشىڭدىن مەن تاپاۋەت قىلالىغۇدەكمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — سەن قايتىپ بوۋاڭغا ، شەرقىي دىيار خانى ئەۋەتكەن ئەۋلىيا راھىبلار كەپتۇ ، ئۇلار غەربىي دىيارغا بۇددانى تاۋاپ قىلىپ مۇقەددەس نومنى ئەكېلىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ ، ئالۋاستىلارنى بويسۇندۇرالايدىكەن دەپ ئېيتقىن .

— سىز مېنى يولۇمدىن قويماڭ ، — دېدى گاۋ سەي ، — ئۇنى بېسىپ چۈشكۈدەك پەمىڭىز بولمىسا ، يەنە مېنى تاپا ـ تەنىگە قويىسىز .

— چوقۇم ئۇنداق بولمايدۇ ، سەن مېنى ئۆيۈڭگە باشلاپ بارغىن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ھېلىقى بالا ئامالسىز نەرسە ـ كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ، ئارقىغا ياندى ۋە ئىككىسىنى ئىشىك ئالدىغا باشلاپ كەلگەندىن كېيىن :

— ئىككىڭلار سۇپىدا سەل ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار ، مەن كىرىپ بوۋامغا ئېيتىپ باقاي ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ شۇندىلا ئۇنىڭدىن قولىنى بوشىتىپ ، ئەپكەشنى يەرگە قويدى . ئىككىيلەن دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈپ ئولتۇردى .

گاۋ سەي ئىشىكتىن كىرىپلا بوۋىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى .

— سەن ئىزدەيدىغان ئادىمىڭنى ئىزدىمەي ، نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭ ؟ — دېدى بوۋىسى ئاچچىقلانغان ھالدا .

گاۋ سەي نەرسە - كېرەكلىرىنى يەردە قويۇپ :

— بوۋا ، شۇنى سىلىگە مەلۇم قىلماقچىمەنكى ، ئەمدىلا يولغا چىقىشىمغا ، ئىككى راھىب كېلىپ ئالدىمنى توسۇپ ، قەيەرگە ماڭىدىڭ دەپ سوراپ تۇرۇۋالدى . ئامالسىز ھەممە ئىشنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم . ئۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ ، ھېلىقى ئالۋاستىنى تۇتۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ، — دېدى .

— ئۇلار قەيەردىن كەپتۇ ؟

— شەرقىي دىيار خانى ئەۋەتكەن ئەۋلىيا راھىبلار ئىكەن . غەربىي دىياردىن مۇقەددەس نومنى ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپتۇ .

— يىراقتىن كەلگەن راھىبلار بولسا ، راستتىنلا كارامىتى بولۇشى مۇمكىن ، ئۇلار ھازىر قەيەردە ؟

— ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ ئولتۇرىدۇ .

ئاقساقال دەرھال كىيىملىرىنى يۆتكەپ ئۆيدىن چىقتى ۋە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكەن ھالدا :

— ھارمىغايلا ھەزرەتلىرىم ، — دېدى .

تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭغا سالام قايتۇردى . سۈن ۋۇكۇڭ بولسا قىمىرلاپمۇ قويماستىن ئولتۇردى . ئاقساقال ئۇنىڭ ۋەھشىي قىياپىتىگە قاراپ ، سالام قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدى .

— غوجا ئاكىلىرىغا نېمە ئۈچۈن سالام قىلمايدىلا ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا تىكىلىپ .

ئاقساقالنىڭ قورققىنىدىن چىرايى ئالىتاغىل بولۇپ دەرھال گاۋ سەينى چاقىردى ۋە :

— سەن ھارىمى ماڭا ئىش تېپىپ بېرىپلا يۈرەمسەن ؟ ئۆيدىكى بەتبەشىرە كۈيئوغۇلدىن قۇتۇلالماي تۇرغاندا ، يەنە بۇ قورقۇنچلۇق بىرنېمىنى باشلاپ كېلىپ ، مېنى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسەن ؟—

دېدى .

— ھەي گاۋ ئاقساقال ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — سىلىنىڭ ياشلىرى چوڭ بولغان بىلەن ، غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەم ئىكەنلا ، ئەگەر ئادەمنىڭ چىرايىغا قاراپلا باھا بېرىدىغان بولسىلا ، جەزمەن خاتالىشىدىلا . سەت بولسام نېمە بوپتۇ ؟ ئالۋاستىنى تۇتۇپ ئەنتىلىرىنى ئېلىپ بەرسەم بولمىدىمۇ ؟ چىرايىمنى تىلغا ئېلىپ نېمە قىلاتتىلە ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاقساقال لاغىلداپ تىترەپ كەتتى ۋە كىبكەچلىگەن ھالدا ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى . شۇنىڭ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ ئاتنى يېتىلىۋالدى . گاۋ سەي بوپىلارنى كۆتۈردى . تاڭ سەنزاڭ ئۇلار بىلەن بىرگە ھويلىغا كىردى . سۇن ۋۇكۇڭ كىرگەن پېتى ئاتنى پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە باغلاپ قويۇپ ، كونىراپ كەتكەن بىر چىغ ئورۇندۇقنى ئەكېلىپ ئۇستازىغا قويۇپ بەردى . ئۆزىمۇ بىرنى سۆرەپ ئەكېلىپ ، ئۇستازىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى .

ئۇلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، گاۋ ئاقساقال :

— باياتىن نەۋرەم سىلەرنى شەرقىي دىياردىن كەپتۇ دېگەندەك قىلىۋىدى ، — دېدى .

— شۇنداق ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — پېقىر خاننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە غەربىي دىياردىن بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن ، مۇبارەك قورۇقىڭلاردا بىر كېچە قونۇۋالساقمىكىن دەپ كىرىپ قالدۇق .

— قونۇشقا كەلگەن ئادەم ئالۋاستىنى بويسۇندۇرالايمىز دېگىنىڭلار نېمىسى ؟ — دېدى ئاقساقال .

— ھەم قونىمىز ، ھەم ئالۋاستى بىلەنمۇ ئېلىشىپ قويىمىز ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — تەۋەيىڭلاردا قانچىلىك ئالۋاستى باركىن ؟

— يا پەلەك ! — دېدى گاۋ ئاقساقال ، — قانچە بولاتتى ! بىر ئالۋاستى كۈيئوغۇلنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئېشىۋاتىدۇ !

— ئۇ ئالۋاستىنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقى ، قانچىلىك كارامىتى بارلىقىنى ماڭا بىرمۇبىر سۆزلەپ بەرسىلە ، ئۆزۈم ئامالىنى قىلىمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— مەن شور پېشانە ، — دەپ سۆز باشلىدى ئاقساقال ، — ئۈچ قىز پەرزەنت كۆردۈم ، لېكىن ئوغۇل يۈزى كۆرمىدىم . چوڭ قىزىمنىڭ ئىسمى شاڭ لەن ، ئوتتۇرانچىسىنىڭ يۈي لەن ، كەنجىسىنىڭ سۈي لەن ئىدى . ئىككىسىنى مەھەللىمىزدىكىلەرگە بۇرۇنلا ياتلىق قىلغانىدىم . كىچىككە بىر ئىچ كۈيئوغۇل تاپسام ، بىزنى بېقىپ ئائىلىدىكى ئىشلارنى قولىغا ئالارمىكىن دېگەن ئويدا يۈرەتتىم . ئۈزاقى يىلى تۇرسام ، بىر قاۋۇل يىگىت كېلىپ ، ئۆزىنى مەن فۇلىڭشەن تېغىدىن بولىمەن ، فامىلەم جۇ[1] ئاتا ـ ئانام ۋە ھېچقانداق ئۇرۇق ـ تۇغقىنىم يوق ، دەپ تونۇشتۇردى ھەم كۈيئوغۇل بولۇش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . مەن كالۋا قېرى ، بوپتۇ ، بۇ ئىگە ـ چاقىسىز بالا ئىكەن دەپ ماقۇل بوپتىمەن . دەسلەپىدە قارىسام خېلى يامان ئەمەستەك قىلدى ، ساپاننى ئۆزى سۆرەپ يەر ئاغدۇردى ، ئورمىنى قولىغا ئورغاق ئالمايلا ئورۇۋەتتى . تاڭ سەھەردە چىقىپ كەتسە ، قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭدىن خېلى خۇشال بولۇپ قالدىم . لېكىن ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم . چىرايىنىڭ بىرقىسمىلا ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى …

— قانداق ئۆزگەردى ؟ — سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— دەسلەپىدە كەلگەندە ، سېمىز ، قارامتۇل يىگىت ئىدى . كېيىن تۇمشۇقى ئۇزىراپ ، قۇلىقى كاۋا يوپۇرمىقىدەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ، چىرايى چوشقىغىلا ئوخشايدىغان بولۇپ قالدى . نەپسىمۇ تويماس بولۇپ قالدى . بىر ئولتۇرۇشىدا تۆت ـ بەش كۇرە گۈرۈچنى يەپ بولىدۇ . كۆكتاتقا ئامراقلىقىنى بىر دېمىسىلە ، مۇبادا ئۇ مەي ئىچىدىغان بولۇپ قالسا ، پۈتۈن بىساتىمنى يېرىم يىلغا قالماي قۇرۇقداپ قويارمىكىنتاڭ .

---

[1] جۇ — چوشقا دېگەن مەنىدە .

تاڭ سەنزاڭ :
— ئىشلىگەچكە شۇڭا يەيدۇ ـ دە ، — دەپ قوشۇپ قويدى .
— يېسىغۇ مەيلى ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئاقساقال ، — يامان يېرى ئۇ هازىر سېھىرگەرلىك قىلىپ ، بۇلۇتقا چىقىپ ئۇيان ـ بۇيان چاپىدىغان ، قۇم ـ شېغىللارنى ئۇچۇرۇپ بوران چىقىرىدىغان بولۇپ قالدى . قورقۇنچتىن بىز توڭگۇل قوشنىلىرىمىزمۇ خاتىرجەم بولالمايۋاتىدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، سوي لەننى بىر ئارقا هۇجرىغا سولىۋېلىپ ، يېرىم يىلدىن بۇيان يۈز كۆرۈشتۇرگىلى قويمىدى . ئۇنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق . شۇڭا ، ئۇنىڭ ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، ئادەم چاقىرماقچى بولغانىدۇق .
— بۇ هېچقانچە قىيىن ئىش ئەمەس ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — سىلى خاتىرجەم بولسىلا ، بۇگۇن كېچە مەن ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ ، قىزلىرىنىڭ خېتىنى بەرگۈزىمەن .
گاۋ ئاقساقال خۇشال بولۇپ :
— ئۇ ئۇجۇقتۇرۇلسىلا بولدى ، خەت ـ پەت دېگەننىڭ كېرىكى يوق ، بۇ ئاپەتتىن خالاس بولسام ، سىلىدىن رازىمەن ، — دېدى .
— بۇنداقمۇ ئاسان ئىش بولامدىغان ، كارامىتىمنى كېچىچە كۆرەرلا ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .
خۇشاللىقتىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئاقساقال دەرهال يېڭى شىرە ، ئورۇندۇقلارنى ئاچقتۇرۇپ ، تائام كەلتۇردى . تائامنى يەپ بولۇپ گۇگۇم چۈشەي دېگەندە ، ئاقساقال جىددىي تۇسكە كىرىپ :
— بىللە ئاچىقىدىغان ئادەم ۋە قورال ـ ياراغلارنى بالدۇرراق تەييارلىۋالامدىلا ؟ — دېدى .
— قورال ئۆزۈمدە بار ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — ئادەمنىڭ لازىمى يوق . سىلى ئۇستازىمغا هەمراھ بولۇپ ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ بەرسىلە بولىدۇ ، ئالۋاستىنى مەن ئۆزۈم بېرىپ جۆندەپ كېلىمەن .

ئاقساقال دەرھال نەۋرىسىنى چاقىرىپ، بىرنەچچە تۇغقان ۋە دوست - بۇرادەرلىرىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. بىرئازدىن كېيىن ئۇلار يېتىپ كېلىشتى، سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلار بىلەن تىنچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن:

— ئۇستازىم، سىلى خاتىرجەم ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، مەن ماڭدىم، — دېدى - دە، ئىشىكتىن چىقتى.

ئاقساقال ئۇنى ئارقا ھوجرىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. سۇن ۋۇكۇڭ گۈرزىسى بىلەن بىرلا نوقۇپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆينىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى.

— گاۋ ئاقساقال، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — قىزلىرىنى چاقىرىپ باقسىلا، ئۇ ئۆيدە بارمۇ، يوقمۇ تېخى.

ئاقساقال تىترەك ئاۋاز بىلەن قىزىنى چاقىردى. دادىسىنىڭ ئاۋازىنى تونۇغان قىز ئىنتايىن زەئىپ ئاۋاز بىلەن:

— دادا، مەن بۇ يەردە، — دەپ جاۋاب بەردى ۋە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ دادىسىنى كۆرۈپ، ئاقساقالنىڭ قۇچىقىغا تاشلىنىپ ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى.

— بولدى، بولدى، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ئېيتىڭا، ھېلىقى ئالۋاستى قەيەرگە كەتتى؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، — دېدى قىز جاۋاب بېرىپ، — بۇ كۈنلەردە ئۇ ئەتىگەن چىقىپ كەتسە، يېرىم كېچىدە قايتىپ كېلىدۇ. گاھى بۇلۇت، گاھى تۇمان ئۈستىدە چېپىپ يۈرىدۇ. قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. دادامنىڭ مېنى ئەكېتىدىغانلىقىنى بىلىپ قالغاچقا قېچىپ يۈرەمدىكىنتاڭ.

— بولدى سۆزلىمەيلا قويۇڭ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — ئاقساقال، سىلى قىزلىرىنى ئۆيگە ئەكېتىۋەرسىلە، مەن ئۇنى بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇپ باقاي، كەلمەي قالسا، باشقا ئامال قىلىمەن، كېلىپ قالسا، چوقۇم ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىمەن.

ئاقساقال خۇشال ھالدا قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ قالدى.

سۈن ۋۇكۇڭ كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ ، بىرلا تولغىنىپ ھېلىقى قىزنىڭ قىياپىتىگە ئۆزگەردى ـ دە ، ئۆيدە ئالۋاستىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ، يالغۇز ئولتۇردى . بىرئازدىن كېيىن بوران كۆتۈرۈلۈپ ، قۇم ـ شېغىللار ئۇچۇشقا باشلىدى . بوران ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئاسماندا بىر ئالۋاستى پەيدا بولدى . ئۇنىڭ قىياپىتى ھەقىقەتەن ئىنتايىن سەت بولۇپ ، يۈزلىرى قاپقارا ، مويلىرى يىرىك ھەم قىسقا ، ئۇچلۇق تۇمشۇق ، سالپاڭ قۇلاق ؛ ئۇچىسىغا كۆك دېسە كۆك ئەمەس ، كۇل رەڭ دېسە كۇل رەڭ ئەمەس بىر يەكتەك كىيىۋالغان . بويىنىغا بىر گۈللۈك رومال چىگىۋالغانىدى . سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنى كۆرۈپ ئىچىدە «ئەسلىي مۇنداق جانىۋار ئىكەن ـ دە» دەپ كۈلۈپ قويدى ـ دە ، ئۇنىڭ ئالدىغىمۇ چىقماستىن ، كارىۋاتقا كېلىپ كېسەل بولغاندەك ئىڭراپ يېتىۋالدى . ھېچنېمىنى سەزمىگەن ئالۋاستى ئۆيگە كىرگەن پېتى سۈن ۋۇكۇڭنىڭ يېنىغا كەلدى . سۈن ۋۇكۇڭ ئالۋاستىنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان تۇمشۇقىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇۋېلىپ ئۇنى بىرلا تارتىپ يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى . ھېلىقى ئالۋاستى ئورنىدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ ، كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ :

— ئاغىچام ، بۈگۈن ماڭا ئەجەب قوپاللىق قىلىسىزغۇ ، كەچ كەلدىڭ دەپ رەنجىدىڭىزمۇيا ؟ — دېدى .

— ياق ، ياق سىزنى ئەيىبكە بۇيرۇغىنىم يوق ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — كىيىملىرىڭىزنى سېلىپ كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلاڭ .

ئالۋاستى ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ ، كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ كارىۋاتقا چىقتى .

— ئۇھ ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ئېغىر بىر خۇرسىنىپ ، — تازا نەس باستى ـ دە !

— نېمە خۇرسىنىسىز ، نېمە نەس باستى ؟ — سورىدى ئالۋاستى .

— ئىش مۇنداق بولدى ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — بۈگۈن دادام ، ئاچام كېلىپ ، ئۆينىڭ سىرتىدىن تاش ـ كېسەك

ياغدۇرۇپ ، مېنى تىللاپلا كەتتى .
— ئۇلار سىزنى نېمىشقا تىللايدىكەن ؟
— ئۇلار سىزنى ئىچ كۆيئوغۇل تۇرۇپ ، قائىدە دېگەن نەرسىنى بىلمەيدۇ . بارغان - تۇرغان يېرىنى تېخى بىلگىلى بولمايدۇ . كىمنىڭ ئەۋلادى ، ئىسمى نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمىز . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، يۈزىمىزنى چۈشۈرۈپ ، قوبۇن تازدەك چېپىپلا يۈرىدۇ ، دەيدۇ . ئىشقىلىپ ، مېنى تىل - ئاھانەتكە كۆمۈپلىۋەتتى .
— چىرايىمنىڭ سەتلىكى بۇ راست ، لېكىن سەتەڭ بول دېسە ئۇمۇ قىيىن ئىش ئەمەس . مەن كەلگەن چېغىمدىلا راست گېپىمنى ئۇلارغا ئېيتقان . ئۇلارمۇ سىزنى ماڭا ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولغان . بۈگۈنگە كەلگەندە ئەجەب بۇ گەپنى قىلىپ قاپتۇغۇ ؟ مېنىڭ ئۆيۈم قۇلىڭىشەن تېغىدىكى غاردا . قامىلەممۇ چىرايىمغا ئاساسەن جۇ دەپ قويۇلغان . ئىسمىم جۇ گاڭلېي بولىدۇ . ئەگەر ئۇلار يەنە كېلىپ قالسا ، مۇشۇ گەپلەرنى ئېيتىپ قويۇڭ .
سۈن ۋۇكۇڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە «قارىغاندا بۇ ياۋاش نېمىدەك قىلىدۇ ، مەجبۇر قىلماستىنلا ھەممە گەپنى ئېيتىپ بەردى . شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش كېرەك» دەپ خۇشال بولدى ۋە :
— ئۇلار ھەزرىتىمنى چاقىرتىپ سىزنى تۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ ، — دېدى .
— ئۇخلاڭ - ئۇخلاڭ ، ئۇلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن ، — دېدى ئالۋاستى كۈلۈپ كېتىپ ، — مەن كۆرمىڭ خىل ئۆزگىرەلەيمەن ، توققۇز چىشلىق تىرنامىمۇ بار . ھەزرىتىم - پەزرىتىم دېگەنلەردىن قورقۇپ قالمايمەن . مۇبادا دادىڭىز ئابرۇيلۇق كېلىپ ، توققۇز ئاسماندىكى پىر - ھەزرەتلەرنى باشلاپ چۈشسىمۇ ، مېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ .
— ئۇلار بەش يۈز يىل بۇرۇن ئەرشنى مالىمان قىلغان پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم دېگەن بىرىنى چاقىرىمىز دېيىشىۋاتىدۇ .

بۇ ئىسمنى ئاڭلاپ ھېلىقى ئالۋاستى ئالدىراپ كەتتى ۋە :

— ئۇنداق بولسا ، مەن كېتىپ قالاي ، بىز بىر ئۆيدە ياشىيالمايدىغان ئوخشايمىز ، — دېدى .

— نېمە ئۈچۈن كېتىدىغان بولۇپ قالدىڭىز ؟ — سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— سىز بىلمەيسىز ، ئەرشنى مالىمان قىلغان ئۇ مىراخورنىڭ قالتىس ماھارەتلىرى بار نېمە ، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي قالسام ، نامىمغىمۇ سەت بولىدۇ ، يۈزۈممۇ تۆكۈلىدۇ .

ئالۋاستى شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا كىيىملىرىنى كىيىپ ، ئىشىكنى ئېچىپ ، چىقىپ كېتىشكە تەمشەلدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ يۈزىنى بىرلا سىلاپ ، ئەسلىي قىياپىتىگە كەلدى ۋە :

— ھەي جادۇگەر ، قېچىپ قەيەرگە باراتتىڭ ؟ كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ، مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمگە ئوبدان قاراپ باق ، — دېدى .

بۇ ئالۋاستى كەينىگە بۇرۇلۇپ ، يۈزلىرىنى تۈك باسقان سۇن ۋۇكۇڭنىڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ ، گۈلدۈرمامما ئىلاھىدەك ھەيۋەتلىك قىياپەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، قورققىنىدىن پۇت - قوللىرى بوشىشىپ كەتتى ۋە قاتتىق چىرقىرىۋەتتى . ئۇنىڭ كىيىملىرى چىڭقىلىشتىن پارتىلداپ سۆكۈلۈپ كەتتى . شۇئان ئۇ دەھشەتلىك بورانغا ئايلىنىپ قۇيرۇقىنى خادا قىلدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ ، گۈرزىسىنى قاتتىق بىر پىرقىراتتى . ھېلىقى ئالۋاستى تارام - تارام نۇرغا ئايلىنىپ ، تاغ باغرىنى بويلاپ قاچتى . سۇن ۋۇكۇڭ بۇلۇت ئۈستىگە چىقىپ :

— قېچىپ قەيەرگە باراتتىڭ ؟ ئاسمانغا چىقساڭ تاپىنىڭدىن ، يەرگە كىرىپ كەتسەڭ چېچىڭدىن يۇلۇۋالىمەن ، — دېگىنىچە ئۇنى قوغلاپ ماڭدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى قەيەرگىچە قوغلاپ بارغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ يېڭىپ چىققانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# ئون توققۇزىنچى باب

## *يۈنچەن غارىدا سۈن ۋۇكۇڭنىڭ جۇباجىينى قولغا چۈشۈرگەنلىكى*
## *فۇتۇ تېغىدا شۈەن زاڭنىڭ ئايەت ئۆگىنىۋالغانلىقى*

ئەلقىسسە ، ھېلىقى ئالۋاستى ئوت يالقۇنى قىياپىتىگە كىرىپ قاچماقتا ، ئەۋلىيا ئەزەم رەڭدار شەپەق بولۇپ ئارقىدىن قوغلىماقتا ئىدى . ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا ، توساتتىن ئېگىز بىر تاغقا دۇچ كەلدى . ھېلىقى ئالۋاستى نۇرىنى ئۆچۈرۈپ ، ئۆز قىياپىتىگە قايتتى ـ دە ، تاغ غارىغا غىپپىدە كىرىۋېلىپ ، سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن ئېلىشىش ئۇچۈن توققۇز چىشلىق تىرنىسىنى قولىغا ئېلىپ تەييارلىنىپ تۇردى .

— ھەي ئۆلۈمتۈك ئالۋاستى ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىپ ، — قەيەردىن ئاپىرىدە بولغان جادۇگەرسەن ؟ غوجىكاڭنىڭ مۇبارەك نامىنى قەيەردىن بىلىۋالدىڭ ؟ مەن بىلەن ئېلىشقۇدەك كارامىتىڭ بولمىغاندىكىن ، ياۋاشلىق بىلەن قول قوي ، بولمىسا جېنىڭنى ئېلىپ يېنىڭدا قويىمەن !

— سەنمۇ مېنىڭ كارامەتلىرىمنى بىلىپ قوي ، — دېدى ئالۋاستى ، — يېقىنراق كېلىپ سۆزۈمگە قۇلاق سال :

*كىچىكىمدىن تارتىپلا ، ئىدىم بەكمۇ دۆت ـ كالۋا ،*
*لايغەزەلدەك لاغايلاپ بولدۇم ھورۇن بىر لەقۋا .*
*ئىنتىلمىدىم ھېچ ئىشقا ، سىڭنىمىدىم تەگرىنى ،*
*لىڭتاسىمدەك سولىشىپ ئۆتكۈزدۈم يىل ـ ئايلارنى .*

*ئويناپ يۈرسەم بىر زامان ، ئۇچراپ قالدى بىر خىزىر ،*
*تۆكتۈم ئاڭا ئولتۇرۇپ دەردلىرىمنى بىرمۇبىر .*
*سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ئۇ قىلغىن دېدى تىلاۋەت —*
*شۇئان ئاڭا يېپىشتىم ، ئۆگەت دېدىم كارامەت .*
*پۈتتى ئىشىم ، ماھارىتىم ئۇچقۇدەك بوپ يېتىلدى ،*
*شۇئان ماڭا بەزىلەر قۇچاق ئېچىپ ئېتىلدى .*
*رەڭدار شەپەق ئاستىمغا پاياندار بوپ سېلىندى ،*
*زەبەردەس بوپ پېقىرمۇ ئەرشكە تەكلىپ قىلىندى .*
*ئۆتكۈزگەندە خان ئانا بۈيۈك شاپتۇل بەزمىسى ،*
*توپلاندى ئەرش كۆلىگە ئالىي زاتلار ھەممىسى .*
*غەرق مەست بوپ بىر چاغدا خۇدۇم بىلمەي قاپتۇمەن ،*
*ھاراق ئىچ دەپ چاڭئىبغا تازا چاڭگال ساپتۇمەن .*
*ئەۋلىيالار شۇ ھامان كېلىپ ئاپتۇ ياقامدىن .*
*«جازا !» دەپتۇ «بۇ ئەبلەخ» چىقتى ئەدەب - ئەركاندىن .*
*«ساغرىسىغا ئىككى مىڭ دەررە ئۇرسۇن ياتقۇزۇپ ،*
*قىيما - چىيما قىلايلى جادۇدا ھەم چاپقۇزۇپ .»*
*تەلىيىمگە ئاردىن چىقىپ تارىق چولپىنى ،*
*جامائەتكە نەسىھەت قىلدى ئاقلاپ ھەم مېنى .*
*كەچۈرۈم قىلىپ جازانى ، ئەرشتىن شۇئان قوغلىدى .*
*بىرىپ لىڭشەن تېغىغا ئىشلەپ ئۆزۈڭ يە ، دېدى .*
*بولغاچ شۇنداق گۇناھىم ھۆسنىممۇ يات تۇس ئالدى ،*
*شۇنىڭدىن بۇيان ئىسمىممۇ جۇگاڭلېي دەپ ئاتالدى .*

سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ باياننى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇنداق دېدىكى :

— قانداقسىگە مۇبارەك نامىنى بىلدىكى دېسەم ، ئەسلي سەن ئەرشتىن سۈرگۈن قىلىنغان مالائىكى ئىكەنسەن - دە .

— ھەم ، ساراڭ مىراخور ، — دېدى ھېلىقى ئالۋاستى ، — ئەينى ۋاقىتتا بالا تېرىپ كىملەرنى دەردتە قويمىدىڭ؟ بۈگۈن يەنە

كېلىپ ئادەم ئالدىماقچى بولۇۋاتامسەن ؛ هوشۇڭنى يىغىپ يۈر ، بولمىسا تىرنا يەيسەن !

ئۇنىڭ كۆرەڭلىشىگە چىداپ تۇرالمىغان سۇن ۋۇكۇڭ گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا شىددەت بىلەن ئېتىلدى . ئۇلار تاغ باغرىدا تاكى قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئېلىشتى . ئېلىشىش كېچىچە داۋاملاشتى . تاڭ ئېتىپ شەرق تەرەپ ئاقىرىشقا باشلىغاندا ، ئالۋاستى ئۆزىنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ ، شەرمەندىلەرچە چېكىندى ۋە بورانغا ئايلىنىپ ، غارغا قېچىپ كىرىپ بېكىنىۋالدى . سۇن ۋۇكۇڭ مەھكەم تاقالغان غار ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە «يۇنچەن غارى» دېگەن خەتنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆردى . كۈن چىقىپ ئەتراپ يورۇدى . ئالۋاستى شۇ كىرىپ كەتكەنچە قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى . سۇن ۋۇكۇڭ «ئۇستازىم بەك ساقلاپ كەتتى ، بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇپ ئاندىن كېلەي» دەپ ئويلىدى - دە ، بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ ، هەش - پەش دېگۈچە گاۋ كەنتىگە يېتىپ كەلدى .

تاڭ سەنزاڭ ئاخشام كىرگەن قېرىلار بىلەن تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ، كېچىچە كۆز يۇمماي چىقتى . ئەتىگەندە ئۇلار سۇن ۋۇكۇڭدىن غەم يەپ ئولتۇرغاندا ، سۇن ۋۇكۇڭ تۇساتتىن تۆگلۈكتىن سەكرەپ چۈشتى ۋە گۈرزىسىنى يىغىشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئۇستازىم ، مەن قايتىپ كەلدىم ، — دېدى .

ئۆيدىكىلەر ئالمان - تالمان ئۇنىڭغا سالام قىلىپ :

— جاپا چەكتىلە ، جاپا چەكتىلە ! — دېيىشتى .

تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭدىن :

— ۋۇكۇڭ ، قېنى ئالۋاستىنى تۇتۇپ كەلدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ جاۋاب بېرىپ :

— ئۇستازىم ، ئۇ جادۇگەر باقمي ئالەمدىكى جىنۇ شەيتان

ئەمەس ، بەلكى ئەرشتىن سورگۈن قىلىنغان سەركەردە ئىكەن . تۇغۇلۇشتىنلا چىرايى چوشقىغا ئوخشىغاچقا ، ئىسمىنىمۇ جۇ گاڭلېي دەپ قويۇپتىكەن . مەن ئۇنى ئۆيدە تۇتۇۋېلىپ ئەدىبىنى بېرەي دەپ تۇرۇشۇمغا ، بورانغا ئايلىنىپ قېچىپ كەتتى . ئالدىنى توسۇپ گۈرزە بىلەن بىرنى قويۇۋىدىم ، ئوت يالقۇنغا ئايلىنىپ ، ھېلىقى تاغدىكى غارىغا كىرىۋالدى ۋە توققۇز چىشلىق تىرنىسىنى ئاچىقىپ ، مەن بىلەن كېچىچە ئېلىشتى ، تاكى تاڭ ئاتقاندىلا قورقۇپ غارغا قېچىپ كىرىپ يېتىۋالدى . مەن تېخى غار ئىشىكىنى چېقىپ كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشمىدىم . شۇڭا ، سىلىنى ئەنسىرەپ يولۇمغا قاراپ قالمىسۇن دەپ ، خەۋەر قىلىپ قويۇش ئۈچۈن كەلدىم ، — دېدى .

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ گاۋ ئاقساقال كېلىپ تىزلىنىپ تۇرۇپ :

— تەقسىر ئۇنى قوغلىۋەتكەنلىرىگە ياخشى بولدى . لېكىن سىلەر كەتكەندىن كېيىن يەنە كېلىۋالسا قانداق قىلىمىز ؟ مالال كۆرمىسىلە ، ئۇنى كۆزىمىزدىن بىراقلا يوق قىلىۋەتسىلە ، بولمىسا بىزنى يەنە خانىۋەيران قىلىدۇ ئۇ ئەبلەخ ، — دېدى .

— ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشقاندىكىن ئاخىرىنى چىقىرار ، — دېدى تاڭ سەنزاڭمۇ .

— مەن ئۇنى سىناپ ئوينىتىپلا قويدۇم . ئەمدى بارسام ئۇنى چوقۇم تۇتۇپ كېلىمەن . سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — گاۋ ئاقساقال ، سىلى يەنە ئۇستازىمنى ئوبدانراق كۈتسىلە ، مەن كەتتىم .

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا كۆزدىن غايىب بولدى ۋە ھېلىقى غارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ ، ئىشىكنى چېقىپ چۇل - چۇل قىلىۋەتتى .

— ھەي لەقۋا ! — دەپ تىللىدى ئۇ ، — نوچى بولساڭ چىقمامسەن قېنى !

غارنىڭ ئىچكىرىسىدە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ئالۋاستى ئىشىكنىڭ گۈلدۈر - قاراس قىلىپ چېقىلغانلىقىنى ۋە سۇن

ۋۆكۆڭنىڭ تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەر غەزەپكە كەلدى - دە، تىرنىسىنى سۆرىگەن پېتى دېۋەيلەپ يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىل ياغدۇردى:

— سەن مىراخور راستىنلا ئۆكتەم نېمە ئىكەنسەن؛ سېنىڭ نېمە كارىڭ، تېخى ئىشىكىمنى چېقىپ يۈرسەنا؟ سەن بېرىپ قانۇنىي ئەركانىنى كۆرۈپ باققىن. دەرۋازىنى چېقىپ بېسىپ كىرگەنلەر ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ.

سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى:

— هەي هاماقەت كالۋا! مەن ئىشىكنى چاققان بولسامۇ جاۋاب بەرگۈچىلىكىم بار. سەن بولساڭ كىشىلەرنىڭ قىزىنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالدىڭ. هېچقانداق ئىسپات گۇۋاهچىڭ بولمىغانلىقىڭ ئۈستىگە، بىر پىيالە چاي قويۇپ مەرىكىمۇ ئۆتكۈزمىدىڭ. سەن ئۆلۈمگە تارتىلماي قالارسەنمۇ؟

— قۇرۇق گېپىڭنى قويۇپ تىرنامنىڭ تەمىنى تېتىپ باق! — دەپلا ئېتىلىپ كەلدى ئالۋاستى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۈن ۋۇكۇڭ گۈرزىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ تىرنىسىنى توسۇۋالدى ۋە:

— سەن گاۋ ئائىلىسىدىكى يەر بوشىتىدىغان تىرنىنى ئەكېلىپ كىمنى قورقاتماقچى ئىدىڭ؟ — دېدى.

— سەن كور بىلمەي قاپسەن! — دېدى ئالۋاستى، — بۇنى ئادەتتىكى تىرنا چاغلاۋاتامسەن؟

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ سۈن ۋۇكۇڭ گۈرزىسىنى يىغىشتۇرۇپ قويدى ۋە:

— هەي هاڭۋاقتى، تولا مەمەدانلىق قىلماي، تىرناڭ بىلەن بېشىمغا ئۇرۇپ باقمامسەن، نېمە قىلالايسەنكى قېنى! — دېدى.

هېلىقى ئالۋاستى تىرنىسىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، سۈن ۋۇكۇڭنىڭ بېشىغا كۈچ بىلەن ئۇردى. «داڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تىرنىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. سۈن ۋۇكۇڭ قىمىر قىلىپمۇ قويمىدى.

— ياپىر، قانداق باش بۇ! — دېدى هەيران قالغان ئالۋاستى

پۇت ـ قوللىرى بوشاشقان هالدا .

سۇن ۋۇكۇڭ كۆرەڭلىگەن قىياپەتتە تۇرۇپ :

— سەنمۇ مېنى بىلمەي قاپسەن . ئاكاڭ قارىغاي ئەرشنى مالىمان قىلىپ ، ئىسكىر ـ ناياپ ، پىرونۇس شاپتۇلى ۋە شاھانە شارابنى ئوغرىلىغاچقا ، ئەۋلىيا ئېرلاڭ تۇتۇۋېلىپ جادۇغا باسقان ، دەررە بىلەن ئۇرۇپ ، قىلىچلىرى بىلەن چاپقان ، چاقماق بىلەن سوققان ، شۇلارمۇ بىر تال مويۇمنى تەۋرىتەلمىگەن . بۇنى ئاز دەپ ئەۋلىيا پېشۋاسى رەم ئوچىقىغا تاشلىغان . پېقىر ئىلاھى ئوتتا كۆيۈش ئۇياقتا تۇرسۇن ، كۆزلىرىم ئالتۇن شولىلىق ، مۇسكۇلۇم قۇيۇچ ، بېشىم مىس بولۇپ تاۋلانغان . ئىشەنمىسەڭ ، يەنە ئۇرۇپ باققىن ، چىۋىن چاققانچىلىك ئاغرىتالىساڭ كاشكى ! — دېدى .

— ھوي مايمۇنەك ، خاتالاشمىسام ، سەن ئەرشنى مالىمان قىلغاندا شەرقىي دىيارنىڭ ئاۋلەي مەملىكىتىدىكى گۈلشەن تېغىنىڭ سۇ پەردىلىك غارىدا ياشايتتىڭ ، قانچە يىللاردىن بېرى سۇغا چۈشكەن تاشتەك جىمىپ كەتكەنىدىڭ . ئەمدى يەنە پەيدا بولۇپ قاپسەن . قارىغاندا ، قېيناتام سېنى بىر يەرلەردىن تېپىپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ ؟

— مېنى قېيناتاڭ تېپىپ كەلگىنى يوق ، ئاكاڭ قارىغاي توۋا قىلىپ زاھىدلىق يولىنى تۇتتۇم . راھىب بولدۇم ، غەربىي دىياردىن بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن ماڭغان بۈيۈك تاڭ خانىنىڭ خاس ئەلچىسى سەنزاڭ ھەزرەتلىرىنى قوغداپ كېتىۋاتىمەن . گاۋ جەمەتى قورۇقىغا كېلىپ قونغىنىمىزدا چال دەرد تۆكۈپ ، قىزىنى قۇتقۇلدۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى . شۇڭا ، سەن ئەبلەخنى تۇتقىلى كەلدىم .

ھېلىقى ئالۋاستى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، قولىدىكى تىرنىسىنى چۆرۈۋېتىپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە :

— بۇددا نومىنى ئەكېلىدىغان كىشى ھازىر قەيەردە ؟ مالال كۆرمىسىڭىز ، مېنى باشلاپ بېرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرسىڭىز ، سىزدىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولاتتىم ، —

دېدى .

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ نېمە قىلاتتىڭ ؟ — سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ئالۋاستى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— مەن ئەسلىي ئاۋالوكتېسۋارا بۇدساتۋانىڭ نەسىھەتى بىلەن مۇشۇ يەردە پەرھىز تۇتۇپ قالغانىدىم . ئۇ ماڭا غەربىي دىياردىن بۇددا نومىنى ئەكېلىدىغان ئادەم بىلەن بىرگە بېرىپ ، ئىستىقامەت قىلىشنى ، گۇناھىمنى يۇيۇپ توغرا ئادەم بولۇشنى تاپىلىغانىدى . نەچچە يىل ساقلاپمۇ ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىغانىدىم . سىز ئۇنىڭغا شاگىرت بولۇپ كەلگەن بولسىڭىز ، نېمىشقا ئۇچۇق گېپىڭىزنى قىلماي ، ماڭا مۇشت تەڭلەپ كېلىسىز ؟

— سەن مېنى ئالدىما ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — تاڭ سەنزاڭنى قوغدىماقچى بولغىنىڭ راست بولسا ، تەڭرى ئالدىدا قەسەم قىل ، ئاندىن سېنى ئۇستازىم بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن .

ھېلىقى ئالۋاستى دەرھال تىز چۆكۈپ ، خۇددى توخۇ دان چوقۇلىغاندەك ئارقا - ئارقىدىن تەزىم قىلىپ مۇنداق دېدى :

— ئەي ، ئۇلۇغ تەڭرىم ، ئەگەر قىلچە يامان نىيەتتە بولسام ، گۇناھىم ئۇچۇن مىڭ پارچە قىلىنىشقا رازىمەن !

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ قەسەم ئىچكىنىنى كۆرۈپ :

— گېپىڭ راست بولسا ، مەن سېنى باشلاپ باراي ، لېكىن بۇ تۇرۇۋاتقان جايىڭنى كۆيدۈرۈۋېتىشىمىز كېرەك ، — دېدى .

ھېلىقى ئالۋاستى ئىككىلىنىپ تۇرماستىن بىرمۇنچە قومۇش ۋە شاخ - شۇمبىلارنى يىغىپ ، يۇنچەن غارىغا ئوت قويدى ۋە :

— ئەمدى تارتىشىدىغان ھېچنېمەم قالمىدى ، قېنى مېنى باشلاپ بېرىڭ ! — دېدى .

— ئەكەل ، تىرناڭنى مەن ئېلىۋالىمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، ئالۋاستى تىرنىسىنى سۇن ۋۇكۇڭغا بەردى . سۇن ۋۇكۇڭ يەنە بىر تال موينى يۇلۇۋېلىپ «سۇف» قىلىپ «ئۆزگەر» دېدى - دە ، ئۇنى بىر تال ئارغامچىغا ئايلاندۇردى ، ئاندىن ھېلىقى

ئالۋاستىنىڭ قولىنى ئارقىغا قىلىپ چەمبەرچاس باغلىدى ۋە ئۇنىڭ ساپىيىپ تۇرغان قۇلىقىدىن تارتىپ «ماڭ ، تېز ماڭ !» دېدى .

— ۋاي ، بوشراق تارتىڭ . قولىڭىز بەك قاتتىق ئىكەن ، قولىقىم تۈۋىدىن يۇلىنىپ چىقمىسۇن يەنە ! — دېدى ئالۋاستى .

— سېنىڭ گېپىڭگە كىرىپ بوش تۇتقان بىلەن بولمايدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — «چوشقىنىڭ مۇلايىمنى چىڭ باغلا» دېگەن گەپ بار . ئۇستازىم بىلەن كۆرۈشۈپ ، ھەقىقىي نىيىتىڭنى بىلگەندىن كېيىنلا قويۇۋېتىمەن .

ئىككىيلەن گاھ بۇلۇت ، گاھ تۇمانلار ئۈستىدە چېپىپ ، گاۋ جەمەتى قورۇقىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى . بىرئازدىن كېيىن ئۇلار قورۇققا يېتىپ كەلدى .

— قارا ، تۆردە ئولتۇرغان ئاۋۇ كىشىنى تونۇمسەن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئالۋاستىنىڭ قۇلىقىدىن سوزۇپ تۇرۇپ ، — ئاشۇ كىشى مېنىڭ ئۇستازىم بولىدۇ .

گاۋ ئاقساقال بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ قۇلىقىدىن سوزۇپ - تارتىپ ئەكېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، خۇشاللىقىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقتى ۋە :

— تەقسىر ، بىزنىڭ كۈيئوغلىمىز دەل ئۆزى شۇ ، — دېدى .

ھېلىقى ئالۋاستى تىز چۆكۈپ ، قول قوشتۇرغان ھالدا تاڭ سەنزاڭغا تەزىم قىلىپ مۇنداق دېدى :

— ئۇستازىم ، ئالدىلىرىغا چىقالمىغان گۇناھىمنى كەچۈرسىلە . ئۆيىمىزگە سىلىنىڭ كەلگەنلىرىنى بىلگەن بولسام ، كۆرۈشكىلى ئۆزۈم كېلەتتىم . مۇنداق كۆپ ئېگىز - پەس ئىشلارمۇ بولمايتتى .

— ۋۇكۇڭ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — قانداق قىلىپ بۇنى تۇتۇپ مېنىڭ ئالدىمغا ئەكەلدىڭ ؟

بۇ چاغدا سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ قۇلىقىدىن قولىنى بوشىتىپ تىرنىنىڭ دەستىسى بىلەن نوقۇپ تۇرۇپ :

— ھەي ھاكۋاقتى ، سۆزلىمەمسەن قېنى ؟ — دېدى .
ئالۋاستى بۇدساتۋانىڭ ئۆزىگە تاپىلىغانلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى . تاڭ سەنزاڭ بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ :
— گاۋ ئاقساقال ، دەرھال ئىسرىقدانني ئاچىقسىلا ، — دېدى .
گاۋ ئاقساقال ئىسرىقدانني ئاچىقتى ، تاڭ سەنزاڭ قولىنى يۇيۇۋېتىپ ، كۆجە - ئىسرىق كۆيدۈردى ۋە جەنۇب تەرەپكە سەجدە قىلىپ :
— ئەي ئۇلۇغ بۇدساتۋا ، شەپقىتىڭىزگە يۈز مىڭ تەشەككۈر ! — دەپ دۇئا قىلدى . باشقىلارمۇ كۆجە - ئىسرىق يېقىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشتى . دۇئادىن كېيىن تاڭ سەنزاڭ تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇپ سۈن ۋۇكۇڭغا ئالۋاستىنىڭ قولىنى بوشىتىۋېتىشنى بۇيرۇدى . سۈن ۋۇكۇڭ كېلىپ ئارغامچىنى يېشىۋەتتى . ئالۋاستى تاڭ سەنزاڭغا قايتا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ غەربكە بېرىش ئارزۇيىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى . ئاندىن يەنە سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن سالاملىشىپ ، ئۇنى ئاغا دەپ چاقىردى .
تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭغا :
— خوش ، سەن ماڭا ئەگىشىپ ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭ ۋە شاگىرت بولۇشنى خالىساڭ ، ساڭا ئۇنداقتا راھىبلىق نامى قويۇپ قوياي ، — دېدى .
— ئۇستازىم ، بۇدساتۋا مېنىڭ پېشانەمنى سىلاپ تۇرۇپ ، جۇ ۋۇنېڭ دېگەن راھىبلىق نامنى قويۇپ قويغانىدى ، — دېدى ئۇ .
تاڭ سەنزاڭ كۈلۈپ كېتىپ :
— تولىمۇ قاملاشقان ئىسىم بوپتۇ ، ھەمساۋاق ئاغاڭ ۋۇكۇڭ بولسا ، سېنى ۋۇنېڭ دەپ ئاتىساق نېمىدېگەن ياخشى - ھە ! — دېدى .
جۇ ۋۇنېڭ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى :
— ئۇستازىم ، بۇدساتۋانىڭ تەلىمى بويىچە سەككىز تۈرلۈك گۆشتىن پەرھىز تۇتۇپ كەلگىنىمگە خېلى ئۇزاق بولۇپ قالدى . بۈگۈن سىلى كەلگەندىن كېيىن ، پەرھىزىمنى بۇزۇۋېتەي دەيمەن .

— ياق ، ياق ، ئۇنداق قىلىشقا زادى بولمايدۇ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — سەن سەككىز تۈرلۈك نەرسىنى يېمەيدىغان بولغاچقا ، ئىسمىڭنى باجيې[1] دەپ ئۆزگەرتەيلى .

بۇ ھاماقەت كالۋا خۇشال بولغان ھالدا :

— خوش ، ئەمرلىرىگە پەرمانبەردارمەن ئۇستازىم ، — دېدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جۇ باجيې دەپ ئاتالدى .

گاۋ ئاقساقال ئۇنىڭ يامان يولدىن قايتىپ ، ياخشى ئادەم بولۇشقا بەل باغلىغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە كاتتا زىياپەت تەييارلاپ ، تاڭ سەنزاڭغا ئۆز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى .

— ئاتا ، — دېدى باجيې گاۋ ئاقساقالنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — خوتۇنۇمنى چاقىرسىڭىز ، بۇ ئۇستازىم ئاغام بىلەن كۆرۈشۈۋالسا قانداق دەيسىز ؟

— ھەي ئۇكام ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ كېتىپ ، — سەن ئەمدى ساكيامۇنى يولىنى تۇتۇپ ، راھىب بولغاندىن كېيىن ، «خوتۇنۇم» دېگەن گەپنى تىلغا ئالغۇچى بولما ، بۇ دۇنيادا راھىبلار ئۆي - ئوچاقلىق بولغان ئەمەس . باشقا گەپنى قويۇپ تامىقىمىزنى يەۋالايلى ، ئەتە يەنە يولغا چىقمىساق بولمايدۇ .

گاۋ ئاقساقال داستىخانغا تاماق كەلتۈردى . سەنزاڭ تۆردىن ئورۇن ئالدى . سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن جۇباجيې ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى . باشقىلارمۇ داستىخانغا داخىل بولدى .گاۋ ئاقساقال جامغا مەي توشقۇزۇپ تاڭ سەنزاڭغا سۇندى .

— مەي ئىچسەك بولمايدۇ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — مەينى چەكلەش راھىبلارنىڭ بىرىنچى پەرھىزى .

— ئۇستازىم ، — دېدى جۇباجيې ئالمان - تالمان ، — مەن پەرھىز تۇتۇپ كەلگەن بولساممۇ ، لېكىن مەينى تاشلىمىغانىدىم .

— مېنىڭ ئىشتىھايىم ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ، لېكىن مەينى تاشلىمىغانىدىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭمۇ .

تاڭ سەنزاڭ ئامالسىز ماقۇل بولدى ۋە :

---

① باجيې — سەككىز خىل نەرسىدىن پەرھىز تۇتقۇچى مەنىسىدە .

— ئۇنداق بولسا ئىككىڭلار ئازراقتىن ئىچىڭلار ، لېكىن مەست بولۇپ ئىشقا كاشىلا قىلماڭلار ، — دېدى .

ئىككىيلەن قوللىرىدىكى جامنى خۇشال هالدا بوشىتىشتى ، زىياپەتتىن كېيىن گاۋ ئاقساقال بىر قىزىل پەتنۇستا ئىككى يۈز سەر ئۇۋاق ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى ئاچىقىپ ئۈچەيلەنگە يوللۇق تۇتتى ، ئاندىن پاختا رەختتىن تىكىلگەن كەمزۇلدىن ئۈچىنى ئاچىقىپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى .

— بىز سەپەر ئۈستىدىكى راھىبلار ، قونغان يېرىمىزدە ئازراق سەدىقە تائام ئالساقلا بولدى . بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلساق قانداق بولار ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

سۈن ۋۇكۇڭ پەتنۇستىكى ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتىن بىر سىقىم ئالدى ۋە گاۋسەيگە قاراپ :

— تۈنۈگۈن سەن ئۇستازىمغا يول باشلىدىڭ ، بۈگۈن بىر شاگىرتىمۇ تېپىپ بەردىڭ . ساڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرگۈدەك باشقا نەرسە بولمىغاندىكىن بۇ سېنىڭ ھەققىڭ بولسۇن ، بۇنىڭغا بىر كەش ئېلىپ كىيىۋال . بۇنىڭدىن كېيىن ئالۋاستىغا يولۇقساڭ يەنە بىز بار ، — دېدى .

گاۋسەي ئالتۇن - كۈمۈشنى قولىغا ئېلىپ ، رەھمەت ئېيتىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى .

گاۋ ئاقساقال يەنە ئۆتۈنگەن هالدا :

— سىلەر ئالتۇن - كۈمۈشنى ئالغىلى ئۇنىمىغاندىكىن ، بۇ قوپال كىيىمنى بولسىمۇ ئەپقېلىڭلار ، كۆڭلۈمنى ياندۇرماڭلار ، — دېدى .

تاڭ سەنزاڭ يەنە رەت قىلىپ :

— يول ئۈستىدىكى ئادەم بىر قېتىم پارا قوبۇل قىلساق ، مىڭ يىللىق ئىبادىتىمىز هارام بولىدۇ . داستىخاندىن ئاشقان يېمەكلىكنى ئېلىۋالساقلا كۇپايە قىلىدۇ ، — دېدى .

بۇ چاغدا بىر چەتتە تۇرغان جۇ باجيې دەرھال ئېغىز ئېچىپ :

— ئۇستازىم ، سىلەر ئالمىساڭلار مەيلى ، مەن بولسام بۇلارغا

نەچچە يىل كويئوغۇل بولۇپ، ئاز ئىشلەپ بەرمىدىم، ئاتا، يەكتىكىمنى بۇ ئاغام تۇنۇگۇن تارتىپ يىرتىۋەتتى. ماڭا كاسايادىن بىرنى بېرىڭ. ئايغىممۇ يىرتىلىپ بولدى. ئاياغتىنمۇ بىرنى بېرىڭ، — دېدى.

گاۋ ئاقساقال بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا يېڭى ئاياغدىن بىرنى ئېلىپ بېرىشكە ھەم كاسايانى ئالماشتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

يېڭى كىيىملەرنى كىيگەن جۇ باجيې مەغرۇر ھالدا گاۋ ئاقساقالنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

— ئاتا، ئانا، يەڭگە، ئاغا ۋە تۇغقانلىرىم، بۈگۈن مەن راھىب بولۇپ سىلەردىن ئايرىلىدىغان بولدۇم، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىلەر. ئاتا، كېلىنچەككە ئوبدان قاراڭ، مۇبادا بۇددا نومىنى ئەكېلەلمەي قالساق، يەنە سىزگە ئوغۇل بولۇپ ئۆتۈشۈم مۇمكىن.

— ھەي ئەدەبسىز، ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلەۋەرمە، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— ئاغزىمغا كەلگەننى سۆزلىگىنىم يوق، — دېدى جۇ باجيې، — بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ راھىب بولالماي قالسام، خوتۇنمۇ ئالالماي يۈرسەم، ھەر ئىككىلىسىدىن قۇرۇق قالمامدىمەن؟

— قۇرۇق گېپىڭلارنى قويۇڭلار، بالدۇرراق يولغا چىقايلى، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ۋە نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا تۇتۇندى. جۇ باجيې بوپىلارنى بىر ئەپكەشكە ئېلىپ كۆتۈرۈۋالدى. تاڭ سەنزاڭ ئاق ئېتىغا مىندى، سۈن ۋۇكۇڭ گۈرزىسىنى دولىسىغا ئېلىپ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى، ئۇچەيلەن گاۋ ئاقساقال ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىپ غەربكە قاراپ راۋان بولدى.

ئۇلار بىر ئاي ئامان - ئېسەن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋۇسىزاڭ چېگرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر تاغقا دۇچ كەلدى. تاڭ سەنزاڭ ئېتىنى توختىتىپ:

— ۋۇكۇك ، ۋۇنىڭ ، ئالدىمىزدىكى تاغنى ئوبدانراق كۆزىتىپ بېقىڭلارچۇ ، — دېدى .

— چاتاق يوق ، — دېدى جۇ باجيې ، — بۇ فوتو تېغى دەپ ئاتىلىدۇ . تاغ ئىچىدە بىر پەرزانە زاھىت بار . ئۇمۇ شۇ يەردە ئىستىقامەت قىلىدۇ ، مەن بۇرۇن ئۇنى كۆرگەن .

— ئۇنىڭ قانداق ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى بار ؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۇ خېلى دىيانەتلىك نەرسە ، بۇرۇن مېنىمۇ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشقا ئۈندىگەن . لېكىن مەن رەت قىلغانىدىم ، — دېدى جۇ باجيې .

ئۇلار سۆزلەشكەچ تاغ ئۈستىگە يېتىپ چىقتى . تاغ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى ، قىيا تاش يېنىدىكى باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىدە شاخ ـ شۇمبا ۋە قۇرۇق چۆپلەردىن ياسالغان بىر كەپە تۇراتتى . ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەر خىل گۈل ـ چېچەكلەر بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغانىدى . دەرەخ شېخىدا ھەر خىل قۇشلار بەس ـ بەس بىلەن سايرىشىۋاتاتتى .

— ئەنە زاھىت ئاۋۇ يەردە تۇرىدۇ ، — دېدى جۇ باجيې ئۇ ياقنى كۆرسىتىپ .

تاڭ سەنزاڭ ئېتىنى قامچىلاپ دەرەخ تەرەپكە قاراپ ماڭدى . ھېلىقى پەرزانە زاھىت ئۇچەيلەننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، دەرھال كەپىسىدىن چىقتى . تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى . زاھىت ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ :

— راھىب ئەزەم ، ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا ، ئالدىلىرىغا چىقالماي بەكمۇ سەت ئىش بولدى ، — دېدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، شەيخىم ، — دېدى جۇ باجيې سالام بېرىپ ، زاھىت ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ :

— سەن فولىڭشەندىكى جۇ گاڭلېي ئەمەسمۇ ؟ قانداق قىلىپ راھىب كالانغا ھەمراھ بولۇش شەرىپىگە ئىگە بولۇپ قالدىڭ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئالدىنقى يىلى بۇدساتۋا نەسىھەت قىلغاندا، شاگىرت بولۇشقا رازى بولغانىدىم، — جاۋاب بەردى جۇ باجيې.

— تولىمۇ ياخشى ئىش بوپتۇ، — دېدى پەرزانە زاھىت سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سورىدى، — بۇ كىشى كىم بولىدىكىن؟

— ئەجەب ئۇنى تونۇپ مېنى تونۇماي قالدىلىغۇ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ كېتىپ.

— سىلىنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن، — دېدى زاھىت.

— بۇ مېنىڭ چوڭ شاگىرتىم سۇن ۋۇكۇڭ بولىدۇ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ تونۇشتۇرۇپ.

— ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا، — دېدى پەرزانە زاھىت چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭدىن غەربىي دىياردىكى بۈيۈك گۆھەر نېشىن ئىبادەتخانىسىغا يەنە قانچىلىك قالغانلىقىنى سورىدى.

— تېخى كۆپ يىراقتا، — دېدى زاھىت، — يولدا يولۋاس ـ يىلپىزلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ، جاپا تېخى ئالدىلىرىدا.

تاڭ سەنزاڭ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئېھتىرام بىلدۈرۈپ يەنە سورىدى.

— يەنە قانچىلىك يول يۈرسەك يېتىپ بارارمىز؟

— يول يىراق بولسىمۇ، ھامان بىر كۈنى يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، — دېدى زاھىت، — پەقەتلا جىن ـ شاياتۇنلارنى بېسىقتۇرماق تەس. مەندە ئەللىك تۆت جۈملە، ئىككى يۈز يەتمىش خەتتىن تۈزۈلگەن بىر نوم بار. جىن ـ شاياتۇنغا يولۇققاندا ئۇنى ئوقۇساڭلار، ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ.

تاڭ سەنزاڭ يەرگە تىزلىنىپ تۇرۇپ، چىن كۆڭلىدىن مۇراجىئەت قىلدى. پەرزانە زاھىت نوم ئايەتلىرىنى ئۇنىڭغا قىرائەت قىلىپ بەردى. تاڭ سەنزاڭ ئۇنى بىرلا ئاڭلاپ يادقا ئېلىۋالدى.

زاھىت قىرائىتىنى تۈگىتىپلا بۇلۇت ئۈستىگە چىقىپ

كـەپـىــســگـە قــايتىشقا تەمشەلدى . تاڭ سەنزاڭ دەرھال ئۇنى تـوخـتـىـتىۋېلىپ ، غەرب سەپىرىنىڭ يەنە قانچىلىك قالغانلىقىنى سوراپ تۇرۇۋالدى . زاھىت كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق جاۋاب بەردى :

*قولاق سېلىپ ئاڭلاڭ سۆزۈمنى ،*
*مۇشەققەتلىك ئەمەستۇر يوللار .*
*تاغۇدەريا ئۇچرار قاتمۇقات ،*
*تەھدىت سالار پەقەتلا جىنلار .*
*دۇچ كەلسىڭىز چوڭقۇر ھاڭلارغا ،*
*قەيسەر بولۇڭ ، قىلچە يېمەي غەم .*
*قىيالاردىن ئۆتكەندە ھالقىپ .*
*تاشلاڭ مەزمۇت مەردانە قەدەم .*
*قارىغايلىق بىر قارا جاڭگال ،*
*ئۇندا جىنلار سالىدۇ چاڭگال .*
*قان شورىغۇچ قېرى يالماۋۇر ،*
*ياتار قىلىپ يىغىشەننى قامال .*
*ئۇندا يولۋاس ، يىلپىز پادىشاھ ،*
*شىر بىلەن پىل ئۆز ئالدىغا خان .*
*ياۋا چوشقا ماڭسا يۆك ئارتىپ ،*
*دىۋە ـ لەھەڭ چىقار سوراپ جان .*
*بار يەنە بىر قەدىم تاش مايمۇن ،*
*قەھرى ئۇنىڭ پەلەكتىن ئاشقان .*
*شۇنىڭدىن سوراڭ غەرب يولىنى ،*
*جاۋاب بېرەر سىزگە ئۇ ھامان .*

سۇن ۋۇكۇڭ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ سوغۇق كۈلۈپ قويدى ۋە :

— بولدى بىز ماڭايلى ، ئۇنىڭدىن يول سورىغۇچە مەندىنلا سوراڭ ، — دېدى .

تاڭ سەنزاڭ بۇ سۆزنىڭ تېگى ـ تەكتىنى چۈشىنىپ بولغۇچە ،

ھېلىقى زاھىت ۋاللىدە نۇرغا ئايلىنىپ، كەپىسگە كىرىپ كەتتى. تاڭ سەنزاڭ يەنە ئاسمانغا قاراپ تاۋاپ قىلدى. دەرغەزەپكە كەلگەن سۇن ۋۇكۇڭ گۈرزىسىنى چىقىرىپ ئاسماندا ھە دەپ پىرقىرىتىشقا باشلىدى. گۈرزە ئىزىدىن رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، قاتمۇقات قىزغۇچ تۇمان پەيدا بولدى. ئۇ يەنە پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ھېلىقى كەپىنىڭ بىر تال شېخىنى سۇغۇرۇۋالدى. تاڭ سەنزاڭ دەرھال ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:

— ۋۇكۇڭ، ئۇ بىر شەپقەتچى بۇدساتۋا تۇرسا، كەپىسىنى بۇزۇپ نېمە قىلاتتىڭ؟ — دېدى.

— ھىسىم، باياتىن ئۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننى قانغۇچە تىللىۋالدى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئۇ غەرب يولى توغرىسىدا سۆزلىگەن تۇرسا، قانداقمۇ سىلەرنى تىللىغان بولسۇن؟

— سىلى چۈشەنمىدىلىمۇ؟ «ياۋا چوشقا ماڭار يوك ئارتىپ» دېگىنى باجىينى تىللىغىنى، «قەدىم تاش مايمۇن» دېگىنى مېنى تىللىغىنى، سىلى نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئاڭقىرالمايدىلا؟

— بولدى ئاچچىقىڭلارنى بېسىۋېلىڭلار، — دېدى جۇ باجىي سۆزگە ئارىلىشىپ، — ئۇ شەيخىم ئۆتمۈشتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى ئانچە ـ مۇنچە بىلىدىغان ئەۋلىيا كىشى. لېكىن، «دىۋە ـ لەھەڭ چىقار جان سوراپ» دېگەن گېپى راستمۇ ـ يالغانمۇ بۇنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. مەيلى ئۇ يولغا كىتۇۋەرسۇن.

سۇن ۋۇكۇڭ گۈل ۋە تۇماننىڭ ھېلىقى كەپە ئەتراپىغا تۈپلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئامالسىز ئۇستازىنى ئاتقا يۆلەپ چىقاردى ۋە تاغدىن چۈشۈپ، داۋاملىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇلارنىڭ بېشىغا يەنە قانداق كۈنلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يىگىرمىنچى باب

## *سىرىق بوران چوققىسىدا تاڭ سەنزاڭنىڭ پالاكەتكە يولۇققانلىقى*
## *جۇ باجىيىنىڭ ئۇشتۇمتۇت باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى*

ئەلقىسسە ، ئۈچ سەپەرچى گاھى ئاچ ، گاھى توق يول يۈرۈپ ، دالالاردا ئوت - چۆپنى كۆرپە ، ئاي نۇرىنى يېپىنچا قىلىپ ، كۆزلىگەن مەنزىلدە قونۇپ يولنى داۋاملاشتۇردى . تومۇز پەسلى يېتىپ كەلدى . بىر كۈنى كەچ كىرگەندە ئۇلار بىر كەنتكە يېقىنلاپ كەلدى .

— ۋۇكۇڭ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — كۈنمۇ تاغ كەينىگە مۆكۈندى . شەرقىي دېڭىزدىن ئاي كۆتۈرۈلۈپ چىقتى . بەختىمىزگە يارىشا ، ئالدىمىزدا كۆرۈنگەن ئۆيدە ئادەم باردەك قىلىدۇ . شۇڭا ، بۇ يەردە بىر كېچە ئارام ئېلىۋېلىپ ئەتە ئەتىگەن ماڭايلى .

— توغرا گەپ بولدى ، — دېدى جۇ باجيې ، — مېنىڭ قورسىقىم خېلى ئاچقاندەك قىلىدۇ . قورساقنى ئازراق ئەستەرلىۋالمىسام ، يۈك - تاقنى كۆتۈرگۈچىلىكىم قالمىدى .

— ھەي چىدىماس ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى ئەيىبلەپ ، — ئۆيدىن ئايرىلا - ئايرىلمايلا قاقشىغىلى تۇردۇڭغۇ .

— ئاغا ، مەن سىزگە ئوخشاش شامال يەپ كېتىۋېرىدىغانلاردىن ئەمەس ، نەچچە كۈندىن بېرى تويغۇدەك بىر نەرسە يېمەي ھېلىمۇ چىداپ كەلدىم . خەۋىرىڭىز يوقتەكلا سۆزلەيسىزغۇ ؟

— ۋۇنېڭ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، — سەن

ئۆيدە ئولتۇرساڭلا بولغۇدەك . سەپەرگە يارىمايدىكەنسەن ، بولدى قايتىپ كەتكىن .

بۇ گەپتىن ۋەھىمىگە چۈشكەن جۇ باجيې دەرھال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— ئۇستازىم ، سىز ئاغامنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماڭ ، ئۇ مېنى كۆزگە ئىلمايۋاتىدۇ ، مەن تاپا - تەنە قىلغىنىم يوق . راست گەپنى ئېيتسام ، قورسىقىم ئاچسا زادى چىدىيالمايمەن ، شۇڭا بىرەر ئۆينى تېپىپ قورساقنى توقلىۋالايلى دېگەنىدىم . ئاغام بولسا ئۆيۈڭنى ئويلاپ چىدىمايۋاتىسەن دەيدۇ . بۇدساتۋانىڭ نەسىھەتى ھېلىمۇ قۇلىقىمدا ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ، سىز ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلىۋالدىڭىز . غەربكە بېرىش مېنىڭ ئارزۇيۇم ، بەرگەن قەسىمىمدىن زادى قايتمايمەن .

— ئۇنداق بولسا ئورنۇڭدىن تۇر ! — تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى .

جۇ باجيې دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ غودۇڭشىغىنىچە ئەپكەشنى مۈرىسىگە ئالدى ۋە قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ ئۇلارغا ئەگەشتى .

يول بويىدىكى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن چۈشتى . سۈن ۋۇكۇڭ ئۇستازىنىڭ قولىدىن ئاتنى ئېلىپ باغلىدى . جۇ باجيې ئەپكەشنى يەرگە قويۇپ بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسىگە كېلىپ تۇردى . تاڭ سەنزاڭ توققۇز بوغۇملۇق قەلەي ھاسىسىغا تايىنىپ قىيا ئېچىلغان ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆي ئىچىگە كۆز تاشلىدى . بىر قېرى بامبۇكتىن ياسالغان كارىۋاتقا يانپاشلىغان ھالدا پەس ئاۋازدا دۇرۇت ئوقۇپ ياتاتتى .

تاڭ سەنزاڭ ئۇنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن پەس ئاۋازدا چاقىردى :

— بېگىم ، ئۆزلىرىدىن بىرنەرسىنى سورىماقچى ئىدۇق .

قېرى ئورنىدىن دىككىدە ئىرغىپ تۇرۇپ ، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ، ئىشىك ئالدىغا چىقتى ۋە سالام بەرگەندىن كېيىن سورىدى :

— ھەزرىتىم ، ئالدىلىرىغا چىقالماپتىمەن . ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا . خوش ، قاياقتىن كېلىشتىلە ؟ ھۇزۇرىمىزغا قەدەملىرى يېتىپ قاپتۇغۇ ؟

— پېقىر ، شەرقىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبى بولىمەن ، خانىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە گۆھەر نېشىن ئىبادەتخانىسىدا ئىستىقامەت قىلىپ ، بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن ماڭغان . مۇبارەك ھۇزۇرلىرىغا كەلگەندە كەچ كىرىپ قالدى . شۇڭا ، بىر ەر كېچە قونۇۋالساقمىكىن دەپ ، كېلىپ قالدۇق ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

ھېلىقى قېرى بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ :

— غەربىي دىياردىن بۇددا نومىنى ئەكېلىش تولىمۇ مۇشەققەتلىك ئىش ، ئۇ يەرگە بېرىش مۇمكىن ئەمەس ، بۇددا نومىنى ئالماقچى بولساڭلار ، شەرقىي دىيارغا بېرىڭلار ، — دېدى .

تاڭ سەنزاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئېغىر سۇكۇتكە چۆكتى ۋە «بۇدساتۋا غەربكە بېرىڭلار دېگەنىدى . ئەجەب بۇ قېرى شەرققە بېرىڭلار دەيدىغۇ ؟ شەرقتە نەدىمۇ بۇددا نومى بولسۇن ؟ » دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە ، ئارتۇق گەپ ـ سۆز قىلمىدى .

بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ ئالدىغا سەكرەپ بېرىپ :

— ھەي قېرى ، شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ ھېچ ئىشنى بىلمەيدىكەنسەن . بىز شۇنچە يىراقتىن كېلىپ بىر كېچە قونۇۋالايلى دېسەك ، بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا كۆڭلىمىزنى سوۋۇتۇۋەتتىڭ . ئەگەر ئۆيدىن بىزگە مۇگدىۋالغۇدەك يەر چىقمىسا ، دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ بولسىمۇ بىر كېچىنى ئۆتكۈزەلەيمىز . سېنى ئاۋارىمۇ قىلمايمىز ، — دېدى .

— تەقسىر ، — دېدى ھېلىقى قېرى تاڭ سەنزاڭغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ، — ئۇ شاگىرتلىرى ھەقىقەتەن ئاغزى يامان شاخشاق ئىكەن . ياشقا چوڭ دېمەي ماڭا قوپاللىق قىلغىنىنى قارىمامىلا !

سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى :

— سەن قىرىدا ھەقىقەتەن دىت دېگەن نەرسە يوق ئىكەن . جۇغۇم كىچىك بولغان بىلەن چويۇندەك ئوغۇل بالىمەن ، بىلىپ قوي !
— قارىغاندا ئازراق ماھارىتىڭ بار ئوخشىمامدۇ ؟ — سورىدى ئاقساقال .
سۇن ۋۇكۇڭ جاۋاب بەردى :
— ماختانمايمەن ، لېكىن خېلى - خېلىلاردىن قېلىشمايمەن !
— ئۆزۈڭ قەيەردىن ؟ نېمە ۋەجدىن راھىب بولۇۋالدىڭ ؟
— ئەسلى يۇرتۇم شەرقىي دىياردىكى ئاۋلەي مەملىكىتىنىڭ گۈل‌شەن تېغىدىكى سۇ پەردىلىك غار . كىچىكىمدىن سېھىرگەرلىكنى ئۆگەنگەنمەن . ئىسمىم سۇن ۋۇكۇڭ بولىدۇ . ئۆز كارامىتىمگە تايىنىپ پەلەك تەخدىشى ئەۋلىيا ئەزەم بولغانمەن . تەڭرىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماي ، ئەرشنى مالىمان قىلىپ چوڭ بىر بالايىئاپەت تېرىغان . بۇگۈن كۈلپەت ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ ، ساكيامۇنى يولىنى تۇتۇپ ، توغرا ئادەم بولۇش يولىغا ماڭدىم . مانا شۇتاپتا ئۇستازىمغا ھەمراھ بولۇپ ، غەربىي دىياردىن بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن . يولىمىزدا خەتەرلىك تاغ يوللىرى ، دەھشەتلىك دولقۇنلار دۇچ كەلسىمۇ قورقۇپ قالمايمەن . جىن - شاياتۇن ، يولۋاسۇيىلپىز ۋە لەھەڭلەرنىڭمۇ ئەدىبىنى بېرىمەن ، ئاسمانغا چىقىش ، يەرگە كىرىشمۇ قولۇمدىن كېلىدۇ . مۇبادا ئۆزۈڭ بىرەر بالاغا يولۇققان بولساڭ ، ئاكاڭ قارىغايىنى ياردەمگە چاقىر !
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاقساقال قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە :
— ئەسلى سەن تازا ئۇچىغا چىققان بىر پوچى شەيخ ئىكەنسەن - دە ! — دېدى .
— پوچى دەمىسىنا ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇستازىمغا ئەگىشىپ تولا يول مېڭىپ چارچاپ قالغاچقا ، كەمسۆز بولۇپ قالدىم تېخى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— راستىنىلا شۇنچىلىك كارامىتىڭ بولسا غەربكە

بارالىغۇدەكسەن ، — دېدى ئاقساقال ، — قانچىڭلار بىرگە كەلدىڭلار ؟ قېنى مەرھەمەت ، ئۆيگە كىرىپ ئارام ئېلىڭلار .

— ھەممەتلىرىگە كۆپ رەھمەت ، بېگىم ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — بىز جەمئىي ئۈچەيلەن بىرگە كەلدۇق .

— يەنە بىرەيلەن كۆرۈنمەيدىغۇ ؟ — سورىدى ئاقساقال .

— كۆزلىرى ئاجىزمۇ نېمە ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ جۇ باجېيىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، — ئاۋۇ دەرەخ تۈۋىدە تۇرغاننى كۆردىلىمۇ ؟

ئاقساقال جۇ باجېيىنىڭ سۇرلۇك ئەپتىنى كۆرۈپلا قورققىنىدىن ئۆي تەرەپكە يىقىلىپ ، ئۆمىلەپ دېگۈدەك قېچىپ :

— ئىشىكنى يېپىڭلار ، دەرھال ئىشىكنى يېپىڭلار ! ئالۋاستى كەپتۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى .

سۈن ۋۇكۇڭ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ :

— قورقمىسىلا ئاقساقال ، ئۇ ئالۋاستى ئەمەس ، مېنىڭ ھەمساۋاق ئۇكام بولىدۇ ، — دېدى .

قېرى غال - غال تىترىگەن ھالدا :

— توۋا ، ئەجەبمۇ بەتبەشىرە شەيخكىنا بۇ ! — دېدى .

— بېگىم ، — دېدى جۇ باجېي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — مېنى سەت كۆرۈپ ياراتمىسىلا ، خاتا قىلغان بولىدىلا ، ئۆزۈم سەت بولغىنىم بىلەن خېلى پەمىم بار .

ئۈچەيلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان شۇ پەيتتە ، كەنتنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن ئىككى يىگىت بىر موماي بىلەن ئۈچ - تۆت بالىنى ئەگەشتۇرۇپ يېتىپ كەلدى . ئۇلار يالاڭ ئاياغ بولۇپ ، شال تىكىپ قايتقاندەك قىلاتتى . ئۇلار باغلاقلىق تۇرغان ئاق ئاتنى ، بوپىنى ، ئىشىك ئالدىدا بىر توپ ئادەمنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈشۈپ كەلدى ۋە :

— نېمە ئىش بولدى ؟ — دەپ سوراشتى .

جۇ باجېي ئۇلارغا بۇرۇلۇپ ، ئۇزۇن قۇلىقىنى پۇلاڭلىتىپ تۇمشۇقىنى بىر سوزۇپ قويدى . ھېلىقىلار قورققىنىدىن ھەممىسى

مۇدۇرۇپ يىقىلىشقا تاس ـ ماس قالدى .
— قورقماڭلار ، بىز يامان ئادەم ئەمەس ، بىز بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن ماڭغان راھىبلار ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئالمان ـ تالمان ئۇلارنى خاتىرجەملەندۈرۈپ .
ئاقساقال يۈگۈرۈپ كېلىپ موماينى يۆلىۋالدى ۋە :
— ئانا ، قورقۇپ كەتمەڭ ، ئۇ ئۇستاز تاڭ سۇلالىسىدىن كەپتۇ . شاگىرتى سەت بولغىنى بىلەن كۆڭلى ياخشى ئىكەن . بالىلارنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كېتىڭ ، — دېدى .
موماي بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى .
بىرئازدىن كېيىن قېرى بىر ياغاچ تاۋاقتا ئۈچ پىيالە چاينى كۆتۈرگەن ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقتى . چايدىن كېيىن تاماق تەييارلاشقا بۇيرۇدى . ھېلىقى يىگىت سىرلىرى چۈشۈپ كونىراپ كەتكەن بىر شىرەنى ۋە پۇتلىرى بوشاپ غىچىرلاپ تۇرىدىغان بىر ئۇزۇن ئورۇندۇقنى ئاچىقىپ ھويلىغا قويدى . ئاندىن ئۈچەيلەننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى .
— بېگىم ، ئىسمىلىرى نېمە بولىدىكىن ؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ .
— فامىلەم ۋاڭ بولىدۇ .
— قانچە پەرزەنتلىك بولدىلىكىن ؟
— ئىككى ئوغلۇم ، ئۈچ نەۋرەم بار .
— مۇبارەك بولسۇن ! قانچە ياشقا كىرگەنتىلە ؟
— بۇ يىل ئاتمىش بىرگە كىرىپتىمەن .
— ياخشى ، ياخشى ، تازا ئۈچىرىشىپتۇق ـ دە !— دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
تاڭ سەنزاڭ يەنە سورىدى :
— بېگىم ، باياتىن بىرى غەربىي دىياردىن بۇددا نومىنى ئەكېلىش تولىمۇ مۇشەققەتلىك دېدىلە ، بۇنىڭ سەۋەبى ...
— بۇددا نومىنى ئەكېلىش تەس ئەمەس ، يول جاپاسلا يامان ، — دېدى ئاقساقال ، — بىزنىڭ بۇ يەردىن غەربىي دىيارغا

ئوتتۇز چاقىرىم ماڭسىلا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. لېكىن ئارىدا سەككىز يۈز چاقىرىملىق سېرىق بوران چوققىسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بار. تاغ ئىچىدە، نۇرغۇن جىن - ئالۋاستىلار خىرىس قىلىپ ياتىدۇ. قىيىن دېگىنىمىز دەل شۇنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، بۇ ۋېجىك تەقسىر ئۆزى ئېيتقاندەك راستىنلا كارامەتلىك بولسا، ئۇنىمۇ يېڭىپ كەتكىلى بولار.

— كېرەك يوق، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — ئىنىم بىلەن مەنلا بولىدىكەنمەن، ھەرقانداق ئالۋاستى بىزگە چېقىلالمايدۇ.

بۇ چاغدا شىرەگە تاماق كەلتۈرۈلدى. تاڭ سەنزاڭ ئالىقىنىنى جۈپلەپ دۇئا قىلدى. ھېلىقى بالا قورساق لايغەزەل چوشقا بولسا، بىشىنىمۇ كۆتۈرمەي ئون نەچچە چىنە تاماقنى بىردەمدىلا سوقۇۋەتتى. تاڭ سەنزاڭ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭغا ئاران دېگەندە بىر چىنىدىن ئاش تەگدى.

— قورسىقىم يېرىمىمۇ بولمىدىغۇ! — دېدى جۇ باجيې بىر ئولتۇرۇشىدىلا بۇ ئۆينىڭ بار ئېشىنى قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ. داستىخان يىغىلدى. مېھمانلارغا تۆۋەنكى بىر ئۆيدىن ئورۇن راسلاپ بېرىلدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە سۇن ۋۇكۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپلا ئاتنى ئېگەرلىدى، جۇ باجيې بوپىلارنى يىغىشتۇرۇپ تەييارلىدى. ۋاڭ بوۋاي ئانىسىغا چاي تەييارلاتقۇزدى. ئۇچەيلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، خوشلىشىپ يولغا چىقتى.

— يولدا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، كۆلبىمىزگە يەنە كېلىڭلار! — دېدى ئاقساقال.

سۇن ۋۇكۇڭ جاۋاب بېرىپ:

— ئاقساقال، نېمە دەۋاتىسىلا؟ يولۋاس ئىزىدىن ياناماس، يىگىت يولىدىن دەپتىكەن، — دېدى - دە، ئالدىدا يول باشلاپ يولغا راۋان بولدى.

يېرىم كۈنچە يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇلار دېگەندەك بىر ئېگىز تاغقا دۇچ كەلدى. تاغ ھەقىقەتەن تىك ۋە خەتەرلىك ئىدى. تاڭ

سەنزاڭ ئېتىنى دېۋىتىپ قىيا يېنىغا كەلگەندە ، ئۆزەڭگىگە دەسسەپ تۇرۇپ ، ئالدى تەرەپنى كۆزەتتى . ئۇشتۇمتۇت بوراننىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ۋۇكۇڭ ، بوران يېتىپ كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ جىددىيلەشكەن ھالدا .

— نېمىگە قورقىمىز ؟ بوران دېگەن دائىم چىقىدىغان نەرسە ئۇ ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— بۇ بوران ناھايىتى دەھشەتلىك كېلىۋاتىدۇ ، ئادەتتىكى بوران ئەمەستەك قىلىدۇ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ يەنە جىددىي قىياپەتتە .

— ئاغا ، بوران راستىنلا قاتتىق چىقىدىغاندەك قىلىدۇ ، ئۆزىمىزنى بىردەم چەتكە ئالساقمىكىن دەيمەن ، — دېدى جۇ باجيېمۇ سۈن ۋۇكۇڭنى بىر ياققا تارتىپ .

سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى :

— ئىنىم ، نېمىگە ئەندىشە قىلىسەن ؟ بوران كۆچەيگەندە مۆكۈنسەكمۇ ئۆلگۈرىمىز . ناۋادا ئالۋاستى يۈزمۇ يۈز كېلىپ قالسا قانداق قىلارسەن ؟

— ئاغا ، «شامالدىن قاچساڭ ئوق يېمەيسەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز ؟ ئازراق بولسىمۇ پاناھلانساق زىيىنى بولماس !

— بولدى سۆزلىمەي قوي ، بوراندىن بىر ئوچۇم تۇتۇپ پۇراپ باقاي !

— لاپ دېگەننى زەي سالماي ئاتتىڭىز ـ دە ، ئاغا ، نەدىمۇ بوراننى تۇتقان بار ؟ تۇتقان تەقدىردىمۇ قېچىپ كېتىدۇ ـ دە .

— ئىنىم ، سەن تېخى ئاغاڭنىڭ بوران تۇتىدىغان كارامىتىنى بىلمەيسەن .

سۈن ۋۇكۇڭ ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن بوراندىن ئۆزىنى شاققىدە قاچۇرۇپ ، سەل ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئوچۇم تۇتۇپ بۇرنىغا يېقىن ئەكەلدى . ئۇنىڭ بۇرنىغا قاڭسىق پۇراق ئۇرۇلدى .

— راستىنلا غەلىتە بوران ئىكەن ، — دېدى ئۇ كەسكىن

هالدا، — بۇ يولۋاس چىقارغان بوران بولمىسىلا، ئالۋاستى بورىنى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. بۇنىڭدا بىر سىر باردەك قىلىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا تاغ باغرىدىن بىر چىپار يولۋاس شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقتى. قورقۇپ كەتكەن تاڭ سەنزاڭ ئات ئۇستىدىن تىك موللاق ئېتىپ چۈشۈپ، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپلا قويدى. جۇ باجىي يۈك ـ تاقنى تاشلاپ تىرنىسىنى قولىغا ئېلىپ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئالدىدا سەكرەپ بېرىپ:

— توختا ئىپلاس، — دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، يولۋاسنىڭ بېشىغا قارىتىپ ئۇرۇشقا تەمشەلدى.

ھېلىقى يولۋاس بىردىنلا ئۆرە بولۇپ، سول قولى بىلەن كۆكرىكىدىكى تىرنىنى تۆۋەنگە تارتىپ تاشلاپ، جۇ باجىيغا تىكىلدى ۋە:

— ئالدىرىما، مەن دەل سېرىق بوران پادىشاھىنىڭ سەركەردىسى بولىمەن. بۇگۈن پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن شارابقا باستۇرما قىلىش ئۈچۈن ئوۋغا چىققانىدىم. قەيەردىن كەلگەن سوپىسەن؟ يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ ماڭا قورال تەڭلەيسىنا؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

جۇ باجىي ئۇنى تىللىدى:

— ھەي چۈپرەندە، بىزنى تونۇمايۋاتامسەن؟ بىز ساڭا ئوۋ بولۇپ بېرىدىغان ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەس، شەرقىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ خانىنىڭ ئىنىسى سەنزاڭنىڭ شاگىرتلىرى، خانىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە غەربىي دىياردىن بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز. ياخشىلىقچە، يولنى بوشىتىپ بىزدىن يىراق تۇر، ئۇستازىمىغا چېقىلمىساڭ، ئامان قالغىنىڭمۇ شۇ، ئەگەر ھارامزادىلىك قىلىدىكەنسەن، جېنىڭنى ئېلىپ يېنىڭدا قويىمەن!

بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان ئالۋاستى ئېتىلىپ كېلىپ جۇ باجىينىڭ يۈزىگە چاڭگال سالماقچى بولدى. جۇ باجىي چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، تىرنىسىنى ئىشقا سالدى. قولىدا قورالى يوق ئالۋاستى كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى. جۇ باجىي ئۇنىڭ

ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى . ئالۋاستى قىچىپ بىر سايغا كەلگەندە تاش ئارىسىدىن ئىككى قىلىچنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە ، كەينىگە بۇرۇلۇپ جۇ باجيېغا ئېتىلدى . ئىككى ـ ئۈچەيلەننىڭ ئارىسىدا ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سەنزاڭنى يۆلەپ تۇرغۇزغاندىن كېيىن :

— ئۇستازىم ، سىلى قورقماي مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرسىلا ، مەن جۇ باجيېغا ياردەملىشىپ ئالۋاستىنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ كېلەي ، — دېدى .

ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرغان تاڭ سەنزاڭ لاغىلداپ تىترىگەن هالدا بىرنېمىلەرنى دەپ دۇرۇت ئوقۇشقا باشلىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ گۈرزىسىنى كۆتۈرگەن پېتى يېتىپ كەلدى . ئۇنى كۆرگەن جۇ باجيې تېخمۇ روهلىنىپ كەتتى . ئالۋاستى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ ، بەدەر قاچتى .

— ئۇنى قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ ، چوقۇم قوغلاپ تۇتايلى ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ئىككىيلەن قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ تاغدىن چۈشتى . ئالاقزادە بولغان ئالۋاستى بىرلا موللاق ئېتىپ يولۋاس قىياپىتىگە قايتتى . سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن جۇ باجيې ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كېلىپ يەنە ئارقىدىن قوغلىدى . ئالۋاستى بۇ ئىككىيلەننىڭ يېقىنلاپ كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، يېپىنچۇالغان تېرىسىنى سالدى ـ دە ، بىر تاشقا كىيگۈزۈپ قويۇپ ، يەنە بورانغا ئايلىنىپ ، ئەسلىي يولغا قايتتى ۋە يول بويىدا دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرغان تاڭ سەنزاڭنى كۆرۈپ ئۇنى سۆرىگەن پېتى ئەپقاچتى .

ئالۋاستى تاڭ سەنزاڭنى غار ئالدىغا ئەكەلگەندىن كېيىن ، بوراننى توختىتىپ دەرۋازىۋەنگە توۋلىدى :

— يۇر ، تېز بېرىپ شاھ ئالىيلىرىغا يولۋاس سەركەردە بىر راهىبنى تۇتۇپ كەپتۇ ، دەپ مەلۇم قىلغىن .

هۆدەيچى غار خوجايىنىنىڭ كىرىشكە بەرگەن ئىجازىتىنى ئاچىقتى . يولۋاس سەركەردە ئىككى قىلىچنى ئىككى يېنىغا ئاسقان

ھالدا تاڭ سەنزاڭنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ كىرىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى ۋە :

— شاھ ئالىيلىرى ، سەركەردىلىرى مەن ناقابىل بولساممۇ تاغدا چارلاپ يۈرۈپ بۇ راھىبنى ئۇچراتتىم . ئۇ غەربىي دىياردىن بۇددا نومىنى ئەكىلىش ئۈچۈن ماڭغان شەرقىي دىياردىكى تاڭ خانىنىڭ ئىنىسى سەنزاڭ ھەزرىتىم ئىكەن . بۇنى سىلىگە سوۋغا قىلىپ تۇتۇپ كەلدىم . ئوبدان بىر ۋاخلىق تائام بولغۇدەك ، — دېدى .

غار خوجايىنى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى ۋە :

— مەن باشقىلارنىڭ ، سەنزاڭ ھەزرىتىم بۈيۈك تاڭ خانىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مۇقەددەس كىتابنى ئەكىلىشكە ماڭغان ئەۋلىيا راھىب ئىكەن . ئۇنىڭ سۈن ۋۇكۇڭ ئىسىملىك ناھايىتى پەم - پاراسەتلىك بىر شاگىرتى بار ئىكەن . سەنزاڭنى يەيمەن دېگەن بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن ، دەپ رىۋايەت قىلغىنىنى ئاڭلىغانىدىم . ھازىرچە ئۇنى ئارقا ھويلىدىكى قوۋۇق تۈۋرۈككە باغلاپ قويغىن . تۆت - بەش كۈن كۈتۈپ باقايلى . ھېلىقى ئىككىيلەن كېلىپ قالمىسىلا ، ئالدىرىماي يېسەكمۇ ئۈلگۈرىمىز ، — دېدى .

— شاھ ئالىيلىرى ، ناھايىتى توغرا ئېيتتىلا ، سىلى ھەقىقەتەن يىراقنى ئويلايدىغان ئادەم جۇمۇ ، — دېدى سەركەردە خۇشال بولۇپ ۋە لەشكەرلىرىنى تاڭ سەنزاڭنى ئاچىقىپ باغلاپ قويۇشقا بۇيرۇدى .

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ يەتتە - سەككىز ئالۋاستىچاق كېلىپ تاڭ سەنزاڭنى ئاچىقىپ كەتتى ۋە چەمبەرچاس قىلىپ باغلىۋەتتى . بۇ چاغدا تاڭ سەنزاڭ سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن جۇباجيېنى ئەلەم ئىچىدە ئەسكە ئېلىپ :

— ئاھ ، شاگىرتلىرىم ، سىلەر ئالۋاستىنى تۇتىمىز دەپ قايسى تاغدا يۈرىدىغانسىلەر ! مېنى بولسا ئالۋاستى تۇتۇپ كېلىپ ، قەپەسكە سولىدى . سىلەر بىلەن قاچانمۇ كۆرۈشەرمەن ؟ بۇ

دەردىنىڭ چېكى بولارمۇ ! كىچىكسەڭلار تۇگەشكىنىم شۇ ! — دېگىنىچە كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ ناله - پەرياد قىلدى .

سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن جۇ باجيې بولسا ھېلىقى يولۋاسنى قوغلاپ تاغدىن چۈشتى ، قىيا تاش يېنىغا كەلگەندە ئۇلار يولۋاسنىڭ مىدىر - سىدىر قىلماي ياتقانلىقىنى كۆردى . سۇن ۋۇكۇڭ شۇئان گۈرزىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، پۈتۈن كۈچى بىلەن يولۋاسقا قارىتىپ ئۇردى . قاڭقىپ چىققان گۈرزە ئۇنىڭ قولىنى زىڭىلدىتىۋەتتى . جۇ باجيېمۇ كېلىپ بىرنى سېلىۋىدى ، تىرنىسىنىڭ چىشلىرى ماكچىيىپ كەتتى . شۇندىلا ئۇلار بۇ يولۋاس تېرىسى يېپىلغان تاش ئىكەنلىكىنى بىلدى .

— چاتاق بولدى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ جىددىي تۇسكە كىرىپ ، — بىز ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپتۇق .

— ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپتۇق دەمسىز ؟ — تەكرارلاپ سورىدى جۇ باجيې .

— شۇنداق ، ئۇ تېرىسىنى بۇ يولۋاسسىمان تاشقا كىيدۈرۈپ قويۇپ ، ئۆزى قېچىپتۇ . بىز دەرھال قايتىپ كېتەيلى ، ئۇ ئۇستازىمغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويمىسۇن يەنە .

ئىككىيلەن چاقماق تېزلىكىدە قايتىپ كەلدى . تاڭ سەنزاڭ ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى .

— بۇ پالاكەتنى قارا ، ئۇستازىمنى تۇتۇپ كېتىپتۇ ! — سۇن ۋۇكۇڭ ئاچچىق غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى .

جۇ باجيې دەرھال ئاتنى تۇتۇپ كېلىپ ، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا :

— ياپىر ، نەدىنمۇ ئىزدەپ تاپارمىز ئەمدى ! — دېدى .

— بولدى يىغلىما ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا بىرقۇر نەزەر تاشلاپ ، — كۆز يېشىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق ، ئۇ ھەرقانچە قاچسىمۇ بۇ تاغدىن يىراق كېتەلمەيدۇ . بىز

ئىزدەپ باقايلى .
ئۇلار تاغ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ ، بىرقانچە چوققىدىن هالقىپ ئۆتتى . خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئېگىز قىيانىڭ ئاستىغا جايلاشقان بىر غار كۆرۈندى . ئۇلار قەدىمىنى توختىتىپ غار تەرەپنى كۆزەتتى ، غاردىن مۇدهىشلىك ئالامەتلەر بىلىنىپ تۇراتتى .
— ئىنىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — سەن ئاتنى قويۇۋېتىپ ، يۈك - تاقنى ئويمانغا يوشۇرۇپ قوي ، ئۆزۈڭمۇ بىر يەرگە مۆكۈنۈپ يېتىۋال . مەن بېرىپ ئۇلار بىلەن بىر مەيدان ئېلىشاي ، ئالۋاستىنى قولغا چۈشۈرمىگۈچە ، ئۇستازنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ .
— دېگىنىڭىزدەك بولسۇن ، — سىز تېزرەك بېرىڭ ، — دېدى جۇ باجيې .
سۇن ۋۇكۇڭ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ، بەلبېغىنى چىڭىتىپ ، گۈرزىسىنى چىڭ تۇتقان هالدا غارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى . ئۇ غار ئاغزىنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان «سېرىق بوران چوققىسى ، سېرىق بوران غارى» دېگەن خەتنى كۆردى ۋە ئىچكىرىسىگە قاراپ :
— هەي جادۇگەر ، ياۋاشلىقچە ئۇستازىمنى قايتۇرۇپ بەر . بولمىسا ئۇۋاڭنى كۆكۈم - تالقان قىلىپ تۈزلىۋېتىمەن ! — دەپ ۋارقىرىدى .
كىچىك ئالۋاستىلار قورققىنىدىن دىر - دىر تىترىشىپ يۈگۈرۈپ كىرىپ خەۋەر يەتكۈزدى .
— شاھ ئالىيلىرى ، چاتاق بولدى !
— نېمە بولدى ؟ — سورىدى تۆردە ئولتۇرغان سېرىق بوران ئالۋاستىسى .
— غار ئالدىغا تۈك يۈزلۈك بىر راھىب كېلىپ قالدى . قولىدا ئىنتايىن يوغان بىر كالتەك تۇرىدۇ . ئۇستازىنى ئىزدەپ كەپتۇ ! غار خوجايىنى جىددىيلىشىپ ، يولۋاس سەركەردىنى چاقىردى

ۋە :

— ئۇنىڭ شاگىرتى كېلىپ قاپتۇ، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى .

— خاتىرجەم بولسىلا شاھىم، — دېدى سەركەردە، — مەن ئەللىك لەشكىرىمنى باشلاپ چىقىپ، سۇن ۋۇكۇڭ دېگەن ئۇ ئەبلەخنىمۇ تۇتۇپ كېلىمەن .

— قول ئاستىمدا ئالتە يۈز - يەتتە يۈز لەشكەر بار، قانچىلىك تالىنىۋالساڭ مەيلى . سۇن ۋۇكۇڭنى قولغا چۈشۈرەلىسەڭلا، تاڭ راھىبىنىڭ گۆشىنى بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ يېيەلەيمىز . سەن بىلەن ھەم ئاغا - ئىنى بولىمىز . لېكىن، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي، باشقىچە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالساڭ، مەندىن رەنجىمىگەيسەن، — دېدى خوجايىن .

— خاتىرجەم بولۇپ مېنى كۈتۈپ ئولتۇرسىلا .

يولۋاس سۈرەتلىك ئالۋاستى ئەڭ قاۋۇل دەپ ھېسابلىغان ئەللىك مېكىجىننى باشلاپ، تۇغ - ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ، داقا - دۇمباقلىرىنى چېلىپ، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ غاردىن ئېتىلىپ چىقتى - دە، ئاغزىدىن شالىلىرىنى چېچىپ سۇن ۋۇكۇڭنى تىللىدى .

بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كەلگەن سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قۇيغا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى ۋە گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى . ئالۋاستىمۇ قىلىچىنى ئىشقا سېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى . بۇ دەھشەتلىك ئېلىشىشتا ھەر ئىككىيلەن ئۆز كارامەتلىرىنى تولۇق ئىشقا سالدى . نەچچە ئون مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن، يېڭىلىپ قېلىشىنى پەملىگەن يولۋاس سۈرەتلىك ئالۋاستى قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ قاچتى . ئۇ غار خوجايىنى ئالدىدا ۋەدە بېرىپ قويغاچقا، غارغا قايتىشقا پېتىنالماي، تاغقا قاراپ تىكىۋەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ نەرە تارتىپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇنى بىر ئويمانغا قوغلاپ كەلدى . بۇ يەردە ئات بېقىۋاتقان جۇ باجيې سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئالۋاستىنى قوغلاپ

كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تىرنىسىنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئالۋاستىنىڭ يولىنى توسۇپ ئۇنىڭ كاللىسىغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالدى. يولۋاس سەركەردىنىڭ بېشىدىن توققۇز تۆشۈك ئېچىلىپ قىپقىزىل قان ئېتىلىپ چىقتى. مېڭىسى چۇۋۇلۇپ، شۇ يەردىلا جان ئۈزدى.

— ئەجەب بەلەن ئىش بولدى، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي، — ئۇ مەن بىلەن ئېلىشىمەن دەپ، بىرمۇنچە جىنلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ چىقىپتۇ. ئەدىپىنى تازا بېرىۋىدىم، غارغا كىرمەي بۇ ياققا قاچتى. مانا ئەمدى بارىدىغان يېرىنى تېپىپتۇ. سەن ئۇنى تۇتۇۋالمىغان بولساڭ، يەنە قېچىپ كەتكەن بولاتتى ـ دە بۇ ئىبلىس!

— ئۇستازنى ئەپقاچقان مۇشۇ جادۇگەرمىكەن؟ — سورىدى جۇ باجيې.

— دەل ئۆزى شۇ.

— ئۇستازنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورۇشتۇرۇپ باقتىڭىزمۇ؟

— بۇ ئىبلىس ئۇستازنى غارغا ئەكىرىپ، پادىشاھنىڭ پىشۇرۇپ يېيىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. سەن يەنە مۇشۇ يەردە ئات ۋە يۈك ـ تاقلىرىمىزغا قاراپ تۇرغىن. مەن ئۇنىڭ جەسىتىنى غار ئالدىغا سۆرەپ بېرىپ ئۇلار بىلەن يەنە بىر ئېلىشاي، ھېلىقى قېرى جادۇگەرنى ئۇجۇقتۇرمىغۇچە، ئۇستازىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ.

— دۇرۇس گەپ بولدى ئاغا، سىز بېرىڭ. قېرى جادۇگەر يېڭىلىپ قېچىپ كەلسە، مەن يەنە تۇتۇپ جېنىدىن جۇدا قىلىمەن.

ئەزمەت سۈن ۋۇكۇڭ بىر قولىدا گۈرزىسىنى، بىر قولىدا ئۆلۈك ئالۋاستىنى كۆتۈرگەن ھالدا غار ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ قېرى ئالۋاستىنى تۇتۇپ، تاڭ سەنزاڭنى قۇتۇلدۇرالىدىمۇ، يوق؟ بۇ باياننى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

***پاسىبانلارنىڭ قوروق قۇرۇپ ئەۋلىيا ئەزەمنى قوندۇرۇپ قالغانلىقى***
***لىڭجىڭ شۇمى تېغىدا بوران ئالۋاستىسىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى***

ئەلقىسسە، قاقشاتقۇچ زەربە يەپ يېڭىلگەن ھېلىقى ئەللىك ئالۋاستى يىرتىلغان ئەلەم، يېرىلغان دۇمباقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، غارغا قايتىپ كىردى ۋە پادىشاھقا دوكلات قىلىپ شۇنداق دېدى:

— شاھ ئالىيلىرى، يولۋاس سەركەردىمىز تۈك يۈزلۈك شەيختىن يېڭىلىپ شەرقىي تاغقا قېچىپ كەتتى.

قېرى ئالۋاستى بۇنى ئاڭلاپ ئېغىر دەرد ئىچىدە قالدى ۋە لام - جىم دېمەستىن قانداق ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىش توغرىسىدا باش قاتۇردى. شۇ ئەسنادا دەرۋازىۋەن ئالۋاستى يۈگۈرۈپ كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— شاھ ئالىيلىرى، يولۋاس سەركەردىنى تۈك يۈزلۈك شەيخ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇنى غار ئالدىغا سۆرەپ ئەكېلىپ تاشلاپ قويۇپ، يەنە ئېلىشىمەن دەپ داۋراڭ سېلىۋاتىدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ قېرى ئالۋاستى تېخىمۇ غەزەپكە كەلدى ۋە:

— بۇ ئەبلەخ نېمانچە ئۆكتەملىك قىلىدۇ؟ مەن ئۇنىڭ ئۇستازىنى يېمىگەن تۇرسام نېمىشقا سەركەردەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ؟ ھوي لەنتى! قېنى، قوراللىرىمنى ئەكېلىڭلار! سۇن ۋۇكۇڭ دېگەننىڭ زادى قانچىلىك بىرنېمە ئىكەنلىكىنى بىر كۆرۈپ باقاي. خەپ، قانغا قان ئالمىغىنىمنى بىر كۆرسۇن! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ئالۋاستىچاقلار ئالمان - تالمان ئۇنىڭ ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى ئاچىقتى. قېرى ئالۋاستى ياسىنىپ بولغاندىن كېيىن، تۆمۈر ئارسىنى قولىغا ئېلىپ، سەرۋازلىرىنى باشلاپ، غاردىن ئېتىلىپ چىقتى.

— سۇن ۋۇكۇڭ دېگەن قايسىڭ؟ — ھەيۋەت بىلەن ۋارقىرىدى ئۇ.

— سۇن ۋۇكۇڭ مانا مەن بولىمەن، دەرھال ئۇستازىمنى قويۇۋەت! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

ئالۋاستى ئۆز ئالدىدا تۇرغان سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ۋىجىك، ئورۇق ھەم پاكار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بىردىنلا كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ۋاي بىچارە، سېنى قانداقراق بىر ئەزىمەتكىن دەپتىمەن. ئەسلي قورۇلۇپ قالغان بىر پەتەك ئىكەنسەنغۇ؟ — دېدى.

— تازا موخو نېمە ئىكەنسەن، ئوغلۇم، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، — كەمىنە بوۋاق كىچىك بولغىنىم بىلەن كاللامغا ئارا بىلەن بىرنى قويساڭ، ئالتە غېرىچ ئېگىزلەيمەن!

— خوپ، كاللاڭ قاتتىق بولسا قېنى تۇتىمامسەن!

ئالۋاستى ئۇنىڭ بېشىغا كۈچەپ بىرنى ئۇردى. سۇن ۋۇكۇڭ راستىنلا ئالتە غېرىچچە ئېگىزلەپ بويى بىر گەزگە يېتەي دەپ قالدى. قورقىنىدىن كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولغان ئالۋاستى ئېگىز كۆتۈرگەن ئارىسنى دەرھال پەسكە چۈشۈرۈپ:

— سۇن ۋۇكۇڭ، سەن مېنىڭ ئالدىمغا كارامەت كۆرسەتكىلى كەلگەنمىدىڭ؟ نەيرەڭۋازلىق قىلمەن دېسەڭ بېرى كەل. مەن ساڭا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي، — دېدى.

— ھەي ئوغلۇم، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — «ئايساڭ قولۇڭنى كۆتۈرمە، قولۇڭنى كۆتۈرگەندىن كېيىن ئايىما» دەپتىكەن. مەن قول سېلىپ قالسام، كالتىكىمنى سىگىرەلمەي قالارسەنمىكىن؟

بۇ گەپكە چىدىمىغان ئالۋاستى ئارىسنى كۆتۈرۈپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كۆكسىنى نىشانلاپ ئېتىلدى. سۇن ۋۇكۇڭ بولسا

تەمكىن قىياپەتتە تۇرۇپ، ئۇدۇل كەلگەن ئارىنى شاققىدە قايرىۋېتىپ، ئۇنىڭ كاللىسىغا غەزەپ بىلەن بىرنى قويدى. غار ئالدىدا بىر مەيدان ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى. ئوتتۇز مەرتەم ئېلىشىپمۇ ئۇلار بىر - بىرنى يېڭەلمىدى. بۇ چاغدا سۇن ۋۇكۇڭ ھىيلە ئىشلىتىپ، بىر تۇتام موينى يۇلۇۋالدى - دە، ئاغزىغا سېلىپ ئۇششاق چايناپ، ئاسمانغا پۈركۈگەندىن كېيىن «ئۆزگەر!» دەپ توۋلىدى. شۇئان ئۆزگە ئوخشاش ياسانغان يۈزچە سۇن ۋۇكۇڭ گۈرزە كۆتۈرۈشكەن ھالدا پەيدا بولۇپ، ئالۋاستىنى ئارىغا ئېلىۋالدى. بۇنىڭدىن قورققان ئالۋاستىمۇ كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ، شەرقىي جەنۇب تەرەپكە بۇرۇلۇپ، قوۋزىغا شامالنى ئېلىپ ئاسمانغا قارىتىپ پۈۋلىدى. ھايت - ھۇيت دېگۈچە دەھشەتلىك سېرىق بوران كۆتۈرۈلدى. بوران كىچىك سۇن ۋۇكۇڭلارنى ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ، چاقپەلەكتەك پىرقىرىتىۋەتتى. ئۇلار ئېلىشىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنىمۇ جايلىيالماي قالدى. ھودۇقۇپ كەتكەن سۇن ۋۇكۇڭ موي‌لىرىنى يىغىۋېلىپ، ئامالسىز يەككە - يېگانە جەڭگە چۈشتى. ئۇ گۈرزىسىنى تەڭلەپ ئېتىلىپ كېلىشىگە ئالۋاستى بىرلا پۈۋلەپ، ئاغزىدىن سېرىق بوران چىقاردى. سۇن ۋۇكۇڭ كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى. گۈرزىسىمۇ كارغا كەلمەي قالدى، ئاخىر ئۇ يېڭىلدى. ئالۋاستى بوراننى توختىتىپ غارغا كىرىپ كەتتى. خوش، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

جۇ باجىيغا كەلسەك، ئۇ، ئالەمنى سېرىق بوران قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقتا مەھكەم يېتىۋېلىپ، كۆزىنى ئېچىشقىمۇ، بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي، بۇددا ئايەتلىرىنى ئوقۇپ جىم يېتىۋالدى. ئۇ «ئۇستازىم قانداق بولغاندۇ؟ سۇن ۋۇكۇڭ يېڭىپ چىققانمىدۇ؟» دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈشكە ئاران ئۈلگۈردى. شۇ ئەسنادا ئۇشتۇمتۇت بوران توختاپ، ھاۋا سۈزۈلدى. سۇن ۋۇكۇڭ ھاسىراپ -

ھۆمۈدىگەن ھالدا غەرب تەرەپتىن پەيدا بولدى .
— ئاغا ، ئەجەبمۇ سەت بوران چىقىپ كەتتى ، سىز قەيەردىن كېلىۋاتىسىز ؟ — دەپ سورىدى شۇندىلا ئورنىدىن ئاران تۇرغان جۇ باجىي ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ .
— نېمىدېگەن يامان نېمە بۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ ، — ئادەم بولۇپ بۇنداق قاتتىق بوراننى كۆرمەپتىكەنمەن . ئۇ قېرى جادۇگەر پولات ئارىسىنى ئىشقا سېلىپ مەن بىلەن ئېلىشتى . ئوتتۇز نەچچە مەرتەم تۇتۇشقاندىن كېيىن ، كارامىتىمنى كۆرسىتىپ ئۇنى قورشىۋالدىم . ئۇ تېرىكىپ بىرلا بوران چىقىرىۋىدى ، ئۆرە تۇرۇشقىمۇ ئامالسىز قېلىپ قېچىپ كەلدىم .
— ئۇنداق بولسا ئۇستازنى قانداق قۇتۇلدۇرىمىز ؟ — سورىدى جۇ باجىي .
— ئۇستازنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئالدىرىمايلى ، ئاۋۋال بۇ ئەتراپتىن ئەمچى تېپىپ ئىزدەپ تېپىپ ، كۆزۈمنى بىر ساقايتىۋالاي .
— كۆزىڭىزگە نېمە بولدى ؟
— ھېلىقى جادۇگەر بىرلا پۈۋلەپ كۆزۈمگە توپا تىقىۋەتتى . مانا ئەمدى ئېچىشىپ ئاغرىپ ، مۇزدەك ياش ئېقىۋاتىدۇ .
— ئاغا ، كەچ كىرىپ قالغاندا بۇ تاغ ئىچىدىن دوختۇر تېپىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن ، قونغۇدەك بىر يەر تېپىشمۇ تەس - دە !
— قونغۇدەك يەرنى تاپقىلى بولار . پەممىچە ھېلىقى ئالۋاستى ئۇستازنى ئالدىراپ بىرنېمە قىلالمايدۇ . ئاۋۋال بىرەر ئۆي تېپىپ ئارام ئېلىۋالايلى . ئەتە تاڭ يورۇغاندا ئاندىن كېلىپ ، ھېلىقى ئالۋاستىنى جايلىۋېتەيلى .
— بولىدۇ ، بولىدۇ ، — جۇ باجىي دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ، ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ ، ئاتنى يېتىلىگەن ھالدا ، ئويماندىن چىقىپ چوڭ يولغا چۈشتى . بۇ چاغدا ئەتراپقا گۆگۈم پەردىسى تارتىلدى . يولنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تاغدىن ئىتنىڭ

ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇلار قەدىمىنى توختىتىپ ، بىر قورۇقتىن چىراغ نۇرىنىڭ يىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە يولىنى ئىزدەپ يۈرمەيلا ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئوت - چۆپلۈكنى كېسىپ ئۆتۈپ ، قورۇق ئالدىغا بېرىپ دەرۋازىنى قاقتى .

— كىم سىلەر ؟ — دەپ سورىدى بىر بوۋاي ئارا ۋە سۈپۈرگە كۆتۈرۈۋالغان بىرنەچچە ياش دېھقاننى باشلاپ چىقىپ .

— بىز شەرقىي دىيار بۈيۈك تاڭ ئېلىنىڭ راھىبى تاڭ ھەزرىتىمنىڭ شاگىرتلىرى ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ئېگىلىپ تۇرۇپ ، — غەربىي دىياردىن بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتۇق . بۇ تاغقا كەلگىنىمىزدە سېرىق بوران ئالۋاستىسى ئۇستازىمىزنى ئەپقېچىپ كەتتى . بىز تېخى ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقالمىدۇق . كەچ كىرىپ قالغاچقا ، بىر كېچە قونۇۋالساقمىكىن دەپ ئۆتۈنۈپ كېلىپ قالدۇق .

— كەچۈرگەيلا ، كەچۈرگەيلا ، — دېدى ھېلىقى بوۋاي ، — بۇ يەردە ئادەم شالاڭ ، يىرتقۇچلار ۋە قاراقچىلار دائىم كېلىپ ئاۋارە قىلىدۇ . ئىشىك چېكىلگەننى ئاڭلاپ ، باشقا بىرىمىكىن دەپ قوپاللىق قىلىپ قويۇپتۇق . ئۆزلىرى ئىكەنلا ، قېنى مەرھەمەت ! ئۆيگە كىرىشسىلە !

ئىككىيلەن ئاتنى يېتىلەپ ، يۈك - تاقنى كۆتۈرۈپ قورۇققا كىردى . غوجىدار بىلەن كۆرۈشۈپ داستىخاندىن ئورۇن ئالدى . چاي كەلتۈرۈلدى . چايدىن كېيىن ساھىبخان ئۇلارغا بىر تاۋاقتىن زىغىر شويلىسى ئاچىقتى .

— ئەمدى ئارام ئېلىشاملا ؟ — دېدى غوجىدار تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن .

سۈن ۋۇكۇڭ غوجىدارغا قاراپ دېدى :

— دىيانەتلىك بېگىم ، ئۆزلىرىدىن بىرنەرسىنى سورىماقچىدىم ، بۇ يەردىن كۆز دورىسى تاپقىلى بولارمۇ ؟

— قانداق ، ھېلىقى ھەزرىتىمنىڭ كۆزى قارىغۇمىدى ؟

— يوقسۇ ، بۈگۈن سېرىق بوران غارى ئالدىدا ئۇستازنى

قوتولدۇرمەن دەپ ھېلىقى ئالۋاستى بىلەن ئېلىشىۋاتقىنىمدا ، ئۇ كۆزۈمگە توپا كىرگۈزۈۋەتتى . مانا ئەمدى ئېچىشىپ ئاغرىپ ، ياشاڭغىراپ زادى بولالمايۋاتىمەن . دورا قىلسام ئوڭشىلارمىكىن دېگەنىدىم .

— ئۇ جادۇگەرنىڭ بورىنى بەكلا يامان ، بىرلا بوران بىلەن ئالەمنى زۇلمەتكە ئوراپ ، شەيتانۇمالائىكىلەرنىمۇ ۋەھىمىگە سالالايدۇ . قىيالارنى كۆكۈم - تالقان قىلىپ ، ئادەمنى جېنىدىن جۇدا قىلىدۇ . پەقەت تەگرىلا ئۇنىڭ ئالدىدا ساق قېلىشقا قابىلدۇر .

— گەرچە مەن تەڭرى بولمىساممۇ ، ئۇ كۆزۈمنىلا ئاغرىتالىدى ، خالاس .

— سۆزلىرىدىن قارىغاندا ، خېلى ئۇلۇغ زات ئوخشايلا . بىزنىڭ بۇ يەردە دورىپۇرۇش يوق . بىراق ، مېنىڭ كونىلاردىن ئۆگىنىۋالغان بىر ھۈنىرىم بار . بۇ ئۇسۇل بىلەن ھەرقانداق شامال تەگكەن كۆزنى ساقايتقىلى بولىدۇ .

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭ ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە بوۋايغا تەزىم قىلىپ :

— ئۆتۈنۈپ قالاي ، بىر سىناپ كۆرسىلە ، — دېدى .

بوۋاي ئىچكىرىدىكى ئۆيدىن بىر كورىنى ئاچىقىپ ، ئاغزىنى پەم بىلەن ئاچتى ۋە قاشتېشىدىن ياسالغان قوشۇق بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىن مەلھەمگە ئوخشايدىغان بىرنەرسىنى ئېلىپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كۆزىگە تېمىتىپ قويدى .

— كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئۇخلىسىلا ، — دېدى ئۇ ، — ئەتە ئەتىگەن ساقىيىپ كېتىدىلا .

تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا سۇن ۋۇكۇڭ يۈزىنى سىلاپ كۆزىنى ئاستا ئاچتى .

— راستىنلا قالتىس دورا ئىكەن ، كۆزۈم بۇرۇنقىدىنمۇ ئوچۇق كۆرۈۋاتىدۇ ! — دېدى ئەتراپقا قاراپ . ئۇ ئاخشامقى ئۆيلەرنىڭ ئورنىدا ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەرنى ، يېشىل چىملىق ئۈستىدە ياتقان جۇ باجىيىنى كۆردى .

— ئاغا ، كۆزىڭىز قانداقراق ؟ — دېدى جۇ باجيې ئويغىنىپ .
— كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قاراپ باققىنا !
بۇ ھاڭۋاقتى چوشقا ئۆينىڭ غايىب بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئورنىدىن ئالمان - تالمان ئۆمىلەپ قوپتى - دە ، ۋارقىراپ كەتتى :
— ئېتىمىز قەيەرگە كەتكەندۇ !
— ئەنە دەرەختە باغلاقلىق تۇرمامدۇ .
— بوپىلىرىمىزچۇ ؟
— بېشىڭغا قويغىنىڭ بوپا بولماي نېمە ؟ !
— بىزمۇ تازا ئۇلۇكتەكلا ئۇخلاپتۇق ، ئۇلار ئۆينى كۆچۈرۈپ كەتسە ، تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىماپتۇق ئەمەسمۇ !
— ھەي ئەخمەق ، ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلىمەي ، ئاۋۇ دەرەختە ئېسىپ قويغان باغاقنى ئوقۇپ باققىن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ خىرىلداپ كۈلۈپ .
جۇ باجيې يۈگۈرۈپ بېرىپ باغاقنى ئالدى . ئۇنىڭغا مۇنداق تۆت مىسرا نەزمە پۈتۈلگەنىدى :

*ئاددىي كىشى ئەمەستۇر بۇ قورۇقتا تۇرغىنى ،*
*سامھاراما[1] ئۇ ، بىلسەڭ ، ياساپ ئاددىي كۈلبىنى .*
*شاھى مەلھەم داۋادۇر ئەزىمەتنىڭ كۆزىگە ،*
*تاغ يۈرەك بول ، قورقمىغىن يوقىتىشتا دىۋىنى .*

— ئىنىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ جۇ باجيېغا قاراپ ، — بىلەمسەن ، ئۇلار دىن پاسىبانلىرى بولغان سامھاراما ، ئالتە كۇتتۇال ، بەش جەمەت ساتيالىرى ۋە تۆت ئەمىر قاتارلىقلاردۇر . ئۇلار بۇدساتۋانىڭ ئەمرى بىلەن ئۇستازنى مەخپىي قوغداپ تۇرىدۇ . سەن بىزگە قوشۇلغاندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ بىزگە ئەگىشىپ يۈرۈش زۆرۈرىيىتى قالمىغان .
— ھە ، ئەمدى چۈشەندىم ، ئۇلار بۇددا ئەمرى بويىچە

---
[1] سامھاراما — بۇددا دىنىدىكى دىن قوغدىغۇچى ئىلاھلار .

ئۇستازنى مەخپىي قوغدايدىغان بولغاچقا، ئۆزىنى ئاشكارا قىلمايدىكەن. خەير، ئۇلارنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، بىز بىرىپ ئۇستازنى قۇتۇلدۇرايلى، — دېدى جۇ باجيې.

— بۇ گېپىڭ دۇرۇس بولدى. سېرىق بوران غارىمۇ ئانچە يىراقتا ئەمەس. سەن مۇشۇ يەردىن مىدىرلىماي ئات ۋە نەرسە - كېرەكلىرىمىزگە ئوبدان ھېزى بول. مەن بېرىپ ئۇستازنىڭ دېرىكىنى قىلىپ، ئۇلار بىلەن يەنە ئېلىشاي.

— شۇنداق بولسۇن، ئېنىقراق بىر خەۋىرىنى ئۇقايلى. مۇبادا ئۇستازنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قالغان بولسا، ئۆز يولىمىزنى تېپىۋالارمىز. ھايات بولسا، ئامال قىلىپ قۇتۇلدۇرۇۋالايلى.

— ئاغزىڭنى ئۇشۇتمە، مەن كەتتىم ئەمىسە.

سۇن ۋۇكۇڭ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غار ئالدىغا يېتىپ كەلدى. غارنىڭ ئىشىكى تاقاقلىق ئىدى. دەرۋازىۋەن ئۇخلاۋاتاتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۈن - تىن چىقارماستىن ئىچىدە بىر ئەپسۇننى ئوقۇپ بىر پاشىغا ئۆزگەردى - دە، خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ئالۋاستىنىڭ يۈزىگە قونۇپ، نەشتىرىنى سانجىدى.

«ۋايجان! ئەجەب چاقتىغۇ بۇ پاشا!» دەپ ۋارقىرىدى ئالۋاستى ۋە كۆزىنى ئېچىپ، تاڭ ئېتىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

ئىككىنچى ئىشىك غىچىلداپ ئېچىلدى. سۇن ۋۇكۇڭ پۇررىدە قىلىپ ئىچكىرىگە ئۇچۇپ كىرىپ كەتتى. قېرى ئالۋاستى قوراللىرىنى تەكشۈرگەچ، ھەرقايسى قاراۋۇللارنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتاتتى:

— سۇن ۋۇكۇڭ تۈنۈگۈنكى بوراندا ئۆلمىگەن بولسا، بۈگۈن چوقۇم يەنە كېلىدۇ. كېلىپ قالسا، جەزمەن ئۇنى ئامان قويماسلىقىمىز كېرەك.

سۇن ۋۇكۇڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپلا قويدى ۋە دەھلىزدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، ئارقا تەرەپكە كەلدى. ئارقىغا چىقىدىغان دەرۋازا مەھكەم تاقاقلىق تۇراتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن سىغدىلىپ ئۆتۈپ، چوڭ بىر قورۇغا چىقتى. تاڭ سەنزاڭ مۇشۇ قورۇدىكى

تۈۋرۈكـكـە بـاغلاپ قويۇلغان بولۇپ، كۆزىدىن ئۇزۇلمەي ياش تـۆكۈلۈۋاتاتتى. «ۋۇكۇڭ، ۋۇنېڭ» دەيتتى. ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئىسمىنى تىنماي زىكىر قىلىپ، سۈن ۋۇكۇڭ ئاستا ئۇچۇپ بېرىپ ئۇنىڭ پاكىز قىرىلغان بېشىغا قوندى ۋە:

— ئۇستازىم، — دەپ چاقىردى.

تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ:

— ۋۇكـۇڭ، ئۇلار مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. سەن قەيەردە چاقىرىۋاتىسەن مېنى؟ — دېدى.

— ئـۇسـتازىم، مەن سىلىنىڭ باشلىرىدا، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ جاۋاب بېرىپ، — ئەمدى غەم قىلمىسىلا، بىز ئالۋاستىنى جەزمەن ئۇجۇقتۇرۇپ، سىلىنى قۇتۇلدۇرۇۋالىمىز.

— ئالۋاستىنى قاچانراق يوقىتىسىلەر؟

— سـىـلـىـنـى بـۇلاپ كەلگەن ھېلىقى يولۋاس سۈرەتلىك ئالۋاستىنى جۇ باجيې جەھەننەمگە يولغا سالدى. قېرى ئالۋاستى تېخـى تـۇتـۇق بـەرمـەيـۋاتـىـدۇ. بۈگـۈنـدىـن قالماي ئۇنىمۇ ئۇجۇقتۇرىمىز. كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، مەن كەتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئالدىنقى زالغا ئۇچۇپ كىردى. قېرى ئـالـۋاسـتـى تـۆردە ئـولـتـۇرۇپ، سـەركـەردىـلـىـرىـگە ۋەزىپە تـاپـشـۇرۇۋاتـاتتى. شۇ ئەسنادا بىر كىچىك ئالۋاستى يۈگۈرۈپ كىرىپ، مەلۇم قىلدى.

— شـاھ ئـالـىـيـلـىـرى، چارلاپ كېلەيلى دەپ ئىشىكتىن چىقىشىمىزغا ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق، سالپاڭ قۇلاق بىر شەيخنىڭ دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۇق، چاققانلىق قىلىپ قېچىپ قۇتۇلمىغان بولساق، ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالاتتۇق. تۈنۈگۈنكى تۈك يۈزلۈك شەيخنى بولسا ئۇچراتمىدۇق.

— سۈن ۋۇكۇڭنى ئۇچراتمىغان بولساڭلار، ئۇ چوقۇم بوراندا ئـۆلـگـەن ئـوخـشـايـدۇ. ئەمدى ياردەمگە لەشكەر تەلەپ قىلىپ بارمىساڭلارمۇ بولار، — دېدى قېرى ئالۋاستى.

— شاھ ئالىيلىرى، ئۇ ئۆلگەن بولسىغۇ، بىزنىڭ بەخت ـ

تەلىيمىز . مۇبادا ئۆلمەي قېلىپ ، سەرۋازلىرىنى باشلاپ كېلىپ قالسا قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى ئالۋاستىلار .

— ئۇنىڭ سەرۋازلىرىدىن قورقۇپ نېمە قويۇپتۇ ، — دېدى قېرى ئالۋاستى ، — مەن چىقارغان بورانغا لىڭجى بۇدساتۋادىن باشقىسى تاقابىل تۇرالمايدۇ .

سۇن ۋۇكۇڭ تورۇستا تۇرۇپ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە غاردىن يېنىپ چىقىپ ئۆز ئەسلىگە قايتتى . ئاندىن ئورمانلىقتا كېلىپ جۇ باجىينى چاقىردى .

— قەيەرلەرگە باردىڭىز ئاغا ، — دېدى جۇ باجيې ئۇنى كۆرۈپ ، — باياتىن تۇغ - ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بىر توپ ئالۋاستى كەپتىكەن ، ئۇلارنى قوغلىۋەتتىم .

— شۇنىمۇ گەپ دەپ قىلامسەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — مەن پاشىغا ئايلىنىپ ، غار ئىچىنى كۆزىتىپ چىقتىم . ئۇستازنى ئۇلار تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپتۇ . مەن ئۇنى خاتىرجەم بولسىلا دەپ كۆڭلىنى ياساپ قويدۇم . ئالۋاستىلارنىڭ گەپ - سۆزىنى تىڭ تىڭلاپ تۇرسام ، بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ كۆرەڭلەپ كەتتى .

— كىمنى دەيدىكەن ئۇلار ؟

— ئۇ ھەرقانچە پالۋان بولسىمۇ قورقمايمەن ، مېنىڭ بورىنىمغا لىڭجى بۇدساتۋادىن باشقىسى بىكار ، — دەيدۇ . بۇ لىڭجى دېگىنى قەيەردىدۇر ؟

دەل شۇ ئەسنادا يولدا بىر قېرى بوۋاي پەيدا بولدى .

جۇ باجيې ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولغان ھالدا :

— ئاغا ، « يول سورىغىن يولچىدىن » دېگەن گەپ بار ، بېرىپ ئۇ كىشىدىن سوراپ باقمامسىز ؟ — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ سۆزىگە كىرىپ ، گۇرزىسىنى يوشۇردى ۋە بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەردى :

— ئامىتابا ، بوۋا !

بوۋاي خۇشياقمىغان ھالدا سالامنى ئىلىك ئېلىپ سورىدى :

— خوش ، ئۆزۈڭ قەيەردىن كەلگەن راھىبسەن ؟ بۇ دالادا نېمە قىلىپ يۈرىسەن ؟

— بىز بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن ماڭغان راھىبلار ، تۈنۈگۈن ئۇستازىمىزنى يوقىتىپ قويدۇق . ئۆزلىرىدىن لىڭجى بۇدساتۋانىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىماقچى ئىدۇق .

— لىڭجى جەنۇبتا تۇرىدۇ . بۇ يەردىن ئۈچ مىڭ چاقىرىمچە كېلىدۇ . ئۇ يەردە شۇمىشەن دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بار . تاغ ئىچىدە ھەم بىر جامەئە بار . ئۇ ، بۇدساتۋانىڭ مۇقەددەس نوملاردىن تەپسىر ئېيتىدىغان خانىقاسى . شۇنىڭدىن ساۋاق ئالماقچىمىدىڭلار ؟

— يوقسۇ ، ئۇنىڭغا بىر ھاجىتىمىز چۈشۈپ قالغانىدى . قايسى يول بىلەن بارساق بولىدىكىنتاڭ ؟

— مۇشۇ چىغىر يول بىلەن ماڭساڭلار بولىۋېرىدۇ ، — دېدى بوۋاي جەنۇبنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ .

سۇن ۋۇكۇڭ بوۋاي كۆرسەتكەن تەرەپكە بۇرۇلۇشى بىلەن ، ئۇ سەلكىن شامالغا ئايلىنىپ ، بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولدى ۋە يولدا بىر باغاقچىنى قالدۇرۇپ كەتتى . باغاقتا مۇنداق نەزمە يېزىلغانىدى :

*قۇلاق سالغىن بۇ نەزمىگە ئەۋلىيا ئەزەم ،*
*لى چاڭگېڭدۇر ئۇشبۇ چالنىڭ نامۇشەرىپى .*
*لىڭجى ئۈچۈن ياراغ بولغان تالاي جەڭلەردە ،*
*شۇمىشەندە بار بىر ھاسا ، پۇتمەس تەرىپى .*

سۇن ۋۇكۇڭ باغاقنى ئېلىپ كەينىگە يېنىپ كەلدى ۋە ئۇنى جۇ باجيېغا سۇندى . جۇ باجيې باغاقتا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن سورىدى :

— لى چاڭگېڭ دېگەن شۇمىكەن ؟

— بۇ غەربىي دىياردىكى زۆھرە چولپاننىڭ ئىسمى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . جۇ باجيې ئالمان ـ تالمان كۆككە تاۋاب قىلىپ :

— ئاھ شەپقەتلىك ئىگەم! ئەگەر شۇ چولپان يۇرۇن سۇلتاندىن مېنى تىلىۋالمىغان بولسا، بۇگۈنكى كۈنۈم بولماس ئىدى! — دېدى.

— مېھىر - شەپقەت قىلغاننى سەنمۇ بىلىدىكەنسەن - دە، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — سەن بۇ ئورمانلىقتا نەرسە - كېرەكلەرگە قاراپ تۇرغىن. مەن شۇمىشەن تېغىغا بېرىپ، بۇدساتۋانى ئەكېلەي.

— بولىدۇ، بولىدۇ. سىز بېرىۋېرىڭ. قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن، — جاۋاب بەردى جۇ باجيې.

سۇن ۋۇكۇڭ كۆككە قاڭقىپ چىقتى - دە، مۇئەللەق بولۇتقا ئولتۇرۇپ، جەنۇبقا قاراپ چاپتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۈچ مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ، بىر ئېگىز تاغقا يېتىپ كەلدى. جىلغىدا بىر خانىقا كۆرۈندى. ئۈزۈك - ئۈزۈك ياڭراۋاتقان بوم قوڭغۇراق ئاۋازى بۇ يەردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆكۈچ ئىس بىلەن قوشۇلۇپ، ھەيۋەتلىك بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. سۇن ۋۇكۇڭ دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە بويىنىغا تەسۋى ئېسىۋالغان بىر دەرۋىش دۇرۇت ئوقۇغان ھالدا چىقىپ كەلدى:

— لىڭجى بۇدساتۋانىڭ خانىقاسى مۇشۇ بولامدىكىن؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— شۇنداق، — دېدى دەرۋىش جاۋاب بېرىپ، — بىرەر ئىشلىرى بارمىدى؟

— مالال كۆرمىسىلە بىر گېپىمنى بۇدساتۋاغا يەتكۈزۈپ قويغان بولسىلا. مەن شەرقىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ سەنزاڭ ھەزرەتلىرىنىڭ شاگىرتى پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم شېڭجى بولىمەن. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغان بىر ئىشىم بار ئىدى.

دەرۋىش ئۇنىڭ تەلىپىگە بىنائەن خانىقاغا كىرىپ خەۋەر يەتكۈزدى. بۇدساتۋا ئۇنى مېھمانخانىسىدا قوبۇل قىلدى ۋە قانداق چايغا كۆڭلى تارتىدىغانلىقىنى سورىدى.

— چايغا ھازىر تاۋىم يوق، — دېدى سۇن

ۋۇكـــۇك ، — ئـۇســتـازـم سېرىق بوران تېغىدا پېشكەللىككە ئــۇچرىدى ، كارامەتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۇستازىمنى ئالۋاستىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ بېرەرمىكىن دەپ ئۆتۈنۈپ كەلگەنىدىم .

— تاتھاگاتونىڭ ئەمرى بىلەن مەن سېرىق بوران ئالۋاستىنى باستۇرۇشقا كەلگەن ، — دېدى بۇدساتۋا ، — مەندە تاتھاگاتو بەرگەن «بوران توختىتىش دورىسى» بىلەن ئەجدىھا سۇرەتلىك بىر هاسا بار . بىر چاغدا ئۇ ئالۋاستى قولۇمغا چۈشكەندە ئىچ ئاغرىتىپ ، نەسىھەت قىلىپ تاغقا قويۇۋەتكەنىدىم . ئەمدى يەنە ئۇستازلىرىغا چاڭگال ساپتۇ . خەپ ئۇنى ئاياپ قويغان گۇناھىملا بار- دە !

ســۇن ۋۇكۇڭ بۇدساتۋانىڭ تاماققا تۇتقىنىغا ئۇنىماي يولغا چىقىشقا ئالدىرىدى . بۇدساتۋا ئەجدىھا سۇرەتلىك هاسىنى ئېلىپ ، ســۇن ۋۇكۇڭ بىلەن بىرگە بۇلۇت ئۇستىگە چىقتى . بىرئازدىن كېيىن ئۇلار سېرىق بوران تېغىغا يېتىپ كەلدى .

— ئەۋلىيا ئەزەم ، — دېدى بۇدساتۋا ، — بۇ ئالۋاستى مەندىن ھەزەر قىلىدۇ ، شۇڭا مەن بۇلۇت ئۇستىدە يوشۇرۇنۇپ تۇراي . سىلى چۈشۈپ ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىپ ، ئالداپ چىقسىلا . ئاندىن ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرەي .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ سۆزىگە بىنائەن ئولتۇرغان بۇلۇتنى يەرگە قونـدۇرۇپ ، گـۇرزىـسـىـنـى كۆتۈرگەن پېتى بېرىپ ، غارنىڭ ئىشىكىنى چېقىۋەتتى ۋە :

— ھەي جادۇگەر ، ئۇسـتازىـمـنـى قـايـتـۇرۇپ بېرەمسەن ، يوق ! — دەپ ۋارقىرىدى .

كىچىك ئالۋاستىلار ئالمان ـ تالمان كىرىپ خەۋەر يەتكۈزدى .

— بۇ مايمۇنەك راستتىنلا ئۆكتەم نېمە ئىكەن ، — دېدى قېـرى ئـالۋاسـتـى ، — ئـايىغاننى بىلمەي ئىشىكىمنى چېقىپ يۇرگـىـنـىـنـى قـارىـمـامـدىـغـان ، خـەپ ، ئـۇنـى بـورانـدا تىنچىقتۇرۇۋەتمىسەم !

ئۇ غەزەپ ئاچچىقىدا ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ ، قولىغا ئارىـسـىـنـى ئېلىپ غاردىن چىقتى ۋە سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپلا

ئارىسىنى تەڭلەپ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلدى . سوْن ۋوْكوْڭ چاققانلىق بىلەن ئوْزىنى قاچۇرۇپ ئوْنىڭغا قايتۇرما زەربە بەردى . بىر - ئىككى مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن ئالۋاستى كەينىگە بۇرۇلۇپ ، شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن شامال سوْمۇرۇپ ، بوران چىقىرىشقا تەمشەلدى . شۇ ئەسنادا لىڭجى بوْدساتۋا ئەجدىھا سۈرەتلىك ھاسىنى يەرگە تاشلاپ ، قانداقتۇر بىر ئەپسۇننى ئوقۇدى . ھېلىقى ھاسا بىردىن سەككىز پۇتلۇق ئالتۇن ئەجدىھاغا ئايلاندى . ئەجدىھا پارقىراپ تۇرغان ئىككى قىلچىنى ئوينىتىپ كېلىپ ، ئالۋاستىنى بويىندىن تۇتۇپ تولغاپ ئىككى - ئۈچ سىلكىپ قىيا تاش يېنىغا تاشلىدى . ئالۋاستىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ئاشكارىلاندى . ئۇ بىر سېرىق يوللۇق بوْلغوْن چاشقان ئىدى . سوْن ۋوْكوْڭ يوْگۈرۈپ بېرىپ ئوْنى گۈرزىسى بىلەن ئۇرۇپ يانجىۋەتمەكچى بولدى . بوْدساتۋا ئوْنى توسۇۋېلىپ :

— بولدى ، ئەۋلىيا ئەزەم ، ئوْنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسىلە ، مەن تېخى ئوْنى تاتھاگاتونىڭ ئالدىغا ئاپىرىمەن . ئەسلىي بۇ لىڭشەن تېغىدا تۇرىدىغان راھىب چاشقان ئىدى . چىراغ يېغىنى ئوغرىلاپ ، جازادىن قورقۇپ ، بۇ يەرگە قېچىپ كېلىۋالغان . كېيىن يەنە ئەسكىلىك قىلغاچقا ، تاتھاگاتو ئوْنى ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلىپ ، مېنىڭ باشقۇرۇشۇمغا تاپشۇرۇپ بەرگەن . بوْگۈن يەنە ئىش تېرىپ ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ چىشىغا تېگىپتۇ . تاڭ راھىبنى قەستلەپتۇ . ئەمدى ئوْنى تاتھاگاتونىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ، ھېساباتىنى تولۇق ئالىمىز ، — دېدى .

سوْن ۋوْكوْڭ بوْنى ئاڭلاپ ، بوْدساتۋاغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى . بوْدساتۋا غەربكە قايتتى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەمدى جۇ باجيېغا كەلسەك ، ئۇ ئورماندا سوْن ۋوْكوْڭنىڭ غېمىنى يەپ ئولتۇراتتى . ئۇشتۇمتۇت بىرىنىڭ «ئوْكام ۋوْنېڭ ، ئاتنى يېتىلەپ ، نەرسە - كېرەكلەرنى ئېلىپ بۇ ياققا چىققىن !» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ سوْن ۋوْكوْڭنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ ، دەرھال نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ ، ئورماندىن

چىقتى ۋە سوْن ۋوْكوْكنى كوْروْپ :

— ئاغا ، قانداق بولدى ؟ — دەپ سورىدى .

سوْن ۋوْكوْك جاۋاب بېرىپ موْنداق دېدى :

— لىڭجى بوْدساتۋانى چاقىرىپ كەلدىم ، ئوْ ئەجدىھا سوْرەتلىك ھاسىسىنى ئىشقا سېلىپ ، ئالۋاستىنى قولغا چوْشوْردى . ئەسلىي ئوْ سېرىق بوْلغوْن چاشقاندىن ئوْزگىرىۋالغان جادوْگەر ئىكەن . ئوْنى تاتھاگاتونىڭ ئالدىغا ئەكەتتى . بىز ئەمدى غارغا بېرىپ ئوْستازنى قوْتوْلدوْرايلى .

جوْ باجيي بوْنىڭدىن خوْشال بولوْپ سەكرەپ كەتتى . ئاندىن ئوْلار غارغا يېتىپ كېلىپ ، بوْ يەردىكى جىن - شاياتوْنلارنىڭ ھەممىسىنى ئوْر - توقماق قىلىپ ، بىرمۇبىر يانجىپ تاشلىدى ۋە ئارقا قورۇغا چىقىپ ئوْستازنى قوْتوْلدوْردى .

— ئىككىڭلار ئالۋاستىلارنى قانداق يەڭدىڭلار ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ قورۇدىن چىققاندىن كېيىن .

سوْن ۋوْكوْك بولغان ئىشلارنى بىرمۇبىر سوْزلەپ بەردى . تاڭ سەنزاڭ ئوْنىڭغا چەكسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدوْردى . ئاندىن ئوْلار غاردىكى يېمەكلىكلەر بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ ، چوڭ يولغا چىقىپ ، غەربكە قاراپ راۋان بولدى . بوْنىڭدىن كېيىن قانداق ئىشلارنىڭ يوْز بېرىدىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

### *لىيۇشاخې دەرياسىدا جۇ باجيېنىڭ قاتتىق ئېلىشقانلىقى*
### *پەرمانغا بىنائەن خۇيئەننىڭ ۋۇجىڭنى بويسۇندۇرغانلىقى*

ئەلقىسسە ، تاڭ سەنزاڭ بالا ـ قازادىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ، سېرىق بوران چوققىسىدىن ئۆتۈپ ، داۋاملىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ ، بىپايان كەتكەن بىر تۈزلەڭلىككە چىقتى . كۈنلەر ئېقىن سۇدەك تېز ئۆتتى . ياز كېتىپ كۈز كەلدى . بىر كۈنى ئۇلار شىددەت بىلەن كۆۋەجەپ تۇرغان بىر ئېقىنغا دۇچ كەلدى .

— شاگىرتلىرىم ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئەنسىرىگەن ھالدا ، — سۇ ناھايىتى ئۇلۇغدەك قىلىدۇ . كېمە بولمىسا قانداق ئۆتىمىز ؟

سۈن ۋۇكۇڭ ئاسمانغا ئۆرلەپ چىقىپ ، قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپ ئېقىننى كۆزەتكەندىن كېيىن ھەيران بولۇپ مۇنداق دېدى :

— راست ، ئۆتمەك ھەقىقەتەن مۇشكۈلدەك قىلىدۇ . مەنغۇ ئىككى ـ ئۈچ تولغىنىپلا ئۆتۈپ كېتەرمەن ، بىراق سىلى ئۈچۈن بۇ بەكمۇ بىر قىيىن ئۆتكەل .

— كەڭلىكى قانچىلىك كېلىدىغاندۇ ؟ ئۇ چېتىگە كۆزمۇ يەتمەيدۇغۇ ،— دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— سەككىز يۈز چاقىرىمچە كېلەر ، — جاۋاب بەردى سۈن ۋۇكۇڭ .

— سەككىز يۈز چاقىرىملىقنى قانداق بىلدىڭىز ؟ — تەئەججۈپلىنىپ سورىدى جۇ باجيې .

— راست گېپىمنى ئېيتسام، مېنىڭ كۆزۈم ئاجايىپ خىسلەتكە ئىگە، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — كۈندۈزى مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنى پەرق ئېتەلەيمەن. باياتىن ئاسمانغا چىقىپ تۇرۇپ، كۆز مۆلچىرىم بىلەن سەككىز يۈز چاقىرىم كېلىدىغانلىقىنى پەملىدىم.

تاڭ سەنزاڭ ئىچى پۇشقان ھالدا ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ، قايتىشقا تەمشەلدىيۇ، ئۇشتۇمتۇت ساھىلدىكى بىر تاش ئابىدىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇچەيلەن تەڭلا كېلىپ ئابىدىگە كۆز تاشلىدى. ئابىدىگە «ليۇشاخې دەرياسى» دېگەن خەت يېزىلغان بولۇپ، ئاستىغا مۇنداق تۆت مىسرا نەزمە پۈتۈلگەنىدى:

*سەككىز يۈز چاقىرىم كېلەر كەڭلىكى،*
*ئۈچ مىڭدىن ئاشىدۇ چوڭقۇرلۇقى ھەم.*
*لەيلىمەس ئۆردەكنىڭ پېيىمۇ ھەتتا،*
*قومۇشنى تاشلىساڭ چۆكىدۇ شۇدەم.*

ئۇچەيلەن ئابىدەدىكى نەزمىنى ئوقۇپ تۇرۇشىغا، دەريا ئۇشتۇمتۇت شاۋقۇنلاپ، تاغدەك دولقۇنلار كۆتۈرۈلدى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىنتايىن ۋەھشىي قىياپەتلىك بىر ئالۋاستى شارتتىدە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، قۇيۇن كۆتۈرگەن ھالدا قىرغاقتىكى تاڭ سەنزاڭغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇستازىنى كاپپىدە قۇچاقلاپ، بىر قىيا تاشنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈندۈردى. جۇ باجيې ئەپكەشنى قويۇپ، تىرنىسىنى قولىغا ئېلىپ ئالۋاستى بىلەن ئېلىشتى. ئىككى باتۇر يىگىرمە مەرتەم قاتتىق ئېلىشىپمۇ، بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى.

ئات ۋە يۈك - تاقلارغا قارىغاچ تاڭ سەنزاڭنى ھىمايە قىلىپ ئولتۇرغان سۇن ۋۇكۇڭ جۇ باجيېنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالىقانلىرى قىچىشىپ تىت - تىت بولدى ۋە مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا

كېلىپ :

— ئۇستازىم ، سىلى قورقماي ئولتۇرۇپ تۇرسىلا ، مەن بېرىپ ئۇنى جۆندەپ كېلەي ، — دەپ يىپلىندى .

تاڭ سەنزاڭ ئامالسىز ماقۇل بولدى . سۈن ۋۇكۇڭ بىرلا موللاق ئېتىپ ، جۇ باجيې بىلەن ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ جىددىي ئېلىشىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى - دە ، گۈرزىسىنى پىرقىرىتىپ تۇرۇپ ، ئالۋاستىنىڭ بېشىنى كۆزلەپ غەزەپ بىلەن ئۇردى . ئالۋاستى چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، دەرياغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى .

كەيپى ئۇچقان جۇ باجيې چىچاڭشىپ سەكرەپ كەتتى :

— ھەي ئاغا ، كىم سىزنى چاقىرىپتۇ ؟ ئالۋاستى مادارىدىن كېتەي دەپ قالغاندى . يەنە تۆت - بەش مەرتەم ئېلىشساملا ئۇنى قولغا چۈشۈرەتتىم . ئۇ سىزنىڭ پەيلىڭىزنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپلا تىكىۋەتتى . ئوبدان ئىش قىلمىدىڭىز جۇمۇ !

— سەندىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي ئىنىم ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ھىجىيىپ تۇرۇپ ، — سېنىڭ بىر ئەپچىل ئېلىشىۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ ، پۇت - قوللىرىم قىچىشىپ ، بىر - ئىككى كالتەك سىلىۋالغۇم كەلدى . ئۇنىڭ قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي .

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىيلەن قولتۇقلىشىپ ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن تاڭ سەنزاڭنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى .

— ئالۋاستىنى قولغا چۈشۈردۈڭلارمۇ ؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۇ قورقۇپ دەرياغا كىرىۋالدى ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ جاۋاب بېرىپ .

تاڭ سەنزاڭ مۇنداق دېدى :

— بۇ جادۇگەر بۇ يەردە ئۇزاق مۇددەت تۇرغان بولۇشى مۇمكىن . دەريانىڭ ئەھۋالىنى شۇ چوقۇم ئوبدان بىلىدۇ . بۇ بىپايان ئېقىندىن ئۆتۈشتە بىزگە دەريانىڭ ئەھۋالىنى پىششىق

بىلىدىغان بىرى بولمىسا بولمايدۇ .

— توغرا ئېيتتىڭىزلا ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — بۇ ئالۋاستى دەريانىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىشى مۇمكىن . ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەيلى . سىلىنى ئۆتكۈزۈپ قويسۇن . ئاندىن بىر گەپ بولار .

جۇ باجيې گەپكە ئارىلىشىپ مۇنداق دېدى :

— بۇرۇن مەن سامانيولىدا سەركەردە بولغان ۋاقتىمدا قول ئاستىمدا سەكسەن مىڭ سۇ لەشكىرى بار ئىدى . سۇ ئۈزۈشنىمۇ خېلى ئوبدان ئۆگىنىۋالغانىدىم . لېكىن ، بۇ دەريانىڭ تېگىدىن غەلىتە مەخلۇقلار چىقىپ ، مېنى سۆرەپ كىرىپ كەتسە قانداق قىلارمەن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن .

— ئەگەر دەريادا ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالساڭ ، ئارتۇق ھەپىلەشمەي ، يېڭىلگەن بولۇپ ، ئۇلارنى ئالداپ ئېلىپ چىق ، مەن ساڭا ياردەمدە بولىمەن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— شۇنداق قىلايلى ، — جۇ باجيې كۆك رەڭ پەرىجىسىنى ۋە ئايىغىنى سېلىپ تاشلاپ ، تىرنىسىنى ئىككى قوللاپ تۇتقان ھالدا ئەينى يىللاردىكى كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ ، دولقۇنلارنى يېرىپ ئىلگىرىلەپ ، دەريانىڭ تېگىگە چۆكتى .

ئەمدىلا ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان ھېلىقى قاچقۇن ئالۋاستى بىرىنىڭ سۇدا ئۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپىنى كۆزەتتى ۋە جۇ باجيېنىڭ قورال كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆردى .

— ھەي شەيخ ، قەيەرگە قاچاي دەيسەن ؟ كەلمەمسەن ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ كالتىكىنى دېۋەيلەپ .

— سەن ئالۋاستى تېخى ئالدىمنى توسقۇدەك بولدۇڭمۇ ؟ — دېدى جۇ باجيې تىرنىسى بىلەن ئۇنىڭ كالتىكىنى ئىتتىرىۋېتىپ .

— سەن مېنى تونۇماي قاپسەن ، — دېدى ئالۋاستى ، — مەن ئادەتتىكى جىن - شاياتۇنلاردىن ئەمەس ، نامى چىققان ئەزىمەتمەن !

— جىن - شاياتۇن بولمىساڭ ، كىشىلەرگە زىيانكەشلىك

قىلارمىدىڭ ، — دېدى جۇ باجيې ، — راست گېپىڭنى قىل ، بولمىسا جېنىڭنى ئالىمەن .
— سۆزۈمنى ئاڭلاپ تۇر ، — دەپ نەزمە باشلىدى ئالۋاستى :

*ئەزەلدىنلا بەستلىك پالۋان يىگىت ئىدىم مەن ،*
*شۆھرىتىمنى جاھانغا يايغان يىگىت ئىدىم مەن .*
*دىلغا پۈكۈپ چىن نىيەت كۆزلەپ ئىلىم - ئىرپاننى ،*
*ئۇستاز ئىزدەپ قانچە يىل كېزىپ چىقتىم ھەرياننى .*
*ئۇچقۇر بۇلۇت ئۈستىدە تىنماي قىلدىم ساياھەت ،*
*كەتتى ئەجرىم بىكارغا ، چەكتىم كۆرمىگەن مۇشەققەت .*
*ئامەت كېلىپ بىر زامان ، تاپتىم ئۇلۇغ ئەۋلىيا ،*
*يوللىرىمغا چېچىلدى شۇنىڭدىن بىرى نۇر - زىيا .*
*ئۇستاز تۇتۇپ مەن ئۇنى ئۆگەندىم كۆپ ماھارەت ،*
*ئىبادىتىم بەختىمدىن بەردى ماڭا بىشارەت .*
*ئۇلۇغ تەڭرىم مەرتىۋەمنى چەندان ئۆرلەتتى ،*
*ئەتىۋارلاپ يىنىدا سەردار قىلىپ ئىشلەتتى .*
*ئۆتكۈزگەندە خان ئانا ئەرشتە شاپتۇل بەزمىسى ،*
*جەم بولۇشتى سورۇنغا سەركەردىلەر ھەممىسى .*
*چۈشۈپ كېتىپ قولۇمدىن خان ئەيىنكى چېقىلدى ،*
*شۇئان ماڭا كۆزلەردىن غەزەپ ئوقى ئېتىلدى .*
*قەھرى تاشقان تەڭرىمۇ : «تۇتقىن ئۇنى ئاس» دېدى .*
*چۈشۈپ شۇندا ئارىغا يالاڭ ئاياغ پىركامىل ،*
*تىلىۋالدى ئۇ مېنى ، بولۇڭلار ، دەپ رەھىمدىل .*
*ئۆلۈمدىنمۇ قۇتۇلۇپ سەردارلىقتىن شاللاندىم ،*
*شۇندىن بۇيان غېرىب بوپ بۇ دەرياغا پالاندىم .*
*قورساق تويسا ياتارمەن چۆكۈپ دەريا تېگىگە ،*
*ئېچىرقىسام چىقارمەن چۈشۈپ ھەركىم يېپىگە .*
*ئۇچراپ قالسا ئۆتۈنچى ، ئالدىم ئۇنىڭ جېنىنى ،*
*گۆشىنى يەپ ، ئىچتىم ھەم بىلىقچىنىڭ قېنىنى .*

*كېلىپ قاپسەن ئۆزۈڭمۇ يۈرىكىڭنى قاپ قىلىپ ،*
*قورسىقىمۇ ئاچقانىدى ، يۇتاي سېنى هاپ قىلىپ .*

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ جۇ باجيې غەزەپكە كەلدى ۋە :

— هەي چوپرەندە ! كۆزۈڭنى يوغانراق ئېچىپ قارا . ئاكاڭنىڭ كىملىكىنى بىلمەيۋاتامسەن ؟ مېنى يەيمەن دېگۈچە ئاۋۋال تىرنامىنىڭ تەمىنى بىر تېتىپ كۆرگىن ! — دەپ تىللىغىنىچە ئۇنىڭغا ئېتىلدى .

ئالۋاستى كېلىۋاتقان ئاردىن ئۆزىنى ئۇستىلىق بىلەن قاچۇردى ـ دە ، جۇ باجيې بىلەن ئېلىشىپ ، دەريا ئۇستىگە چىقتى . ئۇلار گاھ دولقۇنلار ئۇستىدە ، گاھ قايناملار ئىچىدە يومىداقلىشىپ ، ئالاھازەل ئىككى سائەتچە ئېلىشىپمۇ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى . بۇ ھەقىقەتەن يېڭىلمەس باتۇر بىلەن زەبەردەس پالۋاننىڭ ئۇچرىشىشى ئىدى .

تاڭ سەنزاڭنى ھىمايە قىلىپ تۇرغان سۇن ۋۇكۇڭ ئىككىسىنىڭ جىددىي ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، قول سېلىشقا ئالدىرىمىدى . بىر چاغدا جۇ باجيې يېڭىلگەن قىياپەتتە كەينىگە بۇرۇلۇپ ، شەرقىي قىرغاق تەرەپكە قاراپ قاچتى . ئالۋاستى ئۇنى قوغلاپ قىرغاققا يېقىنلىشاي دەپ قالغاندا ، تەخىر قىلىپ تۇرالمىغان سۇن ۋۇكۇڭ ئۇستازىنىڭ يالغۇز قالغىنىغا قارىماي ، گۈرزىسىنى كۆتۈرگەن پېتى قىرغاققا سەكرەپ بېرىپ ، ئالۋاستىغا ئېتىلدى . ئالۋاستى ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشتىن قورقۇپ ، پولتوڭ قىلىپ دەرياغا چۆكۈۋالدى .

— نېمىگە ئالدىرايتتىڭ ، مىراخور ، — دېدى جۇ باجيې كايىپ ، — بىردەم سەۋر قىلىپ تۇرساڭ ئۇنى دۆڭگە ئالداپ چىققاندا ئاندىن تۇتۇشساڭمۇ قولغا چۈشەتتى ئەمەسمۇ ؟ ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟

— بولدى ، تولا كاپشىما ، گوموش ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — ئۇستازىنىڭ قېشىغا بارايلى .

ئۇلار ئىگىز قىيا ئۈستىدە ئولتۇرغان تاڭ سەنزاڭنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى .

— كۆپ رىيازەت چەكتىڭلار شاگىرتلىرىم ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— رىيازەت ـ پىيازەتنى قويسىلا ، ئالۋاستىنى قولغا چۈشۈرۈپ سىلىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈۋالساقلا بەلەن ئىش بولاتتى ، — دېدى جۇ باجيې .

— ئالۋاستى بىلەن ئېلىشىۋاتاتتىڭ ، قانداق بولدى ؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭدىن .

— ئۇنىڭ ماھارىتى مېنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن ، — دېدى جۇ باجيې ، — ئۇنى ئالداپ ئەمدىلا قىرغاققا ئاچىقىشىمغا ئاغام كالتىكىنى دېۋەيلەپ كېلىپ ئۇنى يەنە قاچۇرۇۋەتتى .

— نېمىلەرنى قىلىپ يۈرىدىغانسىلەر ! — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

سۈن ۋۇكۇڭ ئۇستازىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ مۇنداق دېدى :

— خاتىرجەم بولسىلا ئۇستازىم ، ئالدىراپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق . ھازىر كەچ كىرىپ قالدى . سىلەر قىيا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار . مەن بېرىپ ئازراق سەدىقە يىغىپ كېلەي . قورساقنى توقلاپ ، ئوبدان ئۇخلاپ ، ئەتىلىككە ئاندىن بىر تەرەپ قىلىمىز .

— توغرا گەپ بولدى ؟ تېزرەك بېرىڭ ، — دېدى جۇ باجيې .

سۈن ۋۇكۇڭ شىمال تەرەپتىكى ئۆيلەردىن بىر تاۋاق گۆشسىز تائام ئەكېلىپ ، ئۇستازىنىڭ ئالدىغا قويدى . ئۇلار تاماققا بىر ئازدىن ئېغىز تېگىشىپ ، دەريا بويىدىكى قىيا ئاستىدا يېتىپ ھاردۇقىنى ئالدى .

ئەتىسى ئەتىگەندە تاڭ سەنزاڭ سۈن ۋۇكۇڭدىن سورىدى :

— ۋۇكۇڭ ، بۈگۈن قانداق قىلاي دەۋاتىسەن ؟

— يەنىلا باجيې دەرياغا چۈشسۇن ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

جۇ باجيې سۈن ۋۇكۇڭغا مۇنداق دېدى :

— ئاغا ، مېنى دەرياغا چۈشۈرىدىغان ئىشىڭىز بولسا گېپىڭىزنى ئوچۇق قىلىڭ .

— ئەمدى ئالدىراڭغۇلۇق قىلمايمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — سەن ئۇنى ئالداپ ئاچىققاندىن كېيىن ، دەريا تەرەپنى توسۇۋېلىپ ، قېچىپ كەتكىلى قويمايمەن . شۇنداق قىلىپ ئۇنى جەزمەن تۇتۇۋالىمىز .

جۇ باجيې ئەزىمەتلەرچە روھلىنىپ ، قولىغا تىرنىسىنى ئالدى ۋە دەرياغا چۇشۇپ ، شۇ هامان ئۇدۇل ئالۋاستىنىڭ ئۇۋىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى . ئالۋاستى ئويغىنىپ جۇ باجيېنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۇردى ۋە تاقلاپ كېلىپ جۇ باجيېنىڭ ئالدىنى توسۇدى :

— يەنە تاياق سېغىنىپ كېلىپسەن - دە !

— سېنىپ قالغان هاساڭدا ئاكاڭنى قورقۇتىمەن دەمسەن ، — دېدى جۇ باجيې تىرنىسىنى پۇلاڭلىتىپ .

— تېخىچە بىلمەيۋاتامسەن ؟ — دېدى ئالۋاستى ۋە نەزمە باشلىدى :

*ئايدىن چىققان خىسلەتلىك داڭلىق هاسا بۇ دېگەن ،*
*ۋۇگاڭ كېسىپ دەرەختىن ، لۇبەن ئۇنى ياسىغان .*
*جادۇگەرنى ساۋاشتا گۆهەر هاسا ئاتالغان ،*
*ئەرشنى قىلغان ئاسايىش ، تەۋەررۇك دەپ سانالغان .*
*بولغىنىمدا بىر زامان ئەرشتە مەنمۇ چوڭ سەردار ،*
*ئۇلۇغ تەڭرىم شۇ چاغدا قىلغان ماڭا يادىكار .*
*چىقماس ئەسلا جاهاندا تەڭدىشى بۇ ياراققا ،*
*سېنىڭ تىرناڭ ئېتىزدا يارامدىكىن ئوتاققا ؟*

بۇنى ئاڭلاپ جۇ باجيې كۇلۇپ كەتتى ۋە :

— بۇنىڭ تەمىنى تېتىماي قالدىڭ - دە ، بىچارە ، يەر تىرنىلايدىغان نەرسە ئىكەن دەپ سەل چاغلىما . تېگىپلا كەتسە توققۇز يېرىڭدىن تۇشۇك ئېچىۋېتىدۇ . ئۇلمىسەڭمۇ ئۇنىڭ بۇ يېقىنى كۇرىسەن ! — دېدى .

ئېلىشىش يەنە داۋاملىشىپ كەتتى . جۇ باجيې ئۇنى يەنە سۇ

ئۈستىگە ئالداپ چىقتى. ئۇلار ئوتتۇز مەرتە ئېلىشىپمۇ بىر-بىرىنى يېڭەلمىدى. جۇ باجىي يەنە يېڭەلگەن قىياپەتتە تىرنىسىنى سۆرەپ قاچتى. ئالۋاستى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، قىيا يېنىغا كەلدى.

— چىقمامسەن بېلى بوش، — دېدى جۇ باجىي ئۇنى تىللاپ، — نوچى بولساڭ مۇئەللەقتە تۇرۇپ ئېلىشىمىز!

سەن مېنى ئالداپ چىقىپ، ھېلىقى شېرىكىڭنى ئىشقا سالماقچىمۇ؟ بۇ ياققا چۈش، سۇ ئىچىدە ئېلىشىمىز، — دېدى ئالۋاستى.

سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ چىقىشقا ئۇنىمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق تىت-تىت بولدى ۋە:

— ئۇستاز، سىلى ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، مەن ئۇنى لاچىننىڭ توشقان ئالغان پەيتىدە بىر بابلاي! — دېدى-دە، ئاسمانغا قاڭقىپ چىقتى ۋە ئالۋاستىنى نىشانلاپ تۇرۇپ ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشتى. جۇ باجىي بىلەن تاكاللىشىۋاتقان ئالۋاستى غۇرقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ سۈن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپ قالدى-دە، ھاسىسىنى قولتۇقلاپ، پولتۇڭڭىدە دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ كۆزدىن غايىب بولدى.

سۈن ۋۇكۇڭ قىرغاقتا تۇرۇپ دەرياغا بىرپەس تىكىلگەندىن كېيىن:

— بۇ جادۇگەرمۇ ھىيلىگەرلىشىپ قالدى. ئەمدى چىقىشى ناتايىن. قانداق قىلىمىز؟ — دېدى جۇ باجىيغا بۇرۇلۇپ.

— ئۇنى يەڭمەك ئەجەبمۇ قىيىنغا چۈشتىغۇ! — دېدى جۇ باجىي، — پۈتۈن كۈچۈمنى سەرپ قىلدىم، يەنىلا تەڭلىشىپ قالدۇق.

ئۇلار قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى تاڭ سەنزاڭغا ئېيتتى. تاڭ سەنزاڭ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا:

— ئاھ، قۇدرەتلىك ئىگەم، ئەمدى دەريادىن قانداق ئۆتكۈلۈك، — دېدى ھەسرەت بىلەن.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — باجىيې ، سەن ئۇستازغا ئوبدان قارا ، ئۇنىڭ بىلەن قايتا ئېلىشمەن دېمە ، مەن جەنۇبىي دېڭىزغا بېرىپ كېلەي .

— جەنۇبىي دېڭىزغا نېمىدەپ بارىسىز ؟ — سورىدى جۇ باجىيې .

— بۇددا نومىنى ئەكېلىش بودساتۋانىڭ تاپقان ئىشى ئىدى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — بىزگە هىمات بولۇپ كېلىۋاتقانمۇ دەل بودساتۋانىڭ ئۆزى . ئەمدى بۇ لىيۇشاخې دەرياسىغا دۇچ كېلىپ ئىلگىرىلىيەلمەي قالغاندا ، يەنە ئۇنى ئىزدىمەي ئامال يوق . مەن بېرىپ ئۇنى چاقىرىپ كېلەي ، بەلكىم ئۇنىڭ كۈچى يېتىپ قالار .

— شۇنداق ، شۇنداق ، — دېدى جۇ باجىيې .

— بودساتۋانى چاقىرىدىغان ئىشىڭ بولسا ، كېچىكمەي تېزرەك بارغىن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭمۇ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ .

سۇن ۋۇكۇڭ بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ ، جەنۇبىي دېڭىزغا قاراپ راۋان بولدى . ئىككى سائەتچە يول يۈرگەندىن كېيىن پوتو تېغى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى . بىرئازدىن كېيىن ئۇ بۇلۇتنى يەرگە قوندۇرۇپ ، قارا بامبۇكزارلىقتا ئېچكىرىلەپ كىردى . پەرىزاتلار ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، چاۋىسىن غارى ئالدىغا كېلىپ خەۋەر قىلدى . هۆر قىزلار بىلەن كۆلچەك بويىدا گۈل سەيلىسى قىلىۋاتقان بودساتۋا كىرىشكە ئىجازەت بەردى . سۇن ۋۇكۇڭ دەرۋازىدىن كىرىپلا باش ئېگىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى .

— تاڭ سېڭنىڭ قېشىدا تۇرماي ، مېنى يەنە نېمىدەپ ئىزدەپ كەلدىڭ ؟ — سورىدى بودساتۋا .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا ئەدەب بىلەن جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— ئۇستازىم گاۋ جەمەتى قورۇقىدا جۇ باجىيې ئىسىملىك بىر شاگىرت تېپىۋالدى . سىلى ئۇنىڭغا ۋۇنېڭ دەپ راھىبلىق نامى بەرگەن ئىكەنلا . ئۇچىمىز سىرىق بوران چوققىسىدىن ئۆتۈپ ،

ليۇشاخې دەرياسىغا كەلگىنىمىزدە قالتىس بىر ئالۋاستى چىقىپ قالدى . ۋۇنىڭ ئۈچ قېتىم ئېلىشىپمۇ ئۇنى يېڭەلمىدى . شۇڭا ، سىلىنى بىزگە ئىچ ئاغرىتىپ ، دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويامدىكىن دەپ ئۆتۈنۈپ كېلىپ قالدىم .

— ليۇشاخې دەرياسىدىكى ئالۋاستى ئەسلىي ئەرشتىن پالانغان سەركەردە ئىدى . ئۇنىمۇ مەن نەسىھەت قىلىپ بۇددا نومىنى ئەكېلىدىغان ئادەمگە ھەمراھ بولۇشقا كۆندۈرگەنىدىم . سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭلارنى ئېيتساڭلارلا ، ئۇ جېدەللىشىشنى دەرھال توختىتىپ سىلەرگە بويسۇنىدۇ ، — دېدى بۇدساتۋا .

— ئۇ ئالۋاستى ئېلىشىشتىن قورقۇپ ، سۇ ئىچىدىن چىققىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — ئۇنى قانداق بويسۇندۇرىمىز ، ئۇستازنى دەريادىن قانداق ئۆتكۈزىمىز ؟

بۇدساتۋا خۇيئەننى چاقىرىپ ، يېڭىدىن بىر قىزىل قاپاقنى چىقاردى ۋە ئۇنىڭغا تاپىلاپ تۇرۇپ :

— سەن بۇ قاپاقنى ئېلىپ ، سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن بىرگە ليۇشاخې دەرياسىغا بارغىن . دەريا بويىدا تۇرۇپ «ۋۇجىڭ» دەپ چاقىرساڭلا ئۇ چىقىدۇ . ئاۋۋال ئۇ تاڭ سېڭغا باش ئېگىپ قول بەرسۇن . ئاندىن ئۇنىڭ ھېلىقى توققۇز پارچە قۇرۇق سۆڭىكىنى بىر يىپقا ئۆتكۈزۈپ ، بۇ قاپاقنى دەل ئوتتۇرىغا ئورنىتىڭلار . شۇنىڭ ئۆزى كېمە بولىدۇ . تاڭ سېڭ شۇنىڭ بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ ، — دېدى .

خۇيئەن بۇدساتۋانىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قاپاقنى ئېلىپ ، سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن بىرگە چاۋيىن غارىدىن چىقتى ۋە قارا بامبۇكزارلىقتىن ئايرىلدى . ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ليۇ شاخې دەرياسى بويىغا چۈشتى . جۇ باجيې خۇيئەن بىلەن سۈن ۋۇكۇڭنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، تاڭ سەنزاڭنى چاقىرىپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى . خۇيئەن تاڭ سەنزاڭ ھەم جۇ باجيې بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى .

— تەقسىر ، بۇدساتۋا بىلەن كۆرۈشۈپ قالسىلا شۇنى يەتكۈزۈپ قويسىلا ، — دېدى جۇ باجىي خۇيئەنگە ھاۋالە قىلىپ ، — مەن شەپقەتچىمىزنىڭ تەربىيىسىگە بىنائەن بۇددا يولىنى تۇتتۇم ، يول بويى ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ كەلدىم . گۇناھىم بولسا مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيمەن .

— قويە ئۇنداق گېپىڭنى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — بىز ھېلىقى ئەبلەخنى چاقىرىپ كېلەيلى .

— كىمنى چاقىرىسىلەر ؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ .

سۇن ۋۇكۇڭ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— مەن بۇدساتۋا بىلەن كۆرۈشۈپ ، بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتىم . بۇدساتۋانىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ ئالۋاستى ئەسلىي ئەرش سەركەردىسى بولۇپ ، گۇناھ قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ دەرياغا پالانغانىكەن . بۇدساتۋا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ ، سىزگە ھەمراھ بولۇپ غەربكە بېرىشقىمۇ كۆندۈرگەنىكەن . مانا ئەمدى خۇيئەننى ئەۋەتىپ بۇ قاپاقنىمۇ بەردى . بۇنى ئۇنىڭدىكى قۇرۇق سۆڭەكلەرگە چېتىپ بىر قېيىق ياسايمىز ـ دە ، سىلى دەريادىن ئۆتۈپ كېتىدىلا .

تاڭ سەنزاڭ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ، چەكسىز خۇشال بولدى ۋە خۇيئەنگە قاراپ :

— تەقسىر ، تېزرەك بولسىڭىز ، — دەپ سەممىي ئۆتۈندى .

خۇيئەن قاپاقنى ساڭگىلاتقان پېتى دەريانىڭ ئۈستىگە ئۈچۈپ بېرىپ :

— ۋۇجىڭ ، بۇددا نومىنى ئەكېلىدىغان كىشى سېنى ساقلاپ قالدى ، تېزرەك چىقىپ ئۇنىڭغا سالام بەرمەمسەن ! — دەپ توۋلىدى .

سۇن ۋۇكۇڭدىن قورقۇپ ، دەريا تېگىدىكى ئۇۋىسىغا بېكىنىۋالغان ئالۋاستى بىرىنىڭ ئۆزىنىڭ راھىبلىق ئىسمىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ۋە «بۇددا نومى»نى ئەكېلىدىغان كىشى سېنى ساقلاپ قالدى ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ، يۈرەكلىك ھالدا بېشىنى

سۇدىن چىقىرىپ، راھىب خۇيىەننى تونۇدى ۋە گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا يۈگۈرۈپ كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى:
— ئالدىلىرىغا چىقالماي قالدىم، كەچۈرگەيلا، بۇدساتۋا ھازىر قەيەردىكىن؟
— ئۇستازىم ئۆزى كەلمىدى، — دېدى خۇيىەن، — ئۇ سېنىڭ تاڭ سېڭغا شاگىرت بولۇشۇڭنى تاپىلاپ قويۇشقا مېنى ئەۋەتتى ھەم بۇ قاپاق بىلەن بويىنىڭدىكى قۇرۇق سۆڭەكنى چېتىپ بىر قېيىق ياساپ، ئۇنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى تاپشۇردى.
— مۇقەددەس نومنى ئەكېلىدىغان كىشى قېنى؟
— ئاۋۇ شەرقىي قىرغاقتا ئولتۇرغانلار شۇ، — دېدى خۇيىەن قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ.
ۋۇجىڭ جۇ باجيېنى كۆرۈپلا:
— ئۇ ئەبلەخ مەن بىلەن ساق ئىككى كۈن ئېلىشتى، بۇددا نومنى ئەكېلىش توغرۇلۇق بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، — دېدى ۋە سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپ سۆزلەپلا كەتتى، — ئاۋۇ ھارامزادە ئۇنىڭ شېرىكى ئىكەن. ئىنتايىن يامان نېمىدەك قىلىدۇ. مەن بارمايلا قوياي.
خۇيىەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:
— ئۇلارنىڭ بىرى جۇ باجيې، بىرى سۇن شىڭجې بولىدۇ. ھەر ئىككىسى تاڭ سېڭنىڭ شاگىرتلىرى، بۇدساتۋانىڭ تەربىيىسىدە تۈزەلگەن نېمىلەر. ئۇلاردىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق. يۈر، مەن سېنى تاڭ سېڭنىڭ ئالدىغا باشلاپ باراي.
ۋۇجىڭ شۇ سۆزدىن كېيىنلا ھاسىسىنى يىغىشتۇرۇپ، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، قىرغاققا چىقتى ۋە تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا تىز چۆكۈپ ئولتۇرۇپ:
— ئۇستازىم، سىلىنى تونۇماي، ئەدەبسىزلىك قىلىپ قويۇپتىمەن. گۇناھىمنى كەچۈرگەيلا، — دېدى.
— سەن مېنىڭ دىنىمغا چىن ئىخلاسىڭ بىلەن كىرىشنى خالامسەن؟ — سورىدى سەنزاڭ ھەزرەت.

— مەن بۇدساتۋانىڭ تەلىمىنى ئالغانمەن ، — دېدى ۋۇجىڭ ، — ئۇ راھىبلىق ئىسمىمنى شا ۋۇجىڭ دەپ قويۇپ قويغان . سىلىگە بويسۇنماسلىقىقا ھەددىم ئەمەس .

— ئۇنداق بولسا ئۇستىرىنى ئەكەل ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ سۇن ۋۇكۇڭنى چاقىرىپ ، — ئۇنىڭ چېچىنى چۇشۇرۇۋەتكىن !

ۋۇجىڭنىڭ بېشى بىردەمدە پاك - پاكىز چۇشۇرۇلدى . ئۇ تاڭ سەنزاڭنىڭ ۋە سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن جۇ باجيېنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىرمۇ بىر سالام بەردى . تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ ئەدەب - قائىدىلىك راھىبلاردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا شاسېڭ — شا راھىب دەپ يەنە بىر ئىسىم قويۇپ قويدى .

— قۇرۇق گەپنى قويۇپ تېزرەك قېيىقنى ياسىۋالايلى ، — دېدى خۇيئەن ئۇلارنى ئالدىرىتىپ .

ۋۇجىڭ بويىنىغا ئېسىۋالغان سۆڭەكنى ئامالسىز يېشىۋېلىپ ، يىپقا ئۆتكۈزۈپ ، ئوتتۇرىسىغا بۇدساتۋانىڭ قاپىقىنى بېكىتتى ۋە :

— قېنى ئۇستاز ، چۇشۇۋالامدىلا ؟ — دېدى .

تاڭ سەنزاڭ قېيىققا پەخەس بىلەن چىقىپ ئولتۇردى . جۇ باجيې بىلەن ۋۇجىڭ قېيىقنى ئىككى ياندىن يۆلىۋالدى . سۇن ۋۇكۇڭ بولسا ئاتنى يېتىلەپ ، بۇلۇت ئۇستىدە ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى . خۇيئەنمۇ ئاسماندا ئۇلارنى ھىمايە قىلىپ تەڭ ماڭدى .

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار قىرغاققا ئامان - ئېسەن يېتىپ چىقتى . خۇيئەن بۇلۇتتىن چۇشۇپ قاپاقنى يېشىپ ئېلىۋالدى . قۇرۇق سۆڭەكلەرمۇ بىردەمدە بورانغا ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بولدى . تاڭ سەنزاڭ خۇيئەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ، بۇدساتۋاغا سالام ئېيتتى . خۇيئەن شەرقىي دېڭىزغا قايتتى . تاڭ سەنزاڭ ئېتىغا مىنىپ غەربكە قاراپ سەپەرنى داۋاملاشتۇردى . ئۇلارنىڭ بۇددا نومىغا ئېگە بولۇش ئۇچۇن مەنزىلگە قاچانراق يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز ، كېيىنكى بابتىن جاۋاب ئىزدىگەيسىز .

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## *تاڭ سەنزاڭنىڭ ئەقىدىسىنى پاك ساقلىغانلىقى*
## *تۆت ئەۋلىيانىڭ راھىبلارنى سىنىغانلىقى*

ئەلقىسسە، ئۇستاز ۋە شاگىرت تۆتەيلەن ليۇشاخې دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، چوڭ يولغا چۈشۈپ داۋاملىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ياپيېشىل كىمخابقا ئورالغان دۆڭ - يوتىلارنى، رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن قاپلانغان كۆز يەتكۈزسىز دالىلارنى بېسىپ ئۆتتى. كۈنلەر تېز ئۆتۈپ كەچ كۈز مەزگىلى يېتىپ كەلدى. سەپەر شادلىقىدا ئۇلار بىر كۈنى كەچ كىرىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى.

— شاگىرتلىرىم، — دېدى تاڭ سەنزاڭ، — قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قاپتۇ، بىر يەرنى تېپىپ ئارام ئېلىۋالساق قانداق دەيسىلەر؟

— بۇ ناباب گەپ بولۇپ قالدى، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ، — راھىبلار ئۈچۈن ھەممە جاي ئۆي ھېسابلىنىۋېرىدۇ، شامالنى ئوزۇق، ئاي نۇرىنى يېپىنچا قىلىپ يۈرۈۋېرىمىز. ئارام ئالىمىز دەپ قەيەرگە بېرىپ يۈرەتتۇق؟

جۇ باجيې بۇنىڭغا نارازى بولدى:

— ئاغا، ئۆزىڭىز چارچىمىغاندىكىن باشقىلارنىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشى بىلەن كارىڭىز يوق - تە، سىزنىڭ! ليۇ شاخې دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھە دېسىلا تاغلاردىن ھالقىپ يۈردۇق، ئېغىر ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ جاپانىڭ ھەممىسىنى مەن تارتتىم. بىرەر ئۆينى تېپىپ، چاي - پاي ئىچىپ ھاردۇقىمىزنى چىقىرىۋالساق بولمايدىغان نېمىسى بار؟

— ھەي ئەخمەق، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ، — يەنە تاپا -

تەنە قىلىشقا باشلىدىڭغۇ ، گاۋ ئائىلىسىدىكىدەك ئۆزلۈكىدىن كېلىپ قالىدىغان راھەتلەر ئەمدى قالمىدى . ساكىيامۇنىغا باش قويىغانىكەنسەن ، جاپاغىمۇ چىدىشىڭ كېرەك . شۇندىلا ھەقىقىي مۇرىت بولالايسەن .
— بۇ ئەپكەشنى ئۆزىڭىز دەڭسەپ كۆرۈپ بېقىڭ ، — دېدى جۇ باجيې ، — شۇنچە ئېغىر نەرسىنى غىڭ قىلماي كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىمەن . سىز ئۇستازغا شاگىرت بولدۇم دەپ ، مېنى مالاي قىلىۋالدىڭىزغۇ ؟
— ھەي ھاڭۋاقتى ، كىمگە دەۋاتىسەن بۇ گېپىڭنى ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ كېتىپ .
— سىزگە دەۋاتىمەن .
— ماڭا دەپ نېمە قىلاتتىڭ ؟ مەن پەقەت ئۇستازغىلا ئىگە . يۇك - تاق ۋە ئاتنىڭ خەۋەر ئېلىش شاسىڭ بىلەن سېنىڭ ئىشىڭ . يەنە غىدىڭ - پىدىڭ قىلىۋەرسەڭ ، ھوشۇقۇڭنى چېقىۋېتىمەن !
— ئۇرسەمەن دېگەن گەپنى قىلماڭ ئاغا ، ئۇرسىڭىز مۇشتۇمزورلۇق بولۇپ قالىدۇ . مەن بىلىمەن ، سىز ئەپكەش كۆتۈرۈشنى خالىمايسىز . بىراق ، ئۇستازنىڭ مىنىۋالغان ئېتى سىزمىز ھەم بەستلىك بولغاندىكىن ، ئۇمۇ ئازراق ھەمكارلاشسا بولامدىكىن دەيمەن .
— سەن تېخى ئۇنى ئات دەۋاتامسەن ، ئۇ ئادەتتىكى ئاتلاردىن ئەمەس . ئۇ غەربىي دېڭىزدىكى سۇ مۇئەككىلى ئاۋرۇننىڭ ئوغلى ، ئۇچىنچى ۋەلىئەھدى ئەجدىھا بەچچە بولىدۇ ، قەسىردىكى ئۇنچە - مەرۋايىتلارنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ، دادىسى ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلغان . ئاۋالوكىتسۋارا بودساتۋا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ، قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ۋە ئۇنى ئاتقا ئايلاندۇرۇپ ، ئۇستازغا ئىنئام قىلغان . ئۇنىڭ كۆرسەتكەن نۇرغۇن خىزمىتى بار . ئۇنىڭغا تىل تەگكۈزۈشكە ھەددىڭ ئەمەس !
— ئاغا ، ئۇ راستىنلا ئەجدىھامىدى ؟ — دەپ سورىدى شاسېڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ .

— شۇنداق ، ئەجدىھا ئىدى ، — جاۋاب بەردى سۇن ۋۇكۇڭ .
— ئەجدىھا بولسا ئۇ بۇگۇن ئەجەب مىس ـ مىس ماڭىدىغۇ ؟ — سورىدى جۇ باجيې .
— تېز مېڭىشنى تەلەپ قىلساڭ مانا ساڭا كۆرسىتىپ قوياي .
سۇن ۋۇكۇڭ شۇنداق دېدى ـ دە ، ئالتۇن توقىلىق گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ بىر ـ ئىككى پۇلاڭلىتىپ قويدى . ئۇنىڭ ئەتراپىدا رەڭدار بۇلۇتلار پەيدا بولدى . ئات ئۇنىڭ قولىدىكى گۇرزىنى كۆرۈپ ، تاياق يېيىشىدىن ئەنسىرەپ ، تۇياقلىرىنى چاقماق تېزلىكىدە يۆتكەپ چېپىشقا باشلىدى . تاڭ سەنزاڭمۇ ئامالسىز ئۇزەڭگىنى بوش قويۇۋەتتى . ئات تاغ ئۇستىدىكى قىيا بويىغا كەلگەندىلا ئاستا يورغىلاپ مېڭىشقا چۈشتى . تاڭ سەنزاڭ ئازادە بىر تىنىۋېلىپ ئالدى تەرىپىگە كۆز تاشلىدى . قارىغايزارلىق ئىچىدە بىرقانچە ئۆي كۆرۈندى . ئۇ شۇ ياققا تەلمۈرۈپ تۇرۇۋاتقاندا سۇن ۋۇكۇڭمۇ يېتىپ كەلدى .
— شاگىرتىم ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ سۇن ۋۇكۇڭغا قاراپ ، — ئالدىمىزدا ئۆي كۆرۈنۈۋاتىدۇ ، شۇ يەرگە بېرىپ قونايلى .
سۇن ۋۇكۇڭ ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى . ھاۋادا كۈمۈش رەڭ بۇلۇتلار لەرزان ئۇچۇپ يۈرەتتى . بۇ جەزمەن تەڭرىنىڭ كارامىتى ، دەپ ئويلىدى سۇن ۋۇكۇڭ ، بىراق ئۇنى ئېغىزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالماي :
— بولىدۇ ، بىز بارايلى ، — دېدى ئۇ ئالمان ـ تالمان .
ئۇلار بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن چۈشتى . ئۆينىڭ سىرتى ناھايىتى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن بولۇپ ، نەقىشلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى . شاسېڭ بىلەن جۇ باجيېمۇ يېتىپ كەلدى .
— بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى ئادەتتىكى بايلاردىن ئەمەستەك قىلىدۇ ، — دېدى جۇ باجيې ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئۇستازىنىڭ قولىدىن ئېلىۋېتىپ .

سوْن ۋوْكوْك ئۆيگە كىرىشكە تەمشەلدى .
— ئالدىرىما ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئۇنى توسۇۋېلىپ ، — ئۆزىمىز ئېھتىياتچانراق بولغىنىمىز ياخشى . ئۆي ئىگىسى چىققاندا ، رۇخسىتىنى ئېلىپ ئاندىن كىرەيلى .
جۇ باجيې ئاتنى باغلاپ قويۇپ تام تۈۋىگە كېلىپ قىڭغايدى . تاڭ سەنزاڭ تاش ئۇستىگە كېلىپ ئولتۇردى . سوْن ۋوْكوْك بىلەن شاسېڭ پەشتاق يېنىغا كېلىپ زوڭزايدى . خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۆيدىن ئادەم چىقمىدى . تاقىتى ـ تاق بولغان سوْن ۋوْكوْك بىرلا تاقلاپ ئۆيگە كىردى . بۇ ئۆي يوغان ئۈچ زالدىن ئىبارەت بولۇپ ، ھەربىر ئىشىكنىڭ بېشىغا بىردىن بەخت ـ سائادەتنىڭ سىمۋولى بولغان سىزما رەسىم ئېسىلغان ، ئىشىكلەرنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە قىزىل قەغەزگە يېزىلغان نورۇز بېيىتى چاپلانغان ، ئوتتۇرىدىكى زالغا قارا سىرلىرى ئۆڭۈپ كونىراپ كەتكەن بىر ئىسرىقدان قويۇلغانىدى . ئىسرىقدان قويۇلغان شىرەنىڭ ئۇستىدە بىر داڭقانمۇ تۇراتتى . ئالتە دانە ئورۇندۇق تۆت تەرەپكە رەتلىك تىزىلغان بولۇپ ، ئىككى تامغا مەنزىرە رەسىمى سىزىلغانىدى .
سوْن ۋوْكوْك بۇ نەرسىلەرگە زوق بىلەن قاراۋاتقاندا ، ئارقا تەرەپتىن ئۆزىنى توختاتقان بىر ئايال كىرىپ كەلدى ۋە ئاۋازىنى زىل چىقىرىپ :
— كىم سەن ؟ مەندەك بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە خالىغانچە ئۇسۇپ كىرگىنىڭ نېمىسى ؟ — دەپ ۋارقىرىدى .
سوْن ۋوْكوْك ئالمان ـ تالمان جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :
— مەن شەرقىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىدىن كەلگەن راھىب بولىمەن . بىز تۆتەيلەن ئىدۇق ، غەربىي دىياردىن بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ، كەچ كىرىپ قېلىپ ، ھۇزۇرلىرىدا قونغۇدەك جاي بارمىكىن دەپ كېلىپ قالدۇق .
— قالغان ئۈچەيلەن قېنى ؟ مەرھەمەت قىلىپ كىرىڭلار ھەزرىتىم ، — دېدى ئايال بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چىرايىنى ئېچىپ .

سوْن ۋوْكوْك ئوْلارنى چاقىردى . تاك سەنزاك ، جوْ باجيې ۋە شاسىك ئىتىنى يىتىلەپ ، ئەپكىشىنى كۆتۈروْپ ، قوروْغا كىردى . ئايال ئۆيدىن چىقىپ ئوْلارنى كوْتوْۋالدى ۋە ئىچكىرىگە باشلاپ كىرىپ ، هال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن ، ئولتوْروْپ چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى . بىر دىدەك قىز ئالتوْن لىگەندە قاشتىشىدىن ياسالغان پىيالىلەرگە چاي تولدوْروْپ ئاچىقتى . چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ئايال غىزا تەييارلاشقا بوْيروْدى .

— نام - شەرىپلىرىنى نېمىدەپ ئاتىساق بولارئىكىن ، شەيقەتچىم ؟ — سورىدى تاك سەنزاك ئايالدىن .

ئايال جاۋاب بېرىپ موْنداق دىدى :

— بوْ يەر غەربىي گوْداغا تەۋە . ئانا جەمەتىم لى ئوْروْقىدىن ، ئېرىم بولسا موْ ئوْروْقىدىن بولىدوْ . ئاتا - ئانىمىز بوْروْنلا ئالەمدىن ئۆتكەچكە ، ئائىلە بىساتىغا ئېرىم بىلەن ئىككىمىز ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلگەن . يىتىپ ئاشقوْدەك پوْل ، نەچچە مىڭ مو يېرىمىز بار . ئوْچ قىز پەرزەنت كۆردوْق . ئالدىنقى يىلى بەختكە قارشى ئېرىم ئوْ دوْنيالىق بولوْپ كەتتى . ئەمدى ئائىلە مال - موْلكىمىزنى ئىلكىگە ئىلىپ توْتوْپ توْرغوْدەك توْغقىنىمىزموْ قالمىدى . تۆتىڭلار ناھايىتىموْ ئوبدان كېلىپ قاپسىلەر . ئانا - بالا تۆتىمىزنى ئەمرىڭلارغا ئىلىپ موْشوْ يەردە توْروْپ قالساڭلار ، كۆڭلىمىزدىكىدەك ئىش بولاتتى . بوْ تەلىپىمگە قوشوْلارلىمىكىن ، قانداق ؟

تاك سەنزاك بوْنى ئاڭلاپ ، لام - جىم دىمەي كۆزىنى يوْموْپ جىم توْروْۋالدى . ئايال سۆزىنى داۋاملاشتوْردى :

— ئائىلىمىزگە تەۋە ئوْچ يوْز مو شاللىق ، ئوْچ يوْز مو تېرىم يەر ، ئوْچ يوْز مو مېۋىلىك باغ بار . مىڭدىن ئارتوْق كالىمىز ، توپ - توپ قوي ، چوشقىمىز ، ئاتمىش - يەتمىش جايدا ئوتلاقلىرىمىز بار . ئامباردا سەككىز - توققوْز يىل يەتكوْدەك گوْروْچىمىز ، ئوْن يىلغا يەتكوْدەك تاۋار - دوْردوْنىمىز بېسىلىپ يېتىپتوْ . ئالتوْن - كوْموْشلىرىمىز ئۆلگوْچە خەجلەشكە

يېتىدۇ . ئەگەر سىلەر نىيىتىڭلاردىن يېنىپ ، ئۆيىمىزدە تۇرۇپ قالساڭلار ، بەخت ـ سائادەت ئىچىدە بەھۇزۇر ياشىيالايسىلەر . بۇ غەربىي دىيارغا بېرىپ جاپا چەككىنىڭلاردىن مىڭ ھەسسە ياخشى ئەمەسمۇ ؟

تاڭ سەنزاڭ يەنە جاۋاب بەرمىدى .

— مەن بۇ يىل قىرىق بەش ياشقا كىردىم ، — دەپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى ئايال ، — چوڭ قىزىم جېنجېن بۇ يىل يىگىرمە ياشقا كىردى . ئوتتۇرانچىسى ئەيئەي ئون سەككىز ياشقا كىردى . كىچىكى لىڭلىڭ ئون ئالتە ياشقا كىردى . ھېچقايسىسى تېخى ياتلىق قىلىنمىغان . ئۆزۈمنىڭ ھۆسن ـ جامالى دېگەندەك بولمىسىمۇ ، قىزلىرىم خېلى قاملاشقان . قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ . ھەربىرىڭلارغا تازىمۇ لايىق كېلىدۇ . مۇبادا چېچىڭلارنى قويۇۋېتىپ ، بىزگە قوينۇڭلارنى ئېچىشنى خالىساڭلار ، تاۋار ـ دۇردۇن ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر سىلەردىن ئايلانسۇن !

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭ داڭ قېتىپ قالدى ۋە كۆزلىرى چەكچىيىپ ، ئارقىسىغا تىرىككىدە ئۇچۇپ كېتىشكە تاس قالدى . جۇ باجىي بۇ بايلىق ، بۇ ئاياللارغا قاراپ ئىچى ئوتتا كۆيگەندەك پىژىلداپ ، ئورۇندۇقتا ئۇيان ـ بۇيان تولغىنىپ ، ئولتۇرالماي قالدى ھەم تاڭ سەنزاڭنىڭ يېشىنى تارتىپ :

— ئۇستازىم ، خانىمنىڭ گەپلىرىگە ئېرەن قىلماي ئولتۇرلىغۇ ؟ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياندۇرساق ياخشى بولماس ، — دېدى .

— ھوي ئىپلاس ! — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئۇشتۇمتۇت بېشىنى كۆتۈرۈپ ، — بىز راھىب بولغان ئادەم بايلىق ئالدىدا كۆزىمىز قىزىرىپ ، چىرايلىقنا مەستانە بولۇپ قالساق ، قانداق بولىدۇ ؟

بۇ سۆزدىن ئايالنىڭ قاتتىق غەزىپى كەلدى ۋە :

— ھەي ، ھۆرمەت قىلغاننى بىلمەيدىغان تېجىمەل شەيخ ! سىلىنىڭ يىراقتىن كەلگەنلىرىنى دېمىگەن بولساق ، ئاللىقاچان قوغلاپ چىقارغان بولاتتىم . ياخشى نىيەت بىلەن كۈيۈ قىلىۋالاي

دېسەم نېمانچە كۆكىرىپ كېتىدىلا؟

ئــايال تاڭ سەنزاڭنىڭ ئۇندىمەي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىشىكنى جاڭگىدە يېپىپ كىرىپ كەتتى. تۆتەيلەن بىر ـ بىرىگە قــارىشىپ قالدى. ھېچكىممۇ ئۇلارغا تاماق ياكى چاي ئاچىقىپ بەرمىدى. جۇ باجىي تىت ـ تىت بولۇپ، تاڭ سەنزاڭغا غودۇڭشىشقا باشلىدى:

— سىلى زادى ئىشنى قاملاشتۇرالمايدىلا. گەپنى ئۇنداقمۇ ئـۇزۇۋېـتەمدىغان. ئۆزلىرى بىلىپ يالغان ـ راستلاردىن ماقۇل بولغان بولسىلا، بىر قاچىدىن تاماقىمۇ ئىگە بولاتتۇق. ياتىدىغان يېرىمىزمۇ چىقاتتى. ئەتە بىرنېمىلەرنى قىلىپ قۇتۇلاتتۇق. مانا ئەمدى ئىشىكنى تاقىۋېلىپ بىزنى تالادا قويدى. كېچىنى قانداق ئۆتكۈزىمىز؟

— ئــاغــــا، ئۇنــداق بولــسا سەن ئــۇلارغا كۈيــئوغــۇل بولۇۋالغىن! — دېدى شاسېڭ.

— نــېــمــە؟ مــېــنى مــەسخــىــرە قــىــلــىــۋاتــامــسەن ياكى قىزغىنىۋاتامسەن؟ — دېدى جۇ باجىي.

— قىزغانغۇدەك نېمىسى بار، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ، — ئەگەر خالىساڭ، ئۇستازىمىز سېنى ھېلىقى خانىم بىلەن نىكاھ قــىلىپ قويسۇن. ئۇنىڭ بايلىقى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغاندىكىن تــويــلۇق ئېلىشمۇ كەتمەيدۇ. ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپلا كىرىسەن. سـېـنىڭ باھانەڭدە بىزمۇ ئازراق نەپكە ئىگە بولارمىز. شۇنداق قىلساق، كاۋاپمۇ كۆيمەيدۇ، زىخمۇ كۆيمەيدۇ ئەمەسمۇ؟

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ، — دېدى جۇ باجىي، — بىراق پەرھىز تۇتقان تۇرۇقلۇق، ئۇنى بۇزۇۋەتسەم، خوتۇننى قويۇۋېتىپ يەنە ئېلىۋالسام، قانداق بولار؟

— ئاغا، بۇرۇن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغانمىدىڭ؟ — سورىدى شاسېڭ جۇ باجىيدىن.

— سـەن تــېـخى ئــۇنى چۈشەنــمەيسەن، — دېــدى سۈن ۋۇكۇڭ، — ئۇ ئەسلىي ۋۇ سىزاڭدىكى گاۋ ئاقساقالنىڭ كۈيئوغلى

ئــــدى . بۇدساتۋانىڭ تەلـمـىـنـىمۇ ئالغانىكەن . مەن ئۇنى تۇتۇپ كەلگەچكە ، ئامالسىز خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ راھىب بولدى ۋە بىزگە قوشۇلدى . ئۇ ئۆيدىن ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغاچقا ، كۆڭلى تــارتــىــپ قــالــغــانــدۇ . بــوپــتۇ ، بۇ ئەخمەق ئۇلارغا كۆيئوغۇل بولۇۋالسۇن .

— تــولا ۋالاقــشــماڭ ! — دېدى جۇ باجىي ھاڭۋاقتىلارچە دېــۋەيــلەپ ، — ناز قىلىشقىنىڭلار بىلەن ھەممىڭلارنىڭ كۆڭلى تارتىدۇ . ئوبدانلا بىر ئىشنى بۇزۇپ قويدۇڭلار ، چاي ـ پايدىنىمۇ ، ئۆي ـ تۆشەكتىنىمۇ قۇرۇق قالدۇق . كېچىچە مۇگدەپ چىققان بىلەن ئــەتــە يــول مــاڭــمــساق بولمايدۇ . قورساقلار ئېچىپ ، ئۇچەيلەر تارتىشىپ قالدى . سىلەر ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار . مەن بېرىپ ئاتنى ئوتلىتىپ كېلەي .

ئۇ ئاتنى ئالـمـان ـ تالمان يېشىپ ، چىقىپ كەتتى .

— شــاســېــڭ ، ســەن ئــۇستازغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇپ تۇرغىن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — مەن ئۇنىڭ ئاتنى قەيەرگە ئاپىرىپ ئوتلىتىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ كېلەي .

— ۋۇكۇڭ ، بارساڭ بارغىن ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن جېدەل قىلمىغىن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ جېكىلەپ .

ســۇن ۋۇكــۇڭ ئــۇستازىغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ، قورۇدىن چىقتى ـ دە ، بىرلا سىلكىنىپ قىزىل يىڭناغۇچقا ئۆزگىرىپ ، جۇ باجىيغا يېتىشىۋالدى .

بۇ لايغەزەل چوشقا ئاتنى ئوتلاقا ئاپىرىپ ئوتلاتمايلا ئارقىسىغا قــايتتى ـ دە ، ئاتنى ئالدىغا سېلىپ ، پۇشۇلداپ ئېغىناقلىغانچە قــورۇنــىــڭ ئــارقــا ئــىــشــىــكــىــگە كەلدى . خانىم ئۈچ قىزىنى ئــەگــەشــتــۈرۈپ ، ئارقا ھويلىدا گۈل سەيلىسى قىلىۋاتاتتى . جۇ باجىينىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، قىزلار ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى . خانىم ئىشىك يېنىغا كېلىپ جۇ باجىيدىن سورىدى :

— ھەزرىتىم ، يول بولسۇن ؟

— ئات باققىلى چىقىۋىدىم ، خانىم .

— ئۇستازلىرى بەكلا تېجمەل ئادەم ئىكەن . بىزگە كۆيئوغۇل بولسا ، ئايدىڭباش شەيخ بولۇپ ، غەربكە بارغاندىن مىلىك ھەسسە ياخشى ئەمەسمۇ ؟

— ئۇلار تاڭ خانىنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىشتىن قورقۇپ ، بۇ ئىشقا ھەرگىزمۇ يېقىن كەلمەيدۇ . باياتىن ئۇلار ئالدى تەرەپتە مېنى ئەيىبلىشىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قېقىلىپ - سوقۇلۇشىنى ھار كۆردۇم . ئەگەر تۇمشۇقۇمنى ئۇزۇن كۆرمىسىلە ...

— ئۇنداق بولامدىغان ، ئۆيگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بىرى بولسىلا بولدى . شۇڭىنىسى ، قىزلىرىم ئۇنىماي تۇرۇۋالامدىكىن ؟

— خانىم ، بۇنچىلىكمۇ تاللاپ كەتمىسىلە ، تاڭ سېڭنىڭ ھۆسن - جامالى قاملاشقان بىلەن ئىشقا يارىمايدۇ . مەن سەت بولسامۇ ، ئىشقا كەلگەندە ھېچكىمدىن قېلىشمايمەن .

— قانداق كارامەتلىرى بار ئىكىن ؟

— ئاڭلاپ تۇرسىلا ، — جۇ باجيې بىر نەزمىسىنى باشلىدى :

*سەت بولسامۇ ئىشتا پىشقان چېۋەرمەن ،*
*ئىشەنسىلە ، بىلىمەن كۆپ ھۈنەر ، مەن .*
*يەر ئاغدۇرسام ئۆكۈز ماڭا بىھاجەت ،*
*تىرنامدىنلا كۆكلەر ئايىنىپ زىرائەت .*
*ئەپسۇن ئوقۇپ ياغدۇرىمەن يامغۇرنى ،*
*يەل چىقىرىپ سورۇيمەن شال - دادۇرنى .*
*كەيلەرنى ئۆرۈپ بىنا سالىمەن ،*
*ئېتىزلارغا يېڭى ئۆستەڭ ئالىمەن .*
*ئائىلىدە تەل قىلىمەن ھەممىنى ،*
*دەپ قالىلا كارامەت بىر ئەر مېنى .*

— راستىنلا بۇنداق نىيەتلىرى بولسا ، بىرىپ ئۇستازلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالسىلا ، — دېدى ئايال ، — ئاندىن جاۋابىنى بېرەي .

— ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ھاجەت ئەمەس، — دېدى جۇ باجىيې، — ئۇ مېنىڭ ئاتام بولمىغاندىكىن، قانداق قىلىش ئۆزۈمنىڭ ئىشى.

— بۇنىڭغىمۇ ماقۇل، بىراق مەن قىزلىرىمنىڭ رايىنى بىلىپ چىقاي.

ئايال شۇ گەپنى دەپلا، ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كەتتى. جۇ باجيې ئاتنى ئوتلىتىشنىمۇ قويۇپ، ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇردى.

بۇ پاراڭنى بىرمۇ بىر ئاڭلاپ تۇرغان سۈن ۋۇكۇڭ ئۇستازىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى ۋە باياتىنقى گەپلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. تاڭ سەنزاڭ بىر ئىشنىپ، بىر ئىشەنمەي، تۇرۇپ قالدى.

بىرئازدىن كېيىن جۇ باجيې ئاتنى يېتىلەپ قايتىپ كەلدى.

— ئاتنى ئوتلىتىپ كەلدىڭمۇ؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ.

— بۇ يەردە تۈزۈكرەك ئوتمۇ يوق ئىكەن، — دېدى جۇ باجيې.

— ئات يېگۈدەك ئوت بولمىسا، باشقا ئوت باردۇر؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ مەنىلىك قىلىپ.

جۇ باجيې ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ، كالپۇكىنى ئۇمچەيتىپ ئۈندىمەي تۇرۇۋالدى. شۇ ئارىدا ئىشىك ئۇشتۇمتۇت ئېچىلىپ، ئىككى پانۇس ۋە بىر ئاسما مەشنى كۆتۈرگەچ، ئۈچ قىزنى ئەگەشتۈرگەن ھالدا ئايال كىرىپ كەلدى. قىزلار مېھمانلارغا ئەدەب بىلەن سالام بەردى. ئۇلار ھەقىقەتەن گۈزەل بولۇپ، ئەرشتىكى پەرىزاتلاردىن، ئاي پەرىزاتتىن قېلىشمايتتى. تاڭ سەنزاڭ ئالىقىنىنى جۈپلەپ بېشىنى ئېگىپ سالام قىلدى. سۈن ۋۇكۇڭ بولسا پەرۋاسىز قىياپەتتە تۇرۇپ، نەزەرىنى سېلىپمۇ قويمىدى. شاسېڭ دەرھال ئارقىسىنى قىلىۋالدى، جۇ باجيې بولسا ئۇلاردىن كۆزىنى ئۈزەلمەي، كىشىنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدىغان غىلجىڭ قىياپەتتە ئاۋازىنى سوزۇپ:

— پەرىزاتلار مالال بوپتۇ ، خانىم ، ئۇلار چىقىپ كەتسە بولار ، — دېدى . قىزلار ئىككى پانۇسنى قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى . خانىم مېھمانلارغا قاراپ :

— ھەزرەتلەر ، بۇ يەردە قېلىشنى خالىساڭلار قىزلىرىمنى سىلەرگە ياتلىق قىلسام دەيمەن ، — دېدى .

— بىز مەسلىھەتىمىزنى پىشۇرۇپ بولدۇق ، — دېدى شاسېڭ ، — جۇ باجىينى سىلىگە قالدۇرۇپ كېتەيلى .

— ۋۇجىڭ ، سەن يەنە مېنى كۆرەلمەي ، مازاق قىلىۋاتىسەن . ھە ! — دېدى جۇ باجيې .

— سېنى كۆرۈپ ـ كۆرەلمەي نېمە قىلاتتۇق ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — باياتىن ئارقا ئىشىكتە ئۇچرىشىپ ، گېپىڭلارنى پىشۇرۇپ بولدۇڭلار . ئەمدى نېمە دەيتتۇق ؟ ئۇستازىمىز ئاتا بولسۇن . مەن گۇۋاھچى بولاي ، شاسېڭ ئەلچى بولسۇن . توي خېتىنىڭمۇ ھاجىتى يوق . بۈگۈن ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ شاپائىتى بىلەن توي قىلىۋالغىن !

— ياق ، ياق ، بۇنداق قاملاشمىغان ئىشنى زادى قىلمايمەن ، — دېدى جۇ باجيې ئالمان ـ تالمان .

سۇن ۋۇكۇڭ دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ھەي ئەخمەق ، ئالمەن ، تېگمەن دېيىشىپ بولۇپ ، يەنە قاملاشمايدۇ دەيسىنا ؟ تېزرەك بولمامسەن . بىزمۇ نەغمە ـ ناۋا قىلىپ ، ئىككى قەدەھتىن ئىچىشىۋالايلى ، — دېدى ـ دە ، بىر قولىدا جۇ باجىينى ، بىر قولىدا خانىمنى تارتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — قېنى قۇدام ، ئەمدى كۈيئوغۇللىرىنى ئەكىرىپ كەتسىلە !

جۇ باجيې تىركىشىپ ئۆيگە كىرىشكە ئۇنىمىدى . خانىم خىزمەتچى باللارنى چاقىرىپ يېمەك ـ ئىچمەك ئاچىقىشقا بۇيرۇدى ۋە :

— بۇ ئۈچ قۇدىمىزنى ئوبدان مېھمان قىلىڭلار ، مەن قېيناغاڭلارنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قوياي ، — دېدى .

باللار زىياپەت هازىرلىدى . ئۇچەيلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ، مېهمانخانىغا كىرىپ يېتىپ قالدى .

جۇ باجىي ئۇ ئايالغا ئەگىشىپ ئېگىز - پەس دەسسەپ ، مۇدۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ ، قاتمۇ قات ئۆيلەردىن ئۆتۈپ ئىچكىرىلەپ كىردى .

— ئانا ، ئاستىراق ماڭسىلا ، — دېدى جۇ باجىي ئايالنىڭ كەينىدىن هاسىراپ - هۆمۈدەپ كېلىۋېتىپ ، — بېشىم ئايلىنىپ ئېزىپ قالاي دېدىم ، مېنى بىللە ئېلىپ ماڭسىلا !

— بۇ هەممىسى ئامبار ، ئىسكىلات ، قازناق ئۆيلەر ، تېخى ئاشخانىغىمۇ يېتىپ كەلمىدۇق ، — دېدى ئايال .

— ۋاي - ۋۇي ، ئەجەب جىق ئۆيلەرغۇ بۇ ؟ — جۇ باجىي هەيران قالدى .

ئۇلار بىرهازا ئايلىنىپ ماڭغاندىن كېيىن ساراي ئۆيگە كىردى ، خانىم جۇ باجىيغا قاراپ :

— بۈگۈن تەڭرىنىڭ شاپائىتى ياغقان كۈندە سىلى ماڭا كۆيئوغۇل بولدىلا . ئالدىرىغاندا شەيخ - راهىبلارنىمۇ چاقىرمىدۇق . تەڭرىگە تاۋاپ قىلىپ رەسمىيەتنى ئۆتەۋەرسىلە ، — دېدى .

— توغرا گەپ بولدى ، — دېدى جۇ باجىي ، — سىلى تۆرگە چىقىپ ئولتۇرسىلا ئانا ، سىلىگە تاۋاپ قىلسام تەڭرىگە تاۋاپ قىلغانغا ئوخشاش . ئىبادىتىم ئوخشاشلا ئىبادەت بولىۋېرىدۇ .

— ئىشنى خېلى ئەپلەشتۈرىدىغان كۆيئوغۇل بولغۇدەكلا ، — دېدى خانىم خۇشال بولۇپ ، — قېنى تاۋاپ قىلسىلا .

شام — چىراغلار يېقىلدى . ساراي ئۆي ۋاللىداپ چاقناپ كەتتى . ئەخمەق جۇ باجىي قېينانىسىغا تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى :

— ئانا ، ماڭا قايسى قىزلىرىنى بېرەي دەۋاتىدىلا ؟

خانىم جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— بۇ ئىش مېنى هەقىقەتەن تەڭقىسلىقتا قويۇۋاتىدۇ . چوڭ قىزىمنى بېرەي دېسەم ، ئىككىنچى قىزىم رەنجىيدۇ ، ئۈچىنچىسىنى

بېرەي دېسەم ، چوڭى ئۆكتە قوپىدۇ . قانداق قىلىشىمنى بىلمەي بېشىم تازىمۇ قاتتى .
— ئۇنداق بولسا ھەممىسىنى بېرىۋەتسىلە ، جەڭگى - جېدەلدىن بىراقلا قۇتۇلىدىلا ئەمەسمۇ ؟
— ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ ، بۇنىڭ ئامالىنى مۇنداق قىلايلى . سىلى بىر پارچە قول ياغلىق بىلەن يۈزلىرىنى يېپىپ تۇرسىلا ، قىزلىرىم سىلىنىڭ ئالدىلىرىدىن ئۆتسۇن ، قوللىرىنى سوزۇپ قايسىسىنى تۇتۇۋالسىلا ، شۇنى سىلىگە ياتلىق قىلىپ بېرەي .
بۇ ئەخمەق قول ياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە كۆزىنى تاڭدى ۋە :
— ئانا ، قېنى قىزلارنى چاقىرسىلا ! — دەپ ۋارقىرىدى .
— جېنجېن ، ئەيئەي . لەنلەن ، چىقىپ تەلىيىڭلارنى سىناڭلار !
خانىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . شۇئان جۇ باجىيىنىڭ ئالدىدا ئالتۇن ھالقا ، بىلەزۈكلەر جىرىڭشىپ ، پەرىزاتلار ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشكەندەك بولدى . ئۇ قولىنى ھەر تەرەپكە سوزۇشقا باشلىدى . شىپىر - شىپىر ئاۋازلارنى ئاڭلىدىيۇ ، قولىغا ھېچ نەرسە چىقمىدى . ئوڭغا چېپىپ تۇۋرۇكنى ، سولغا چېپىپ تامنى قۇچاقلاپ قالدى . بېشى قېيىپ ، سەنتۇرۇلۇپ يىقىلىپ چۈشتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئۆي ئىچىدە پىرقىراشقا باشلىدى . باشلىرى يېرىلىپ ، يۈز - كۆزلىرى ھۆررەك بولۇپ ئىششىپ چىقتى . ئاخىر ھالىدىن كېتىپ ، يەردە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە خارتىلداپ تۇرۇپ :
— ۋاي ئانا ، قىزلىرى بەك سىلىق ئىكەن ، پەقەت تۇتالمايۋاتىمەن ، — دەپ ۋارقىرىدى .
خانىم ئۇنىڭ كۆزىنى تاڭغان ياغلىقنى يېشىۋېتىپ :
— قىزلىرىم سىلىق ئەمەس ، ئۇلار سىلىدىن قېچىپ ئۇنىمايۋاتىدۇ . بولمىسا مۇنداق قىلايلى ، قىزلىرىمنىڭ قولى ناھايىتى ئەپچىل . ئۇلار بىردىن شايى كۆڭلەك تىكسۇن .

قايسىنىڭ تىككىنى باب كەلسە، شۇ قىز سىلىگە تەئەللۇق بولسۇن.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى جۇ باجيې، — ئۇچىلىسىنىڭ تىككەنلىرىنى ئاچىقسىلا، ھەممىسى باب كېلىپ قالسا تېخى ياخشى.

شۇنىڭدىن كېيىن خانىم ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، بىر كۆڭلەكنى ئاچىقىپ جۇ باجيېغا بەردى. جۇ باجيې پەرىجىسىنى سېلىپ تاشلاپ، كۆڭلەكنى كىيدى. بەلبېغىنى چىگەي دەپ تۇرۇشىغا گۇپ قىلىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ، ئۆزىنىڭ بىر ئارغامچىغا چەمبەرچاس باغلىنىپ قالغانلىقىنى كۆردى ۋە ئاغرىقتا چىدىماي تولغىنىپ كەتتى. ھېلىقىلار كۆزدىن غايىب بولدى.

تاڭ سەنزاڭ، سۇن ۋۇكوڭ ۋە شاسېڭ تاتلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا تاڭ ئېتىپ قالغانىدى. ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇنۇگۇنكى ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنىڭ غايىب بولغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ بولسا قارىغايزارلىقتا ياتقانلىقىنى كۆردى.

— ئاغا، تۈگەشتۇق! بىز ئالۋاستىغا يولۇقۇپتۇق، — دېدى قورقۇپ كەتكەن شاسېڭ سۇن ۋۇكوڭنى نوقۇپ.

سۇن ۋۇكوڭ بۇلارنى چۈشەنگەچكە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە:

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— قارا، بىز قەيەردە يېتىپتۇق؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— بۇ قارىغاينىڭ ئاستىغۇ خېلى پەيزى ئىكەن، — دېدى سۇن ۋۇكوڭ، — ھېلىقى ئەخمەق قەيەرلەردە قىينىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟

— كىمنى قىينىلىدۇ دەيسەن؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ.

سۇن ۋۇكوڭ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى:

— تۈنۈگۈنكى خانىم بىلەن ئۇنىڭ قىزلىرى مۇشۇ ئەتراپتىكى بۇدساتۋالار بولسا كېرەك. ئۇلار بىزنى كولدۇرلىتىپ قويۇپ يېرىم كېچىدە كېتىپ قاپتۇ. ھەي، بىچارە جۇ باجيېغا تازىمۇ ئۇۋال بولدى ـ دە!

تاڭ سەنزاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ ، قارىغاي شېخىدا يەلپۈنۈپ تۇرغان بىر باغاقنى كۆردى . شاسېڭ ئۇنى ئەكېلىپ ئۇستازىغا بەردى . ئۇنىڭغا مۇنداق نەزمە پۈتۈلگەنىدى :

*بىزنى ئاددىي چاغلىماڭ ، بۇدساتۋانىڭ ئۆزى بىز ،*
*يەرلەرچە ياسىنىپ ياخشىلارنى كۈتىمىز .*
*بىلدۇق راھىب تاڭ سەنزاڭ پاك ئەقىدە ساقلاپسىز ،*
*باجىيې دېگەن چاكىنا ئىكەن بەكمۇ ئەخلاقسىز .*
*ئادەم بولسا ئاڭىمۇ كېلەر چوقۇم قۇت ـ ئامەت ،*
*تۈزەلمىسە سەپەردە باسار ئۇنى پالاكەت .*

ئۈچەيلەن نەزمىنى ئۇنلۇك ئوقۇپ تۇرۇشىغا ، ئۇشتۇمتۇت ئورمان ئىچىدىن بىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ئۇستازىم ، ماڭا رەھىم قىلسىلا ، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي ، ئەمدى ئىككىنچى ئۇنداق قىلمايمەن !

— ۋۇكۇڭ ، ۋارقىراۋاتقىنى ۋۇنېڭغۇ دەيمەن ؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ .

— ھەئە ، شۇ ! — شاسېڭ جاۋاب بەردى .

— ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن ، بىز كېتىۋېرەيلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئۇ دۆتلۇك قىلىپ قويغان بولسىمۇ ، بۇدساتۋانىڭ يۈزىنى قىلىپ ئۇنى بىللە ئېلىپ ماڭايلى . كېيىنچە ئۆزگىرىپ قالار ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

شاسېڭ كۆدە ـ كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇپ ، ئەپكەشنى ئۈشنىسىگە ئالدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئاتنى يېتىلەپ ، سەنزاڭغا يول باشلاپ ئورمانغا قاراپ ماڭدى . بۇ قىسمەتتىن شۇنداق نەزمە پۈتۈلدى :

*چىن نىيەت قىلغان كىشى ئەيلىسۇن كۆپتىن ھەزەر ،*
*ئىشق بالاسى ئالدىدا باغلىسۇن بەلگە كەمەر !*

جۇ باجيې ئەخمەقنىڭ تەقدىرى قانداق بولدى؟ بۇنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## *ۋەنشۇشەن تېغىدا پىركاملىنىڭ قەدىناس دوستىنى تۇتۇپ قالغانلىقى*
## *ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىدا سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئادەمگىياھ مېۋىسىنى ئوغرىلىغانلىقى*

ئەلقىسسە، ئۇچەيلەن ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، جۇ باجىي دەرەختە باغلانغان ھالدا نالە ـ پەرياد قىلىۋاتقۇدەك. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ھىيلىگەرلىك بىلەن ھىجىيىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ھە، يىگىت، ئەتىگەندە سالامىغىمۇ بارماي، ئۇستازىڭغا خۇش خەۋەرمۇ يەتكۈزمەي بۇ يەردە تاماشا قىلىپ يۈرەمسەن؟ ۋۇي، قېيناپاڭ قېنى؟ خوتۇنىڭ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ھە، ئۇلار سېنى زاكىلاپ قويۇپتۇ ـ دە!

جۇ باجىي خىجىل بولغىنىدىن چىرايلىرى تاتىرىپ، ۋايساشقىمۇ پېتىنالماي، كالپۇكلىرىنى چىڭ چىشلەپ ئۈندىمەي تۇرۇۋالدى. شاسېڭ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئەپكەشنى يەرگە قويدى ـ دە، ئارغامچىنى يەشتى. جۇ باجىي ئېغىر خىجالەتچىلىكتىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى ۋە بىر تۇتام شاخنى تۇتاشتۇرۇپ كۆككە قاراپ تاۋاپ قىلدى.

— سەن ئۇ بۇدساتۋالارنى تونۇمسەن؟ — سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— مەن ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم، ئۇلارنىمۇ تونۇيالمىدىم.

سۇن ۋۇكۇڭ ھېلىقى باغاقنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا بەردى.

جۇ باجيې نەزمىنى ئوقۇپ ، خىجىلچىلىقتا ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدى .

— ئاغا ، تۆت بۇدساتۋا ساڭا ئىچىپەش تارتىپ كەلگەندىكىن ، قالتىس تەلەيلىك ئىكەنسەن جۇمۇ ، — دېدى شاسېڭ كۈلۈپ تۇرۇپ .

— بولدى بۇ گەپنى تىلغا ئالمايلا قوي ئىنىم ، — دېدى جۇ باجيې ، — تولىمۇ سەتچىلىك بولدى . بۇنىڭدىن كېيىن بولمىغۇر خىياللارغا ھەرگىزمۇ بېرىلمەيمەن . تەنلىرىم كۆكۈم ـ تالقان بولسىمۇ ، ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ ئۇستازىمغا ئەگىشىپ ماڭىمەن .

— مانا بۇ دۇرۇس گەپ بولدى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

سۈن ۋۇكۇڭ ئۇلارنى ئورماندىن داغدام يولغا باشلاپ چىقتى . خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن بىر ئېگىز تاغ ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇدى . تاڭ سەنزاڭ ئېتىنى توختىتىپ :

— شاگىرتىم ، ئالدىمىزدىكى تاغقا ئوبدان سەپسالغىن ، جىن ـ ئالۋاستىلار چىقىپ ، ئاۋارە قىلمىسۇن يەنە ! — دېدى .

— ئۇچىمىز بار يەردە ئالۋاستى نېمە قىلالايتتى ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن .

تاڭ سەنزاڭ خاتىرجەم ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىدى . تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى . بۇنىڭغا تۆۋەندىكى نەزمە دەلىلدۇر :

*كۈئېنلۈنغا تۇتاشقان بۇ تاغ ،*
*چوققىلىرى بۇلۇتنى سۆيگەن .*
*باغرىدا ياشنىغان گۈلگۈن چېچەكلەر ،*
*قامىتى قۇياشنىڭ نۇرىغا چۆمگەن .*
*ياپيېشىل ئورمانلار نۇرغا تويۇنۇپ ،*
*بېشىغا بۇلۇتتىن شايى يېپىنغان .*
*ئەركىلەپ كۆي قاتار ئۇچقۇر شاماللار ،*
*بۇلۇتنىڭ لېۋىگە ئەگىلىك يېقىلغان .*

*ئويناقشىپ ئاقىدۇ زۇمرەتتەك سۇلار ،*
*بۇ ئىپىل سۈرەتتىن يايرايدۇ دىللار .*

تاڭ سەنراڭ ئاتتىن چۈشۈپ ، شادلىقى ئۇرغۇپ تاشقان هالدا مۇنداق دېدى :

— شاگىرتلىرىم ، غەرب سەپىرىدە قانچىلىغان هەيۋەتلىك تاغلاردىن هالقىپ ئۆتتۇق . لېكىن ، بۇنىڭدەك ئېسىل مەنزىرىنى ئۇچراتمىدىم . كۆڭلۈمدە گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىغا يېقىنلىشىپ قالدۇقمىكىن دەيمەن . ئۆزىمىزنى بىرئاز تۈزەشتۈرۈپ ماڭساق بولاتتى .

سۈن ۋۇكۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە :

— يېتىپ بارغىلى خېلى بار تېخى ، — دېدى .

— ئاغا ، گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىغا يەنە قانچىلىك يول قالغاندۇ ؟ — سورىدى شاسېڭ .

— بىر يۈز سەككىز مىڭ چاقىرىم ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — تېخى يولنىڭ ئوندىن بىرنىمۇ ماڭمىدۇق .

— قانچە يىل ماڭساق يېتىپ بارىمىز ، — دېدى جۇ باجيې .

سۈن ۋۇكۇڭ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— ئىككىڭلارنىڭ سۈرئىتى بويىچە ماڭساق ، ئون كۈنلەردە يېتىپ بارغىلى بولار . مەن بىر كۈندە ئەللىك قېتىم بېرىپ كېلەلەيمەن . ئۇستاز بولسا ، هەي ، ئۇستازنى بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ .

— ئاغىلار ، بۇ يەر گۆھەر نېشىن زېمىنى بولمىغىنى بىلەن مەنزىرىسى كىشىنى ھەقىقەتەن مەپتۇن قىلىدىكەن . بۇ ئەتراپتا چوقۇم ياخشى ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن ، — دېدى شاسېڭ .

— بۇ گېپىڭ جايىدا بولدى ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — بۇ يەردە يامانلىقتىن نىشان يوقلۇقىغا قارىغاندا ، جەزمەن ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ ماكانى بولسا كېرەك . بىزمۇ سەيلە قىلغاچ ئاستىراق ماڭايلى .

بۇ تاغنىڭ نامى ۋەنشۇشەن بولۇپ، تاغ ئىچىدە ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىبادەتخانىمۇ بار ئىدى. ئىبادەتخانىدا جىن يۇەنزى ئىسىملىك بىر پىركامىل تۇراتتى. نامى ئۇلۇغلار قاتارىدا ئاتىلاتتى. ئىبادەتخانىدا بىر خىسلەتلىك دەرەخ بولۇپ، ئالەم بىنا بولۇشتىن ئىلگىرىلا ئاپىرىدە بولغانىدى. ئۇنىڭ مېۋىسى «ئادەمگىياھ مېۋىسى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ دەرەخ ئۈچ مىڭ يىلدا بىر چېچەكلەپ، ئۈچ مىڭ يىلدا مېۋە بېرەتتى. يەنە ئۈچ مىڭ يىلدا پىشىپ، ئون مىڭ يىلدا ئاران ئوتتۇز تال مېۋە چۈشەتتى. مېۋە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا ئوخشاش بولۇپ، يەتتە ئەزاسى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنى بىرلا پۇرىغان كىشى ئۈچ يۈز ئاتمىش ياشقا كىرەتتى، ئەگەر كىم بەخت ـ تەلىيى كېلىپ، بىرنى يېيەلىسە قىرىق يەتتە مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرەتتى.

بۈگۈن پىركامىل جىن يۇەنزى مۇقەددەم پەلەك ئىززىتى سۇلتانىنىڭ يۇقىرى قۇتبۇل ئەقنابىدىكى مىلو سارىيىغا چىقىپ، تەرىقەت ۋە كامالەت ھەققىدە تەپسىر ئاڭلاش توغرىسىدىكى ئەۋەتكەن باغىقىنى تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، ئىككى شاگىرتىنى قالدۇرۇپ، يولغا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. شاگىرتلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى چىڭ فېڭ، بىرىنىڭ ئىسمى مىڭ يۆ ئىدى. چىڭ فېڭ ئاران بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە ياشقا كىرگەن بولۇپ، مىڭ يۆ ئەمدىلا بىر مىڭ ئىككى يۈز ياشقا توشقانىدى. جىن يۇەنزى يول تەرەددۇتىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى شاگىرتىغا تاپىلاپ مۇنداق دېدى:

— ئىككىڭلار ئىبادەتخانىغا ئوبدان ھېزى بولۇڭلار، بۈگۈن ـ ئەتىنىڭ ئىچىدە بىر قەدىناس دوستۇم بۇ يەردىن ئۆتۈپ قېلىشى مۇمكىن، ئۇنى قويۇۋەتمەي ئوبدان مېھمان قىلىڭلار. مەن ئۈچۈن مېۋىدىن ئىككىنى ئۈزۈپ، قانداقلا بولسۇن ئۇنىڭغا يېگۈزۈڭلار.

— قەدىناس دوستلىرى كىم بولىدىكىن؟ — سورىدى ئىككى شاگىرتى.

پىركامىل جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇ شەرقىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ خانى ئەۋەتكەن ئەۋلىيا راھىب سەنزاڭ بولىدۇ. ھازىر ئۇ غەربىي دىياردىن مۇقەددەس نومنى ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىدۇ.

ئىككىيلەن بۇنى ئاڭلاپ جەزمەن ئۇستازنىڭ تاپىلغىنى بويىچە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پىركامىل مېڭىشىدا يەنە مۇنۇلارنى جېكىلىدى:

— مېۋىنىڭ ھېسابى بار، ئۇنىڭغا ئىككىنىلا بېرىڭلار. ئارتۇق ئىسراپ قىلماڭلار!

چىڭ فېڭ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— باغنى ئاچقاندا بىز ئىككىمىز يېگەن، يەنە يىگىرمە سەككىزى قالدى. ئارتۇق ئىسراپ قىلمايمىز.

— سەنزاڭ قەدىناس دوستۇم بولسىمۇ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن پەخەس بولۇڭلار، — دېدى پىركامىل.

شاگىرتلار قولىنى كۆكسىگە ئالدى. پىركامىل باشقا شاگىرتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئەرشكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

تاڭ سەنزاڭ باشلىق تۆتەيلەن تاغ ئىچىدە سەيلە قىلىپ كېلىۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت قارىغايزارلىق ئارىسىدىكى ئېگىز راۋاقلارنى كۆرۈپ قالدى.

— ۋۇكۇڭ، ئالدىمىزدا كۆرۈنگىنى قەيەردۇ؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ.

سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سەنزاڭ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ:

— تېزرەك بېرىپ قاراپ باقايلى، — دېدى.

بىر ئازدىن كېيىن، ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ كەلدى. تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن چۈشتى. ئۇلار دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىدىكى بىر تاشتا «ۋەنشۇشەن تېغى ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسى» دېگەن خەتنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆردى.

— شاگىرتلىرىم، بۇ راستىنلا بىر ئىبادەتخانا ئىكەن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

شاسېڭ مۇنداق دېدى:

— ئۇستاز ، بۇ چىرايلىق ئىبادەتخانىدا چوقۇم ئاق كۆڭۈل ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن . ئىچىگە كىرىپ سەيلە قىلىپ چىقمايمىزمۇ ؟

— ناھايىتى ياخشى گەپ بولدى ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ۋە ئۇلارنى باشلاپ دەرۋازىدىن كىردى .

ئۇلار ئىككىنچى دەرۋازىغا كىرگەندە ئۇستۇن تەرەپكە يېزىلغان مۇنداق بېيىتنى كۆردى : «خۇدانىڭ جايى بۇ تا ئەبەدكە قېرىمايدىغان ، يۈز مىڭ ياشلىق تويىن مۇخلىسى ياشايدىغان . »

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى ئوقۇپ كۈلۈپ كەتتى ۋە :

— بۇ دەرۋىش لاپ دېگەننى زەي سالماي ئېتىپتۇ - دە . مەن بەش يۈز يىل ئىلگىرى ئەرشنى مالىمان قىلغىنىمدا ئەۋلىيا پېشۋاسىنىڭ ئىشىكىدىمۇ مۇنداق گەپنى كۆرمىگەنىدىم ، — دېدى .

— بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىمىز ، كىرىۋېرەيلى ، — دېدى جۇ باجيې ، — بۇ دەرۋىشنىڭمۇ بىز بىلمەيدىغان پەزىلەتلىرى باردۇ ، بەلكىم .

ئۇلار دەرۋازىدىن كىرىپ تۇرۇشىغا ئىككى ئوغۇل ئالمان - تالمان يۈگۈرۈپ چىقىپ ، چوڭقۇر تەزىم بىلەن ئۇلارنى كۈتۈۋالدى :

— ئالدىلىرىغا چىقالمىدۇق . ئۇستاز كەلسىلە ، ئولتۇرسىلا .

تاڭ سەنزاڭ خۇشال ھالدا ئىككى بالىغا ئەگىشىپ مەركىزىي سارايغا كىردى . مەركىزىي سارايغا تۇتاش سېلىنغان يەنە تۆت چوڭ ساراي بولۇپ ، ھەممىسىنىڭ ئالدى جەنۇبقا قاراپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ تام ، تورۇسلىرى كاتەكچە شەكىلدە ئاجايىپ كۆركەم قىلىپ نەقىشلەنگەنىدى . بالىلار تاڭ سەنزاڭنى يەنە بىر سارايغا باشلاپ كىردى . بۇ تاۋاپ - تىلاۋەت قىلىدىغان ئۆي بولۇپ ، ئۇدۇلىدىكى تامغا «يەر - جاھان» دېگەن چوڭ خەت يېزىلغان جازا ئېسىقلىق تۇراتتى . ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا توق قىزىل سىرلانغان بىر شىرە قويۇلغانىدى . شىرەنىڭ ئۇستىدە ئالتۇندىن سوققان ئىسرىقدان ، ئىسرىقدانىنىڭ يېنىدا ئىسرىق قىلىش ئۈچۈن تەييارلاپ

قويۇلغان بىر باغلام كۆجە تۇراتتى .
تاڭ سەنزاڭ بىر تال كۆجىنى تۇتاشتۇرۇپ ، ئىسرىقدانغا سانجىپ قويغاندىن كېيىن ، تىز چۆكۈپ ئولتۇرۇپ ، ئۈچ قېتىم سەجدە قىلدى . ئاندىن باللارغا بۇرۇلۇپ :
— ئۇستازىڭلار قەيەرگە كەتتى ؟ — دەپ سورىدى .
باللار جاۋاب بېرىپ :
— ئۇستازىمىز مۇقەددەم پەلەك ئىززىتى سۇلتانىنىڭ تەكلىپى بىلەن يۇقىرى قۇتبۇل ئەقدابىدىكى مىلو سارىيىغا «تەرىقەت ۋە كامالەت» توغرىسىدىكى تەپسىرنى ئاڭلىغىلى كەتتى ، — دېدى .
بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاقىتى - تاق بولغان سۇن ۋۇكۇڭ يوگۇرۇپ كېلىپ ۋارقىراپ كەتتى :
— ھىم ، ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلەپ نېمە پو ئاتىسەن ؟ ئالدىڭدا تۇرغان كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن ؟ مىلو سارىيىدا ساقىپ ۋەلى بولغۇدەك ئادەم بارمۇ ؟ سىلەردەك كالتە - كۆسەيلەرنى تەپسىرگە چاقىرغۇدەك ئىمىش تېخى !
تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ ئاچچىقىدا ئىش تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ دەرھال نەسىھەت قىلىشقا كىرىشتى :
— بولدى تاكاللاشما ۋۇكۇڭ ، ئۇنىڭ ئۇستازى بۇ يەردە بولمىغاندىكىن ئاۋارە قىلىپ نېمە قىلاتتىڭ ؟ چىقىپ ئاتنى ئوتلىتىپ كەلگىن . شاسىڭ نەرسە - كېرەكلەرگە قارىسۇن . باجىيىغا ئېيتىپ قوي ، بوغجىمىنى يېشىپ بىرئاز گۇرۇچ ئالسۇن ، ئاندىن بۇلارنىڭ قازىنىنى ئارىيەتكە ئېلىپ ، تاماق تەييارلىسۇن ، ئوتۇننىڭ پۇلىنى بىز تۆلەيلى . ھەممىڭلار ئۆز ئىشىڭلارغا مېڭىڭلار ، مەن بىردەم ئارام ئېلىۋالاي .
ئۇچەيلەن ئۇستازىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۆز ئىشلىرىغا چىقىپ كەتتى .
«يارايدىغان راھىب ئىكەن ، — دەپ ئويلىدى مىڭ يۆ بىلەن چىڭ فېڭ تاڭ سەنزاڭغا قايىل بولۇپ ، — ھەقىقەتەن ئەۋلىيا بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن . ئۇستازىم ئۇنىڭغا قەدىناس

دوستلۇقىمىزنىڭ ئەقىدىسىنى قىلىپ ، مېۋىدىن ئۆزۈپ بېرىڭلار . بىراق ، قول ئاستىدىكىلەردىن ھەزەر قىلىڭلار ، دېگىنىمۇ بىكار ئەمەس ئىكەن . ھېلىمۇ ياخشى ئاۋۇ ئۈچ بەتبەشىرە سىرتقا چىقىپ كەتتى . ئۇلار بولغان بولسا مېۋىنى ئاچىققىلى بولمايتتى .

شۇ خىيالدىن كېيىن ، چىڭ فېڭ مىڭ يۈگە مۇنداق دېدى :

— ئاكا ، ئۇستازنىڭ قەدىناس دوستى راستىنلا مۇشۇ راھىبمۇ ، ئەمەسمۇ ئۇنىڭ ئۆزىدىن بىر سوراپ باقايلى . خاتالىشىپ يۈرمەيلى يەنە .

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى :

— ئۇستاز ، ئۆزلىرى غەربىي دىياردىن بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن ماڭغان تاڭ سەنزاڭ بولامىلىكىن ؟

— ھەئە ، مەن بولىمەن . سىلەر مېنىڭ ئىسمىمنى قانداق بىلىسىلەر ؟

— ئۇستازىمىز ماڭار ۋاقتىدا ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا چىقىشىمىزنى ئېيتقانىدى . ئالدىراش بولۇپ قېلىپ ، چىقالماي قالدۇق . مەرھەمەت ، ئولتۇرسىلا ، ئۆزلىرىگە چاي كەلتۈرەيلى .

— بولدى ئاۋارە بولماڭلار ، — تاڭ سەنزاڭ تەكەللۇپ قىلىپ قويدى .

مىڭ يۈ ئۆز خانىسىغا كىرىپ ، بىر پىيالە چاي ئاچىقىپ تاڭ سەنزاڭغا سۇندى . تاڭ سەنزاڭ چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن چىڭ فېڭ مىڭ يۈگە قاراپ :

— يۈر ، ئۇستازىمىزنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە بىز بېرىپ مېۋە ئۈزۈپ كېلەيلى ، — دېدى .

ئىككىيلەن تاڭ سەنزاڭغا ئۆزرە ئېيتىپ ، ئىچكىرى ئۆيگە كىردى ۋە بىرى ئالتۇن خادىنى ، بىرى تاۋار ياغلىق سېلىنغان پەتنۇسنى ئېلىپ ، ئادەمگىياھ بېغىغا كىردى . چىڭ فېڭ دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ ، خادا بىلەن مېۋىلەرنى قاقتى . مىڭ يۈ تۆۋەندە پەتنۇسنى تۇتۇپ تۇردى . پەتنۇسقا ئىككى تال مېۋە چۈشكەندىن كېيىن تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا ئەكىردى .

— ئۇستاز، — دېدى ئۇلار پەتنۇستىكى مېۋىنى سۇنۇپ تۇرۇپ، — ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىمىز غورىگىل جاي بولغاچقا، ئالدىلىرىغا ئاچىققۇدەك بىرنەرسىمۇ يوق. بۇ ئاددىي مېۋىدىن ئىككى تال ئاچىقتۇق. ئۇسسۇزلۇقلىرىنى بېسىۋالسىلا.

تاڭ سەنزاڭ مېۋىنى كۆرۈپ لاغىلداپ تىترەپ كەتتى ۋە كەينىگە داجىپ:

— يا رەببىم، بۇ ۋەھشىيلىكنى! هازىر خېلى باياشاتلىق بولۇپ قالدى. ئىبادەتخاناڭلاردا تېخىچە ئادەم يەيدىغان ئىش بارمۇ؟ ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاقنى بۇ؟ ئۇسسۇزلۇقنى بېسىۋال دېگىنىڭلارنى تېخى! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

چىڭ فېڭ كۆڭلىدە «گۆھەرنى تونۇمايدىغان قانداق شەيخ بۇ» دەپ ئويلىدى. مىڭ يۆ دەرھال تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بۇ ئادەمگىياھ مېۋىسى دەپ ئاتىلىدۇ، يېسە ھېچقانداق يامان بولمايدۇ، — دېدى.

— قۇرۇق گەپ قىلما! — دېدى تاڭ سەنزاڭ، — ئانىسى نەچچە ئاي قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان ئۈچ كۈنلۈك بوۋاقنى مېۋە دەپ ئەكەلسەڭلار قانداق بولىدۇ؟

— بۇ راستتىنلا دەرەختە بولغان مېۋە، — دېدى چىڭ فېڭ يەنە چۈشەندۈرۈپ.

تاڭ سەنزاڭ دەرغەزەپكە كېلىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— تولا جۆيلۈشمەي يىراق ئاپىرىش! دەرەختىمۇ ئادەم بولامدۇ؟ هوي، ئىنسان قېلىپىدىن چىققانلار!

باللار تاڭ سەنزاڭنىڭ مېۋىنى يېيىشكە زادى ئۇنىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. بۇ مېۋە ناھايىتىمۇ چۈرۈك بولۇپ، ئۇزاق ساقلاشقا بولمايتتى. بۇزۇلۇپ قالسا تاشلىۋېتىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىردىن ئېلىپ، ئىشتىها بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

ئۇلار تۇرغان ئۆي ئاشخانا بىلەن بىر تام بولۇپ، پەس ئاۋازدا سۆزلىسىمۇ ئېنىق ئاڭلىناتتى. ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋاتقان جۇ

باجىي ئادەمگىياھ مېۋىسىنىڭ پارچىنى ئاچلاپ ، ئېغىزلىرىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ ، بىر تېتىپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى . بىراق ، قازان بېشىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ، تىت ـ تىت بولدى . ئۇ بىر دەم ــ بىر دەم تۇمشۇقىنى سوزۇپ ، تالاغا قاراپ قوياتتى . بىرئازدىن كېيىن سۇن ۋۇكۇڭ ئاتنى يېتىلەپ كىرىپ ، قورۇغا باغلاپ قويغاندىن كېيىن كەينىگە ياندى . جۇ باجىي ئۇنىڭغا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ :

— بۇ ياققا كېلىڭ ، بۇ ياققا كېلىڭ ! — دەپ ۋارقىرىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— هەي ئەخمەق ، نېمىگە ۋارقىرايسەن ؟ تاماق ئاز بولسا هەزرىتىم تويغۇدەك يېسۇن . بىز باشقا يەردە قورساق توقلاپ كېلەرمىز ، — دېدى .

— تاماق يېيىشمەيدۇ دېگەن گەپ ئەمەس . بۇ ياققا كىرمەمسىز ، — دېدى جۇ باجىي ، — بىلەمسىز ، بۇ ئىبادەتخانىدا بىر گۆھەر بار ئىكەن .

— نېمە گۆھەر ئىكەن ؟

— سىز كۆرمىگەن ، ئاڭلاپمۇ باقمىغان بىرنېمە ئىكەن .

— نېمە ؟ مېنى ئەخمەق كۆرۈۋاتامسەن هاڭۋاقتى ، بەش يۈز يىل بۇرۇن ئەۋلىيالارنى تاۋاپ قىلغىلى چىققىنىمدا جاهاننىڭ هەممە يېرىنى كېزىپ ، كۆرمىگىنىم قالمىغان .

— ئادەمگىياھ مېۋىسى دېگەننى كۆرۈپ باققانمۇ ؟

— بۇنى كۆرمەپتىكەنمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ هەيران بولۇپ ، — ئادەمگىياھ مېۋىسىنى يېسە ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ دەپ ئاڭلىغان . لېكىن ، قەيەردە بارلىقىنى بىلمەيتتىم .

— ئۇ مۇشۇ يەردە بار ئىكەن ، — دېدى جۇ باجىي ، — هېلىقى باللار ئۇستازغا ئىككىنى بېرىپتۇ ، ئۇ بۇ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ئىكەن دەپ يېگىلى ئۇنىمىدى . شۇنىڭ بىلەن باللار ئۆيگە ئەكىرىپ ، بىردىن ئۈلۈشۈپ ، ماكاشلىتىپ يەپ كەتتى . ئۇنىڭغا

قاراپ ئىغىزلىرىمغا سۇ يىغىلىپ كەتتى . قانداقلا بولسۇن ، ئۇنى بىر تېتىپ بېقىش كېرەك . سىز مەندىن چاققانراق بولغاندىكىن ، باغقا كىرىپ بىرنەچچىنى ئوغرىلاپ چىقسىڭىز قانداق ؟
— بۇ ئاسان گەپ ، مانا مەن هازىرلا كىرىپ ئۈزۈپ چىقىمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كەينىگە بۇرۇلۇپ ۋە مېڭىشقا تەمشەلدى .
جۇ باجيې ئۇنى توختىتىۋېلىپ مۇنداق دېدى :
— باياتىن ئۇلارنىڭ ئالتۇن خادا بىلەن قېقىپ چۈشۈرىمىز دېگىنىنى ئاڭلاپ قالغاندىم . هەر هالدا چاندۇرۇپ قويماسسىز .
— دېمىسەڭمۇ بىلىمەن !
سۇن ۋۇكۇڭ شۇئان كۆزگە كۆرۈنمەس بولۇپ ، مۇخلىسلارنىڭ هۇجرىسىغا كىردى . هېلىقى ئىككى بالا دەرۋىش مېۋىنى يەپ بولۇپ ، تاۋاپخانىغا چىقىپ تاك سەنزاڭ بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى . سۇن ۋۇكۇڭ هۇجرىغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ ، پەنجىرە يېنىغا توملۇقى بارماقتەك بار ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى چىچە كېلىدىغان بىر ئالتۇن تاياقنىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى . ئالتۇن تاياقنىڭ بىر ئۇچىدا ياڭاقتەك چوڭلۇقتا بىر مۈشتىكى بار بولۇپ ، چوققىسىدا بىر تۆشۈكمۇ بار ئىدى . تاياق يېشىل مەشۇت يىپ بىلەن ئېسىپ قويۇلغانىدى . سۇن ۋۇكۇڭ «ئالتۇن خادا دېگىنى چوقۇم مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ـ دە ، ئۇنى ئېلىپ قايتىپ چىقىپ ، ئارقا تەرەپتىكى ئىككى قاناتلىق دەرۋازىنى ئىتتىرىپ ئاچتى . دېگەندەك ، بۇ يەر بىر باغ ئىدى . باغنىڭ ئەتراپى گۆهەر بادىرلاردا قاشالانغان بولۇپ ، هەممە ياقتا كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك رەڭگارەڭ گۈل ـ گىياهلار ئېچىلىپ كەتكەنىدى . بۇ باغدىن ئۆتۈپ يەنە بىر دەرۋازىدىن كىرگەندە كۆكتاتلىق باغ بار ئىدى . «بۇ دەرۋىشلەرمۇ ئۆزى تېرىپ يەيدىكەن ـ دە» دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۆكتاتلارنى كۆرۈپ ئۆز ـ ئۆزىگە . ئۇ كۆكتاتلىقتىن ئۆتۈپ ، ئۈچىنچى دەرۋازىنى ئاچتى . پاھ ! بۇ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ يوغان بىر توپ دەرەخ بولۇپ ،

ھەر تەرەپكە شاخلاپ، باراقسان ئۆسكەندى. يوپۇرماقلىرى شاكال بەديان يوپۇرماقلىرىدەك چوڭ بولۇپ، ئېگىزلىكى مىڭ چىدىن ئارتۇق، غولىنىڭ ئايلانمىسى يەتتە - سەككىز غۇلاچ كېلەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپلا، جەنۇب تەرەپكە سوزۇلغان شاختىكى بەئەينى بوۋاقتا ئوخشايدىغان بىر ئادەمگىياھ مېۋىسىنى كۆردى. مېۋىنىڭ چاترىقىدا بىر ھۆررەك بولۇپ، شاخ ئۈستىدە پۇت - قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، باشلىرىنى ئويىنىتىپ تۇراتتى. شامالدا ھەم غىڭشىپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتقاندەك قىلاتتى. سۇن ۋۇكۇڭ چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە «ۋاھ مۆجىزە، مۆجىزە!» دېدى - دە، شىپ - شىپ قىلىپلا دەرەخكە يامىشىپ چىقتى. بۇ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ تۇنجى قېتىم دەرەخكە چىقىپ مېۋە ئوغرىلىشى ئىدى. ئۇ ئالتۇن خادا بىلەن شاخقا يېنىك بىرنى ئۇردى. مېۋە توككىدە قىلىپ يەرگە چۈشتى. ئۇمۇ ئارقىدىنلا دەرەختىن سەكرەپ چۈشتى. بىراق، مېۋە كۆزدىن غايىب بولدى. ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن ئىزدەپمۇ سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى.

«ئاجايىپ ئىش، — دېدى ئۇ، — پۇتى بولغاندىكىن قېچىپ كەتتىمۇ - يا؟ ياق، قاچسىمۇ تامدىن سەكرەپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ - دە! ھىم، ئەمدى بىلدىم. چوقۇم باغدىكى زېمىن مۇئەككىلى مېنى ئوغرىلاپ يەۋالمىسۇن دەپ ئەپقاچقان گەپ.»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەپسۇن ئوقۇپ تۇرۇپ، «ھەي!» دەپ چاقىردى - دە، باغدىكى زېمىن مۇئەككىلى دەرھال ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— ئەۋلىيا ئەزەم، مېنى چاقىرىپلا، قانداق پەرمانلىرى بار ئىدى؟ — دېدى ئۇ سالام بېرىپ.

— سەن مېنىڭ ئالەمگە مەشھۇر ئوغرى ئىكەنلىكىمنى بىلمەمسەن؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — ئەينى ۋاقىتتا ئەرش شاپتۇلىنى ئوغرىلىغىنىمدا، شاھانە شارابنى بۇلاپ ئىچكىنىمدە، ئابىھاياتنى يەۋالغىنىمدا ھېچكىممۇ نېسىۋەمنى تارتىۋالالمىغانىدى.

ئەجەب بۇ مېۋىنى ئەمدىلا قېقىپ چۈشۈرۈشۈمگە ئەپقاچتىڭىز؟
— ئەۋلىيا ئەزەم، مېنى ئەيىبلەۋاتىلا، بۇ ئەتىۋارلىق گۆھەر پانىي ئالەمدىكى ئەۋلىيالارنىڭ نېسىۋىسى تۇرسا، باقىي ئالەمدىكى مەندەك بىر كىچىك ئەۋلىيانىڭ ئۇنى ئەپقېچىشقا ھەددىم ئەمەس ـ دە، ماڭا ھەتتا ئۇنى پۇراشمۇ نېسىپ بولمايدۇ.
— سەن ئېلىۋالمىغان بولساڭ، ئۇ نېمىشقا يوقىلىپ كېتىدۇ؟
— ئەۋلىيا ئەزەم، قارىغاندا، سىلى ئۇنىڭ ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغانلىقىنىلا بىلىپ، قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئوخشايلا.
— ھە، ئېيتىپ باقە، ئۇ قانداق بولىدۇ؟
— ئۇ ئۈچ مىڭ يىلدا بىر چېچەكلەپ، ئۈچ مىڭ يىلدا مېۋە بولىدۇ، ئۈچ مىڭ يىلدا ئاندىن پىشىدۇ، ئون مىڭ يىلدا ئاران ئوتتۇز تال مېۋىسى بولىدۇ. ئۇنى بىر قېتىم پۇرىۋالغانلار ئۈچ يۈز ئاتمىش ياشقا كىرىدۇ. بىرنى يېگەنلەر قىرىق يەتتە مىڭ يىل ياشايدۇ. بىراق، ئۇ بەش نەرسىدىن قورقىدۇ.
— قايسى بەش نەرسىدىن قورقىدۇ؟
— ئالتۇن تەگسە ئۈزۈلۈپ چۈشىدۇ، ياغاچ تەگسە قۇرۇپ كېتىدۇ، سۇنى كۆرسە ئېرىپ كېتىدۇ، ئوتقا چۈشسە كۆيۈپ كېتىدۇ، تۇپىغا چۈشسە سىڭىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇنى ئالتۇن خادا بىلەن قېقىپ، يىپەك قول ياغلىقى سېلىنغان پەتنۇسقا چۈشۈرۈش كېرەك. مۇبادا ياغاچ تاۋاققا چۈشسە قۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇنى يېگەن بىلەنمۇ ئۆمۈرنى ئۇزارتقىلى بولمايدۇ. يېگەن ۋاقىتتا چوقۇم ساپال قاچىغا سېلىپ، سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇپ يېيىش كېرەك. سىلى ئۇنى قېقىپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتكەن بولسىلا، ئۇ جەزمەن يەرگە كىرىپ كەتتى. بۇ قىرىق يەتتە مىڭ يىللىق تۇپراق بولۇپ، چويۇندىنمۇ نەچچە ھەسسە قاتتىق. پولات ئۆشكە بىلەن تېشىپمۇ كولىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدا ئۆسكەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەن ئادەم ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئىشەنمىسىلە، يەرگە ئۇرۇپ باقسىلا.

سۈن ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىلىق گۈرزىسىنى چىقىرىپ ، يەرگە قاتتىق بىرنى ئۇردى . يەردىن داراڭلىغان ئاۋاز چىقتىيۇ ، تىرناقچىلىكمۇ زەخىملەنمىدى .

— ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — كالتىكىم تەگسە تاشلار قۇمغا ئايلىنىپ ، چويۇندىن دەز كېتەتتى . بۇ يەر بولسا ھېچنېمە بولمىدى . قارىغاندا ، مەن سېنى راستىنلا خاتا ئەيىبلەپتىمەن . سەن قايتىپ كەتكىن .

زېمىن مۇئەككىلى ئۆز ئىبادەتخانىسىغا قايتىپ كەتتى .

سۈن ۋۇكۇڭ ئامال تاپتى . ئۇ دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ ، بىر قولىدا خادىنى كۆتۈرۈپ ، بىر قولى بىلەن شايى ـ يەكتەكنىڭ پېشىنى يىرتىپ ، خالتا قىلىپ ، ئۈچ تال مېۋىنى قېقىپ چۈشۈردى ـ دە ، دەرەختىن چۈشۈپ ، ئاشخانىغا كەلدى .

— ئاغا ، تېپىپ كەلدىڭىزمۇ ؟ — دېدى جۇ باجيې خۇشال بولۇپ .

— مانا بىرىپلا ئۆزۈپ كەلدىم ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — بۇ مېۋىگە شاسېڭمۇ ئېغىز تەگسۇن .ئۇنى چاقىر !

جۇ باجيې شاسېڭنى چاقىردى .

— نېمە ئىش بار ئىدى . ئاغا ، — شاسېڭ ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ كىردى .

سۈن ۋۇكۇڭ خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ :

— قارا ، بۇ نەرسىنى ، كۆرۈپ باققانمىدىڭ ؟ — دېدى .

— ئادەمگىياھ مېۋىسى ! — دېدى شاسېڭ ئۇنى كۆرۈپلا .

— ۋۇي ، ئوبدانلا تونۇيدىكەنسەنغۇ ؟ سەن بۇرۇن قەيەردە يېگەنىدىڭ ؟ — سورىدى سۈن ۋۇكۇڭ .

شاسېڭ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— پېقىر يەپ باقمىغىنىم بىلەن ، سەركەردە بولغان چاغلىرىمدا شاپتۇل بەزمىسىگە كەلگەن ئەۋلىيالارنىڭ خان ئانىغا تەقدىم قىلغىنىنى كۆرگەن ، ئاغا ، بۇنىڭدىن ماڭا بىرەرنى بېرەمسىز ؟

— دېمىسەڭمۇ شۇنداق بولدۇ . بىرىمىز بىردىن يەيمىز ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ئۇچەيلەن مېۋىنى بىردىن ئالدى . بالاخور نەپسى تاقىلداپ تۇرغان جۇ باجيې ئاغزىنى هاڭدەك ئېچىپ ، مېۋىنى غورت قىلىپ يۇتۇۋەتتى ــ دە ، سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن شاسېڭغا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ :

— سىلەر نېمە يەۋاتىسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .

— ئادەمگىياھ مېۋىسى ، — دېدى شاسېڭ .

— تەمى قانداقراق ئىكەن ؟ — جۇ باجيې يەنە سورىدى .

— ئۆزۈڭ يەپ بولۇپ بىزدىن سورايسەنغۇ ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئالدىراپ يەۋېلىپ ، تەمىنى هېچ بىلەلمىدىم ، — دېدى جۇ باجيې ، ئۇرۇقى بولسا قوشۇپ يۇتۇۋەتتىممۇ تېخى ، خىزمەت قىلغاندىكىن ئاخىرغىچە چىداپ ، ماڭا يەنە بىرنى ئەكېلىپ بەرسەڭمىز ، بۇ نۆۋەت ئالدىرىماي تامىشىپ يەپ باقاي .

— ئىنساپ قىلمايدىكەنسەن ئىنى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — بۇ سېنىڭ قورساق تويغۇچە يەۋالىدىغان هور نېنىڭ ئەمەس ، ئون مىڭ يىلدا ئاران ئوتتۇزى چۈشىدىكەن . بىرەرنى يېيىش نېسىپ بولسىمۇ ، ئاجايىپ چوڭ بەخت ـ دە ، بولدى قىل ئەمدى !

سۇن ۋۇكۇڭ دەيدىغان گېپىنى دەۋېلىپ ، قولىدىكى ئالتۇن خادىنى دەرۋىشلەر هۇجرىسىغا تاشلاپ قويدى ـ دە ، ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولدى .

بۇ ئەخمەق جۇ باجيې ۋالاقتەگكۇردەك كوتۇلدىغىلى تۇردى . چاي ئېلىش ئۈچۈن ئۆيگە كىرگەن ئىككى بالا ئۇنىڭ «ئادەمگىياھ مېۋىسىنى يېگىنىم بىلەن هېچبىر تەمىنى تېتىيالمىدىم . يەنە بىرى بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ هە !» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالدى . بۇنىڭدىن چىڭ فېڭنىڭ كۆڭلىگە بىر گۇمان چۈشۈپ :

— مىڭ يۆ ، ئاۋۇ ئۇزۇن تۇمشۇقنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭمۇ ؟

بىزنىڭ ئەتىۋارلىق مېۋىمىزنى ئوغرىلاپ يېگەن بولمىسۇن يەنە ، — دېدى . مىڭ يۆ كەينىگە بۇرۇلۇپ ۋارقىرىۋەتتى :
— ئاكا ، ئالتۇن خادا يەردە تۇرىدىغۇ ؟ چاتاق چىقتىمۇ نېمە ؟ بىز باغقا بېرىپ قاراپ باقايلى .
ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ باغ ئالدىغا كەلدى . ئىشىك داغدام ئوچۇق تۇراتتى .
— ئىشىكنى ئۆز قولۇم بىلەن يېپىپ قويغان تۇرسام ، قانداق قىلىپ ئېچىلىپ قالغاندۇ ؟ — دېدى چىڭ فېڭ ھەيران بولۇپ .
ئۇلار ئىشىكى ئېچىۋېتىلگەن كۆكتاتلىقتىن ئۆتۈپ ، ئادەمگىياھ بېغىغا كىردى ۋە دەرەختىكى مېۋىنى قايتا - قايتا ساندى . ھەرقانچە ساناپمۇ يىگىرمە ئىككىدىن ئاشۇرالمىدى .
— ئەسلىي مېۋە ئوتتۇز ئىدى ، — دېدى مىڭ يۆ ، — ئۇستازىمىز ئىشىكنى ئاچقاندا ئىككىنى يەپ ، يىگىرمە سەككىزى قالغان . باياتىن تاڭ سېڭغا ئىككىنى ئۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن يىگىرمە ئالتىسى قالغان . ئەمدى ئەجەب يىگىرمە ئىككىسى تۇرىدۇغۇ . تۆتى قەيەرگە كەتتى ؟ ھىم ، چوقۇم ھېلىقى مۇناپىقلار ئوغرىلاپ يەۋالدى . بىز بېرىپ تاڭ سېڭنى راسا تىللايلى .
ئىككىيلەن باغدىن چىقىپ ، سارايدا ئولتۇرغان تاڭ سەنزاڭنىڭ قېشىغا كىردى - دە ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي تىللاپ كەتتى .
— كىچىك غۇلمانلار ، نېمىگە جېدەل قىلىسىلەر ؟ — دېدى ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغان تاڭ سەنزاڭ ، — گېپىڭلار بولسا كايىماي بىردىن - بىردىن سۆزلەڭلار .
— سىلى ئادەمگىياھ مېۋىسىنى ئوغرىلاپ يەۋالغان تۇرسىلا ، كايىماي قانداق قىلاتتۇق ! — چىڭ فېڭ ئاچچىقى بىلەن دوق قىلدى .
— ئادەمگىياھ مېۋىسى دېگەن قانداقراق نېمە ئۇ ؟
— باياتىن سىلىگە ئەكېلىپ بەرسەك ، بوۋاققا ئوخشايدىكەن دېمىدىلىمۇ ؟

— يارەببىم ، ئۇ نەرسىنى ئوغرىلاپ يېيىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن ، كۆرسەممۇ يۈرىكىم پۇلاڭشىپ كېتىدۇ . ئېچىرقاپ ئۆلەر ھالەتكە يەتسەممۇ ، بۇنداق ئوغرىلىقنى قىلمايمەن . ماڭا ئۇۋال قىلماڭلار !

— سىلى يېمىگەن بىلەن قول ئاستىلىرىدىكى ئادەملەر ئوغرىلاپ يەيدۇ - دە .

— ھە ، مۇنداق دەڭلار ، سىلەر داۋراڭ قىلماي تۇرۇپ تۇرۇڭلار ، مەن بېرىپ ئۇلاردىن سوراپ باقاي ، راستىنلا ئوغرىلىغان بولسا ، تۆلەپ بەرسۇن .

— تۆلەيدۇ دەملا ؟ پۇل بولسىمۇ ئۇنى قەيەردىن تاپىدۇ ؟

تاڭ سەنزاڭ شاگىرتلىرىنى چاقىردى . ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ شاسېڭ ۋەھىمىگە چۈشتى .

— چاتاق بولدى ! ئۇستاز بىزنى چاقىرىۋاتىدۇ . باللار بىزنى چېقىپ سىرنى ئاشكارىلاپ قويدىمۇ نېمە ؟

— ھىم ، چاقىرسىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتەلەيتتىمۇ ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — ئوغرىلىساق يەيدىغان نەرسىنى ئوغرىلاپتۇق . ئىقرار قىلمىساق نېمە قىلالايتتى ؟

— توغرا ، توغرا ، ئىقرار قىلمايلى ، — دېدى جۇ باجيې .

ئۈچەيلەن ئاشخانىدىن چىقىپ سارايغا كىردى . ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دەپ تېنىۋالغانلىقىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز .

## يىگىرمە بەشىنچى باب

### *پىركامىل جېن يۈەنىنىڭ راھىبلارنى قوغلاپ تۇتۇپ كەلگەنلىكى*
### *سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىنى ۋەيران قىلغانلىقى*

ئەلقىسسە، ئاكا - ئۇكا ئۇچەيلەن سارايغا كىرىپ ئۇستازىغا مۇنداق دېدى:

— ئۇستاز، تاماق پىشاي دەپ قالدى، بىزنى چاقىرغۇدەك بىرەر ئىشلىرى بارمىدى؟

— شاگىرتلىرىم؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ، — تاماقنى سورىماقچى ئەمەسمەن. ئىبادەتخانىنىڭ بوۋاققا ئوخشايدىغان ئادەمگىياھ مېۋىسى دەيدىغان بىر نېمىسى بار ئىكەن. قايسىڭلار ئۇنى ئوغرىلاپ يېگەنىدىڭلار؟

— مەن ياۋاش ئادەم، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن ھەم كۆرمىدىم، — دېدى جۇ باجيې.

— باياتىن ھىجىيىپ كۈلۈپ كەتكىنى مۇشۇ شۇ! — دېدى چىڭ قېڭ.

— مەن تۇغۇلۇشۇمدىنلا كۈلگەك ئىدىم، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ۋارقىراپ، — مېۋەڭلەر يوقىلىپ كەتسە، كۈلدى دەپ مېنى تۇتماڭلار يەنە!

— ئاچچىقىڭلارنى بېسىۋېلىڭلار شاگىرتلىرىم، — دېدى تاڭ سەنزاڭ، — راھىب بولغان ئادەم يالغان گەپ قىلمايدىغان. مېۋىنى يېگەن بولساڭلار، ناماقۇل بولساڭلار تۈگەيدۇ. ئۆكتەملىك قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

سوْن ۋوْكوْڭ ئۇستازىنىڭ دېگەن گەپلىرىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، راست گەپنى قىلدى:

— چاتاق مەندە ئەمەس ئۇستازىم. باجىي دېگەن بۇ ئاچ كۆز بالىلارنىڭ ئادەمگىياھ مېۋىسىنى يېگەنلىكىنى كۆرۈپ، تېتىپ باققۇسى كەپتۇ. ئۇ ماڭا يېلىنىپ تۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ تال ئۈزۈپ ئەكېلىۋىدىم. ئۈچەيلەن بىردىن يېدۇق. يەيدىغاننى يەپ بولدۇق. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بالا دەرۋىشلەر تېخىمۇ ئەدەب تىللاپ كەتتى. سوْن ۋوْكوْڭ غەزەپ ئاچچىقىدا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، ئالتۇن توقىلىق گۇرزىسىنى شارتتىدە سۇغۇرۇۋالدى-دە، يەنە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— بۇ لەنىتى شۇملارنىڭ تىل-ئاھانىتىنى ئاڭلاپ تۇرامدۇق؟ ئەمدى مېۋىسىنى يېگىنىنى كۆرەي، — دېدى.

ئارقىدىنلا ئۇ چوققىسىدىن بىر تال موينى يۇلۇۋېلىپ، پۇف قىلىپ پۈۋلەپ «ئۆزگەر» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ مويى يالغان سوْن ۋوْكوْڭغا ئۆزگىرىپ، تاڭ سەنزاڭ، ۋۇنېڭ، ۋۇجىڭلار بىلەن بالا غۇلمانلارنىڭ تىل-ئاھانىتىنى ئاڭلاپ تۇردى. ئۆزى بولسا، بىرلا موللاق ئېتىپ ئادەمگىياھ بېغىغا كىرىپ، گۇرزىسى بىلەن دەرەخكە بىر-ئىككىنى ئۇرغاندىن كېيىن، بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ دەرەخنى يىقىتتى. دەرەخ يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ چىقىپ، شاخلىرى سۇنۇپ، يوپۇرماقلىرى تۆكۈلدى. سوْن ۋوْكوْڭ شاخلارنى قايرىپ، ئادەمگىياھ مېۋىسىنى ئىزدەشتۇرۇپ بىر تالمۇ تاپالمىدى. ئەسلى مېۋىلەر ئالتۇن توقىلىق گۇرزا تەگكەندىن كېيىن ئۈزۈلۈپ، يەرگە چۈشۈپ توپا ئاستىغا كىرىپ كەتكەنىدى. سوْن ۋوْكوْڭ بۇ قىلغان ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ، «ئەمدى ھەممەيلەن ئۆز يولىمىزنى تېپىۋالايلى» دېدى-دە، گۇرزىسىنى يىغىشتۇرۇپ، قايتىپ كېلىپ، ھېلىقى موينىمۇ قايتۇرۇۋالدى. بۇ ئىشلارنى ئادەتتىكى كۆز بىلەن زادى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

بالا غۇلمانلار قانغۇچە تىللىۋالغاندىن كېيىن، چىڭ فېڭ مىڭ

يۈگە قاراپ مۇنداق دېدى :
— بۇ راھـبـلار تـىلنىمۇ يەتكۈدەك ئىشتىتى ، توخۇنى تىللىغاندەك تىنماي تىللىساقمۇ بىرەر ئېغىز يانمىدى . قارىغاندا ئـۇلار يېمىگەن ئوخشايدۇ . مېۋىنى ئۆزىمىز خاتا ساناپ قويغان بولساق بىكار تىللاپ يۇرمەيلى يەنە . ئىككىيلەن بېرىپ يەنە بىر ەكشۇرۇپ باقايلى .
شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن باغقا كىرىپ ، دەرەخنىڭ يېقىلىپ چۈشكەنلىكىنى ، يوپۇرماقلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ ، مېۋىلەرنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆردى . بۇ قاتتىق ئەلەمدىن ئەرۋاھى ئۇچقان باللار يەرگە يېقىلىپ ، تىللىرى كالۋالىشىپ «ۋاي ئېسىت ، ئەمدى قانداق قىلىمىز . ئۇستازىمىز كەلسە قانداق جاۋاب بېرىمىز» دېيىشىپ نالە قىلىشتى .
بىرھازادىن كېيىن مىڭ يۈ ئەس - ھوشىنى يىغىپ چىڭ فېڭغا مۇنداق دېدى :
— بولدى ، ئەمدى تولا داۋراڭ قىلماي ، ئۆزىمىزنى ئوڭشاپ كىرىپ ئۇلارغا بىلىندۇرمەيلى . تۇتۇشۇپ قالساق ، ئىككىمىز تۆتىسىگە تەڭ كېلەلمەي قالىمىز . شۇڭلاشقا ، ئۇلارنى ئالداپ ، ئۆزىمىز مېۋىنى خاتا ساناپ قويۇپتۇق دەپ يالغاندىن ئەپۇ سوراپ قويايلى . تاماققا بىرنەچچە قورۇمىنى ئارتۇق قىلىپ بېرەيلى . ئاندىن ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ، ئۇلارنى چىققۇزمايلى . ئۇستازىمىز كەلگەندە ئاندىن ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلسۇن .
چىڭ فېڭ ئۇنىڭ مەسلىھىتىگە قوشۇلدى .
ئىككىيلەن باشقىدىن روھلىنىپ ، چىرايلىرىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، باغدىن چىقىپ سارايغا كىردى ۋە تاڭ سەنزاڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :
— ئۇستاز ، باياتىن گەپ - سۆزلىرىمىز قوپال چىقىپ كەتكەن بولسا ، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا .
— قايسى گەپنى دەيسىلەر ؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ .
چىڭ فېڭ جاۋاب بېرىپ :

— مېۋىلەرنى ئۆزىمىز خاتا سانىۋاپتۇق . ھازىر بىرىپ قاراپ كەلدۇق . بىرىمۇ كەم ئەمەس ئىكەن ، — دېدى .

— ھەي شۇمتەكلەر ، — دېدى جۇ باجېي نۆۋەتتە كەلگەندە راسا بىر دەردىنى چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك ، — ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان نېمەڭگە تېخى ۋالاقشىپ كېتىشىسەن ، بىزگە دۆڭگەپ قويۇشماقچىمىدىڭ ؟

— سۇن ۋۇكۇڭ ھەممىنى بىلگەچكە ، لام ـ جىم دېمەستىن تۇرۇۋالدى ۋە كۆڭلىدە «ۋوي ساختىپەزلەر ! مېۋە تامامەن قالمىغان تۇرۇقلۇق دەۋاتقان گېپىنى قارا ! ياكى مېۋىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالىدىغان بىرەر ئامالى بارمۇيا ؟» دەپ ئويلىدى .

— مېۋىلەر يوقىمىغان بولسا ، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات قىلايلى ، قېنى تاماقنى ئەكېلىڭلار ، قورساقنى تويغۇزۇپ يولىمىزغا ماڭايلى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

شاسېڭ دەرھال شىرە ـ ئورۇندۇقلارنى رەتلىدى . جۇ باجېي تاماقنى ئاچىقتى . ئىككى بالا يەتتە ـ سەككىز تەخسىدە ھەر خىل قورۇمىلارنى ئاچىقىپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە بىر چەينەك چاي بىلەن ئىككى پىيالىمۇ ئەكېلىپ بەردى . ئۆتەيلەن قولىرىغا قاچىلىرىنى ئېلىپ ئەمدى ئېغىز تېگەي دەپ تۇرۇشىغا ، بالىلار ئىشىكنى جالاقىدە قىلىپ يېپىپ ، سىرتىدىن يوغان بىر مىس قۇلۇپ بىلەن قۇلۇپلىۋالدى . جۇ باجېي كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى :

— ئەجەب ئوسال بالىلار ئىكەنسىلەرغۇ ؟ ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ تاماق يەيدىغان قاملاشمىغان ئادىتىڭلار بار ئىكەنغۇ سىلەرنىڭ !

— ھەي تەييارتاپ ئاچپاقا ئوغرىلار ، — دەپ تىللىدى چىڭ فېڭ ، — مېۋىنى ئوغرىلاپ يېگەننى ئاز دەپ ، دەرەخنىمۇ ئۆرۈۋېتىپسىلەرغۇ ؟ سىلەر ئىبادەتخانىمىزنىڭ ئىلاھىي يىلتىزىنى ۋەيران قىلدىڭلار ، يەنە نېمىگە كۆكەملىك قىلاتتىڭلار ؟ تەڭرىنىڭ ئالدىغا بارساڭلارمۇ گۇناھىڭلارنى كەچۈرمەيدۇ !

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭ قولىدىكى قاچىسىنى قويۇپ ، بىر تاشنى ئېلىپ مەيدىسىگە ياقتى . باللار ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىنى مەھكەم تاقاپ ، قۇلۇپ سېلىۋالدى . ئاندىن يەنە سارايىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ تۇرۇپ ، ئەڭ ئەشەددىي تىللار بىلەن تاكى كەچ كىرگۈچە تىللىدى . تاماق ۋاقتى بولغاندىلا چىقىپ تاماق يەپ ، ئۆز خانىلىرىگە كىرىپ ئۇخلاپ قالدى .

— ھەي مايمۇنەك ، بالا تېرىپلا يۈرىسەن ! — دېدى تاڭ سەنزاڭ سۈن ۋۇكۇڭغا ئاچچىقلىنىپ ، — ئۇلارنىڭ مېۋىسىنى ئوغرىلاپ يېگەندىن كېيىن تىلىنى ئاڭلاپ ئىشنى تۈگەتمەي ، دەرىخىنى ئۆرۈۋېتىپ نېمە قىلاتتىڭ ؟ مۇشۇ ئىشىڭنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ ئەرز قىلسا ، ئاتاڭ ئەۋلىيا بولسىمۇ ئاقمايدۇ ـ دە !

— بولدى كايىمىسىلا ئۇستازىم ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — باللار ھازىر ئۇخلاشقا چىقىپ كەتتى . شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غېپپىدە تىكىۋېتىمىز !

— ئاغا ، ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىگە قۇلۇپ سېلىۋەتكەن تۇرسا ، قانداق چىقىپ كېتىمىز ؟ — دېدى شاسېڭ .

سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن ، مەن ئۆزۈم ئامال تاپىمەن .

قاراڭغۇ چۈشۈپ ، شەرقتىن ئاي كۆتۈرۈلدى .

— ھازىر ھەممە ئېغىر ئۇيقۇغا كەتتى ، قېچىشنىڭ تازا ئوبدان پۇرسىتى كەلدى ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

جۇ باجيې سەل ئەنسىرەپ مۇنداق دېدى :

— قارامىلىق قىلماڭ ئاغا ، ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسى تاقاق تۇرسا ، قەيەردىن قاچىمىز ؟

سۈن ۋۇكۇڭ گۈرزىسىنى قولىغا ئېلىپ :

— قانداق ئامال قىلىدىغانلىقىمنى كۆرۈپ تۇر ! — دېدى ـ دە ، بىر ئەپسۇننى ئوقۇپ تۇرۇپ ، گۈرزىنىڭ ئۇچىنى ئىشىككە تەڭلىدى . شالاققىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قاغىتۇمشۇقلار ئاجراپ چۈشۈپ ، ئىشىكلەر ئېچىلدى .

— قالتىس كارامىتىڭىز بار ئىكەن، — دېدى جۇ باجىيې گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان هالدا، — هەرقانچە ماهارەتلىك ئۇستاز بولسىمۇ سىزدەك بۇنداق قاملاشتۇرالماس!

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇستازىنى سىرتقا ئاچىقىپ ئاتقا مىندۇردى. جۇ باجىيې ئەپكەشنى كۆتۈرۈۋالدى. شاسېڭ ئاتنى يېتىلىدى. ئۇلار يەنە غەربكە قاراپ راۋان بولدى.

— سىلەر ئاستا مېڭىپ تۇرۇڭلار، مەن هېلىقى ئىككى بالىنى ئەللەي ئېتىپ بىرەر ئايلىق ئۇخلىتىپ قويۇپ كېلەي، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭغا تاپىلاپ مۇنداق دېدى:

— ئۇلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، گۇناھ ئۇستىگە گۇناھ قىلىۋالمىغىن يەنە!

— بۇنى ئوبدان بىلىمەن!

سۇن ۋۇكۇڭ ئارقىغا قايتىپ، بالا غۇلمانلار ياتقان ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا پەلەك شاهى زىڭچاڭدىن ئۇتتۇۋالغان ئۇخلاتقۇچى قۇرت بار ئىدى. ئۇ بۇ قۇرتلاردىن ئىككىنى ئېلىپ، روجەكتىن تاشلىدى. قۇرت بالىلارنىڭ يۈزىگە چاپلىشىپ، ئۇلارنى ئېغىر ئۇيقۇغا غەرق قىلدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئىشىنى تاماملاپ، بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ، تاڭ سەنزاڭلارغا يېتىشىۋالدى. ئۇلار چوڭ يولنى بويلاپ، غەرب تامان ئۇزاپ كەتتى.

ئەمدى گەپنى پىركامىل جېن يۈەندىن ئاڭلايلى. ئۇ مۇقەددەم پەلەك ئىززىتى سۇلتان سارىيىدىكى يىغىلىشتىن تارقاپ، ۋەنشۇشەن تېغىدىكى ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىغا قايتىپ چۈشتى. ئۇ ئىبادەتخانىغا كىرىپ باغلارنىڭ قاغجىراپ سولغۇن هالەتتە ياتقانلىقىنى، كوچە ـ ئىسرىقلارنىڭ كۆيۈپ تۈگىگەنلىكىنى بايقىدى. ئىبادەتخانا ئىچى ئېغىر جىمجىتلىققا چۆمگەن، مىڭ يۆ بىلەن چىڭ فېڭنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— بۇ ئىككىسى بىزنى يوق دەپ ئالدىغاننى ئېلىپ بىر ياققا قاچتىمۇ نېمە؟ — دېيىشتى ئەۋلىيالار.

— نېمىدېگەن يولسىزلىق بۇ، — دېدى پىركامىل ئاچچىقىدا، — ئەۋلىيالىق تەلىمى ئېلىۋاتقان ئادەم بۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى قىلسا قانداق بولىدۇ؟ ياكى ئۇلار تونۇگۈن ئاخشام ئىشىكنى تاقاپ ئۇخلاپ قېلىپ تېخىچە ئورنىدىن تۇرالمىدىمۇيا؟

دېگەندەك بۇ ئىككىسى ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ قويۇپ ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئەۋلىيالار ئىشىكنى سىرتىدىن ھەرقانچە ئۇرۇپمۇ ئۇلارنى ئويغىتالمىغاندىن كېيىن ئىشىكنى بۇزۇپ كىرىپ، ئىككىسىنى كارىۋاتتىن تارتىپ چۈشۈردى. چىڭ فېڭ بىلەن مىڭ يۆ يەنە ئويغانمىدى.

— يارايسەن غۇلمانلىرىم، — دېدى پىركامىل كۈلۈپ كېتىپ، — ئەۋلىيا بولىدىغان ئادەمنى غەپلەت باسمايتتى، بۇلار نېمە ئىش قىلغانغا بۇنچىلىك چارچاپ كەتكەندۇ! بىرەرى ئوقۇۋەتتىمۇيا؟ دەرھال سۇ ئاچىقىڭلار!

بىر بالا يېرىم قاچا سۇ ئاچىقىپ، پىركامىلغا سۇندى. پىركامىل ئەپسۇن ئوقۇپ، ئاغزىغا سۇ ئېلىپ ئىككىسىنىڭ يۈزىگە پۈركۈدى. ئۇلار شۇ زامات ئۇيقۇسىدىن يېشىلىپ، كۆزلىرىنى چوڭ - چوڭ ئېچىپ ئەتراپىدا ئۇستازى ۋە باشقىلارنىڭ قارىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، ئۇستازىنىڭ ئالدىدا ئالمان - تالمان تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— ئۇستاز، سىزنىڭ ھېلىقى قەدىناس دوستلىرىڭىز ئۇچىغا چىققان بۇلاڭچى نېمىلەر ئىكەن! — دېدى.

— ھودۇقماي ئاستىراق سۆزلەڭلار، نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى پىركامىل.

چىڭ فېڭ بولغان ئىشلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

— سىز كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي شەرقىي دىيارلىق تاڭ سېڭ ئاتلىق ھالدا ئۈچ راھىبنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. بىز سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىزغا بىنائەن ئۇنىڭغا ئادەمگىياھ مېۋىسىدىن ئىككىنى ئاچىقىپ بەردۇق. بۇ نادان تەقسىر مېۋىنىڭ ئەتىۋارلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ماڭا تۇغۇلغىلى تېخى ئۈچ كۈن بولغان

بــوۋاقــنى ئاچىقىپ بېرىپسىلەر دەپ ، زادىلا يېگىلى ئۇنىمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئىككىيلەن بىر تەرەپ قىلىشۇەتتۇق . كىمنىڭ خىيالىغا كېلىدۇ دەيسىز ، بىر چاغدا قارىساق ، ھەزرىتىمنىڭ سۆن ۋۇكۇڭ ئىسىملىك شاگىرتى ئادەمگىياھ مېۋىسىدىن تۆتنى ئوغرىلاپ يەۋاپتۇ . بىز ئۇنىڭغا سىلىق ـ سىپايىلىق بىلەن چىرايلىق گەپ قىلساق ، گېپىمىزنى ئىلىك ئالماي ، سېھىرگەرلىك كۆرسىتىپ قىلىدىغانىنى قىلىپ كەتتى . كىشىنى شۇنداقمۇ ئاني تاپقان بارمۇ ؟ ۋاي داد...

ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ياشلىرى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك يۈزلىرىنى بويلاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى .

— ئۇ راھىب سېنى ئۇردىمۇ ؟ — سورىدى ئەۋلىيا .

— ئۇرۇشىنىغۇ ئۇرمىدى ، — دېدى مىڭ يۈ جاۋاب بېرىپ ، — لېكىن ئادەمگىياھ مېۋىسىنى ئوغرىلاپ قېچىپ كەتتى .

— بولدى يىغلىماڭلار ! — دېدى پىركامىل خاتىرجەم قىياپەتتە تۇرۇپ ، — سىلەر سۈن ۋۇكۇڭنى چۈشەنمەيسىلەر ، ئۇمۇ ئەرشتىن قوغلاندى قىلىنغان ئەۋلىيا ، پەم ـ پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن نەرسە ، ئەرشنىمۇ مالىمان قىلغان . سىلەر دەرەخنى ۋەيران قىلغان شۇ راھىبلارنى تونۇۋالدىڭلارمۇ ؟

— تونۇۋالدۇق .

— تونۇۋالغان بولساڭلار ، ئىككىڭلار مەن بىلەن بىللە مېڭىڭلار ، قالغىنىڭلار نەرسە ـ كېرەكلەرنى جۇندەپ ، مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار .

ئەۋلىيالار ئۆز ئىشلىرىغا تارقاشتى . پىركامىل ، مىڭ يۈ ، چىڭ فېڭ ئۇچىسى قۇت نۇرىغا ئولتۇرۇپ تاڭ سەنزاڭنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە مىڭ چاقىرىملىق يولنى ئارقىدا قالدۇردى . پىركامىل بۇلۇت ئۈستىدە تۇرۇپ ، غەرب تەرەپكە كۆز تاشلىدى . تاڭ سەنزاڭ ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى . ئۇ دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، شەرق تەرەپكە قارىدى . ئەسلى ئۈزلىرى توققۇز يۈز چاقىرىمچە يولنى ئارتۇق ماڭغان بولۇپ ، تاڭ

سەنزاڭ كىچە ـ كۈندۈز ئاتلىق مېڭىپ ، ئەمدىلا بىر يۈز يىگىرمە چاقىرىم ئىلگىرىلىگەنىدى . پىركامىل بۇلۇتنى چاپتۇرۇپ ، توققۇز يۈز چاقىرىم كەينىگە يېنىپ كەلدى .

— ئەنە ئاۋۇ دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرغىنى تاڭ سېڭ شۇ ، — دېدى بالا غۇلمانلار .

— كۆردۈم ، سىلەر قايتىپ ، ئارغامچا تەييارلاپ تۇرۇڭلار . مەن ئۇلارنى ئۆزۈم تۇتۇپ بارىمەن .

پىركامىل بۇلۇتنى يەرگە قوندۇرۇپ ، بىرلا سىلكىنىپ سەرگەردان دەرۋىش قىياپىتىگە كىردى ـ دە ، دەرەخ تۈۋىدە سايىداپ ئولتۇرغان تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— سالام ھەزرىتىم !

تاڭ سەنزاڭ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا ئىھتىرام بىلدۈردى .

— ھەزرىتىم ، قاياقتىن كەلدىلە ، ئەجەب بۇ يول ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قاپلىغۇ ؟— پىركامىل سورىدى .

— پېقىرنى شەرقىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ خانى غەربتىن بۇددا نومىنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ جاۋاب بېرىپ ، — ھاردۇق يېتىپ بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قېلىشىم .

— ھەزرىتىم ، شەرقتىن كەلگەن بولسىلا ، بىزنىڭ قاقاس تاغدىن ئۆتتىلىمىكىن ؟

— ئەۋلىيا بېگىم قايسى مۇبارەك تاغدىن بولىدىكىن ؟

— ۋەنشۇشەن تېغىدىكى ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىدىن بولىمەن . سۇن ۋۇكۇڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئالمان ـ تالمان جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— ياق ، ياق ، بىز چوڭ يول بىلەنلا ماڭدۇق .

پىركامىل ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ ، سوغۇق كۈلۈپ قويىدى ـ دە :

— ۋوي ، ناكەس مايمۇنەك ، كىمنىڭكى ئالدايسەن ؟ ئىبادەتخانامدىكى ئادەمگىياھ دەرىخىنى ئۆرۈۋېتىپ قېچىپ كەتتىڭ ،

تېخى بۇنى ئاز دەپ تېنىۋالماقچىمۇ سەن؟ دەرىخىمنى تۆلەپ بېرىپ ئاندىن ماڭ! — دېدى.

سۇن ۋۇكۇڭ بۇ سۆزدىن دەرغەزەپكە كەلدى ـ دە، گۈرزىسىنى چىقىرىپ، پىركامىلغا ئۇقتەك ئېتىلدى. پىركامىل ئۇدۇل كەلگەن گۈرزىدىن ئۆزىنى چاققانلىق بىلەن قاچۇردى ۋە قۇت نۇرىغا مىنىپ، ئاسمانغا چىقىۋالدى. سۇن ۋۇكۇڭ بۇلۇتنى پەرۋاز قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ چىقتى. پىركامىل ئاسمانغا چىقىپلا ئەسلىي قىياپىتىگە قايتتى. بۇنىڭ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭنىڭ نېمە پەرۋايى! ئۇ پىركامىلغا يەنە شىددەت بىلەن ئېتىلدى. ئىككىيلەن ئۈچ ـ تۆت مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن پىركامىل كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ، يېڭىنى شامالغا تۇتۇپ، يېنىك بىر سىلكىندى ـ دە، تۆتىسىنى ئات بىلەن قوشۇپ، شاپپىدە قىلىپ يەڭ ئىچىگە سۈمۈرۈۋالدى.

جۇ باجيې:

— چاتاق بولدى، بىز تاغار ئىچىگە كىرىپ قالدۇق، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— ھەي دۆت ـ كالۋا، بۇ تاغار ئەمەس، ئۇ بىزنى يەڭ ئىچىگە سولىۋالدى! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئۇنداق بولسا قورقىدىغان نېمىسى بار، — دېدى جۇ باجيې، — تىرنام بىلەن ئىككىنى سېلىپلا تۆشۈك ئېچىۋېتەلەيمەن.

ئۇ تىرنىسى بىلەن ھە دەپ تاتىلاشقا باشلىدى. يەڭ يۇمشاق تۇرغان بىلەن تىرنا تەگكەندە تۆمۈردەك داراڭلاپ تىرناقچىلىكمۇ تېشىلمىدى.

پىركامىل خاسىيەتلىك بۇلۇتنى چاپتۇرغان پېتى ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىغا قايتىپ كېلىپ، شاگىرتلىرىنى ئارغامچا ئاچىقىشقا بۇيرۇدى. بالا غۇلمانلار شۇئان ئارغامچا ئاچىقتى. پىركامىل تاڭ سەنزاڭنى يېڭى ئىچىدىن خۇددى قوشقاچنى تۇتقاندەك تارتىپ چىقىرىپ، سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈككە باغلاپ قويدى.

ئاندىن قالغان ئۈچىنىمۇ ئىلىپ بىردىن تۆۋرۈككە چەمبەرچاس قىلىپ باغلىۋەتتى. ئاتنى قورۇغا باغلاپ، ئالدىغا ئوت تاشلاپ بەردى. يۈك - تاقلارنى بولسا دەھلىزگە تاشلاپ قويدى. ئاندىن شاگىرتلىرىنى چاقىرىپ:

— بۇ راھىبلار سەپەر ئۈستىدە ئىكەن، نەيزە - قىلىچ ئىشلەتسەك بولماس. ماڭا قامچا ئاچىقىپ بېرىڭلار، ئادەمگىياھ مېۋىسىنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئۇلارنى راسا بىر ساۋاي، — دېدى.

بالا غۇلامىلار دەرھال بىر قامچىنى ئاچىقتى. بۇ قامچا كالا تېرىسىدىنمۇ ئەمەس، قوي تېرىسىدىنمۇ ئەمەس، بۇغا تېرىسىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى ئەجدىھا تېرىسىدىن توقۇلغان يەتتە قىرلىق قامچا بولۇپ، سۇغا چىلاپ قويۇلغانىدى. بەستلىك كەلگەن بىر ياش ئەۋلىيا قامچىنى قولىغا ئىلىپ، پىركامىلدىن سورىدى:

— ئۇستاز، ئالدى بىلەن قايسىسىنى ساۋايمىز؟

— ئالدى بىلەن ئۆزىنى بىلمىگەن تاڭ سەنزاڭنى ئۇرۇڭلار! — دېدى پىركامىل.

سۈن ۋۇكۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە «بۇ راھىب تاياقتا چىدىمايدۇ، ئەگەر ئۇنى راستتىنلا ئۇرسا، مەن ئۇنى تاياقتا قويغان بولىمەن» دەپ ئويلىدى - دە، پىركامىلغا قاراپ:

— تەقسىر، سىلى خاتالاشتىلا، مېۋىنى مەن ئوغرىلاپ يېگەن، دەرەخنى ئۆرۈۋەتكەنمۇ مەن، شۇڭا ئۇنى ئۇرماي مېنى ئۇرۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

پىركامىل كۈلۈپ كېتىپ:

— بۇ مايمۇنەك ئەجەب مەردانە سۆزلەيدىغۇ؟ ئۇنداق بولسا ئالدى بىلەن شۇنى ئۇرۇڭلار! — دېدى.

— قانچىنى ئۇرىمەن؟ — سورىدى ياش ئەۋلىيا.

— مېۋىنىڭ سانىغا تەڭ قىلىپ، ئوتتۇزنى ئۇرغىن!

سۈن ۋۇكۇڭ قايسى يېرىمگە قامچا تېگەركىن دەپ ئەندىشە بىلەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ كۈتۈپ تۇرغىنىدا قامچا ئۇنىڭ پاقالچىقىغا تاراسلاپ تېگىشكە باشلىدى. سۈن ۋۇكۇڭ بىلىنى

تولغاپ تۇرۇپ «ئۆزگەر !» دېدى ـ دە ، پاقالچىقىنى تۆمۈرگە ئايلاندۇرۇپ ، قىمىر قىلماي تۇرۇپ بەردى . ئوتتۇز قامچا ئۇرۇلۇپ بولدى . پىركامىل يەنە بۇيرۇق قىلىپ دېدى :

— ئەمدى شاگىرتلىرىغا تەربىيە قىلماي ، ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن گۇناھى ئۈچۈن تاڭ سەنزاڭمۇ قامچا ئاستىغا ئېلىنسۇن !

— تەقسىر ، سىلى يەنە خاتالاشتىلا ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ يەنە ئېغىز ئېچىپ ، — مېۋە ئوغرىلىغان ۋاقتىمدا ئۇستازىم ئىككى شاگىرتلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ ھېچقانداق خەۋىرى يوق . تەربىيە قىلمىغان گۇناھ بولسا ، ئاغا بولغاندىن كېيىن مەن ئۇستۇمگە ئالاي ، يەنە مېنى ئۇرۇڭلار !

پىركامىل ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن :

— بۇ مايمۇنەك ھىيلىگەر بولغىنى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە ۋاپادارلىقنىمۇ بىلىدىكەن . بولىدۇ ، ئۇنى يەنە ئۇرۇڭلار ! — دېدى .

ياش ئەۋلىيا پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ، يەنە ئوتتۇز قامچا ئۇردى . سۈن ۋۇكۇڭ پاچىقى ئاغرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن ، ئۇرغانسېرى ئەينەكتەك پارقىراپ كەتتى .

گۈگۈم چۈشۈشكە باشلىدى .

— قامچىنى سۇغا چىلاپ قويۇپ ئەتە ئۇرۇڭلار !— دېدى پىركامىل .

ھەممەيلەن ئۆز خانىلىرىغا قايتىپ ، تاماقنى يەپ ، ئۇيقۇغا كەتتى .

سەنزاڭ ھەزرەت كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ ، ئۈچ شاگىرتىنى ئەيىبلەپ كەتتى .

— سىلەر بالانى تېرىپ قويۇپ ، مەنمۇ بىكاردىن ـ بىكار بۇ جاپانى تارتىۋاتىمەن . ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟

— داۋراڭ قىلمىسىلا ، سەل تۇرۇپ يولىمىزغا ماڭىمىز ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— پو ئېتىۋاتىسىزغۇ ئاغا ، — دېدى جۇ باجيې ، — تۈنۈگۈن سىزنىڭ كارامىتىڭىز بىلەن ئىشكىلەرنى ئېچىپ چىقىپ كەتكەنىدۇق . بۈگۈن پۇت ـ قولىمىزنى مەھكەم قىلىپ باغلىۋەتكەن تۇرسا قانداق قىلىمىز ؟

— چاقچاق ئەمەس ، بىلەكتەك تومۇقتىكى ئارغامچا بولسىمۇ قىلنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋېتىمەن ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

بۇ چاغدا ھەممەيلەن شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپ ، ئەتراپ جىمجىتلىقتا چۆمگەنىدى ، سۈن ۋۇكۇڭ بىرلا تولغىنىپ ، ئارغامچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ـ دە ، تاڭ سەنزاڭغا :

— ئۇستاز ، يۇرسىلە ئەمدى ماڭايلى ، — دېدى .

شاسېڭ ئەندىشە قىلغان ھالدا ۋارقىرىدى :

— ئاغا ، مېنىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ قويسىڭىز !

— قورۇق گېپىڭنى قوي ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ۋە ئۇچىيلىسىنى ئارغامچىدىن بوشىتىپ ، ئاتنى ئېگەرلەپ ، يۈك ـ تاقنى كۆتۈرۈپ ، ئىبادەتخانىدىن چىقتى .

— سەن بېرىپ ئاۋۇ يار بويىدىن تۆت تۈپ سۆگەت كېسىپ كەلگىن ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ جۇ باجيېغا .

— ئۇنى نېمىگە ئىشلىتىسىز ؟ — سورىدى جۇ باجيې .

— لازىمى بار ، تېز ماڭ !

جۇ باجيې ئېرغاڭلاپ بېرىپ ، تۆت تۈپ سۆگەتنى چېشلەپ ئۈزۈپ كەلدى . سۈن ۋۇكۇڭ شاخلىرىنى پۇتىۋېتىپ ، تۆت تۈپ سۆگەتنى قورۇغا ئەكىرىپ تۈۋرۈكلەرگە باغلىدى . ئاندىن بىر ئەپسۇننى ئوقۇپ ، تىلىنى چىشلەپ قاناتتى ـ دە ، قاننى سۆگەت ياغىچىغا پۈركۈپ «ئۆزگەر !» دەپ توۋلىدى . تۆت تۈپ سۆگەت ئۇ تۆتىسىگە ئوپمۇئوخشاش بولۇپ ئۆزگەردى . تىلغا كىرىپ ، گەپ سورىسا جاۋابمۇ بېرەلەيدىغان بولدى . ئاندىن ئۇلار ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىدىن ئايرىلىپ يولغا راۋان بولدى .

پىركامىل تاڭ يورۇغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتىگەنلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ ، سارايغا كىردى ۋە شاگىرتلىرىغا :

— قامچىنى ئاچىقىڭلار ، بۇگۈن نۆۋەت تاڭ سەنزاڭغا كەلدى ! — دېدى .

ھېلىقى ياش ئەۋلىيا قولىغا قامچىنى ئېلىپ ، تاڭ سەنزاڭدىن سورىدى :

— قانداق ، سېنى ئۇرامدىمەن ؟

— ئۇرساڭ ئۇر ! — دېدى سۆگەت جاۋاب بېرىپ .

ئۇ ، تاراسلىتىپ ئوتتۇز قامچا ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، جۇ باجيېدىن سورىدى :

— قانداق ، سەنمۇ تېتىپ باقامسەن ؟

— نېمە قىلساڭ قىل !

شاسېڭمۇ شۇ جاۋابنى بەردى . ئەمدى نۆۋەت سۈن ۋۇكۇڭغا كەلدى . سۈن ۋۇكۇڭ يولدا كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت تۇگۈلۈپ تۇرۇپ ۋارقىرىۋەتتى :

— چاتاق بولدى !

— نېمىگە چاتاق بولدى ؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ .

— مەن ھېلىقى تۆت تۈپ سۆگەتنى تۆتىمىزگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ كەلگەنىدىم . مېنى تۈنۈگۈن ئىككى نۆۋەت ئۇرغاندىكىن بۈگۈن ئۇرماس دەپ ئويلاپتىمەن ، مانا ئەمدى ئۆز بەدىنىم سىرقىراپ كېتىۋاتىدۇ . سېھرىمنى قايتۇرۇۋالسام بولغۇدەك .

سۈن ۋۇكۇڭ شۇ سۆزدىن كېيىن ئەپسۇن ئوقۇپ سېھرىنى قايتۇرۇۋالدى . ياش ئەۋلىيا قورققىنىدىن قامچىسىنى تاشلاپ ۋارقىرىۋەتتى .

— ئۇستاز ، باياتىن تاڭ راھىبلىرىنى ئۇرغانىدىم . ئەمدى ئۇلار ھەممىسى سۆگەتكە ئايلىنىپ كەتتى !

پىركامىل ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سوغۇق ھىجىيىپ قويۇپ :

— سۈن ۋۇكۇڭ ھەقىقەتەن كارامەتلىك ئىكەن ! بۇرۇن ئەرشنى مالىمان قىلغاندا ئاسمانغا تور ، يەرگە قاپقان قۇرۇپمۇ ئۇنى تۇتالمىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم . مانا ئەمدى ئۆز كۆزۈم بىلەن

كۆردۇم . ئۇنى ھەرگىزمۇ كەچۈرمەيمەن . چوقۇم قوغلاپ تۇتىمەن ! — دېدى ـ دە ، بۇلۇت بىلەن كۆككە ئۆرلەپ ، غەرب تەرەپكە كۆز تاشلىدى . راھىبلار بوپىلىرىنى كۆتۈرۈپ ، ئىبتىنى دېۋىتىپ يېرىم يولدا كېتىۋاتاتتى . پىركامىل بۇلۇت بىلەن قوغلاپ يېتىپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشتى ۋە :

— سۇن شىڭجى ! ئادەمگىياھ دەرىخىمنى تۆلىمەستىن قەيەرگە قاچماقچىسەن ؟ — دەپ ۋارقىرىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سەنزاڭغا قاراپ :

— ئۇستاز ، ئەمدى يۇمشاق كۆڭۈللۈك قىلىشنى قويۇپ ، ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى ، بولمىسا ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغۇدەكمىز ، — دېدى .

تاڭ سەنزاڭ لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا گەپ ـ سۆز قىلماي تۇرۇۋالدى .

شاسېڭ ، جۇ باجيې ۋە سۇن ۋۇكۇڭلار قۇراللىرىنى قولىغا ئېلىپ ، پىركامىلنى ئاسماندا قورشىۋېلىپ ، ھەر تەرەپتىن تاياق ـ توقماق ياغدۇرۇشقا باشلىدى . بىرھازا ئېلىشقاندىن كېيىن پىركامىل يېڭىنى بىرلا سىلكىپ تۆت راھىبنى يەنە يېڭى ئىچىگە سولىۋالدى ـ دە ، بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ ئىبادەتخانىغا قايتىپ كەلدى . ئەۋلىيالار تويلاندى . پىركامىل قەسرىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن ، راھىبلارنى يېڭىدىن بىر ـ بىرلەپ چىقاردى ـ دە ، تاڭ سەنزاڭنى قورۇدىكى بىر تۈپ پاكار تۇخۇمەككە باغلىدى . جۇ باجيې بىلەن شاسېڭنى ئۇنىڭ يېنىدىكى ئىككى دەرەخكە بىردىن باغلىدى . سۇن ۋۇكۇڭنى بولسا پۇت ـ قولىنى چەمبەرچاس قىلىپ چۈشەپ قويدى . «بىزنى سوراق قىلىدىغان بولدى !» دەپ ئويلىدى سۇن ۋۇكۇڭ كۆڭلىدە . ئەۋلىيالار بۇ ئىشنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرى توقۇغان بۆزدىن بىرمۇنچە كۆتۈرۈپ چىقتى .

— تاڭ سەنزاڭ ، جۇ باجيې ۋە شاسېڭنى بۆز بىلەن مەھكەم ئوراڭلار ! — دېدى پىركامىل بۇيرۇق چۈشۈرۈپ .

— قالتىس ياخشى ئىش بولدى . سىلەرنى تىرىك

كېپەنلەيدىغان بولدى ! — دەپ كۈلۈپ كەتتى سۈن ۋۇكۇڭ .

ئەۋلىيالار ئارقىدىنلا سىر ئاچقىپ ئۇچەيلەننى تاڭغان بۆزنىڭ ئۈستىدىن سىرلاپ پەقەت يۈزىنىلا قالدۇرۇپ قويدى ، ئاندىن پىركامىل شاگىرتلىرىنى داش قازاننى ئاچقىشقا بۇيرۇدى .

— باجىي ، بىزگە ئامەت بارمۇ نېمە ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ كېتىپ ، — ئۇلار قازاننى ئاچقىپ بىزگە تاماق قىلىپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ !

— بۇمۇ بولىدىغان ئىش ، — دېدى جۇ باجىي ، — قورسىقىمىزنى تويغۇزۇۋېلىپ ئۆلسەك مەيلى ئەمەسمۇ .

ئەۋلىيالار يوغان بىر داش قازاننى ئاچقىپ ، قورۇغا ئورۇنلاشتۇردى . پىركامىل قازاننىڭ تېگىگە ئوتۇن تىزىپ ئوت يېقىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى :

— قازانغا ماي قويۇپ راسا قاينىتىڭلار ، سۈن شىڭجېنى مايدا ئوبدان بىر قورۇپ ، ئادەمگىياھ دەرىخىمىزنىڭ قىساسىنى ئېلىۋالايلى !

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۈن ۋۇكۇڭ كۆڭلىدە «تازا كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولىدىغان بولدى . ئۇزاقتىن بېرى يۇيۇنماي بەدەنلىرىم قىچىشىپ تۇراتتى . قانغۇدەك ھۇزۇرلىنىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى .

ھەش - پەش دېگۈچە قازاندىكى ماي پورۇقلاپ قايناشقا باشلىدى . «ھەزەر ئەيلەش كېرەك ، — دەپ ئويلىدى سۈن ۋۇكۇڭ كۆڭلىدە ، — ئەگەر ئۇ قازاندىكى مايغا سېھىر ئىشلىتىلگەن بولسا قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ .» ئۇ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ ، پەشتاقنىڭ سول تەرىپىگە ئورنىتىلغان بىر شىر ھەيكىلىنى كۆردى - دە ، ئۇنىڭ قېشىغا ئاستا دومىلاپ بېرىپ ، تىلىنى چىشلەپ قانىتىپ شىرغا پۈركۈدى . «ئۆزگەر !» دېگەن بۇيرۇق بىلەن تەڭ ھېلىقى شىر ھەيكىلى ئۇنىڭ باغلاقلىق قىياپىتىگە ئۆزگەردى . سۈن ۋۇكۇڭ بولسا جېنىنى ئېلىپ بۇلۇت ئۈستىگە چىقتى - دە ، پەستىكى ئىشلارنى كۆزىتىپ تۇردى .

شۇ ئەسنادا بالا غولمانلاردىن بىرى كېلىپ ، قازاندىكى مايىنىڭ قايىنىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى .

— سۈن شىگجېنى قازانغا تاشلاڭلار ! — دېدى پىركامىل پەرمان چۈشۈرۈپ .

تۆتەيلەن كېلىپ سۈن ۋۇكۇڭنى كۆتۈرمەكچى بولدىيۇ ، بىراق مىدىرلىتالمىدى . تۆتىسىگە تۆتەيلەن قوشۇلدى . يەنە تۆتىسىمۇ قوشۇلدى . ئۇلار ھەرقانچە قىلسىمۇ سۈن ۋۇكۇڭنى مىدىرلىتالمىدى . «بۇ مايمۇنەك كىچىك بولغىنى بىلەن ئەجەبمۇ ئېغىر ئىكەن» دېيىشتى بالا غولمانلار قاقشاپ . ئاخىر يىگىرمە ئادەم بىر بولۇپ ئۇنى ئاران دېگەندە كۆتۈرۈپ ، قازانغا تاشلىدى . پولتوڭگىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قىزىق ماي تامچىلىرى چاچراپ چىقىپ ، ئەۋلىيالارنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى .

— قازان تېشىلدى ، قازان تېشىلدى ! — ئوچاققا ئوت قالاۋاتقان بالا غولمان ۋارقىراپ كەتتى .

ھەش - پەش دېگۈچە ماي ئېقىپ تۈگىدى . ھەممەيلەن ئولىشىپ كېلىپ ، تېگى تېشىلگەن قازاندا تاش شىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى .

— ھوي بەچچىغەر مايمۇن ! — دېدى پىركامىل قاتتىق غەزەپكە كېلىپ ، — قاراپ تۇرۇپ بىزنى ئەخمەق قىلغىنىنى قارىمامدىغان ، ئۆزىغۇ قاچسۇن ، قازاننىمۇ تېشىپ نېمە قىلىدۇ ؟ ھەي ، ئۇنى تۇتىمىز دېگىنىمىزمۇ شامالنى چاڭگاللايمەن دېگەنگە ئوخشاش ئىش ئوخشايدۇ . قازاننى ئالماشتۇرۇڭلار ، ئۇنىڭ ئورنىغا تاڭ سەنزاڭنى راۋۇرۇس بىر قورۇيلى . ئادەمگىياھ دەرىخى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالماي بولمايدۇ .

بالا غولمانلار تاڭ سەنزاڭنى يېشىشكە باشلىدى . سۈن ۋۇكۇڭ ئاسماندا تۇرۇپ بۇ گەپلەرنى ئېنىق ئاڭلىدى . ئۇ كۆڭلىدە «ئۇستاز ئۇنىڭغا چىدىمايدۇ . قازاندا بىرلا قايىنىسا جان ئۈزىدۇ . ئىككى قايىنىسا مونەك بولۇپ قورۇلۇپ ، تۆت - بەش قايىنىغاندا ھېچنېمىسى قالمايدۇ . مەن يەنىلا ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشۇم كېرەك» دەپ

ئويلىدى ـ دە ، بۇلۇت ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشۈپ :
— يېشىپ ئاۋارە بولماڭلار ، ئۇستازىمنىڭ ئورنىدا مېنى ياغقا تاشلاڭلار ! — دېدى .
پىركامىل ئۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە :
— ھەي خۇمپەر مايمۇن ! نېمىدەپ قازىنىمنى چېقىۋېتىسەن ؟ — دەپ تىللىدى .
سۇن ۋۇكۇڭ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :
— قازىنىڭ چېقىلىپ كەتسە مېنىڭ نېمە چاتىقىم ؟ باياتىن قازىنىڭدىكى مايغا ئىچپەش تارتىپ تۇرۇۋىدىم ، تەرىتىم قىستاپ قېلىپ ، بوشىتىپ كەلدىم . مانا ئەمدى تاشلىساڭ تاشلا ! ئۇستازىمنىڭ ئورنىغا مېنى قايناتقىن !
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، پىركامىل ئاچچىقىدا قاقاقلاپ كۈلگىنىچە سارايدىن چىقىپ ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ياقىسىدىن كاپ قىلىپ ئالدى . ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قانداق قۇتۇلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMzI2MTYuemlw",
"filename_decoded": "40232616.zip",
"filesize": 25893725,
"md5": "52fbee0e8756e4e40c59109b39e57ce7",
"header_md5": "dbef036852796bd029364bfe78409700",
"sha1": "8b9d69a6902502b16619815572799a2e50519af8",
"sha256": "6a4a8ead7ce3eaa4f861aaa352e8d1d6bb7f3d3fdad0f5f91ab6abbee206a13d",
"crc32": 2513187915,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 26322139,
"pdg_dir_name": "\u256c\u2248\u2559\u256c\u255d\u255f 1 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40232616",
"pdg_main_pages_found": 427,
"pdg_main_pages_max": 427,
"total_pages": 436,
"total_pixels": 1755447232,
"pdf_generation_missing_pages": false
}